# نەشىھەت ئەسەرلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

نەشىھەت ئەسەرلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 7 — 228 — 00596 — 2

# نۆشپەت ئەسەرلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەرشىدىن تاتلىق

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

www.uyghurkitap.com



www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


مۇھەررىردىن ........................ (1)

شېئىرلار ........................ (1)

يۇرتۇمغا خەت ........................ (2)

ئۆيگە خەت ........................ (3)

ئۆمۈر خاتىرەمدىن ........................ (4)

بىلىم ئىشقىدا ........................ (11)

باي ناھىيىسىنىڭ ھەسرەتلىك ساداسى ........................ (14)

دۇنياغا بىر نازارەت ........................ (16)

ئاخىرقى ئۇتۇق بىزنىڭ ........................ (18)

ئۇكام ساڭا ........................ (20)

بۈيۈك جۇڭگو ........................ (23)

قىزىم يىغلىماڭ! ........................ (26)

ئۇنۇتما! ........................ (32)

گېزىت ........................ (38)

ئوقۇغىلى كەتكەن ئىنىمغا خەت ........................ (40)

ئىلىمگە ئىلھام ........................ (43)

ئاسارەتتە تۇرۇپ قالغانلارغا خىتاب ........................ (45)

ياشلاردىن ئىلتىماس ........................ (47)

ئورماندىن گۈلباغ ........................ (50)

ئىلىم ئۆگەن ........................ (53)

ھەپسىدە كەتكەن دوستۇم ل. مۇتەللىپكە ........................ (54)

ئالدىدا ........................ (59)

جىنايەتتىن شىكايەت ........................................ (65)
ۋەتەن قۇربانلىرى خاتىرىسىگە ........................................ (69)
دوستلىرىمغا ........................................ (72)
ئويغان ........................................ (77)
ۋەتەن مۇھەببىتى ........................................ (80)
قەبرىدىن ئاۋاز ........................................ (82)
خاتا ........................................ (86)
غەلەت ........................................ (88)
جاۋابىم ........................................ (91)
قارلىقنامە ........................................ (95)
ئالدىدا ........................................ (97)
خەت ........................................ (100)
قەلەمنىڭ تۇۋىسى ........................................ (102)
ئايرىلدىم ........................................ (106)
غەزەل ........................................ (109)
سەپەردىكى يارىمغا ........................................ (112)
مەرسىيە ........................................ (116)
ئالدىدا ........................................ (122)
رەھبەر خاتىرىسىگە ........................................ (127)
مەكتەپ ئىلھامى ........................................ (131)
لەززەت ئالغاندا ........................................ (133)
بىر دىلبىرىمگە ........................................ (142)
ئۇسسۇل ........................................ (146)
قېيىقچى بوۋاي پىلىڭ ( باللادا ) ........................................ (150)
قىز ........................................ (157)
مۇھەببەت سەۋداسى ........................................ (164)
چىقسام ناگاھ ئىشىككە ........................................ (167)
بەخت تويى ........................................ (172)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالدىدا .................................... (174)
مۇھەببەت ئىپادىسى .................................... (179)
سېغىندىم .................................... (182)
ئۇچرىشىش .................................... (188)
ئۇنتۇلماس كۈن .................................... (191)
ئېچىلغاي گۈلۈم .................................... (194)
ئالەم يولۇچىسىغا .................................... (196)
تارىم قىزى .................................... (203)
مەن سەن بىلەن .................................... (206)
كۆرگەزمىدىن خاتىرە .................................... (208)
ئايدىڭ كېچە .................................... (218)
هورۇن بىلەن رەنا .................................... (220)
بىر نومۇر .................................... (222)
كۆرگۈم كېلۇر .................................... (224)
يېڭى شىنجاڭىم مېنىڭ .................................... (227)
يۈرەك سۆزى .................................... (228)
بىزنىڭ جەڭچىگە .................................... (232)
ئەسلەيمەن .................................... (235)
تەرجىمى بەند .................................... (237)
داغ قوندۇرمايمەن يۈزۈڭگە .................................... (242)
ئۆمىدىم .................................... (245)
خوتەن كىشمىشى .................................... (248)
پېقىرنىڭ ئىقرارى .................................... (249)
رۇبائىي ۋە پارچىلار .................................... (252)
مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن (داستان) .................... (261)
لەيلى ۋە مەجنۇن (ئوپېرادىن پارچە) .................... (345)
چۆچەكلەر .................................... (372)
موللا تاپقاق ئاخۇنۇم .................................... (373)

ئىلان مۆڭگۈزى .................................... (399)
شتىلە بىلەن پىتىلە .................................... (431)
زىرەك بىلەن زىرىككەك .................................... (437)
دات .................................... (445)
ئۇچقان ئادەم .................................... (460)
ھۈنەرنىڭ خاسىيىتى .................................... (465)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇھەررىردىن

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، داڭلىق شائىر ۋە جامائەت ئەرباپى ئارمىيە ئېلى سايرامى 1906 - يىلى باي ناھىيىسىنىڭ سايرام يېزىسىدا ئېلى ئاخۇن ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1922 - يىلدىن 1930 - يىلغىچە باي ۋە كۇچا ناھىيىلىرىدىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇغان. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ خەلق قوشاقلىرى شەكلى بىلەن يازغان «بازار ۋە مازار» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمى قول يازما ھالىتىدە خەلق ئىچىدە تارقالغان. 1930 - يىلى شۇ زاماننىڭ داڭلىق ئىلىم مەركىزى — قەشقەر «خانلىق مەدرىس» كە كىرىپ ئوقۇغان. ئۇ بۇ مەكتەپتە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، ئەرەب، پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ئۆگەنگەن ھەمدە ئۇ «مادارا ئەئزەم» («چوڭ ياراشتۇرۇش») ناملىق شېئىرلار توپلىمى بىلەن مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان «ئەنۋار ۋۇلھۇدا» («ھەقىقەت نۇرلىرى») ناملىق قەسىدىسىنى مەيدانغا چىقىرىپ، جامائەتچىلىككە تالانتلىق شائىر سۈپىتىدە تونۇلغان.

1933 - يىلى قەشقەردە جىن شۇرېننىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا ئارمىيە ئېلىمۇ بۇ قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، بىرقېتىملىق جەڭدە ئېغىر يارىلانغان. دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن يازغان شېئىرلىرىنى «نىمشېھىت» (يېرىم جان) دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇسى بىلەن ئېلان قىلغان.

نىمشېھىت ئۆزىنىڭ 43 يىللىق ئىجادىي ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى، باللادا، داستان، ئوپېرالارنى يازدى.

شائىر ئازادلىقتىن بۇرۇن يازغان «بىلىم ئىشقىدا»، «بۈيۈك

جۇڭگو»، «قىزىم يىغلىماڭ»، «ئۇنۇتما»، «گېزىت» قاتارلىق شېئىرلىرىدا جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا ۋە فاشىستىك مۇستەبىتچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىش روھىنى ھەمدە ۋەتەننى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىش، ئەركىنلىككە تەلپۈنۈش ھېسسىياتىنى مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەپ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۈچۈن بولغان كۈرەشلىرىگە ئىلھام بەردى.

ئۇ يەنە ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتۈپ، قەلبىدىن ـ قەلبكە كۆچۈپ ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن» توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى توپلاپ «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن» داستانىنى يازدى. بۇ داستان 1945 ـ يىلى «ئاقسۇ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغاندا خەلق ئىچىدە خېلى كۈچلۈك تەسىر قوزغىغانىدى. شائىر داستانىنى قايتا ـ قايتا ئىشلەپ ۋە تولۇقلاپ 1948 ـ يىلى ئۆز خىراجىتى بىلەن كىتاب قىلىپ باستۇرغان. «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن» داستانى مەزمۇنىنىڭ يېڭى ۋە موللىقى، قۇرۇلمىسىنىڭ ئىخچام ۋە مۇكەممەللىكى، بەدىئىي سەۋىيىسىنىڭ يۈكسەكلىكى، شەكلى ۋە ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا.

نىمشېھىت ئازادلىقتىن بۇرۇن ئاقسۇدا ئىشلەپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن مەزگىلدە «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىنىڭ خەلق ئىچىدىكى بىرنەچچە خىل ۋارىيانتلىرىنى توپلاپ، شۇ ئاساستا «لەيلى ـ مەجنۇن» ئوپېراسىنى يېزىپ چىققان ۋە بۇ ئوپېرا سەھنىلەردە ئوينىلىپ تاماشىبىنلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغانىدى. ئەپسۇسكى، بۇ ئوپېرانىڭ تولۇق نۇسخىسى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ قالايمىقانچىلىقى ئىچىدە يوقىلىپ كەتكەچكە، توپلامغا ئوپېرانىڭ پەقەت ئۈچ پەردىسىنىلا كىرگۈزۈشكە مۇيەسسەر بولالىدۇق.

ئازادلىقتىن كېيىن شائىر نىمشېھىت شېئىرىيەتتە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ، قايناق ھېسسىياتقا، باي پەلسەپۋي پىكىرگە، ئۆتتەك قىزغىنلىق ۋە ئۈمىدۋارلىققا تولغان شېئىرلىرى بىلەن كىتابخانلار قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ئۇنىڭ «ئالدىدا»، «سېغىندىم»، «يۈرەك سۆزى»،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«ئۇسسۇل»، «تارىم قىزى» قاتارلىق شېئىرلىرى خەلقىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن جەڭ دۇمبىقىنى چالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىدا ئازاد يېڭى دەۋرنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، ئەمگەكچى خەلقنى كۈيلىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن نىمشېھىتنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى ئىدىيىۋىلىك ھەم بەدىئىيلىك جەھەتلەردە يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

ئۇنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «شېئىرىيەت»، «يەنخې»، «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. 1981 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە «نىمشېھىت شېئىرلىرىدىن تاللانما»نى نەشر قىلدى.

نىمشېھىت ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى قىزغىن سۆيەتتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىجادىيىتىگە مەنبە قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىي ھاياتىدا كۆپلىگەن خەلق قوشاقلىرىنى، خەلق چۆچەكلىرىنى توپلاپ رەتلىگەنىدى. بىز شائىرنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش، تولۇقلاش جەريانىدا ئۇ رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغان بىر قىسىم خەلق چۆچەكلىرىنى ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى قاتارىدا توپلامغا كىرگۈزدۇق.

ئىشىنىمىزكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى، جامائەت ئەربابى نىمشېھىتنىڭ ئەسەرلىرى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ.

# شېئىرلار

# يۇرتۇمغا خەت

مىڭ پىغان ـ يۇزمىڭ پىغان بىشىمغا چۈشتى ئىپتىراق[1]،
ئۇلتۇرۇپ قان يىغلىسام، بولماس يىتىپ يول كۆپ يىراق.
كۆيدۈرۈپ كۆل قىلدى جانۇ ـ تىنىمنى ئوتلۇق پىراق،
ئەمدى يۇرقەت ئوتىغا كۆيمەككە تاقەت بولدى تاق.

ھەددىدىن ئاشتى سىغىنماق ـ جاندىن ئۆتتى ئىشتىياق،
خانۇ ـ ماندىن ئاجرىغانىنىڭ تەلىپى بولمايدۇ ساق،
ئىككى كۆزنىڭ چەشمىسىدىن ئاقار ھامانۇ قان بۇلاق،
كۆزگە زىنداندەك كۆرىنەر گۈل ـ چىمەندە سايرىماق.

ھەر كىشى ئايرىلمىسۇن، ئەۋلادىدىن ـ ئەلدىن يىراق،
جۇپتى قىل يارەب مۇسەللىم ھەرگىزمۇ قىلما زادى تاق،
«ئاھ! ...» دىدىم مەن دوستلىرىم چۈشتى بىشىمغا ئوت ـ پىراق،
ئەل پىراقۇ، ئەل پىراقۇ، ئەل پىراقۇ، ئەل پىراق.

1929 ـ يىلى مىلادىيە
1347 ـ ھىجرى 2 ـ ئاي، قەشقەر

---

[1] ئىپتىراق — جۇدالىق، ئايرىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۆيگە خەت

ھەي ئاتام بىرلەن ئانام ئەھۋالىمىز بولدى خاراپ،
كەلسە بايدىن ئەگەر، «كەلدى!» دەپ قولغا قاراپ؛
نە سەۋەبتىن خەت يازمىدىڭلار يا كۆڭۈل ئاغرىتقىمىدۇر؟!
ياكى قەغەز ئالمىدىڭلار سەككىز - ئون پۇلنى ئاياپ! ...

نە ئۈچۈن خەت يازمىدىڭلار يا كۆڭۈل ئەنسىزمىدۇر؟!
ئەۋەتسىلە بولماسمىدى بىر پارچە خەت ھالىم سوراپ.
ياكى مەندەك پەرزەنتلىرىنى ئۇنتۇپمۇ قالدىلىمۇ؟!
نە سەۋەبتىن خەت يازالماي چالدىلا غەمدىن راۋاپ؟!

1929 - يىلى
1347 - سىنە ھىجىرى 2 - ئاي، قەشقەر

# ئۆمۈرخاتىرەمدىن

دەۋرى ئىلكىدە بۇ جانىم،
بۇلبۇل بىناۋا بولدى.
سەيرى ئەتمەككە بۇ جانىم،
شەيدائى ھاۋا بولدى.

بىرمىڭ ئۈچيۈز ئەللىككە،
قوشتۇق يانا ئىككىنى.
بۇ يىل يۇرتىمىزدا،
چوڭ پۈتمەس بالا بولدى.

قەشقەر يېڭى شەھىرىدە،
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلماق.
باش ۋەكىل نىڭ① ئەمرى دەپ،
مىلتىقنى ئاتا بولدى.

سوقۇش بولدى ئۇن ھەپتە،
قانلار ئاقتى ھەر سەپتە.
مەن ئالدىدا ئوڭ سەپتە،
ئەسكەردىن جۇدا بولدى.

① قەشقەردە قۇرۇلغان يەرلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەئىسى شۇنامدا ئاتالغان

يوق بولدى ماڭا سىددىق①،
قولۇمدا ئىككى مىلتىق،
گەركەلسە يېقىن دۈشمەن،
كۆكرەكنى يارا بولدى.

جەڭ ئوتى قىزىپ كەتتى،
ئەقلىمۇ ئېزىپ كەتتى،
سوقۇشمۇ؟! تاماشامۇ؟!...
ئىش ئەمدى خاتا بولدى.

پەيشەنبە كۈنى كەچتە،
سائەتمۇ ئىدى بەشتە.
سارالڭ لەڭزىگە ئەگىشتە،
دۈشمىنىم ئاتا بولدى.

تەگكەن ئىدى گەردەندىن،
ئۆتۈپ چىقتى دەنداندىن②.
پارچىلىۋەتتى ئىڭەكىمنى،
جاندىن ئايرىلا بولدى.

ئوق تەگدىيۇ ھوش كەتتى،
دوستلارغا خەۋەر يەتتى،
«ئۆلگەن» دەپ گۇمان ئەتتى،
گۆرگە ئۆزىتا بولدى.

---

① سىددىق — ئىشەنچلىك، راستچىل، سەممىي، ھەقىقىي دوست
② دەندان — چىش

«جىنىڭنى ئالارمەن دەپ»
قابىز[1] كەلدى بىر ياندىن،
ھەق ئېتىنى «جېنى تۇرسۇن»
دەپ رەھمى نادا بولدى.

ھەقنىڭ يارلىغى يەتتى،
قابىز پەيلىدىن قايتتى،
يېنىمدىكى دوستلارغا،
جېنىمدىن سادا بولدى.

ئەلگە ئاخىرقى ئۆمرۈم دەپ،
(ئىلاللەنى) ياد ئەيلەپ،
خىقىرىغان نەپەس يۇردى،
ئۆلگىنىم خاتا بولدى.

دىللاردىن بولۇپ ژۇلقان،
ياسىن پاتىھە قۇرئان،
بىغىشلاپ ماڭا شۇئان،
شەپقەتلەر ياغا بولدى.

دوستلار دىللىرى زارى،
قېنىم توختىماي جارى.
ھەركىمنىڭ سۆيەر يارى،
شۇندا ئايرىلا بولدى.

---

① قابىز — قەبزى قىلغۇچى، جان ئالغۇچى، ئەزرائىل

ئاردا هايال ئۆتمەي،
كۆتەردى مالال بولماي،
تېزلىك بىلەن دوختۇرغا،
يەتكۈزۈپ ئادا بولدى.

جېنىم بولدى ۋەيرانە،
كەلتۈردى شىپاخانە،
«ھەقتىڭ ئەمرى شۇنداق» دەپ،
سەبرى بىلەن ياتا بولدى.

گەژگەمدىن تەگكەن ئوق،
ئۆڭگەرچەك ئىدى يۇرتۇق،
شۇڭلاشقا بەرگەن سۇ،
كانايدا تۇرا بولدى.

يۇرەك ئۆرتىنىپ پۇتتى،
تەندىن ماغدۇرۇم كەتتى،
ئەجەل شەربىتى ئەمدى،
راستلاردىن داۋا بولدى.

دوختۇرلار بولۇپ ھەيران،
ئىزدىشىپ ئامال ھەريان،
تاپماستىن بىرەر دەرمان،
قارىشىپ تۇرا بولدى.

ئۆمىد ئۈزدىلەر جاندىن،
سۆزلەشمەكتە ھەر ياندىن،
«بىچارىنىڭ تۇپرىقى،
غۇربەتتە قالا بولدى.»

شۇ ئارىدا بىر دوختۇر،
كۆپ جىددىي جەھەت ئەيلەپ،
ماشىنىغا سۇت ئېلىپ،
كانايغا قۇيا بولدى.

سۇت بەرگەچ بىرئاز ئارام،
غەم - قايغۇ بولدى تامام،
دورا بىلەن شەربەتتىن،
روھىم ياشىرا بولدى.

باغرىم بولدىلەر بەريان①،
دەردىم ئىدى يۈز چەندان،
يوق بولغاچ توققۇز دەندان،
چاينىماي يۇتا بولدى.

كۆپ ئاقتى مېنىڭ قانىم،
چىقىپ كەتتى يېرىم جانىم،
ئەمدى: «نىمشېھىت» نامىم،
تارىختا قالا بولدى.

كۆنلەرمۇ ئۆتىۋەردى،
ھەپتىلەر يۆتىۋەردى،
مەن دوختۇردا ياتقانغا،
ئىككى ئاي راسا بولدى.

سوقۇشمۇ بولىۋەردى،
ئادەملەر ئۆلىۋەردى،

① بەريان — كاۋاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىملەر دوست ۋە كىم دۈشمەن،
بايقىماي ئاتا بولدى.

دۈشمەنلەر بولۇپ پىر ئۆت،
خەلقلەرنى قىلدى نابۇت،
يامۇل ئىچىدە ساۋۇت[1]،
كىمگە پادىشاھ بولدى.

دۈشمەنلەر چىقار ئوقتەك،
ئەسكەرلەر قاچار دۇتتەك،
خالىغانچە خەقلەرنى،
ئايىماي بۇلا بولدى.

يۇرتلارنى قىلىپ ۋەيران،
خەلقلەرنى قىلىپ سەرسان،
مېلىنى بۇلاپ يەكسان،
يېڭى شەھەرگە يانا بولدى.

ئارقىدىن كېلىپ ئەسكەر،
قولىدا قەلەم دەپتەر،
كىم ئاش بەردى، كىم ئات — دەپ
دۈشمەنگە يازا بولدى.

— دۈشمەنگە تەرەپسەن! — دەپ،
— ئات ئۇلاق بېرىپسەن! — دەپ،
— دىنىڭدىن چىقىپسەن! — دەپ،
دارلارغا ئاسا بولدى.

---

① ساۋۇت — ساۋۇت داموللاھاجى باش ۋەكىل

بىرسىدىن بۇلانغانلار،
بىرسىدىن تالانغانلار،
زۇلمىدىن تولا جانلار،
زىنداندا ياتا بولدى.

ھىجرىيە 1352 ـ يىل، شەئبان ئېيى
1933 ـ يىل، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# بىلىم ئىشقىدا

جاھان رەنالىرى ئىچرە بىلىمدەك بىر گۈزەل يار يوق،
بىلىمدىن ئۆزگە تونقان يار، بولۇر ئۇ گاھىدا بار ـ يوق.

قارا قاشلىق تولۇن ئايلار ساڭا بىر نەچچە كۈن يولداش،
ئەگەر سەن يولدىن ئايرىلساڭ سېنى تاشلايدۇ ھېچ ئار يوق.

كىرىپ نەپسىڭنىڭ كەينىگە، بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتساڭ،
بېشىڭغا چۈشسە بىر كۈنلەر، ئۇ چاغدا سەن كەبى خار يوق.

قولاق سالساڭ مۇھەببەت ئەھلىنىڭ پەريادى ـ ئاھىغا،
يۈتۈپ زەرداپ يىراقتىن دات دېمەكتىن باشقىچە زار يوق.

تەپەككۇر ئەيلىسەڭ ئىشقى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ھەردەم،
قاراڭغۇ دەر يورۇق دۇنيانى ھەم ئالەم كەبى تار يوق.

يورۇپ مەنمۇ گۈزەل ئىزلەپ جاھالەتكە ئەسىر بولغان،
خالايىق ئالدىدا يۈرسەم، مېنىڭدەك بەلكى ئەغيار يوق.

ھاياتىمغا رەقىبلەر خاتىمە بەرمەكچى بولغاندا
قىلىپ تەۋبە بولۇپ ئازاد، دېدىم:
— بۇ يولدا زىنھار يوق.

پاراغەت ئىستىسەڭ ئەسلا بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتما! . . .
سېنىڭ قەدرىڭنى ساقلاشتا بىلىمدەك ياخشى ھەمكار يوق.

ھاياتلىقتا بىلىم قانداق كىشىنىڭ يولدىشى بولسا،
قەيەرگە بارسا باش قاتماس بىلىمدەك ئاڭا غەمكار يوق.

بىلىمسىز ساق تېنىڭ ھامان مەجرۇھلاردەك نالە ـ پەرياتتا،
جاھان ئىچرە بىلىمسىزنىڭ دىلىدەك ئەسكى بىمار يوق.

بىلىمگە ئاشنا بولساڭ ئوقۇش ئىشقىدا بول، بۇلبۇل،
ئۆگەنمەككە مائارىپ باغچىسىدەك ياخشى گۈلزار يوق.

بۈگەڭ دۇنيانىڭ قانداق پۇچمىقىغا باش تىقىپ ياتساڭ،
بىلىم تارتىپ چىقار مەيدانغا ھېچبىر كىمگە ئەخبار يوق.

بىلىم روھى ئوزۇق ئىنسان ھاياتىغا ئەگەر بىلسەڭ،
بىلىمنىڭ قەدرىنى بىلگەن ئۆلمەس بۇڭا ئىنكار يوق.

چاپان ھۆرمەتلىرى ھېچ چاغ چاپاندىن ئايرىلىپ قالماس،
كېتەر پۇلدىن يىغىلغان ھۆرمىتىڭ پۇل بىرلە ئەسرار يوق.

چاپان بىرلە ئۆزۈڭنى پارقىراتساڭ بىر بوياقچىسەن،
بىلىم ئەسرى بۈگۈن سىرلىق چاپانلارغا خېرىدار يوق.

بۇلاردىن قولغا كەلگەن ئابروي جىنلار چۈشى ئوخشاش،
خىيالى بۇ تىلەكتە سېنىڭدەك باخشىغا جىندار يوق.

گۇمان قىلما پەلەكنى ھەر قاچان بەختىڭگە چۈرگىلىمەس،
بۈگۈن باي، ئەتە سەندەك ھېچ گاداي يوق، بەلكى قەرزدار يوق.

بىلىمدىن چەتتە كۆرگەن دۆلەتنىڭ جانىنىڭ جاپاسىدۇر،
جاپا قىلماققا جېنىغا بىلىمسىزدەك زور ستەمكار يوق.

بىلىمدىن ھەممە ئىش مەيدانىغا چىققان ئەسىردۇر بۇ،
بىلىش لازىم بىلىمسىزلەرگە بۇ ئەسىردە خېرىدار يوق.

بىلىمدىن باتىنىڭ① نۇرلانمىسا، كۆڭلۈڭ قاراڭغۇ تۈن،
قۇياش نۇرىغا مۇنكىر ② شەپەرەڭلەرگە مەدەتكار يوق.

زېمىننى توپ قىلىپ ئويناشنى سەن چاخچاق گۇمان قىلما!...
ھەقىقەتتۇر بۇگۈن ھەر ئىش، كەمەك ③ تەك جادۇ - ھەييار يوق.

ئەجەبلەنمە بۇلار كۆڭلى بىلىم نۇرىدا نۇرلانغان،
شۇنىڭچۇن كۆكتە، سۇدا، تاغ، دېڭىزدا يۈرسە دىشۋار يوق.

بىلىمدىن تاغنى باغ قىلىشتا ھېچقانداق جاپا كۆرمەس،
ھەسرەتتىن قان يۇتاردا نادان كىشىلەردەك جاپاكار يوق.

جاھىللار كۆڭلى تۈن ئوخشاش، ئۇنى پەرق ئەتكىلى بولماس،
قارا تۈنگە شەپەرەڭدىن بۆلەك ئەسلا تەلەپكار يوق.

ئۆزۈڭ ھەم «نىمشېھىت» بۇ پىكرىڭنىڭ تەستىقى بول قۇربان،
بىلىمدىن يۈز ئۆرىگەنلەردەك قاتتىق گۇناھكار يوق.

1936 - يىل فېۋرال، باي

① باتىنىڭ — ئىچكى دۇنيايىڭ.
② مۇنكىر — بۇ يەردە ئۆچ قارشى، دېگەن مەنىدە.
③ كەمەك — قەدىمكى ئىران شاھلىرىدىن جەمشىتنىڭ ھەييارى.

# باي ناھىيىسىنىڭ ھەسرەتلىك ساداسى

كەل ئەي بادى سابا ① ئەرزىمنى ئاڭلا! بىناۋا بايمەن،
نىتەي ھەسرەت بىلەن قان يىغلىماقتا مۇپتىلا بايمەن.

بۇ ۋەتەن تۇپرىقىدا مەنمۇ بىر كىشىلىك ئورۇن ئالغاچ،
تاۋارىخ سەھىپىسىگە يېزىلىشقا ئاشنا بايمەن.

دەرىخا دەردۇ ھالىم سورىغىلى ھېچبىر كىشىم يوقتۇر،
ئېنىڭچۇن ھېچبىر گېزىتلەردە ئېتىم يوق، بىۋاپا بايمەن.

ھەمىشە خىزمىتىم كۆپكە يېتىشلىك، ئات كۆتەرگەنمەن،
يېرىدىن، ئۆيىدىن ئايرىلغان يېتىملەرگە ئاتا بايمەن.

تېخى ھەر نەۋئى مەدەنگە مېنىڭ قۇچاقلىرىم تولغان،
زېمىن ۋە تاغۇ ــ سۇلەر كەڭرىلىكتە پۇر باھا بايمەن.

تاپاخور②ئەيلىمەككە مەندە ئوتتۇز جايدا مەكتەپ بار،
مائارىپقا ئىئانە ئەيلىگەن، كۆندە راسا بايمەن.

ئېچىلدى مەندىمۇ دارىلمۇئەللىم ئىككى يېرىم ئاي،
قىرىق بەش تەن مۇئەللىمنى قىلغان ئەلگە ئاتا بايمەن.

---

① بادى سابا — سۇبھى شامىلى، سەھەر شامىلى
② تاپاخور — پەخىرلىنىش ـ پەخىرلەنمەك.

ئوقۇشقا ياردەم ئەيلەپ چىقاردىم نەچچە مىليون پۇل،
گېزىتكە يازدۇرالماستىن ئۆتۈپ كەتكەن خاپا بايمەن.

ئىئانە پۇللىرىمنىڭ كۆپرەكى ئالتۇن - كۈمۈش پۇلدۇر،
بۇ پۇللار نامىنى ھېچ كۆرمەيمەن، كۆڭلۈم قارا ① بايمەن.

گېزىتتە نەشرى ئەتمەكتىن جاھانغا پاش ئەمەس مەقسەت،
ۋەلېكىن ئەل قاتارىدا ئىچىم يوق بىئاتا بايمەن.

ماڭا «شىنجاڭ»، «يېڭى ھايات»، «ئىلى»، «چۆچەك خەۋەرلىرى»
يەنە «ئاقسۇ ئۇچۇرى» ②دا ئورۇن يوق بەك خاپا بايمەن.

سەۋەب كىمدىن، قەيەردىن ماڭا ھېچكىم بىر ئورۇن بەرمەس،
ئېنىڭچۇن ئۇيقىدىن بېشىم كۆتەرمەستىن ياتا بايمەن.

1936 - يىل ئىيۇل، باي

---

① قارا — بۇ يەردە گۇمان مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن
② قوش تىرناق ئىچىدىكىلىرى شىنجاڭ ھەم شۇ چاغدىكى ۋىلايەتلەرنىڭ گېزىتلىرىنىڭ نامىلىرى

## دۇنياغا بىر نازارەت

قىلسام تۇرۇپ ئورنۇمدىن،
دۇنياغا بىر نازارەت.
ھەردەم ئۆتۈپ تۇرىدۇ،
نەچچە تۈرلۈك ئالامەت.

يەئنى جاھانگىر جاللات،
ھەر يەرگە كۆزلىرىنى،
چەكچەيتىشىپ ئالايتىپ،
تۇرغان ئىمىش بۇ سائەت.

شۇ جۈملىدىن ياپونلار،
ئوتلۇق زەھەر قولىنى.
جۇڭگوغا سوزغىنىدا،
بولدى ئەجەپ قاباھەت.

بۇ ئىش شۇم ياپونىنىڭ،
كۆرسەتتى ئىنقىرازىنى.
بۇ ئىشقا ئەجەپلەنمە،
يېقىن ئاڭا قىيامەت.

دېمەك ئاڭلا! بۇرادەر،
خەلق ماقال سۆزىنى.

تەمسىل ئۇچۇن ئىشلەتكەن،
باردۇر بۇندا پاساھەت.

يەئنى ئەگەردە چاشقان،
ئۆلمەكنى ئارزۇ قىلسا.
چىشلەپ مۈشۈك قۇيرىقىن،
تارتىشنى قىلار ئادەت.

تەھقىق ياپون جاھانگىر،
بۇ سۆزگە بولدى تەمسىل،
دۇنيادا كۈن كۆرۈشكە،
ئەمدى قىلالماس تاقەت.

ئوتەي تىغىدا ياتقان،
جۇدى جاناپلىرىنى.
كۆردۇڭمۇ ئەي جاھانگىر،
بەردىمۇ ساڭا راھەت؟!...

1939 - يىل، ئاقسۇ

# ئاخىرقى ئۇتۇق بىزنىڭ!

مەملىكىتىمىز ئازادلىقىنى قولغا ئېلىشقا،
ساغلام، باتۇر ئوغۇل ـ قىزىمىز راسا تىرىشتى.

باسقۇنچى، مىللىتارىست ياپون سامۇرايلىرى،
تەڭ كېلەلمەي قۇيرۇق تىكىپ تازا قېچىشتى.

خائىن ـ سانقۇن ژاڭ جىڭخۇيىدەك دۈشمەن كۆچىكى،
ئۇلۇغ ۋەتەن نومۇسىنى ساتماق بولۇشتى.

كىملەر كىرەر ئارقىسىغا ئۇ قارا يۈزنىڭ،
يالغۇز ئۆزى دۈشمەنگە تىزىنى پۈكتى.

جۇڭگودا ئۇنداق سانقۇنغا ھەرگىز ئورۇن يوق،
جۇڭخۇا خەلقى بىرلىك سەپكە گاڭدەك ئۇيۇشتى.

قورقمايمىز بىز دۈشمەنلەرنىڭ ياۋۇز ئوقىدىن،
پولات مۇسكۇل جەڭچى باللا ئالغا بېسىشتى.

ئالدىنقى سەپ مەيدانىدىكى قەھرىمانلارنىڭ،
قېلىچ، مىلتىق قوللىرىدا جەڭگە كىرىشتى.

خوتۇن ـ قىزلار قوللىرىدا ئەرلەرگە ئوزۇق،
يەتكۈزۈشۈپ ھەممە سەپتە مەدەت بېرىشتى.

«ئازادلىق!» دەپ جۇشقۇن قىزلار ئەرلەر بىلەن تەڭ،
دۇشمەنلەرنى ئۆز گۆرىگە تەڭ ئىتتىرىشتى.

تۆت يۈز ئەللىك مىليون ئەلنىڭ بىرلىك سېپى،
ئازاد ۋەتەن قۇرۇش ئۈچۈن قولمۇ قول تۇيۇشتى.

يۈزلەپ ـ مىڭلاپ جەڭگە چىقسا ياپون ئەسكىرى،
«چاشقان تۆشۈكى ساراي» بولۇپ جانىنى بېرىشتى.

ھارماي ـ تالماي ياردەم قىلدى دوستىمىز سوۋېت،
بۇ ياردەمگە جۇڭگو خەلقى رەھمەت ئېيتىشتى.

كۈچىمىز ئاشتى تەجرىبە بىلەن ئۈچ يىل ئىچىدە،
ئارقا سەپنىڭ ياردىمىگە ئۇلار ئېرىشتى.

ھارام تۇرمۇش، قۇللۇقنى بىلمەيمىز بىزلەر،
شۇڭلاشقا ھەممە بىردەك جانىنى تىكىشتى.

قانخور ياپون فاشىستلارنىڭ ئالۋاستىلىرى،
«ئۈچ ھەپتىلىك مۆلچەر»نى دالۋاي قىلىشتى.

ئۈچ يىلنى زەپەر بىلەن ئۆتكۈزدۇق بىزلەر،
ۋەھشى دۇشمەن قۇتۇلغۇسىز ھالغا چۈشۈشتى.

بۇ ئۈچ يىللىق غەلىبىنى كۆرگەن خەلقلەر،
ئاخىرقى ئۇتۇق بىزنىڭكى، دەپ جەزمى قىلىشتى.

1940ـ يىل 1ـ ئاۋغۇست، ئاقسۇ.

# ئۇكام ساڭا!

سالام يوللاي ۋەتەن ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ،
ئىشلەۋاتقان قىزغىن روھلۇق ئۇكام ساڭا!

چىن كۆڭۈلدىن بەلنى باغلاپ خەلق ئۈچۈن،
تىنماي ئىشلە نىشانسىزلىق هارام ساڭا!

شەخسىي ئىشىڭ ۋەتەن ـ ئەلگە بېغىشلانسۇن،
پەن ـ مەرىپەت ئىشلىرىگە قىل جان پىدا!...

ئېغىرچىلىق ـ قىيىنچىلىق تالدۇرمىسۇن،
هاردىم دېيىش زور ئېيىپتۇر ئۇكام ساڭا!

خەلقىمىزنىڭ كۈتكىنىنى ئادا قىلىش،
ئىجاد قىلىش، مېھنەت قىلىش قەرزدۇر ساڭا!

ئەۋلادلارغا نەمۇنىلەر قالدۇرۇشقا،
ئۆمۈربويى ئىشلىگىنىڭ راھەت ساڭا!

هەركىم ئەگەر ئىستىقبالغا سېلىپ نەزەر،
ئىش باشلىسا ئۇ، بولغۇسى ئۇستاز ساڭا!

ئوتلۇق يۈرەك قەلبىڭ تازا بولسۇن هامان،
ۋىژدانلىق ئەر مەزلۇم ئەلگە چوڭ بىر پانا!...

كىلەچەكنىڭ مېھمانلىرى ئەستە بولسۇن،
قالدۇرغىنىڭ ئۇلار ئۇچۇن ئارتسۇن يانا!

ئاناڭمۇ ھەم ساڭا بەرگەن سۇتلىرىگە،
رازى بولسۇن كۆتكىنىدەك ئىشلە ئۇكا!

خۇشال بولسۇن سېنىڭ ئۆسكەن ئايماقلىرىڭ،
ۋەزىپەڭنى جان كۆيدۇرۇپ قىلغىن ئادا.

تەكەببۇرلۇق، ئىككى يۈزلۈك، يالغانچىلىق،
مەغرۇرلۇقنى سەن ئۆزۈڭگە ھېچ يولاتما!

قىزغىن روھلۇق، ئۆتكۈر كۆزلۈك، چىداملىق بول،
ئۇنۇتمىغىن ئەلنى دائىم ئەستە ساقلا!

بۇ سۆزۈمنى ئىش يۈزىدە كۆرسىتىشتە،
«سۆزى باغدا، ئىشى تاغدا» بولۇپ قالما!

كونا تۇرمۇش ئادىتىنى ئارزۇ قىلغان،
قۇرۇق مېڭە جاھىللارغا ئۇرغىن پەشۋا!

گۈللەپ ئۆتسۇن يۇرتىمىزدا مەدەنىيەت،
قانلار يۇتسۇن كۆرەلمەسلە ھەم ئىپلاسلا!

ئارزۇلارنى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىگەندە،
قەتئىي بولۇڭ كۈچلۈك بىلەك سىزدەك ياشلا!

بۈگۈن سېنىڭ بۇ شەرەپلىك خىزمەتلەرنى،
ئۆتەش ۋاقتىڭ سۇسلۇق قىلما سەن بۇ يولدا.

خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان يارانلارغا،
ئىلھام بولسۇن ئىلتىماسىم ئۆز ۋاقتىدا.

سېزىلسە ئەگەر خەلق ھاياتىنى قىرقىغۇچى،
يوقۇتۇشقا بىر مىنۇتمۇ سۇسلۇق قىلما!

يالغۇز ئەگەر نۇرغۇن دۈشمەن ئارا كىرسەڭ،
بومبا بولۇپ پارتلا ئۇنى تىتىپ تاشلا!...

قايناپ تۇرسۇن قىزىق قېنىڭ ۋولقانلاردەك،
پۇرسەت بەرمە ئالدامچىغا ئىنىم ئەسلا!

ئۆگىنىشتە تىرىشچانلىق يولۇڭ بولسۇن،
يەنچىپ تاشلا ئەگەر يولۇقسا توسالغۇلا!

چېلىش ـ كۈرەش مەيدانىدا جەۋلان قىلغىن،
ئارتتا قالغان ئوغلانلارنى ئالغا باشلا!

شۇ مەقسەتتە ئىشلەيدىغان بارلىق ئۈكام،
ئىمشبھتىنىڭ تىلىكى شۇ بېسىڭ ئالغا!...

1941ـ يىل 23ـ ئاۋغۇست، ئاقسۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بۈيۈك جۇڭگو

بۈيۈك جۇڭگو سېنىڭ بەش مىڭ يىللىق ئۇزۇن تارىخىڭ بار،
كۈمۈش سۇلار، ئالتۇن تاغلار سانسىز ئورمان باغلىرىڭ بار.
تۇرلۇك مەدەن، نېفىت، كۆمۈر ھېچ تۈگىمەس بايلىقىڭ بار،
يەر شارىنى تويغۇزغىدەك كەڭرى مۇنبەت تۇپرىقىڭ بار.

خۇاڭخې دەريا، جۇجياڭ بىلەن ياڭزىجياڭنىڭ شەربەت سۈيى،
تامچە ئىچسە كەتمەس ئۇنىڭ لەززەتلىرى ئۆمۈربويى.
جانغا راھەت، تەنگە قۇۋۋەت خېيلۇڭجياڭنىڭ تاتلىق سۈيى،
خەلقىڭ ئۈچۈن ئابى ھايات — ئېقىن دەريا سۇلىرىڭ بار.

گەر تەۋرەنسە تاغنى يۆتكەپ باشقا جايغا تاغ قىلغۇدەك،
سۈيى ئۇلۇغ دەريالارنى توسۇپ - ئېتىپ توختاتقۇدەك.
يەردە يۈرۈپ، سۇدا ئۈزۈپ، كۆكتە ئۇچۇپ نام ئالغۇدەك،
باتۇر يۈرەك تۆت يۈز ئەللىك مىليون نوپۇس ئەللىرىڭ بار.

ئويناقلىشىپ يايراپ يۈرگەن تاغلىرىڭدا كېيىكلىرىڭ،
سېنى كۈيلەپ سايراپ تۇرغان چىمەنلىكتە بۇلبۇللىرىڭ.
ئازاد - ئەركىن ئۈزۈپ يۈرگەن سۇدا ئالتۇن بېلىقلىرىڭ،
مىليون سىرلار يوشۇرۇنغان قاتلام - قاتلام جايلىرىڭ بار.

بۇنى كۆرۈپ چىدىيالماستىن كۆپتىن بېرى تەييارلىنىپ،
بار - يوقىنى راسخوت قىلىپ قول - پۇتقىچە قوراللىنىپ.

غالجىرلىغان پەيلى بۇزۇق يىرتقۇچلىرى راست تاللىنىپ،
ئۆزىنى ئاتتى لوگوچياۋغا شۇم ئاياقلىق ياپون پاكار.

شۇنىڭ بىلەن سوزۇك ھاۋا - يورۇقلىقنى باستى تۇمان ،
بولاپ - تالاپ، قىرىپ - چېپىپ سۇ ئورنىغا ئېقىنتى قان.
شۇنداق بىر ئاز ئىلگىرلىدى دەسلىپىدە قارا بوران،
ۋاقتىنچىلىك بىر قانچە جاي توردا بولۇپ قالدى شىكار.

دۈشمەنىڭگە يول قويۇشتى ساڭا ئۆگەي ساقلاندىلا،
يۈزۈڭگە داغ ئورنۇتۇشتى ۋەھشىلەرچە شۇئاندىلا.
ئادەم سۇرەت چېقىر كۆزلۈك، سىرىق كۆينەك ئاپەت - بالا،
ئىنسانلارنى ھايۋانلاردەك قۇللاشتۇرۇش مەقسىتى بار.

بوش كەتمىدى كۆكنى يېرىپ لوگوچياۋدا ئېتىلغان توپ،
سەندىن بۇيرۇق بولدى بىزگە:
— قارشى تۇرغىن، قوزغالغىن قوپ!
قانغا قان، جانغا جان تۆر ئورنىگدىن! بولۇپ توپ - توپ!
ھەممە بىردەك قوزغال قارشى، تاغنى تەۋرەت ھەم كۆكنى يار!

دەرھال كۈرەش باشلىدۇق بىز، دۈشمەنىگگە قارشى تۇرۇپ،
ئازادلىق دەپ پۈتۈن خەلقنى بىر نىيەتكە ئۇيۇشتۇرۇپ.
ئالدىنقى سەپ، ئارقا سەپتە گاڭ - پولاتتەك قورغان قۇرۇپ،
دۈشمەنگنى گۇم قىلىشقا قەتئىي كۈرەش ۋەدىمىز بار.

سۇندۇرالماس كۈچىمىزنى شەرقنىڭ ياۋۇز چايانلىرى،
تىز پۈكمەيمىز قانچە بولسا زەھەرلەشكەن پىلانلىرى.
تېخى مەھكەم بىرلەشتۇردى بىزنى ئۇنىڭ زىيانلىرى،
بىز يېڭىمىز بۇ كۈرەشتە خەلق كۈچى - يۆلەنچى بار.

خەلقىمىزنىڭ قانلىرىنى ۋەھشىلەرچە ئىچىپتىمۇ،
گۈزەل ئاۋات شەھەرلەرنى بومبا بىلەن يىقىپتىمۇ.
يەر - ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىپ، زەھەر تەمىن تېتىپتىمۇ،
پەقەت گەپ بىر، باش ئەگمەيمىز بىزدە بۈيۈك ئىشەنچ بار.

شۇ نىيەتتە، شۇ كۈرەشتە ئالتى يىلغا قەدەم باستۇق،
كۈرەش قىلىپ، غالىبىيەت مەنزىلىگە يېقىنلاشتۇق.
چىداملىق روھ، غەيرەت بىلەن تۇتقۇنلۇقتىن يىراقلاشتۇق،
يېگىپ چىقىش ئۈچۈن بىزدە قەتئىي تولۇق ئىشەنچ بار.

1942 - يىل ماي، ئاقسۇ

## قىزىم يىغلىماڭ! . . . ①

قىزىم بۇچاغ يىغلايدىغان زامان ئەمەس،
قىز يىغلىسۇن، ئوغۇل كۈلسۇن ھېچكىم دېمەس.

ئۆگەپ كەتكەن يىغلايدىغان قارا يىللار،
شەپقەت تۆزىنى ئىتتىمىغان تۆزسىز دىللار.

دەرۋەقە ئۇ چاغدىكى تورزاقچىلار،
قىزغا قىيىن، ئۆزىگە ئويۇن مازاقچىلار.

خوتۇن - قىزنى ئۇ بىھايا «قانۇن» بىلەن،
يىغلىتاتتى ئۆيدە، تاپقان «زاكۇن» بىلەن.

ئوغۇللارغا «ئېزىش» يولىنى ئۆگىتەتتى،
تاپتىن چىقسا، خەۋپلىك نىشان كۆرسىتەتتى.

قىزىم سىزدەك ئاياللارنىڭ دەردىمۇ ھەم،
يالغۇز ئانا ئۈستىگە جىق يۈكلەيتتى غەم.

---

① 30 - يىللاردا ئىلغار ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ تۈرتكىسى ھەم تەسىرى ئارقىسىدا رايونىمىزدا، ئاياللار ئەركىنلىكى، نىكاھ ئەركىنلىكى قاتارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن بىللە خوتۇن - قىزلارغا زامانىۋىي پەننى مەكتەپلەرنىڭمۇ ئىشىكى ئېچىلىشقا باشلىغان ئىدى. شائىر بۇ شېئىرىدا ئوقۇش يېشىدىكى قىزلارنى يۈرسەتنى قولدىن بەرمەي تىرىشىپ بىلىم ئېلىشقا، كونىلىقنى تاشلاپ جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ رولىنى ئاكتىپ ھالدا جارى قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

ئېغىر تۇرمۇش ئاستىدىكى قىز ـ ئوغۇللار،
ئۇلاق بېقىش، تېزەك تېرىش، ئىش بىلەنلا!

مەشغۇللىنىپ مەكتەپ يۈزىن كۆرمەس ئىدى،
تۇرمۇش خەۋپى ئۇنى خۇشال قىلماس ئىدى.

ئانا سۈتى تېخى تەنگە سىڭمەستىنلا،
يېشى ئۇنىڭ ئون ئۈچلەرگە يەتمەستىنلا.

«تۆھمەت يېشى» بىر ـ ئىككىنى قوشار ئىدى،
تار قەپەزگە ئۇ قىز دەرھال چۈشەر ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىز باغدىن ـ باغقا قاچقان،
بەزىلىرى جاندىن تويۇپ تاغقا قاچقان.

ياكى ئاتا قىزغا بىرئاز رەھمى قىلغاي!...
ياكى ئانا بېرىپ ئۇنىڭ ھالىنى سورىغاي!...

ياكى يىگىت دىلىنى بىرئاز يۇمشاتىسچۇ؟!
ياكى «قانۇن» ئۇندا بىرئاز يول تاپسىچۇ؟!

ئالغان يىگىت پۇل خەجلىگەن، قىلمايدۇ غەم،
يۇرت ـ مەھەللە توي ئويۇنغان ئۇرمايدۇ دەم.

قانداق قىلسۇن تۆت تەرەپكە باشنى ئۇرۇپ،
تىنماي يىغلار يۈرەك ـ باغرى قانغا تولۇپ.

ئاسمان ئېگىز، يەر ئۇنىڭغا قاتتىق كەلگەن،
چىداش بەرسە جان ئۇنىڭغا تاتلىق كەلگەن.

بەزىلىرى ئاخىر جاندىن تويار ئىدى،
ناھەقتىنلا سىرتماق سېلىپ ئۆلەر ئىدى.

ياكى دەريا، كۆل قوۋدۇقتا ئۈزىن تاشلار،
خەنجەر ئېلىپ ··· ئۇچەي باغرىن چۇۋۇپ تاشلار.

ھەي بولمىغۇر كۆپ ئۇچرايتتى ئەھۋال بۇنداق، ―
كىم غەم يېسۇن؟! جاۋاب ئاسان «تەقدىر شۇنداق!···»

* * *

تۇققان ئانا قىز كەلگۈسىنى بىلەر ئىدى،
قىزىغا «بەخت» خۇدايىمدىن تىلەر ئىدى.

― كۆپ پۇلى بار بايغا نېسىپ ئەيلىگەي، ― دەر،
― قىيىنچىلىق تۇرمۇشنى ھېچ كۆرمىگەي! ― دەر.

― تويلىقىغا كەلگەي نەچچە كالا ― مالدىن،
بەتىنكەيۇ، دۇخاۋا ھەم بورتمە شالدىن.

دۆلەت ـ راھەت كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆزى تويغاي،
ئىچكىرى ئۆينىڭ تۆرىگىلا «خېنىم» بولغاي.

رەنجى ـ غەم، دەرد ـ ئەلەمنى ھېچ كۆرمىگەي،
يېمەك ـ ئىچمەكتىن باشقىنى ھېچ بىلمىگەي.

نېسىپ بولسۇن، ئالتۇن ساپاق، ئالتۇن ئۈزۈك،
دوپپا قاداق بىلىگىگە قوش بىلەيزۈك.

غۇلاچ تاتما، گۇيەك ئاسقان چۇمبەل بىلەن،
سۆسەر تۇماق، ئەتلەس كۆينەك، تامبال بىلەن.

ئۆمرى ئىچرە تاشقىرىغا بىر بار چىقسا.
دوست ـ دۈشمەننىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتسە توغرا.

قالماس ئىدى شۇ دۇنيادا بىزدە ئارمان،
نېسىپ ئەتسۇن بۇ تىلەكنى ئىگەم راخمان.

تەقدىر يەنە بۇ ئۇمىدنى يوق قىلىدۇ،
كىمگە نېسىپ بولۇشىنى كىم بىلىدۇ؟!...

ئالغان يىگىت بىر تەرەپكە كېتەرمىكىن؟!...
قېيناندىن ئازار ـ كۈلپەت يېتەرمىكىن؟!...

ئۆچ خوتۇنلۇق ئەرگە تېگىپ قالمىغىدى؟!...
گۈلدەك يۈزى خازان بولۇپ سولمىغىدى؟!...

بۇنداق ئويلاپ مېھرىبان ئانا ئېغىر غەمدە،
چوڭقۇر خىيال باسقان ئۇنى ھەر قەدەمدە.

گاھى تەدبىر ئۇنى كۆككە ئۇلاشتۇرغان،
تەقدىر ئۇنى غەم چۆلگە ئۇلاقتۇرغان.

ھېچبىر ۋاقىت بىر ئۇمىدتە تۇرالمايدۇ،
ياكى ئويلاپ بىرەر يولنى تاپالمايدۇ.

باي ـ غوجامدىن ئۇنىڭ كۆڭلى خارلىنىدۇ،
يوقسۇللۇقتىن دىلى تېخى زارلىنىدۇ.

قىزىم ئەمدى ئۇنداق زامان يىراقلاشتى،
خەلق ئويغىنىپ ئاڭ سېزىمى تولاقلاشتى.

ئاڭلىغانسەن بۇندىن توققۇز يىللار بۇرۇن.
يېڭى هايات ئۆلكىمىزدە ئالدى ئورۇن.

شۇندىن بۇيان يۇقىرىقىدەك دەھشەت زامان،
گۇمران بولدى زەربە يېدى جوت ـ شىۋىرغان.

كۆرگەنسەن ئۆي يېنىدا چىغىر يولنى،
چوڭ قەدەملەپ ئۆتتۇۋاتقان قىز ـ ئوغۇلنى.

گۇس ـ گۇس چامداپ ماڭغىنىغا قارىغانسەن،
«قەيەرلەرگە بارىدۇ؟!» دەپ سورىغانسەن.

«ئوقۇش ئۈچۈن بارىدۇ» قىزىم ئاڭلا!...
جەمئىيەتنى گۈللىتىدۇ بۇگۈن تاڭلا...

شۇنىڭ ئۈچۈن غەم قىلمىغىن هالىڭىزغا،
بەخت ئىشىكى ئوچۇق سىزدەك مىليون قىزغا...

ئۆيدە گاهى بۇندىن سۆزلەر قىلىشقاندۇ؟...
«قىز ـ ئايالنىڭ بەختى بۇ!...» دەپ ئېيتىشقاندۇ.

لېكىن نەدىن كەلگىنىنى ئېيتتىمىكىن؟
بۇ تۇرمۇشنىڭ قىممىتىگە يەتتىمىكىن؟...

بىلىڭ بۇ ئىش ئىنقىلابنىڭ مىۋىسىدۇر،
سىز، بىز ئۈچۈن هاياتلىقنىڭ جىلۋىسىدۇر.

سىز غەم يېمەڭ ھېچبىر ۋاقىت يېتىم ئەمەس،
بۈيۈك ۋەتەن پەرزەنتىنى يېتىم دېمەس.

ئۆزىڭىزنى دەۋرى بالىسى — بەختلىك بىلىڭ!...
بۇ ۋاقىتتا بىكارلىقنى هارام قىلىڭ!...

ئېغىز گەپكە كەلگەن هامان ئۇقۇڭ قىزىم،
يۈكسىلىشىنىڭ ساهەسىدە بېسىڭ ئىزىم.

ئالغا ئاتلاڭ بەلكى بىزدىن نەچچە چەندان[1]،
دەشت - بىنەملەر بولۇپ كەتسۇن كۆكۆل مەيدان.

تۈپتۈزلەنسۇن ئېتىزلىقلار - ئەگرى قىرلار،
گۈلدۈرلىسۇن ئېتىزلاردا تراكتورلار.

بۇ هەدىيە ئۆلكە چېچەك - مۇنچاقلىرى،
قوبۇل قىلىڭ بارلىق مىللەت قىزچاقلىرى.

1943- يىل فېۋرال، ئاقسۇ

① چەندان — ھەسسە

# ئۈنۈتما!...

دوستۇم ئون يىل بۇرۇنقى،
كۆنلىرىڭنى ئۈنۈتما!
تاڭ ئاتقىچە يىغلىغان،
تۈنلىرىڭنى ئۈنۈتما!

مۇستەبىتلەر ئالدىدا،
ئىتتىن بەتەر خار ئىدىڭ.
ھەقسىز ئىشلەش يېرىدە،
كېچە ـ كۈندۈز بار ئىدىڭ.

كۆنلەر بويى ئاچ يۈرۈپ،
پارچە نانغا زار ئىدىڭ.
قايناقسۇمۇ كۆرمىگەن،
چاغلىرىڭنى ئۈنۈتما!

ئوقۇش يېشى ۋاقتىدا،
قىمارۋازغا قېتىلغان.
ئۈتتۈرغاننى تۆلىيەلمەي،
ئات ـ كالىدەك سېتىلغان.

گۇناھسىزلىق «گۇناھ!» دەپ،
ناھەقتىنلا ئېتىلغان.

ئېچىلمىغان غۇنچىدەك،
باللىرىڭنى ئۇنۇتما!

ئېسىڭدىدۇر بۇرادەر،
تۇتقۇنلىقتا تۇرغۇنۇڭ.
تولا يىغلاپ «ئاھ!...» ئۇرۇپ،
چاچ ـ ساقالنى يۇلغۇنۇڭ.

كېچىپ بۇنداق ھاياتتىن،
تىرىك گۆردە بولغۇنۇڭ.
قولۇڭ ئارتقا باغلانغان
داغلىرىڭنى ئۇنۇتما!

ئۇ كۇنلەردە، دەر ئىدى:
«ئالۋاڭ دېگەن گالۋاڭغا!»
يېتىشمەيتتى ئون توخاڭ،
بىر توخۇملۇق ئالۋاڭغا.

رەھىم ـ شەپقەت قىلمايتتى،
ئاچ ـ يالىڭاچ قالغانغا.
دەرمانى يوق دەردلەرگە،
پاتقىنىڭنى ئۇنۇتما!

قارا كۇنلەر يۈرەكنى،
زەرداپ قىلىپ ئېقىتقان.
«خوش تەخسىر!» دىن چىقسىلا،
قامچىدىن قان تېمىتقان.

مۇجۇپ زەھەر چاڭگاللار،
ئىككى پۈكلەپ يىقىتقان.

تىرىك تاپقا كىيدۈرگەن،
تونلىرىڭنى ئۇنۇتما!

دىۋەيلىشىپ تۇرۇشقان،
چاققان زەھەر چاياندەك.
شۇنىڭ ئۈچۈن چىرايلار،
بولۇپ قالغان ساماندەك.

بىر ئاز پۇرسەت تېپىلسا،
يېتىپ ئېلىش هاياندەك.
ساق تېنىڭنى «كېسەل!» دەپ،
ياتقىنىڭنى ئۇنۇتما!...

غەم يۈكلىرى ئاستىدا،
بولغان بېلىڭ ئىككى موك.
تەييار ئىدى رۇسلانساڭ،
ئىككى پۇتقا بىر ئۆتۈك.

قورقۇنۇچتا دەز كەتكەن،
يۈرەكلىرىڭ دەككە ـ دۈك.
كامالەكتەك پۈكۈلۈپ،
يۈرگىنىڭنى ئۇنۇتما!

يەر ئاغزىنى ئاچاتتى،
باقساڭ سېنى يۇتۇشقا.
كۆككە باقساڭ تۆۋەنلەپ،
چۈشكەن سېنى بېسىشقا.

جۇدۇن ـ چاپقۇن، شامالار،
سېنى ئوڭدا قويۇشقا.

دەھشەت تۇمان ئىچىدە،
قالغىنىڭنى ئۇنۇتما!

بوققان زۇلۇم ئەتراپنى،
قىمىرلاشقا ماجال يوق.
ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن،
قۇتۇلۇشقا ئامال يوق.

قانات — قۇيرۇق يۇلۇنغان،
ۋاقىت يەتسە ھايال يوق.
تەقدىرىڭنى «شۇنداق» دەپ،
تۇرغىنىڭنى ئۇنۇتما!

ئىسسىق قاننى سوۋۇتۇپ،
جان بوغۇزغا يەتكىچە.
پۇت ـ قولۇڭنى بوغۇشلاپ،
كانايغا تىغ تەككىچە.

«بىسمىللا» نى دەپ بولۇپ،
«ئاللاھۇ ئەكبەر» نى ئېيتقىچە.
«ئازادلىق! …» دەپ قوزغالغان،
چوڭ دولقۇننى ئۇنۇتما!

جاللاتلارنى يىقىتىپ،
يەر بۆشۈككە بۆلىگەن.
كېلىپ سېنى قولتۇقتىن،
ئىككى قوللاپ يۆلىگەن.

كۆز يېشىڭنى تازىلاپ،
چاڭ ـ تۇماننى پۈلىگەن.

تىلەكلەرنى ھەل قىلغان،
دوستلىرىڭنى ئۇنۇتما!

بەختىڭگە بەك مۇۋاپىق،
دوستلارغا جانۇ ـ دىل ئۇ.
تىنچلىقنى ئورنىتىشتا،
دۈشمەنگە ئەزرائىل ئۇ.

ساڭا ئەجەپ مۇلايىم،
ئۇنىڭغا شىر ۋە پىل ئۇ.
كۆيۈپ پىشار چاغدىكى،
سايىۋەنىنى ئۇنۇتما!

قىش ـ ياز دېمەي بىغىڭدا،
بىر دەك ئېچىلسا گۈللەر.
ئىرپان سۈيىگە سىراپ،
بولسا ھەر قىز ـ ئوغۇللار.

تۈزلەنسە ھارۋاڭ سۈنغان،
ئوي ـ دۆڭ ئەگرى يوللار.
تۈز يولدا مەغرۇرلىنىپ،
مېڭىشىڭنى ئۇنۇتما!

ئون يىل ئىچىدە ئۆلكەم،
ئۆسۈش تەرەپكە ئۆتتى.
ئەكس تەرەققىچىلەر،
قايتماس تەرەپكە كەتتى.

ۋەھشى ـ ياۋۇز قاۋانىڭ،
زىندانلىرى بۇزۇلدى.

تەڭلىك توختام تۈزۈلەر،
كۆنلىرىڭنى ئۇنۇتما!

ھازىر سېنىڭ چېلىشىڭ،
ئۈچ يەتتىگە ئۇلاشتى.
دۈشمىنىڭمۇ ئامال يوق،
كۈندىن ـ كۈنگە سولاشتى.

ئاخىرقى ئۆمرى قىستاپ،
ئەجەل ھەدىن پۇراشتى.
غالىبىيەت ئاساسىن،
قۇردۇڭ بۇنى ئۇنۇتما!

يېقىن قالدى دۈشمىنىڭ،
گۆر ئىچىگە مۆككىسى.
يا بولمىسا باللىرىڭ،
ئۈچەي قارنىن تۆككىسى.

ياكى دېڭىز قەھرىگە،
بېرىپ ئاستىن چۆككىسى.
شانلىق زەپەر سەندىدۇر،
يېقىن قالدى ئۇنۇتما!

1944ـ يىل يانۋار، ئاقسۇ

# گېزىت

ئەل ئىچرە مەشھۇر نامىمدۇر گېزىت،
جېنىم ھەم تېنىم، قانىمدۇر گېزىت.

مەسئۇلىيىتىم تاغدىنمۇ ئېغىر،
ئىشلىمىسەم ئۇنى قانمايدۇ بېغىر.

كۆزلىگەن نىشان ئاسماندىن ئېگىز،
مەنزىلىم ھاۋا قۇرۇق ھەم دېڭىز.

ئىنقىلاب يولى ماياكىم مېنىڭ،
شامالدىن تېزدۇر ئاياغىم مېنىڭ.

ئەلگە خەۋەرچى، ئۇزاق سەپەرچى،
دۇنيادا مەشھۇر خالىس بىر ئەلچى.

ئىنسانلار ئۈچۈن مەدىنىي ئوزۇق،
دۈشمەن كۆكسىگە بولىمەن قوزۇق.

يىراق - يېقىننى ئاڭلىشىم بىردەك،
ياخشى - ياماننى تاللىشىم بىردەك.

قەيەرگە بارسام مۇبارەك قەدەم،
ھۆرمەتلەپ ئالار كۆرگەن ھەر ئادەم.

دوستلارغا تۆھپە، دۈشمەنگە خەنجەر،
بۇ دىلغا ئارام، ئۇ دىلغا نەشتەر.

بىرىمەن ئەلگە كۆپلىگەن ئىلھام،
تۈمەنلەپ خەۋەر، مىليونلاپ ئىنئام.

راستچىللىق ماڭا ئادەت ھەر چاغدا،
يالغانچىلارنى قويىمەن داغدا.

بۇرۇن غەپلەتكە خەلقىم پۈركەنگەن،
ئالغا بېسىشنى مەندىن ئۆگەنگەن.

باشلايمەن ئەلنى يېڭى قۇرۇلۇشقا،
بەخت ـ سائادەتلىك يېڭى تۇرمۇشقا.

ساداقەتلىكنى كۆڭلۈمدە تۇتۇپ،
پۈتۈن خەلققە ئۇنى ئوقۇتۇپ.

شۇ بىلەن خەلقنى قىلىمەن بەختلىك،
دۆلەتمەن ھەمدە تاجۇ ـ تەختلىك.

دىيانەت بىلەن ئاجرىتىپ تونۇش،
پۈتۈن ئىشلاردا نومۇسچان بولۇش.

تەلىماتىمدۇر مەندىكى ھۈنەر،
ۋەتەنگە، خەلققە يۇرتقا كۆيۈنەر.

1944ـ يىل مارت، ئاقسۇ

# ئوقۇغۇلى كەتكەن ئىنىمغا خەت

چىمەنلىكتە بۇلبۇل ئەركىن سايرىشىپ كەتسۇن،
ئانا ۋەتەن قۇچىقىدا يايرىشىپ كەتسۇن،
چوغلۇق دىلغا باھار بۇلۇتى ئەتىرلەر سەپسۇن،
ئىرپان سۈيى ئەلەمزادىلەر قەلبىگە يەتسۇن،
ئوقۇش ئۈچۈن كەتكەن ئىنىم مۇرادىغا يەتسۇن.

ئىلمۇ ـ ئىرپان دولقۇنلىرى مەۋج ئۇرماقتا،
تەشنا لەۋلەر بەھرىلىنىپ سىراپ بولماقتا،
شۇم قۇش ئۇۋىسى بىر تەرەپتىن چۇۋۇلماقتا،
ئوقۇش ـ ئۆگىنىش خەلقىمىزگە زۆرۈر بولماقتا،
قانلار يۇتۇپ شەيتان لەئىن دوزاخقا كەتسۇن.

ئۆلكەم ئىدى ئون يىل بۇرۇن مەيدە ئاغرىقچان،
خەلقىمىزمۇ ھەيكەل بولۇپ قالمىغانتى قان،
شۇم بويىلار تېگىدە بېسىلىپ قالغانتى رەيھان،
بولمىغان نان ياكى تەندىن چىقمىغان بۇ جان،
تازىلانغان بۇ ئىللەتلەر قايتىپ كەلمىسۇن.

ئۇ كۈنلەردە قۇرۇق سۆڭەك گەۋدىلىك دېھقان،
چۈنكى خەلقىنىڭ كۆپى كېسەل، قالغىنى نىمجان،
ئەڭ يۇقىرى دورا بولۇپ «كىرگۈزەتتى جان···
يالپۇز بىلەن يۇمغاقسۇت، ئارپا بېدىيان······»
كۆز كۆرمىسۇن، ئىبرەت ئۈچۈن قۇلاق ئىشىتسۇن.

ئۇزاق ئۆتمۇش مۇدھىش ئىدى، شۇنداق بەك يامان،
ھالسىز بەدەن، قانسىز چىراي سارغايغان سامان،
كۆزىمىزگە تار كۆرۈنگەن كەڭرى بۇ جاھان،
ئىسىت!... بىزنى ئەزگەن ئىكەن شۇم دەھشەت زامان،
كۆلى ئۆچسۇن كۆككە مەڭگۈ، ئەمدى كەلمىسۇن.

زۇلۇم شۇنداق چەككە يەتكەن، مەن ئىدىم بىتاپ،
تۇيۇقسىزدىن ئەلدىن كەلدى:
— ئويغان! — دەپ خىتاب،
ئەل ئويغاندى، جانلار ئازاد بولدى بىھىساب،
ياڭرىدى دىل، خەلق قۇردى بىلىمگە شىتاب،
دىدى خەلقىم چىن كۆڭلىدىن:
— ھۇرلۇك ياشىسۇن!—

جاھالەتنىڭ ئىشىكىنى چىقىپ تاشلىدى،
ئوقۇش ئۈچۈن ھەممىمىزگە كەڭ يول باشلىدى،
خەلقىمىز شاد، دۇشمەنلەرنىڭ كۆزىن ياشلىدى،
نادانلىقنىڭ تورلىرىنى يىرتىپ تاشلىدى،
بۇ يول بىلەن بارلىق خەلقىم مەقسەتكە يەتسۇن.

ئوقۇ ئىنىم، مىنۇت چىغىڭ بوشقا كەتمىسۇن!
جەمئىيەتنىڭ كۈتكەنلىرى بىكار كەتمىسۇن!
ھورۇنلۇقتىن ساڭا كىيىن ئەلەم يەتمىسۇن!
خىجىللىقتا يەرگە پىتىپ، بىشىڭ قاتمىسۇن،
تىرىشچان بول! خەلق ساڭا رەھمەتلەر ئىيتسۇن.

جەمئىيىتىم ئايرىدى ساڭا بىر بۆلۈم خىزمەت،
مۇمكىن ئەمەس ئورۇندىماي، ئاڭا قىل دىققەت!

قايتماس روھ بول! كۈرەش ئۈچۈن توپلىغىن غەيرەت،
مەيۈسلەنمە، تاغ ـ داۋاندىن ئاتلا! قىل جۈرئەت،
ئالى غايەڭ خانتەڭرىدىن ئۈستۈنرەك بولسۇن.

مەخسۇس ئەمەس بۇ ئېيتقىنىم ئىنىمغا تامام،
قۇلاق سالسۇن ئوقۇش ئۈچۈن بارغان خاسئام،
تەسىرلەنسۇن بارچە مىللەت پەرزەنتى ئۈكام،
ياش يۈرەكلىك قېرى ئاكاڭ يوللايدۇ سالام...
ئەل خىزمىتى كۆڭلۈڭلەردە يىلتىزلار تارتسۇن.

1944ـ يىل ماي، ئاقسۇ

## ئىلىمگە ئىلھام

يۈرەكتە داغۇ ھەسرەت، دىلدا «ئازادلىق» تەمەنناسى،
نەدۇر ئازاد دېسەم، كۆكسۈمدە بار «قۇللۇق»نىڭ تامغاسى.

ھاياتىم ھالال ئەمگەك ۋەتەن ھەم ئىدى مىراسىم،
كېلىپ بىر مۇتىھەم قىلماقتا خوجايىنلىق دەۋاسى.

ھالال رىسقىمنى ئەركىنلىكتە مىننەتسىز يېيەلمەيمەن،
تۇرالمايدۇ بىر تۇخۇمغا تەڭ ئۇن توخامنىڭ ھەممە ئەزاسى.

ئەگەر بىركىم بۇ زۇلۇمدىن مىڭ تۇمەنلەپ زارلەر قىلسا،
چاتاق يوق تېخى ئاشماقتا ئۇنىڭ سەيلە تاماشاسى.

يېگۈزمەي تارتىۋالغان پۇل ۋە ماللار زاي كىمنىڭكى؟!...
ۋە يا ئەمگەك بىلەن تاپقانمۇ گومىنداڭنىڭ ئىپلاسى!

زۇلۇمنىڭ قامچىسىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆتەرگەن يوق،
بۇ سۆزنىڭ ھەقلىقىغە شاھىدىم ئىنسانىي دۇنياسى.

قەبىھ دۈشمەنگە قارشى سەن كۈرەشكە چىقمىساڭ ئەسلا،
يۈز ئەللىك يىل ئۆمۈر كۆرۈشكە بارمۇ تەگرىنىڭ ئىمزاسى؟!

قورال تۇتماي، كۈرەش قىلماي پەقەت ئەركىن ياشىيالمايسەن،
جاھان بازارىدا شۇنداقلا ئازادلىقنىڭ سەۋداسى.

قاراقاش ئورنىغا ئەمدى قېلىچنى ياخشىراق سۆيگىن،
ھايات ئۇ، ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، كۈرەشكە بولسا ئىخلاسى.

ئېلىڭ، يۇرتۇڭ، ھاياتىڭ ھەمدە ئەۋلادىڭنى قايغۇرماي،
قورساق تويغانغا شۈكرى ئېيتساڭ بولۇرسەن ھەممىگە ئاسى.

كېسىپ - چاپ، دۈشمىنىڭنىڭ بېشىنى قويما يۇرتۇڭدا!......
بۇڭا تەكلىپ قىلۇر قەلبىڭدە ۋىجدانىڭنىڭ شولاسى.

ئۇ، بەدبەخلەرنى ئىنساپقا كېلىدۇ، دەپ ئويلىما ھەرگىز،
كۈرەش قىلماق بۇ كۈندە بولدى ھەممە ئىشنىڭ ئەلاسى.

دىلىڭغا ئەسلا نۇقسان يەتمىسۇن تۈرلۈك گۇمانلاردىن،
گۈلۈڭنى سولدۇرمىسۇن ھەرگىز ئۇلارنىڭ پىتنە - ئىغۋاسى.

ئەگەر ئۆلسەڭ شېھىت سەن، ھايات قالساڭ ئېتىڭ غازى،
بۇدۇر ھەقنىڭ كالامى، نىمشېھىتنىڭ ساڭا ئىماسى.

1945- يىل نويابىر، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئاسارەتتە تۇرۇپ قالغانلارغا خىتاب!

كۆزۈڭ ئاچ، دەۋرى غەپلەت ئۆتتى، كۆرمەش ئەمدى جانانىڭ،
دېمەكە كۆرەش بىلەن كەلدى، يۈرەككە دەردكە دەرمانىڭ.

ئۇزۇن يىللار قارا زۇلمەت ـ تۇمان ئاستىدا زارلاندىڭ،
ئېنىقكىم كوھىقاپقا كەتكۇسىدۇر ئەمدى شەيتانىڭ.

ئېسىڭدە بارمۇ؟! «دىن» شۇ دەپ ئۇچ مەسلەككە باش ئېگىپ،
شۇڭا بىغىشلانغان شېئىرىڭ ـ ماقالەڭ ھەممە يازغانىڭ.

ئەگەر «يېڭىلىپ» ۋەتەن، مىللىتىڭ ھەققىدە گەپ قىلساڭ،
گۇمان يوق يەتتە يىل زىنداندا ياتماق بولدى جەريانىڭ.

زىيالى دەپ تونۇلغان مەيلى ياشلار، مەيلى دېھقانلار،
خىيانەتكار دېگەن نامدا بۇزۇلدى لالە ـ رەيھانىڭ.

ناماز ئورنىغا ھەر كۈنى ئىككى نۆۋەتتىن قەسەم ئىچتىڭ،
ئېسىڭدىن كەتمىگەندۇر، شۇم ياغاچ ئالدىدا تۇرغانىڭ.

قاراپ باق! ئۆچيۈز ئاتمىش كۈن پەقەت تىنماي مىدىرلايسەن،
يەنە ئاخىر قۇرۇق قالغان قولۇڭ ـ يانچۇق ۋە پۇلدانىڭ.

تەشەككۇر ئېيتىسەن مىڭ بارە، ئوغۇل بالا يۈزىن كۆرسەڭ،
بىلىپ قوي! ئاڭا ئالۋانچى تۇغۇلغان قىز ۋە ئوغلانىڭ.

ساڭا مەھكۇمىيەتنى ھەق ئەزەلدىن تەقدىر ئەتكەنمۇ؟!
ئاڭا تەقدىم ئېتىلگەنمۇ چىرايلىق ھۆر ـ غىلمانىڭ؟!

تولۇق تەسۋىر قىلىشتا ئول لەئىنلەر زۇلمىنى بىر ـ بىر،
يېزىپ پۈتمەس ئەگەر ھەر قانچە بولسا ئىلمۇ ـ ئىرپانىڭ.

ئەزەلدىن ئاقىۋەت بۇ ھارام تۇرمۇش ساڭا خاسمۇ؟!
سائادەتمۇ جەھەننەم ئىتلىرىغا بەرگەن تۇرلۇك ئالۋانىڭ.

بۇنىڭدىن بىر يىل ئاۋۋال «ئويغىنىڭلار!...» دەپ سادا بولغان،
نىدىن ھازىرغىچە غەپلەتتە بولدۇڭ، يوقمۇ زەررە ۋىجدانىڭ؟!

دىلىڭدا قورقۇنىشتىن باشقىمۇ خىسلەتلىرىڭ بارغۇ؟!...
تۇرۇپ بىر تەۋرىنىپ باققىن، قالمىسۇن كۆڭۈلدە ئارمانىڭ!...

پۈتۈن ئەل «ھۆررىيەت!» دېسە تېخى غەپلەتتە ئۇخلامسەن؟!
ئۆلۈمدىن قورقما ھەرگىز مۇكەممەل بولسا ئىمانىڭ!

تېخىچە: «ئۆزمە پىش ئاغزىمغا چۈش!» دەپ ياتقىنىڭ ئۇيات،
قايان كەتتى ئۇزۇن يىللاردا يىققان ھەمدە تاپقانىڭ؟!

كۆتەر بېشىڭنى غەپلەتتىن، نەزەر سال ھەممە ئەتراپقا!
كۆڭۈلدە تىلىگەننى قىلغىن، ئەمدى كەلدى دەۋرانىڭ.

ۋەتەندىن ساڭا بۇيرۇق نىمشىھىتىنىڭ قەلىمى بىرلە،
قوبۇل تۇتساڭ ساڭا رەھمەت قىلۇر ھەر دەمدە ئىمانىڭ!

1945ـ يىل دېكابىر، غۇلجا

# ياشلاردىن ئىلتىماس

شانلىق ۋەتەن قارا كۈنىڭ يەرگە پاتتى،
پاك يېرىڭگە سائادەتنىڭ تېڭى ئاتتى.

مەغرۇر ئىدۇق ئۆز ۋاقتىدا سېنىڭ بىلەن،
ئەركىن ئۈسكەن بەرگەن ئوزۇق نېنىڭ بىلەن.

ئېلىڭ خۇشال جاراڭلىغان كېچە - كۈندۈز،
بەخت يوللاپ ئەۋلادىڭغا سەئىد يۇلتۇز.

شۇنداق كۈلۈپ كەلگەن ئىدى بىزلەرگە بەخت،
ئەلگە مىراس بولۇپ كەلگەن تاج بىلەن تەخت.

ئۇچيۇز يىللار بۇرۇن بىزدىن كەتتى ئامەت،
ئەل بېشىغا ياغدى ھەر خىل زۇلۇم، كۈلپەت.

بېسىپ كەلدى بىزنىڭ ھەر بىر ئويغىنىشنى،
قارشى تۇرۇپ كۆتۈرۈلگەن قوزغىلىشنى.

بۇ قېتىمقى ئىنقىلابنى باسالمىدى،
ھىيلە بىلەن بۇ دولقۇننى توسالمىدى...

ئىش يۇزىگە چىقتى بىزنىڭ ئۈيلىغانلار،
مەيۇسلىكتە قارا ئۆيدە كۆيلىغانلار.

كېرەك ئەمدى بۈنېمەتنىڭ قەدرىنى بىلىش،
لايىق ئەمەس بۇڭا تېخى مەغرۇرلىنىش.

ئالدىمىزدا تېخى ئۇلۇغ كۆرەشلەر بار،
قالغانلارنى قۇتقازماسلىق بىزلەرگە ئار.

ئەي ۋەتەننىڭ مىراسخورى ياش ئىنسانلار،
تەلمۈرمەكتە بىزگە نۇرغۇن ئېزىز جانلار.

قورقماڭ پەقەت ئالغا ئاتلاڭ جەسۇر ھامان،
مىڭ بولسىمۇ بىرىگە ھەم بەرمەڭ ئامان.

بىر مىنۇتلۇق پۇرسەتنىمۇ قىممەت بىلىڭ،
بوشاڭلىقنى ئۆزىڭىزگە ھارام قىلىڭ.

چۈنكى ۋەتەن سىزگە مىراس ئىشلەڭ بۈگۈن،
ئىش يۇرمىسە تەس بولىدۇ ئەتە - ئۆگۈن.

ئۆرنەك ئېلىڭ ئاتىلاردىن بۈگۈن پۇرسەت،
پايدا بەرمەس ئەرتە قىلغان قايغۇ - ھەسرەت.

ئانىڭىزنىڭ بەرگەن سۈتى ھالال بولسۇن،
ھاياتلىقنىڭ خەزىنىسى جامغا تولسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى
www.uyghurkitap.com

خىزىر كەلسە ئابىھايات «يوق!» دەپ يۈرمەڭ،
شەيتان كەلسە «ئىسمى ئەزەم» ئىزدەپ يۈرمەڭ!

دېمەك دوستقا تۆھپىلەرمۇ بۇرۇن بولسۇن،
دۈشمەنگىمۇ ئەجەل ئوقى تەييار تۇرسۇن!

ياش ئەۋلادلار قولىدادۇر ئىش ئاساسى،
قوبۇل قىلىڭ نىمشېھىتنىڭ ئىلتىماسى.

1946- يىل فېۋرال، چۆچەك

# ئورماندىن گۈلباغ

(قەھرىمان ئورمانباغ جەڭچىلىرىگە بېغىشلايمەن)

ئىلاھا مېھرىبان تەڭرىم بۇ ئەسكەرلەرنى قىلغىن شاد،
قىلىپسەن ئۇشبۇ جاڭگالنى ئۆزۈڭ قۇدرەت بىلەن بۇنياد.

مۇقەددەس بۇ ۋەتەننىڭ كەڭ يېرىنى پاك ئېتەرمىز دەپ،
يىگىتتەك باش كۆتەرگەن ھەممە ئوغلانلارغا قىل ئىمداد.

چىقىبان ئىنقىلابنىڭ مەركىزى ئول غۇلجا شەھرىدىن،
ئورۇنلاشقان يېرىدۇر يەنىسخەي، ئۇنى قىلىپ ئاباد.

ئويلىماڭ بۇ ئورۇننى سىز ئەل بىلەن ئاۋات يېزىدۇر دەپ،
ئۇنىڭ ئەترابى قاراياغاچ ھەم جىگدىلىكتىن ياد.

بۇلار تۇرغان مۇبارەك جاي ئېقىندۇر، كونا سۇ ئاققان،
بۇ يەرگە ئۆي قېزىشتا ھەر بىر ئەسكەر بولدى بىر پەرھاد.

بۇ يەرمۇ خۇددى جاڭگالكەن ئادەم ئايىقى يەتمىگەن ئاۋۋال،
ساياھەتكە ئەگەر جىن كەلسە ھەم ئەيلەر ئىكەنمىش داد.

بۇ ئەسكەرلەر جاسارەتتە كېلىپتۇر ئۇشبۇ ۋادىغا،
زېمىننىڭ تەكتىگە نۇرغۇن ئىمارەتلەر قىلىپ ئىجاد.

شەھەرنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىك ئۆيىدىن بەلكى ئارتۇقتۇر،
قەۋەت ئەينەكلىك ئۆيلەر ھەم بۇنىڭ ئالدىدادۇر بەرباد.

بۇ جاڭگال ئەسلىدە دەھشەتلىك جاي دەپ ئات كۆتەرگەندى،
بۇخىل ئەپسانىدىن ئاغزىدا ئىزھار ئىدى پەرھاد.

بۇرۇن جىنلار بۇجايدىن «ئەلھەزەر!» دەپ قورقىشار ئەردى،
شاياتۇن ئۆتسە ھەم «ئەستەغپىرۇللا!»نى قىلاتتى ياد.

قاراياغاچ، جىگدىلىكلەر، گۈل ـ گۈلىستان باغقا تەڭ ھازىر،
بۇ يەردە ھەر سەھەر بۇلبۇللار ناۋا ئەيلەر خوشالۇ شاد.

بۇ جايغا توپلىشىپ ئەسكەر، ئەل، سەھرا، ۋەتەننى دەپ،
تامام ياۋۇز رەقىبلەرنى يېڭىشكە قىلدى قەسەمياد.

شۇنىڭچۇن ئەل، ۋەتەننى، مىللەتنى دۈشمەندىن قۇتۇلغاي دەپ،
جىھاد قىلماقنى ئالدى، گەردىنىگە بۇ قەھرىمان ئەۋلاد.

خۇدا مەقسەتكە يەتكۈزسۇن، بېلىڭنى باغلا مۇستەھكەم،
يوقالسۇن ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ۋەتەننىڭ دۈشمىنى جاللاد.

تونۇلدى جەڭ ئارا پالۋان، باھادىر جەڭچىلەر داڭقى،
بولۇپ توشقان كەبى دۈشمەن، ئۇلار بولدى گويا سەييياد.

شەرەپلىك، ئىنتىزاملىق، قەھرىمان، غەيرەتلىك ئەسكەرلەر،
مۇقەددەس پاك ۋەتەننىڭ كەلگۈسى سىلەر بىلەن ئاباد.

«ۋەتەن!» دەپ ئائىلە دوست ـ يار ھەممە خانۇ ـ ماندىن،
كېچىپ بۇ چۆلدە ياتقان غازىلەر ئەلنى قىلغۇر ئازاد.

قۇرۇق كەلگەچ خىجىل بولدۇم، لېكىن بىر ئاز غەزەلخانمەن،
شۇڭا ياڭراق غەزەلىمنى ئېلىپ كەلدىم قىلىپ سوۋغات.

ئىشىڭلار خەيرىلىك بولسۇن، تىلەك مەقسەت ئورۇندالسۇن،
سۆيۈملۈك دوستلىرىم سىزگە بۇ ئەشئار نىمشىھىتدىن ياد.

1946ـ يىل 7ـ مارت، ئورمانباغ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئىلىم ئۆگەن!

ئىككى دۇنيادا سائادەت ئىزلىسەڭ ئۆگەن ئىلىم!
بۇ دۇنيادا تاپقىنىڭنىڭ ھەممىسىدىن ئۈستۈن بىلىم.

ئىلىمدا تەڭ بولمىغاندىن ھۆرمەتكە باقمىسۇن،
يېڭىلىپ قالدى خىزىرنىڭ ئالدىدا مۇسا كىلىم.

دۇنيادا بىلىملىك بولماقنى دىلىڭدا قىلساڭ تىلەك،
ئۆگىنىشنى تاشلىما! «ئاقاردى دەپ چاچ ـ ساقىلىم».

گەر جەھەننەمدىن ھەزەر قىلماقچى بولساڭ بار ئوقى!
مەرىپەتلىك بولغان ئادەمنىڭ بولۇر قەلبى سىلىم.

ئىلمۇ ـ ئىرپان باغچىسىدا يايرىغىن باغۋەن بولۇپ،
ئۆيۈلۈپ غەپلەتتە ئېيتما سەن: «قېتىپ قالدى تىلىم».

سەن بۇ دۇنيادا نادانلىقتىن ھىدايەت تاپمىساڭ،
«ئاخىرەتتە قۇتقۇزار!...» دەپ ئويلىما! «تاپقان مىلىم».

بولما مەغرۇر ئالتە كۈنلۈك دۆلىتىڭگە ئىلىمسىز،
بىر كۈن ئايرىلساڭ بولۇر ھالىڭ سېنىڭ تۇزسىز شىلىم.

مەرىپەتنىڭ تۇخۇمىدىن بولسا دىلىڭدا زەررىچە،
ھەر قەيەرگە بارساڭ ئىقبالغا چىقار بارلىق ئىلىم.

1946ـ يىل ئىيۇن، غۇلجا

# ھەپسىدە كەتكەن دوستۇم
## ل. مۇتەللىپكە

ئەي كاج پەلەك نە ئىدى جاھان،
قانلار يۇتۇشقان مىليونلىغان جان.

قاراڭغۇ مۇدھىش، زىندان ئىچىدە،
يورۇقلۇق كۆرمەي كۈندۈز ـ كېچىدە.

يۈرەكتە ھەسرەت پىغان قاينىغان،
تاماق ئۇرنىغا زەھەر چاينىغان.

يىراق ئۇ زالىم ئىنسانىيەتتىن،
يۇمۇلغان كۆزى ھەققانىيەتتىن.

كىم «ھەقىقەت!» دەپ پىدا قىلسا جان،
ئاققۇزغان ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قان.

ئىشلەش يولىدا كەتسە دەرماندىن،
كۆيۈنۈپ ئىشلەپ، كەچىسمۇ جاندىن.

بارى بىر تىيىن ئۇنىڭ ئالدىدا،
ھەممە خىزمىتى قالغان دالىدا.

قانچە كۆيۈنۈپ ئىشلىسە كىشى،
پەقەت باھارغا ئۆزگەرمەس قىشى.

قايغۇ - ئەلەمگە يۈرەكلەر تولغان،
سىرتقا چىقالماي كارناي بوغۇلغان.

قانچىلار تويۇپ تۇغۇلغىنىغا،
ئەركىن ھوقۇقتىن بوغۇلغىنىغا.

دېسە قاي بىراۋ خۇدايا پانا ...
يازار بويىنىغا يوغان بىر گۇنا ...

دەرد سىغدۇرالماي ئۆرتەنسە جىگەر،
سىغماي ئىچىگە ئاھ!... دېسە ئەگەر.

دىلو ئىچىگە چۈشەر بىر ۋاراق،
قىلار ئۈنىڭدىن ھەر تۈرلۈك سوراق.

پەتتە قات ئۆيدە، قاراڭغۇ تۈندە،
چوڭراقلا تىنسا يالغۇز بىر بەندە.

ئەتىسى شۇنىڭەن سوراققا ئالغان،
بىچارە خەلقىم شۇ ھالغا قالغان.

ھەر بىر كىشىدە كىرامەن كاتىبىن①.
ئىككىدىن ئارتۇق بولمايدۇ لېكىن.

---

① كىرامەن كاتىبىن — پەرىشتىلەر ئىسمى، ئۇلار ئادەمنىڭ ئىككى مۈرىسىدە تۇرۇپ بىرى ياخشىلىقنى يەنە بىر يامانلىقنى يازىدۇ.

جۇيجاڭ ۋە شۇنگەن قويغان ئىشپىيون،
ھەر بىر كىشىدە بولغان سەككىز ئون.

كىرامەن كاتىبىن يازسا ئىپتىقاننى،
ئىشپىيون يازغان دىلدا ياتقاننى.

ئاھ! ... ۋەتەندىشىم! ... ئاھ ... قېرىنىدىشىم! ...
نەدە سەن بۇگۈن «قاينام ئۆركىشىم؟ ! ...»

سەن ئەمەسمىدىڭ خەلق غەمخورى،
ھېكمەتلىك ئىدى سۆزۈڭنىڭ بىرى.

كۆكلەشكە يېتىپ، زىمىستان بېغىڭ،
كەلگەن ۋەتەنگە راست ئىشلەش چېغىڭ.

بۇگۇن بۇ باغدا كۆرمەيمەن سېنى،
كۇرەش قويندا كۆيلەيمەن سېنى.

سىغدۇرالمىدى سېنى بۇ جاھان،
ئاسىرىيالمىدى ئۇ، كاج شۇم زامان.

تۇتقۇنغا بەردى سېنى قاي بەندە؟ !
خەلققە، ۋەتەنگە ئاسىي شەرمەندە؟ !.

ياش يازغۇچىلارنىڭ بۇلبۇلى ئىدىڭ! ...
خەلق بېغىنىڭ بىر گۇلى ئىدىڭ! ...

ئەركىن ھاياتقا پۇرسەت كەلگەندە،
غەمكىن بۇلبۇللار سايراپ كۇلگەندە.

كاشكى سەن ئەمدى بىللە بولساڭچۇ؟ !…
شېئىر بېغىدا سايراپ تۇرساڭچۇ؟ !…

ئەل ۋە يۇرتۇمغا ئەركىنلىك تىلەپ،
پۇرسەت كۈتەتتىڭ قەلىمىڭ بىلەپ.

قايتماس ئىرادەڭ ئەلگە تىلەكداش،
بەخت ئىزلەشتە يۇرتقا مەسلەكداش.

ئەي ۋەتەندىشىم، ياتمىغىن مەيۇس،
سېنى زىندانىدا قويمايمىز مەھبۇس.

تىلەكداشلىرىڭ ئۇنتۇماس سېنى،
تۇتقۇنغا چۈشتۈڭ قانداق نەس كۈنى؟ !

نە بولسا بولسۇن ئاخىر چىقارسەن،
دۈشمەن بېشىنى گۆرگە تىقارسەن.

ئەگەر قېنىڭنى سوۋۇتسا زۇلۇم،
يوللىغان بولسا مۇبادا ئۆلۈم.

يەنە شۇندىسەن بەختسىز ئەمەس،
كۈرەش ئىرادەڭ ھەرگىز تەۋرىمەس.

تېخى ئۇ چاغدا ئىنتىقام غەزەپ،
ئوتلۇق يۈرەكنى قوزغىتار بىزەپ.

زۇلۇم مەسلىكى ھەر قاچان خاراپ،
ھەممە ئەتراپنى ئالسىمۇ ئوراپ.

سەندەك كۆرەشچان قەھرىمانلاردىن،
قانچە مىڭىنى قىلسىمۇ قىرغىن.

كۆرەش روھىمىز ھەرگىز توختىماس،
قانلىق ئىنتىقام ھەرگىز ئۆخلىماس.

تاكى ۋەتەنگە ئالمىساق ئەرىك،
بېرىمىز قۇربان، قالمايمىز تىرىك.

ئاۋۋەل ۋە ئاخىر ئۆشبۇدۇر تىلەك،
قايتماس ئىرادە ئاتت بېرەر يۈرەك.

ۋەدىگە ۋاپا نىمشىھىتقا خاس! ...
ۋەتەن ئىشقىنى جاندىن ئايرىماس.

1946ـ يىل ئىيۇن، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئالدىدا

ۋەسلىدىن ئۆزگە كېرەكمەس ماڭا جانان ئالدىدا،
ئارزۇيۇم سەن ئېرۇرسەن تەن بىلەن جان ئالدىدا،
بىر گۈلى رەنا ئېرۇرسەن باغۇ ـ بوستان ئالدىدا،
تا زىيارەت قىلمىسام مەن سېنى ئىمكان ئالدىدا،
يۈزلىرىم شەرمەندە بولسۇن تاڭلا سۇبھان ئالدىدا.

دۇنياغا تەڭ ئەيلىمەيمەن تاغلىرىڭنىڭ تېشىنى،
سېنى دەپ تاشقا قوشارمەن دۇشمىنىڭنىڭ بېشىنى،
سەن ئۈچۈن دەريا ئېقىتسام شۇم رەقىبلەر يېشىنى،
مۇمكىن ئولغايمۇ كۆرۈشكە ئايغا ئوخشاش قېشىنى؟!
قارا بەختىم ئاق بولاردى شۇندا رەخمان ئالدىدا.

سەن ئىدىڭ دۇنيادا بىر ھۆسنى گۈزەل نازۇك بەدەن،
ئىككىمىزدە باغلىنىش گوياكى ئەردى جانۇ ـ تەن.
ئاھ!... گۈزەل يار ئويىنىغان قەشقەر، كۇچار، يەكەن، خوتەن،
ئېسىلەر بولدى ئىكىن ئىپلاس ئاياقتا پاك ۋەتەن؟!
سەن ئۈچۈن كۆزگە كۆرۈنمەس قانچە قۇربان ئالدىدا.

سۇلىرىڭ ئابى ھاياتتۇر ئەي گۈزەل يارىم سېنىڭ،
تۇتىيادۇر تۇپرىقىڭ، كۆزۈمگە دىلدارىم سېنىڭ،
جانغا جاندۇر ئۇندا ئۆسكەن بارچە غەمخارىم سېنىڭ،

ئايرىلىش تىلدى يۈرەكنى كۆزى خۇمارىم سېنىڭ،
ئۆرتەنۈر كويۇڭدا قەلبىم چەرخى كەيۋان[①] ئالدىدا.

ئاۋۋالدا سەن ئىدىڭ جەننەتكە ئوخشاش بىر ماكان،
ئەركە ئويناپ ئۆسكەن ئەردىم قىسمىغان بۇكەڭ جاھان.
خۇش پۇراقلىق گۈل ـ چېچەك تاللاپ ئۇ بەردى باغىبان،
ئابرويۇڭنى ساقلار ئىدىم مەن بولۇبان پاسىبان،
دۈشمىنىڭ كۆز تىكمەس ئىدى شىرغىرران[②] ئالدىدا.

باغدا گۈل، شېخىدا بۇلبۇل، نېمىتىڭ شۈكرىنى ئوقۇر،
تاڭ سەھەر تورغايلىرىڭ تەسۋىي سېرىپ قانات قاقۇر،
بەلكى قۇشلار بارچىسى مەدھىيەڭ بىلەن يەرنى چوقۇر،
چۈنكى خەۋپسىز يەر، ھاۋا، تاغ، چۆل ۋە سۇ، دۆڭ ھەم چوقۇر،
ئەركىلەپ ئۆسكەن ئىدىم شاھزادىدەك خان ئالدىدا.

مەن ئۇ چاغدا سەندىن ئايرىلماقنى ئەسلا كۈتمىگەن،
«ئېھتىيات قىلغىن رەقىپتىن دېسە» ھەرگىز پۈتمىگەن،
چۈنكى ئىسسىق ـ سوغۇق ئۇ كۈنلەردە بېشىمدىن ئۆتمىگەن،
ئارغىماقىمنى ئەپەندى قەبرىدە ئۈركۈتمىگەن،
باشقا قامچا تەگمىگەندى يولدا كارۋان ئالدىدا.

بال ـ شېكەردىن بەلكى شېرىندۇر كۈمۈش رەڭ سۇلىرىڭ،
تاغلىرىڭدا يايرىشىپ ئەركىن ئۆسەر ئاھۇلىرىڭ،
چېنىقىپ ئەردى رەقىبكە قارشى قول ـ بازۇ[③] لىرىڭ،

① چەرخى كەيۋان — چاقتەك ئايلانغۇچى پەلەك.
② شىرغىرران — قۇرامىغا يەتكەن شىر.
③ بازۇ — بىلەك.

ساڭا تەسىر يەتكۈزەلمەس ئەردى ھېچ جادۇلىرىڭ،
سەلتەنەتلىك شەۋكىتىڭ بولغاچقا ئىنسان ئالدىدا.

ماختىناردىم سەن كەبى بىر نازىنىننىڭ يارى دەپ،
يارىنىڭ كۆكرىكى تەگكەن سازىنىڭ بىر تارى دەپ،
ساڭا باغلانغان مۇھەببەت ھەممىدىن يۇقارى دەپ،
خاھ گۇلۇم ··· خاھ بۇلبۇلۇمغا قىش ۋە ياز باھارى ··· دەپ،
كوكۇلۇڭ بويىن ئۇپەردىم لالە ـ رەيھان ئالدىدا.

دىلبىرىم، ئاھۇ كۆزۈم، خۇرشىد يۈزۈم، شىرىن سۆزۈم،
ھۆسنى ئەپلاكىڭدا ① تۇققان ئەردى تەلەي يۇلتۇزۇم،
لەۋلىرىڭدىن قىزغانۇردى باغدا پىشقان تال ئۈزۈم،
قاشلىرىڭ مىھراپ قىلىپ سەجدە قىلاي تەنھا ئۆزۈم،
چوڭ گۇناھكار بولسىمۇ دىن بىرلە ئىمان ئالدىدا.

ۋادەرىخا قايسى كۇندۇر، شۇم رەقىب باستى ئاياق،
سەن كەبى ھۆر نازىنىنلەر ئۈستىگە سالدى تاياق،
مەن قۇچىقىڭدا تۇرۇپ تارتتىم ئەجەپ دەردى پىراق،
ئىمىتىڭ لەززەتلىرىدىن ئايرىلىپ قالدىم يىراق،
بىر تىلەمچىدەك قىسىلدىم كۈزدە خارمان ئالدىدا.

يىغلىدىم شۇندىن بۇيان تۇن ـ كېچىلەر بىدار بولۇپ،
رەھىمسىز ئۆگەيگە قالغان قىز يېتىمدەك خار بولۇپ،
ھەۋزى كەۋسەرنى ② كېچىبان تامچە سۇغازار بولۇپ،
تارلىشىپ كەتكەن جاھانغا سىغمايىن بىمار بولۇپ،
بوينى باغلانغان مۆشۈكتەك ساڭدا ساچقان ئالدىدا.

---

① ئەپلاك — پەلەك.
② ھەۋزى كەۋسەر — كەۋسەر كۆلى ـ شەربەت كۆلى.

شۇنداق ئۆمرۈم ئۆتكەن ئىدى ئۆرتىنىپ ھەم كۆل بولۇپ،
ئات، ئېشەكلەر ئورنىدا دۈشمەنلىرىڭگە قۇل بولۇپ،
«ئاللا ئەمرى شۇمىكىن؟ !» دەپ ساتسا بەلكى پۇل بولۇپ،
ئۆتكەن ئۆمرۈم ئەسلىسەم يېشىم تۆكۈلۈر كۆل بولۇپ،
موللىنىڭ ئىمانى بولدۇم خۇددى شەيتان ئالدىدا.

ئاقىۋەت قوغلاندى بولدۇم، بىر يولى تارتتىم پىراق،
شۇم رەقىبنىڭ تەلىپى ئوڭ كەلدى مەن بولدۇم يىراق،
جانغا تويغان خۇددى بىر پەرۋانىمەن، سەن بىر چىراق،
كۈنمۇ - كۈن ئارتتى ساڭا كۆڭۈلدە بولغان ئىشتىياق،
تامچە سۇغا زارى بولدۇم بەھرى ئوممان① ئالدىدا.

مەيلى مەن بارغۇنچە يىرتقۇچلۇق بىلەن خەلقىمنى ئات،
مەيلى مەھبۇب بېشىدا قانلىق قېلىچىڭ پارقىرات،
مەيلى ۋەھشىلىك بىلەن ئادەمچىلىك ئاڭنى يوقات،
ئىنتىقام ئالغۇم سېنىڭدىن تاكى جېنىم تەندە ھايات،
ھېچقاچان ئادەم يېڭىلمەس ۋەھشى ھايۋان ئالدىدا.

ئۆلگۈنۈم ياخشى نىگارىمدىن تىرىك ئايرىلغىچە،
ئۇچمەن ساڭا بېقىپ تاكى قانات قايرىلغىچە،
كۆز يېشىم قايتماس رەقىب جېنى تېنىدىن ئايرىلغىچە،
بولدى ئەمدى سەۋرى يوق ياتتىم مانا بىر يىلغىچە،
ئورما ئورماق ئانچە تەس بولمايدۇ دېھقان ئالدىدا.

تارت قولۇڭنى ۋەھشى دۈشمەن تېخى جېنىم تەندە بار،
ئىنشائاللا پات يېقىندا سېنى قىلغۇم تارمار،

① بەھرى ئوممان — ئوممان دەرياسى.

ئەي پەلىد ① چاپسان يوقال! گۈزەل يېرىمنى قىلما تار،
سەن قارا زۇلمەتنى يوقاتسام سائادەت تاڭ ئاتار،
كۈن نۇرىن كۆرسەتمىگەنسەن پەردە ئاسمان ئالدىدا.

كۆرشىم ھېچ توختىماس تا قەترە قانىم قالغىچە،
تەسرىڭنى يوق قىلۇرمەن قەلبىم ئارام ئالغىچە،
ئەزرائىل پۈتتى ئىشىڭ دەپ تاكى جانىم ئالغىچە،
تەن سوۋۇپ يۈرەك - تومۇرقان - ھەرىكەت توختالغىچە،
شۇندا ئەۋلادىم تۇرار دەۋاغا سۇلتان ئالدىدا.

مەن بارۇرمەن ئەي نىگارىم سەن ئۈمىدنى ئۈزمىگىن،
دۈشمىنىڭنى ئۇر! پەقەت ئەركىنلىكنى يۈرگۈزمىگىن،
ئالدىنىپ دۈشمەن بىلەن سەن ئەيشى - ئىشرەت تۈزمىگىن،
شۇم رەقىبكە باغلىرىمنىڭ مىۋىسىن ئۈزگۈزمىگىن،
پات يېقىندا تېپىشارمىز گۈل - گۈلىستان ئالدىدا.

گەر ئەمەسمەن تاكى دۈشمەنىنىڭ قېنىن ئاققۇزمىسام،
دۇنيادا خائىنلىق ئەيۇن كۆكسىگە تاققۇزمىسام،
ئوت زەھەرلىك نەشتەرىلە ئۈزىنى چاققۇزمىسام،
«ئەللەي ئېتىپ» يەر بۆشۈكتە ھەممىسىن ياتقۇزمىسام،
شۇندا «مەرد» نامىنى ئالغۇم شاھىمەردان ئالدىدا.

ئەي سەنەم ئەتراپقا باق، خەلقىڭمۇ ھەم تىنچ ياتمىسۇن،
«تاشلىۋەتتى سۆيگىدىن كەچتىمۇ؟!» دەپ باش قاتمىسۇن،
جىم يېتىپ ھەسرەت چېكىپ قانلار يۇتۇپ دەرد تارتمىسۇن،
ھىلىگەر مەككار رەقىبكە ئابروينى ساتمىسۇن،
ئەسلىسۇن خار بولغۇنۇمنى ئۇندا زىندان ئالدىدا.

---

① پەلىد — ئىپلاس.

دەرتلى دىل ھېچ توختىماس سىرلىق قەلەم قايناپ يازار،
مۇڭلۇق دادىمنى ئىشىتسە خىزرى تەسسىبھىدىن ئازار،
چۇنكى ئول بەدبەخ رەقىبلەر ئىمشىھىتكە گۆر قازار،
مەيلى ئۆلسەم سۆيگۈ يولىدا مەجرۇھ تېنىم بولغاي مازار،
كۆز يېشىم ئارتار تېخى قىز ۋە ئوغلان ئالدىدا.

1946ـ يىل ئاۋغۇست، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# جىنايەتتىن شىكايەت

ئۇزۇن مۇددەتلىك مەھكۇملىقتا دىلدا دەرد ناھان بولدى،
خۇداغا شۈكرىكىم بۈگۈن بۇنى ئېيتار زامان بولدى،
كۆچار، شەھيار، بۈگۈر، باي ئەھلىدىن بۇسىر بايان بولدى.
ئۇ شۇل قانخور سىياسەت زەردىدىن دىللارغا قان تولدى،
قوشۇمچە ئەزگۈچى خەلقنى سېيىت ئەخمەت چايان بولدى.

دەرىخا زۇلمى ئىستىبدات سىياسەتتىن قىلۇر ئەل داد،
سېيىت ئەخمەت «غوجامنىڭ» دەستىدىن يۈز ھەسسە داد ـ پەرياد،
قاچانكىم شېڭ شىسەي قاسساپ دۇكانغا چىقتى ئول بىداد،
«پۈكانچىلىك مەن بولاي!» دەپ چىقتى سېيىت ئەخمەت دېگەن جاللاد،
بۇنىڭ زالىملىقى ئەل ئىچىدە ئاشكارا ـ ئايان بولدى.

بۇنىڭ قىلغان جىنايەتىن ئاز ـ ماز ئەيلىسەك تەسۋىر،
ئوقۇغان ئىلمىنى ئۆز ئورنىغا ئىشلەتمەي قىلۇر تەھقىر،
بۇرۇندىن پۇلغا زورلاپ بەگ ۋە شەنجاڭغا قىلىپ تەسخىر،
ئورۇنسىز قازى بولدى پارىخورلۇقنى قىلىپ تەقدىر،
يېتىشتى شېڭ شىسەيگە ئىككى تىللىق بىر يىلان بولدى.

خالايىقنىڭ شەرىئەت ئىشلىرىن ناھەق زۇلۇم ئەيلەپ،
غېرىپ بىچارىلەرنىڭ تاپقىنىغا ھەم جىددىي ھۇجۇم ئەيلەپ،
قارانى ئاق قىلىپ، ئاقنى قارا بىلەن ھۆكۈم ئەيلەپ،
ھەمىشە پارىخورلۇق بىلەن نەپسىنى تولۇم ئەيلەپ،
بۇ بىر يەپ تويمۇغۇر چۆللۈكتىكى ۋەھشى قاۋان بولدى.

خۇسۇسەن بۇ قېتىمقى ئىنقىلابتا خەلقنى پەك ئەزدى،
خالايىقمۇ «غوجام»دىن بىناھايەت تويدى ھەم بەزدى،
كۇچار، شەھيار بىلەن باينى ئارىلاپ بىر قېتىم كەزدى،
بۇ بىر قېتىمدا قىلغان زۇلۇمنى ئىنسانۇ ـ جىن سەزدى،
ئۆزى بىر ئوت بولۇپ، ئىلكىدە تۇتقان قامچىسى قان بولدى.

بۇلاپ ئالدى خەلقنىڭ مۈلكىنى «نىسەن»گە ئالدىم دەپ،
بالاڭ «ئوغرىغا قوشۇلغىنىغا» پالە سالدىم دەپ،
بىراۋنى «سېنى مەن ئۇشبۇ ئۆلۈمدىن ئايرىپ ئالدىم» دەپ،
«سېنىڭ يولۇڭدا مېڭىپ چارچىدىم ۋە ياكى تالدىم» دەپ،
شۇنىڭدەك بانا بىلەن بۇ ئىنقىلاب ئاڭا ھايان بولدى.

ئەجەلنىڭ شەربىتى قانلىق قېلىچتىن قايىنغان ـ تاشقان،
زۇلۇمنىڭ دەستىدىن بىر قانچىلەر جاننى ئېلىپ قاچقان،
ئۇلارنىڭ تۇققىنىدىن قانچىنىڭ ناھەق خۇنىن چاچقان،
بۇنىڭ ئۈستىگە سېيىت ئەخمەت قازانىڭ دەپتىرىن ئاچقان،
ھەمىشە قىلمىشىدا ئەسلى ئىستىبدات سىيان بولدى.

تېخى پەتىۋا چىقاردى جان قاچۇرغانلار ھەققىدە،
ھالال قىلدى بۇلاپ ئالماقنى مېلى بولسا دەستىدە،
«مۇباھ!» قىلدى خوتۇننى ئەجنەبىگە بولسا ئەقدىدە،
شۇنىڭدىن بولدى ئىپپەت ـ نومۇسىمىز ئاياق ئاستىدە،
بۇنىڭ قەلبىدە ئىمان بارلىقىغا خەلقتە گۇمان بولدى.

زۇلۇمغا ياندىشىپ ھازىر ھەربىيدە مەسلىھەتچى ئۇ،
زۇلۇم ئەربابلىرى ئۇيقىدا ياتقاندا كۆزەتچى ئۇ،
قان ئىچكۈچ خۇددى بىر قۇشخانىدا بولغان «تۇلەكچى» ئۇ،
خالايىقنىڭ مال ـ مۈلۈك ۋە گۆشلىرىنى يېمەكچى ئۇ،
خۇدايا قورقۇشتىن گۆش سىزىپ تەن ئۈستىخان بولدى.

«غوجام رەھبەرلىكىدە» خەلققە زۇلۇم ئەيلەپ قىرى ـ ياشىدىن،
سىپىل سوقماق بولۇپ ئەردى كۆچار، بايغا يىغىشۋاشتىن،
ئەجەپ قاتتىق ئىكەن كۆڭلى، ئۆتۈپ كەتكەن قارا تاشتىن،
ئىستەكلەر قۇرۇمايتتى كۆزدىن ئاققان قان بىلەن ياشىدىن،
غۇرۇر ئۆسكەن دېھقان باللىرى مۇھتاجى نان بولدى.

بۇ زۇلمەت مەسلىھەتنى باشلىغاندا كەتتى بۇ ئىللەت،
دېمەك توختام بويىچە باپ ـ باراۋەر بولدى ھەر مىللەت،
ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇق، بېشىمىزدىن كەتتى بۇزىللەت،
«غوجام» ھەسرەت چېكىپ باغلاپ بېرەلمەي قالدى بىمىننەت،
ئاقارماس ئابى زەمزەم بىلەن يۈز يىللىق قازان بولدى.

بىتىمگە رازى ئەمەس، چۈنكى ئۇ، دۈشمەنگە سېتىلغاندۇر،
جىنايەت سايىسىدا ياردەمچىمەن دەپ ئېتىلغاندۇر،
ئۇنىڭ بۇ پىكرىگە بىر نەچچە خائىنلار قېتىلغاندۇر.
بۇ سۆزنىڭ راستلىقىغا نەچچە ھۆججەتلەر تېپىلغاندۇر،
بۇنىڭ كەينىدە داۋۇت موللىدەك بىر نەچچە نادان بولدى.

خۇدادىن ئەسلى قورقمايدۇ، تېخى خەلقتىن ئۇيالمايدۇ،
ھەقىقەتچى كىشىلەرگە گۆر كولايدۇ، ياتمايدۇ،
ئوغۇلنى ئاتىغا، خوتۇننى ئېرىگە يولاتمايدۇ،
شاياتۇن قازىسىدەك ھېچقان ھەقنى ياراتمايدۇ،
بۇنىڭ «شەپقەتلىك» قولىدا قانچىلەر گۆرگە راۋان بولدى.

ھاياتتىن ھەققى يوق كەتسۇن بو دۇنيادىن تۇمۇغ جايى،
مىنىڭ ھۆكمىم ئەمەس، بەلكى زامان ۋەزىيىتىنىڭ رايى،
نىجاسەت قىلمىسۇن دۇنيانى بەدبەخ خوجىنىڭ پايى،
ئۆتۈپ ئونبەش قاراڭغۇ، ھازىر ئايدىڭلاشتى خەلق ئايى،
دېمەك نۆۋەت خەلقلەر بىختىگە كەلدى، ئامان بولدى.

يىگىت بولساڭ تۈز ئۇرنىڭدىن!… تەلەپ قىل ئىنتىقامىڭنى،
زەبۇنلۇق يەتمىسۇن باغلا، ۋەتەنگە ئېتىقادىڭنى،
تەرەققىي ئەيلىگىن سەن ھەمدە مىللەت ئېتىۋارىڭنى،
سېتىپ قويما سېيىت ئەخمەتكە ئوخشاش ئىختىيارىڭنى،
قۇرۇتساڭ سەن ۋەتەن ساتقۇچنى يۇرت، ئەلگە ئاسان بولدى.

1946 ـ يىل دېكابر، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ۋەتەن قۇربانلىرى خاتىرىسىگە

قىيىنىدىشىم، ۋەتەندىشىم، تىلەكدىشىم،
ئېغىر قايغۇ ـ غەمگە پاتتى، مۇڭلۇق بېشىم.

مەرھۇم ئىنىم ل. مۇتەللىپ تۇتقان يولى،
قىيىنىدىشىم، جىگەردىشىم قادىر ئىلى.

داۋۇتوۋ ھەم بىلال ئېزىز بىر مەسلەكداش،
ئارمان بىلەن كەتتى ئۆتتۈز يەتتە يولداش.

«ئازادلىق» دەپ ئاقسۇدا بىر قۇرۇم تۈزگەن،
ھاياتلىقنىڭ تومۇرىغا قان يۈرگۈزگەن.

ۋەتەنپەرۋەر ياشلار بىللە باش قوشۇشقان،
ئازادلىقنىڭ ئۇقتىسىغا چىڭ ئۇيۇشقان.

راست تىرىشىپ ئىشلىگەندە بەش ـ ئالتە ئاي،
ئاۋاز قوشتى بۇ قۇرۇمغا كۆچار ھەم باي.

قەسەم ئىچكەن «ئازادلىق!...» دەپ بىر ئېغىزدىن،
چىقىپ قالدى ۋەتەن سانقۇچ ئارىمىزدىن.

يۈرتقا قاتتىق جىنايەتچى ئىككى يۈزلۈك،
چېقىر كۆزلۈك، ئىككى تىللىق، ئىككى سۆزلۈك.

شۇنداقلارنىڭ قىلمىشىدا قانچە ياشلار،
قۇربان بولدى ۋەتەن ئۈچۈن قېرىنداشلار.

مۇستەبىتلەر زىندانىغا بولدى تۇتقۇن،
ئوتلۇق دىلدىن قاچان ئۆچەر نامىڭ «لۇتۇن!»

جىسمىڭ كەتتى قېرىنداشلار، روھىڭ هايات،
مەرھەمەتسىز ئاسارەتتە بولدۇڭ مامات.

دۇنيا هايات، ئېلىڭ هايات، نامىڭ ئۆچمەس،
ئىنتىقامدىن ئوتلۇق يۈرەك هەرگىز كەچمەس.

بىزمۇ پىدا، قۇللۇقتا جىم ياشىمايمىز،
كۈرەش قىلىش ئەھدىمىزنى تاشلىمايمىز.

خاتىرەڭلەر جەمئى بولسۇن قېرىنداشلار،
قايغۇرماقتا سىزلەر ئۈچۈن قېرى - ياشلار.

ۋەتەن ئۈچۈن، سىزلەر ئۈچۈن پىدادۇر جان،
خورلۇق بىلەن ئۆتتى ئۆمۈر يۈرەكلەر قان.

ئەي پىداكار، قىلمىساڭمۇ قوراللىق جەڭ،
يېرىڭ بولسۇن شېھىتلەرنىڭ جايىغا تەڭ.

كۈرەش بىلەن روھىڭلارنى شاد قىلارمىز،
هەر كۈرەشتە نامىڭلارنى ياد قىلارمىز.

بىزگە كېرەك يېرىمىزنىڭ ئاۋاتلىقى،
بىزگە كېرەك خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى.

ۋەتەن بىلەن خەلقىمىزنىڭ شەرەپ ـ شانى،
ئارمان يوقتۇر ئۈشبۇ يولدا چىقسا جانى.

تاكى يۇرتتا ئازادلىق تاڭ ئاتمىغىچە،
دۈشمەن بېشىن تاشقا ئۇرۇپ چاقمىغىچە.

تۇرگەن يەڭنى چۈشۈرمەيدۇ ھېچبىر ئېلىم،
توختىماستىن نەپرەت يوللار قەلىمىم ـ تىلىم.

1946ـ يىل دېكابىر، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# دوستلىرىمغا[1]

## 1

يۇرەكنىڭ تەپكىنىدىن تىنجىماس ئەسلا دىلۇ ـ جانىم،
سوراقلار ھەر نەپەس ھىجران ئازابىدىن دىل ئارامىم.
كۆرۈنمەس يول يىراغىدىن نە ئىشلار بولدى گۈلباغىم،
زۇلۇمنىڭ دەستىدىن ئوت ئىچرە قالغان ئىدى سايرامىم.

مېنىڭ ھالىمنى سورساڭ، لەيلىنىڭ ۋەسلىدىكى مەجنۇن،
يەنە ئەركىن مەئىشەت ئىچىدە مېھمان بۇندىمەن ھەر كۈن.
لېكىن ئويلاپ سېنى ھەردەم، يۈرەكلەر لەختە ـ لەختە خۇن،
قاچان بولغاي مۇيەسسەر ماڭا باغ ئىچىدە رەيھانىم.

ماڭا راھەت كېرەك ئەمەس، سېنى ئۇندىن خالاس ئەتمەي،
غېرىپلىقتا سەنەمنىڭ بېغىغا مەن بېرىپ يەتمەي.
ئوراپ ئالغان قارا پەردىنى تاكى يىرتمەيىن ئۆتمەي،
دېمەك ئازادلىقىڭغا مۇنتەزىردۇر سۇبھى بىلەن شامىم.

سېنىڭ تۇتقۇنلىقىڭنى ئويلىسام تۈرلۈك ھىكايەت بار،
رەقىب ئالدىشىدا قېرىنداشتىن بولغان شىكايەت بار.
يەنە ئۆز بەختىڭگە قەست ئەيلىگەن تۈرلۈك خىيانەت بار،
بۇ سىرلىق پەردىنى يىرتماي تاپمىغايمەن سەرئەنجامىم.

---

① بۇ شېئىر شۇ ۋاقىتتىكى قەلەم ئىگىلىرىگە قارىتىلغان دوستلۇق چاقىرىقى بولۇپ، شېئىرنىڭ 2 ـ قىسمىدىكى مىسرالار ئىچىدە قوش تىرناقتا ئېلىنغان سۆزلەر، شۇ يىللاردا ئۆتكەن شائىرلارنىڭ تەخەللۇسى — قەلەم ئىسمى.

www.uyghurkitap.com

سەۋەب بىرلەن تەلەپ قىلساڭ تىلەكلەر بولغۇسى تەسدىق،
كۆڭۈلنى ھەم ئىشقنى ھۆرىيەتكە ئەيلىگىن تەدبىق.
ئۈمىدلەر - ئارزۇلار دەل شۇ چاغدا كەلگۈسى تەھقىق،
يۈرەكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ساڭا بۇ ئەمرۇ پەرمانىم.

يۆلەنچۈك ھەم تايانچۇقنى ئۆزۈڭنىڭ ھىممىتىدىن سور،
يۈزۈڭگە پەردە تارتما، كۆڭگە قارشى بولمىغىن شەپكور.
رەقىب تارىخىن سورىساڭ ئەزەلدىنلا ئىدى قانخور،
خارابلاشتى ئۇ مەلئۇنلار قولىدا باغۇ بوستانىم.

مۇھاجىر بولمىقىم «قۇللۇق»قا، قارشىلىق «گۇناھىم» بار،
ئەگەر سەن تەۋرىسەڭ يارۇ - يۆلەككە ئوتلۇق «ئاھىم···» بار.
سۆزۈم چىندۇر بۇڭا ئۆتمۈشتىن تارىخىي گۇۋاھىم بار،
ئۇخلىغانلارنى ئويغاتماققا يوللاندى بۇ ئىلھامىم.

قىزىلگۈلدەك چىرايىڭ نە ئۈچۈن سىرىق باھار چاغدا،
ئۆزۈڭ ھەر يەردە سەرگەردان، رەقىبىڭ دائىما باغدا.
پەلەكنىڭ ئۇشبۇ تەڭسىزلىكىدىن ھەممىلەر ئىرۇر داغدا،
بولۇرمۇ ئىشقا ئاشقان كۈن مىنىڭ قەغەزگە يازغانىم؟!···

يىرىمنىڭ تارىخىغا كىرىتكۈم، مەن ھەقىقىي بىر تۇس،
پەلەكمۇ قىلمىشىغا توۋا بىلەن ئەيلىگەي ئەپسۇس.
شۇنىڭچۈن ئەي سابا ئېيتقىن، ئىلىمگە بولمىسۇن مەيۇس،
كاپارەت ئەيلىگەي ئۆتمۈشتىكى شۇم كۈنگە دەۋرانىم.

2

قارا زۇلمەتنى يەڭمەككە مىنىڭ كەڭرى پىلانىم بار،
«مۇشەققەت ئورنىغا راھەت كېلۇر» دەپ چىن ئىمانىم بار.

سائادەت ئاسمىنىدا يورۇق يۇلتۇز ھىلالىم بار،
شۇنىڭچۇن نۇر بىلەن تولغان مېنىڭ ھەممە شەبىستانىم.

پەلەككە ياڭرىغان خەلقىنىڭ زۇلۇمدىن چەككەن ئاۋازى،
ئاسارەتتە ياشاشقا بولدى ھەممە يەردە نارازى.
زۇلۇم ئاستىدا ئوخشاشتۇر ئېلىمىنىڭ قىش بىلەن يازى،
قاچان ئۆز ئورنىغا چۈشكەي مېنىڭ خاتىر پەرىشانىم.

رەقىبلەر كەيىپ ئۈچۈن مېھنەت ھالالىنى بۇزار ئىدى،
مىنىپ ئات ئورنىدا گەدەنگە ئىشرەتلەر تۈزەر ئىدى.
يېشىم دەرياسىدا شۇڭغۇلاشقا ئۆردەكلەر ئۈزەر ئىدى،
بۇلۇت يەڭلىغ تۇمان بولغان يۈرەكتىن ئۆرلىگەن ئاھىم.

ھارام تۇرمۇشقا كۆنمەس ئالى روھلۇق «قىسمىتى»①مىزبار،
قەلەمگە يار بەرمەككە تېخى يېنىمدا «بەختىم يار»②.
قارا قىشنى يېڭىپ چىققان غازاڭ بولماس «باھار»③ىم بار،
«قىزىق»④سايرايدىغان «كاككۇك» كەبى يارۇ ـ ھەمكارىم.

دېڭىزنىڭ مۇزلىشى ئادەت «قىزىق» سوۋۇغانغا مەن ھەيران،
ئەگەر سەن قايناساڭ دۈشمەنلىرىڭ تەھقىق بولۇر ۋەيران.
ئىشىڭ تەسۋىرلىسۇن كۆڭلۈڭدە سىرىڭنى ئېچىپ ھەرئان،
سەھەرلەردە تۇرۇپ سايرار سائادەتتۇر بۇ «بىدار»⑤ىم .

بۇكەڭ دۇنيانى سەيرى ئەيلەپ، ئېلىم ھالىن تاماشا قىل!
رەقىبلەر بار يەرگە نىسبەتتە مىنۇت چاغىڭنى پادشاھ بىل!

---

① «قىسمىتى» — قاسىمجان قىسمىتى
② «بەختىيار» — ساپاخان پولات
③ «باھار» — روزى قادىرى
④ «قىزىق» ، «كاككۇك» — تۇرسۇن ۋاھىدى
⑤ «بىدار» — ئەرشىدىن تاتلىق

ئەگەر دۈشمەن ئارا بارساڭ گويا «چاقماق»①بولۇپ چاقنىل!
دېگىن ئازاد بۇ كۆڭۈلەرنى، يېنىمدا ھۆر - غىلمانىم.

كۆكتۆل بىغى سۇ ئىچكەي ئەردى ئۆلكۈن شادۇ «پەرھەت»②دىن،
دۈشمەنلەر قان قۇسۇپ ئۆلگەي چىدالماي بۇ مۇھەببەتتىن،
سادا قىلماس شۇ چاغ ئەلنىڭ «دوستى»③مەيداندا پۇرقەتتىن،
جاراڭلاپ تىرىككە تەسىر ئېتەر شۇندا مېنىڭ سازىم.

ھاياتنىڭ «بىخى»④ھەم قىلسا بېغىم ئىچرە سەمەر پەيدا،
قىزىلگۈلدەك نىھالىڭغا جاھان «بۇلبۇل»⑤لىرى شەيدا.
ئەگەر «جۇرئەت»⑥قىلار بولسا قىلۇر دۈشمەننى ناپەيدا،
كۆكەرگەي، ئابۇ - رەھمەتتىن مېنىڭ ئازاد چارا گاھىم.

رەقىب ئەمدى ئېلىمگە دىلنى ئارتۇق باغلىيالمايدۇ،
يورۇق دۇنيانى كۆرگەننى جادۇلار ئالدىيالمايدۇ.
ئۆزى مۇھتاج كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى قامدىيالمايدۇ،
ئامان تاپماس ئاڭا قارشى قوزغالسا «قەھھار»⑦ىم.

ئەگەر ھەر قانچە «ز. ق»⑧بولسا ئېرىيدۇ بىر ناۋا قىلسام،
ساقايتۇرمەن ئەگەر ھەرقانچە «دەردمەن»⑨گە داۋا قىلسام.
قالۇر ھەيران مۇھەببەت بەزمىسى ئىچرە مەن ساما قىلسام،
غەزەلخانمەن مۇھەببەت ئەھلىدىن بولسا خېرىدارىم.

① «چاقماق» ..........؟!
② «پەرھەتى»، «پەرھەت» — نەسرۇللا قارى
③ «دوستى» — مەھەممەت ئىمىن ھېكىمى
④ «بىخى» — زەينىدىن سالى
⑤ «بۇلبۇل» — ساتتار
⑥ «جۇرئىتى»، «جۇرئەت» — تىيىپجان ئېلىيوپ
⑦ «قەھھار» — تۇرسۇن قەھھار
⑧ «ز. ق» — زۇنۇن قادىرى
⑨ «دەردمەن» — ئابدۇرېھىم ئەيسا

قانائەت قىلغىچە تەگرىم نىسىپ ئەتكەي هايات روزى···
تېخى «سەزگۈر»[1]تۈزۈپ تەسۋىرلەر، تىنماي كېچە ـ كۈندۈزى.
يورۇتماي تارىخنى توختىماس يىغلاپ قارا كۆزى،
سەمەندەر[2]دەك بولۇپ ئوت ئىچرە قالدى ئۆندا جانانىم.

بۇ ئەركىن تۇرمۇشىگنى تۆهپە قىل خەلقىڭگە هەر سائەت،
ئۈمىدسىزلىكنى خەلقىمدىن يىراق قىل، بولما بىتاقەت.
سىنىڭ هۆرمىتىڭگە هېچقاچان يەتمىگەي دەخلى هەم ئاپەت،
كۆكەرسۇن ئابۇ ـ رەهمەت بىرلەن ئازاد گۈلىستانىم.

غۇرۇرلۇق ئۆيقىسىدىن تۇرمىساڭ بۇندىن كېيىن دوستلار،
دېيىلمەسمۇ سىنى ئۆز يولىدا چارچىغان سۇسلار.
خەلققە تۈيغۇ بەر دائىم، سىقىلسۇن بولسا جاسۇسلار،
ساڭا دائىم كۈلۈپ باقسۇن مىنىڭ بۇ يېڭى دەۋرانىم.

قانائەت ئەيلىمەيدۇ نىمشىبهىت دوستلىرىم سەندىن،
ئىلىمنى هۆرىيەتكە باشلا سەن هېچ قورقما دۈشمەندىن.
دىلىڭدا مەقسىتىڭنى قويما ياز! چىقماستا جان تەندىن،
دېمەستە باش كۆتەرگىن، ئۆيقىدا تەڭ يولدا قالغانىم.

1947 ـ يىل يانۋار، غۇلجا

[1] «سەزگۈر»——······؟
[2] سەمەندەر — ۋولقانلار ئىچىدە يۈرىدىغان ئوت چاشقىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# «ئويغان!»[1]

ئويغاندى «ئويغان!» بىرلىككە قورغان،
ئالىي تىلەككە يولباشچى بولغان.

ئۆتمۈشتە مەيۈس خەلقىمنى ئالداپ،
ئۇخلاتقان ئىدى ئىبلىس ۋە شەيتان.

خەلقىم زۇلۇمدىن، جاندىن ئۈمىدسىز،
دەردلىك يۈرەكلەر زەردابقا تولغان.

زارىن ئىشىتمەس، ھېچ رەھمى ئەتمەس،
زۇلمىن كېمىتمەس شۇ ئەسكى دەۋران.

ئاھۇ - پىغانلار تۇرمۇش كۈيىدۇر،
خەلق بىر قەپەزدە تورغايچە بولغان.

يۈز مىڭلىغان خەلق، ئىستەك سوراق يوق،
زالىم پەلەكنىڭ قۇربانى بولغان.

شۇنداقتىمۇ خەلق ياتماي ئۈمىدسىز،
ئەركىنلىك ئىزدەپ مەيداندا تۇرغان.

---

① «ئويغان» — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن، ئويغانغان ۋەتەنپەرۋەر خەلقلەر تەرىپىدىن ئۈرۈمچىدە چىقىرىلغان گېزىت. كېيىن ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن، ئىملىغا يۆتكەلگەن.

ئاخىر بۇ مەقسەت ئاشقاندا ئىشقا،
خەلقنىڭ يېرىمى تەك يولدا قالغان.

«تاڭ ئاتتى تۇر!...» دەپ تەۋرەتتى خەلقنى،
غەپلەت ئۇيقىدىن بۇ چاغدا «ئويغان».

كۈندۈزگە قارشى كور شەپەرەڭلەر،
ئاپتاپتىن قېچىپ ئىغۋا قوپارغان.

ئىغۋا كۈچۈيۈپ، ھەددىدىن ئېشىپ،
«ئويغان» نى قايتا يوتقانغا تارتقان.

توسۇن كېلىندەك يوتقانغا بارماي،
«ئويغان! » بويىچە كەڭلىككە ماڭغان.

تۈننى ياقلىماس، مەڭگۈ ئۇخلىماس،
بىلسەڭ خەلق ئۈچۈن بۇ روھىي ۋىژدان.

غەپلەتتە قالغان خەلقىمنى «تۇر!...» دەپ،
ئىسرابىل كەبى سۇرىنى تارتقان.

ئەلنى ئويغىتىش دىلنى يورۇتۇش،
زۇلمەتكە قارشى نىشانى بولغان.

يەر، كۆك ھەم دېڭىز كۆڭلۈك يولىدۇر،
كۆرگەن خەلقنىڭ مېھمانى «ئويغان» !

ئۆتكۈر كۆزىدە باقسا جاھانغا،
پەردە بولالماس «ئالتاي»، «تيانشان»[①].

ياقلايدۇ خەلقنى، سۆزلەيدۇ ھەقنى،
تىنچلىق بىتىمنى ئىشقا ئاشۇرغان.

شۇڭلاشقا مەڭگۈ كۈلگەي ھاياتىڭ،
بولسۇن رەقىبىڭ تېز خانۇ - ۋەيران.

سەندىن ئىمشىبھىت كۈتكەن ئۈمىد شۇ،
پارلاق كەلگۈسىڭ بولسۇن پاراۋان.

1947 - يىل فېۋرال، غۇلجا

---

① «ئالتاي»، «تيانشان» — ئۆلكىلىك گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خىراجىتى بىلەن شەخسلەر ئىگىدارچىلىقىدا، ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان گېزىتلەر.

# ۋەتەن مۇھەببىتى

سەندىن ئارتۇق سۆيگۈنۈم يوق بۈيۈك ۋەتەن،
ساڭا پىدا، ساڭا قۇربان جان بىلەن تەن.

سېنى كۈتۈش، سېنى ساقلاش ماڭا بۇ پەرز،
ۋەتەن سۆيۈش ۋەتەن ئوغلىغا ئەزەلدىن قەرز.

بارلىقىممۇ سېنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغان،
تىلەك ـ مەقسەت بەختىڭ ئۈچۈن قارىتىلغان.

ماڭا سەندىن ئۇلۇغ نېمەت كېرەك ئەمەس،
سېنىڭ ئۈچۈن ئازادلىقىڭ كۇپايە بەس.

ھاياتىممۇ، ماماتىممۇ سېنىڭ بىلەن،
سائادىتىم، شاقاۋىتىم[1] سېنىڭ بىلەن.

كەڭ قوينىڭدا تۇغۇلغان ۋە شۇندا ئۆسكەن،
چىن ئىنسانلىق مەيدانىغا شۇندا چۈشكەن.

شۇنىڭچۈن بوشاتمايمەن قۇدرىتىڭنى،
جان ـ تەن بىلەن ساقلايمەن ھۆرمىتىڭنى.

---

① شاقاۋەت — بەختسىزلىك.

شۇ مەقسەتنى ئورۇندايمەن دەپ ئىمشىھىت،
ئارمان يوقتۇر بولسام ئەگەر پۈتۈن شىھىت.

1947- يىل مارت، غۇلجا

# قەبرىدىن ئاۋاز

سالام سىزگە ئەي يۇرتۇمنىڭ ئازاد ئېلى،
سالام سىزگە باغلىرىمنىڭ قىزىل گۈلى.
بويۇن قىسماي سايرا باغنىڭ خۇش بۇلبۇلى،
ئېچىلغاندۇر ئەركىن سايراش ھايات يولى.

بىز ئويلىغان: كۆكنى دىلبەر جاراڭلىتار،
بۇلبۇل سايراپ تاغۇ ـ دەشتنى ھەم ياڭرىتار.
ئەتراپلارغا مۇڭلۇق مۇقام ـ ساز ئاڭلىتار،
نە بولغاندۇر بوغۇلغاندەك سۆزلەر تىلى؟ !...

مۇڭلۇق بۇلبۇل گۈلگە تېخى يەتمىگەندەك،
شۇم قۇشلارمۇ گۈل يېنىدىن كەتمىگەندەك.
باغۇېنىمگە ئەركىن ھوقۇق ئۆتمىگەندەك،
ئەركىن بولسۇن ھەر تەرەپكە سوزغان قولى.

نە ئۈچۈن بىز ياتالمايمىز قەبرىدە جىم؟ !...
خەلقىمىزنى ئالدىمىسۇن «شەيتان رەجىم» ! .
يۇرگۈزۈلسۇن تېز ھەم تولۇق «ئون بىر بىتىم! » ،
بولمىسۇن خەلق يەر ئۈستىدە قۇلنىڭ قۇلى.

غاپىل تۇرما! قەھرىمانلار ھېچ تېگىرقىماي،
كۆزۈڭنى ئاچ، ئەتراپلارغا تېز ـ تېز بېقىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇر! بۇلبۇلۇم پەرۋاز ئەيلە قانات قېقىپ،
پۇرسەت ساڭا ھاياتلىقنىڭ ئەركىن يولى.

خەۋەردار بول، يوللاردا كۆپ قۇرۇلغان دام،
نومۇسسىزلار: «چۆچۈرنى سانايدۇ خام» .
كۇرەشچان ئەل ھوشيارلىقتا قىلسا داۋام،
ئازدۇرالماس ئۈچ بېشى بار يىلان يولى.

ئەركىن ھوقۇق ئالمىغىچە ئالما ئارام،
ھاياتلىقتا ھەركىشىگە قۇللۇق ھارام!...
يۇرتىمىزنى قىلمىغۇنچە خۇشال - خورام،
توختىمايدۇ يۇرەكلەرنىڭ ئاققان سېلى.

كىملەر ئۈچۈن جان بەردۇق بىز ئۇنتۇلمىسۇن!
قەبرىمىزگە شاقاۋەتلىك كىر قونمىسۇن!...
خىزمىتىمىز نام - نىشانسىز يوق بولمىسۇن! ...
خاتىرلەنسۇن بىز شېھىتنىڭ ئۇنىڭ ھەم سولى.

ئازادلىق!... دەپ مەيدان ئارا جەۋلان قىلغان،
ۋەتەننى دەپ، خەلقنى دەپ قۇربان بولغان،
ئېغىز، قۇلاق، كۆز، بورۇنغا تۇپراق تولغان،
بىز شېھىتنىڭ بۈگۈن يەنە سۆزلەر تىلى.

ۋەتەننى دەپ ئاققان قانلار بوش كەتمىسۇن،
مىليونلىغان بوزەك ئەلنى قاخشاتمىسۇن.
خەلقىم يەنە ھەر تەرەپلەپ دەرد تارتمىسۇن،
زۇلۇم بىلەن دۇمچەيمىسۇن ئەلنىڭ بېلى.

ئازادلىق!… دەپ بىز شېھىتلىك نامىن ئالغان،
ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن قانغا غەرق بويالغان،
ئەجەل يېتىپ يەر ئاستىدا ئورۇن ئالغان،
رازى بۈگۈن ۋەتەن، خەلق ئەلنىڭ دىلى.

لېكىن بىزنىڭ ئالىي تىلەك قېنى بۈگۈن؟!…
دېمەكچىمىز: «ئەلنىڭ دىلى بولسۇن پۈتۈن!»
ئۇنتۇلمىسۇن قان يىغلىغان كۈندۈز ۋە تۈن،
يالغۇز بىزگە بەخش ئەمەس يىلان يىلى.

دۈشمەن يەنە بەختىمىزنى زەبۇن قىلسا،
خەلقىمىزنى بۇرۇنقىدەك يەنچىپ قىرسا،
ۋەتەن، خەلق دېگەنلەرنىڭ باغرىن تىلسا،
رازى ئەمەس بىز سىلەردىن ۋەتەن ئېلى.

كاشكى ئەمدى بىز تىرىلىپ قايتا تۇرساق،
سىزلەر بىلەن كۈرەشلەردە بىرگە بولساق.
بۇنداق يەنە قانچە قېتىم قۇربان بولساق،
بىزنىڭ تىلەك نەق شۇ ئىدى، بولماس ھېلى؟!…

كۈرەش قىلىڭ، قايتماڭ ھەرگىز يولىڭىزدىن!
جان ئايماڭ، زەپەر كەتمەس قولىڭىزدىن!
قەست قىلسىمۇ دۈشمەن ئوڭ ھەم سولىڭىزدىن،
قورقماڭ كەتمەس، يېنىڭىزدىن بەخت دۈلدۈلى.

قوشۇلدۇق بىز مەھبۇسلارنىڭ ئەرۋاھىغا،
شاھىد بولدۇق سولانغاننىڭ «گۇناھىغا!…».
ھەسرەت بىلەن كەتتى ھەقنىڭ پاناھىغا،
«ۋەتەن!» ئىكەن ئۇلارنىڭمۇ تۇتقان يولى.

يەنە كەلدى ئارقىمىزدىن نۇرغۇن مەھبۇس،
ھاياسىزلار قوللىرىدا بولغان مەنھۇس①،
قىلمايمىز بىز بۇنىڭ بىلەن دىلنى مەيۇس،
چۈنكى، بوشاپ قالغىنى يوق ئەلنىڭ بېلى.

يەنە بۇمۇ بولسۇن سىزنىڭ يادىڭىزدا،
ئەۋلادىمىز قالدى سىزنىڭ ئالدىڭىزدا.
سىز ياتقاندا بىغەم مېھمانخانىڭىزدا،
ئۇتى ئۇچۇپ، سورۇلمىسۇن كۆككە كۈلى.

تۇل - يېتىممۇ ئىشكلەردە تەلمۈرمىسۇن،
مەرھەمەتسىز پەلەك خارلىق كەلتۈرمىسۇن.
ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ: «ئاھ!...» دەپ ئۇمتۇلمىسۇن،
پەريات چېكىپ بوغۇلمىسۇن ئۇلار گېلى.

ئەي نىمشېھىت سەنمۇ قويما زۇلپىقارنى،
تاشلىۋەتمە پىراقىڭدا كۆيگەن يارنى.
يولاتمىغىن پاك تارىخقا نومۇس ئارنى،
بۇزۇلمىسۇن بىز شېھىتنىڭ قۇرغان ھۆلى.

1947 - يىل مارت، غۇلجا

① مەنھۇس — يوق قىلىنغان، نابۇت قىلىنغان، ئۆلتۈرۈلگەن

# خاتا

مەست ـ مۇستەغرق بولۇپ غەپلەتتە ياتماقلىق خاتا،
يەنى غاپىللىق بىلەن ئۇيقىغا پاتماقلىق خاتا.

يىمەك ـ ئىچمەك ھەممىنى ئۆز نەپسى ئۈچۈن توپلىۋېلىپ،
بىرگە توققۇز نەرق قويۇپ، پايدىغا ساتماقلىق خاتا.

ئاممىنىڭ ئىمانىغا قەست ئەيلىسە شەيتان لەئىن،
ئاسراپ ئۆز ئىماننى، كۆپتىن كۆز ئالماقلىق خاتا.

مەردسەن، ئەل بىرلەن ئول، بىللە تىرىل ھەم بىللە كۈل،
بىللە يىغلا، ئەلنى تاشلاپ چەتتە ياتماقلىق خاتا.

جان بىلەن تەڭ قولغا كەلگەن راھەتنىڭ قەدرىنى بىل!
چۈنكى مەغرۇرلۇق بىلەن ئەپسانە بولماقلىق خاتا!

خەلقنى دە، «تەۋرات» ئوقۇ «ئىنجىل»ۋەيا «قۇرئان» ئوقۇ،
نىمە قىلساڭ قىل، لېكىن نومۇسنى ساتماقلىق خاتا.

زارلىنىپ بىچارىلەر غەمدىن كۆزىگە ئالسا ياش،
ياش تۆرۈپ، يوشۇرۇن يۈرۈپ، پىنھاندا ياتماقلىق خاتا.

سەن يىگىت جايىڭدىن تۇر! مەزلۇم بولۇپ دەرد تارتمىغىن،
ئەر تۆرۈپ: «مەزلۇم!» دېگەن بەدنامنى ئالماقلىق خاتا.

گەردىسەڭ جىنىم جاپاكارلاردىن جاپا تارتمىسۇن،
كۆپكە باق ئەمما لىكىن، كۆك بۆككە باقماقلىق خاتا.

غەمخورۇڭ دائىم سىنىڭ غىمىڭنى يەپ زار قاخشىسا،
ئاڭلىماي گاستەك بولۇپ، تاماشا قىلماقلىق خاتا.

چۈنكى سەنمۇ ئەر ئۆزۈڭ، ئەردەك ئۇلۇغ مەردانە بول!
تەڭرىنى يادلاپ قويۇپ، تەدبىرنى قويماقلىق خاتا.

تەڭرىنىڭ تەقدىرىنى ئىشلەشكىمۇ تەدبىر كىرەك.
تىرىماي «ئاش چىقمىدى!» دەپ ئۆسەك تاراتماقلىق خاتا.

«يارىتىشنى ھەق ياراتتى، يارىلىش ئۆزۈڭدىدۇر...»
بايقىماي كۆرۈپ تۇرۇپ قاپقانغا باسماقلىق خاتا.

ۋەدىگە تۇرماق ھەربىر ئادەمنىڭ شەرەپلىك شەنىدۇر،
باشتا بىر ۋەدە قىلىپ ئاخىردا بۇزماقلىق خاتا.

چارە يوق بۇزماسقا گەر چىقسا مۇخالىپتىن بۇزۇق،
تەندە جىنىڭ بار تۇرۇپ «ئەلھۆكمى» ئېيتماقلىق خاتا.

قەدىرلىك يۇرت، ئەل، ۋەتەنگە نىمشىھىتنىڭ ئەرزى بۇ،
«دات» دىگەنلەر «دادىنى» دالدىغا قاقماقلىق خاتا.

1947 - يىل ماي، غۇلجا

# غەلەت[1]

سەن خەلقتىن زارلىنىپ قىلغان شىكايىتىڭ غەلەت،
ئەل بەختىنى قارا دەپ قىلغان خىيالاتىڭ غەلەت.
ئەلنى سەن قۇربان قىلىپ تاپقان ئىناۋىتىڭ غەلەت،
قوي تۇرۇپ سەن بۆرىدىن ئالغان ھىمايەتىڭ غەلەت!

ئەر ئەمەستۇر ئول كىشى كۆكسىدە ۋىژدان بولمىسا،
تائەتى بولماس قوبۇل كۆڭلىدە ئىمان بولمىسا.
قىش ۋە ياز ئىشلەپ تۇرۇپ ئۆيىدە بىر نان بولمىسا،
ئول گادايدۇر، كۆز بوياپ «دېھقان» دەپ ئېيتقانىڭ غەلەت!

جانغا - جان ھەمرا بولۇپ، تەن ئىچرە بىر ۋىژدان كېرەك،
«ئىلمىي تەريابۇت»قا ئالدانماس ھەر بىر كىشى بولسا زېرەك.
جان بۆلەكىنىڭ، تەن بۆلەكىنىڭ بۇنداق ئىنسان نەكېرەك،
سەن جەھەننەمدە تۇرۇپ جەننەت ھېكايەتىڭ غەلەت!

شاھى ئادىل بولمىغاي، قان يىغلىسا خەلقى داۋام،
زەررە ئارام تاپمىسا ئالۋان - سېلىقتىن خاسۇ - ئام.
ئوق - قىلىچ زورلۇق بىلەن خەلقنى ئۆزىگە قىلسا رام،
باش بېرىپ تاجى كىيىپ «شاھ!...» دەپ ئاتالغانىڭ غەلەت!

---

① بۇ شېئىر — مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولغانلىقىغا قارشى يېزىلغان (ئاپتور)

«شاھ!...» بولۇر شۇنداق كىشى خەلق يىغلىسا، تەڭ يىغلىغان،
تەڭ كۆرۈپ، تەڭ كۈلۈشۈپ ئورتاق مۇھەببەت باغلىغان.
خەلقىنىڭ بەختىنى ئۇ، ئۆز بەختىدىن ئۈستۈن چاغلىغان،
بۇ سۈپەتلەر بولمىسا، قىلغان باياناتىڭ غەلەت.

بويىنى سىمدا باغلانغان قورچاققا سەن بولدۇڭ مىسال،
بولمىسا ئۆزىدە جان مەقسەتكە ئۇل بولماس ۋىسال.
گەر ھەقىقەت بولمىسا ھەر بىر سۆزى بولغان ئوسال،
مىللىتىڭدىن ۋاز كېچىپ «مىللەتچى» دەۋايىڭ غەلەت!

خەلقنى ئالداش يولىدا گەر قۇرسىمۇ تۈرلۈك پىلان،
تەقسىگە چوغنى ئېلىپ خەلققە دېسە:
— يەڭ بۇ چىلان!
بەربىر گىرىم بىلەن رەڭ ئەيلىگەن ئۇچ باش يىلان،
خەلقنى ئوت ئىچرە تارتىپ كۆرگەن ھالاۋەتىڭ غەلەت!

مەقسىتىڭ ئەل ئىچىگە پەيدا قىلىش بۆلگۈنچىلىك،
«يېتىمەن!» دەپ ئويلىما بۇ ئىشقا تا ئۆلگۈنچىلىك،
ئىتتىپاق خەلقىم، ئاراش يوق تامچا سۇ كىرگۈنچىلىك،
كېمىگە چاشقان سولاپ سەن تۆشۈك ئەتكەنىڭ غەلەت!

چۈشىدە كۆرگەن ئەپەندى، قولىدا بولغان خوراز،
ئىككى تەڭگىگە ساتمىغان:
— قوشقىن! ـ دېگەن ـ بۇنىڭغا ئاز!...
سىلكىنىپ ئويغانسا يوق، قولىدا پۇل ياكى خوراز،
ساڭا بۇ تەمسىل دېسەم كۆزۈڭنى يۇمغانىڭ غەلەت!

زۇلمى بىرلەن قورقۇتۇپ، خەلق مىلىنى ئالسا بۇلاپ،
سالسا ھەر تۇرلۇك سىلىق ئۇستى - ئۇستىگە ئۇزمەي ئۇلاپ،
كىمكى سۆز ئاچسا ئۇنى شۇنگەن تۇتۇپ قويسا سولاپ،
ئەل قىنى بىرلەن سۇغارغان باغۇ - بوستانىڭ غەلەت.

ئۆز ۋۇجۇدىن ھەر كىشى قورچاقتىن ئەتسە ئىمتىياز،
كۆپچىلىككە خىزمىتىن بىغىشلىسۇن قىش ھەمدە ياز.
قارىغۇدىن قۇيماق تەما قىلماقتىن ئەتكەي ئىھتىراز،
ئۆز ئىلىكىنى چەتكە تاشلاپ، ياختا ئاتقانىڭ غەلەت.

ئىشىبھىت رازى ئەمەس «ئىملاچى» ئىستىلاسىغا،
سالمىغاي ھەرگىز قۇلاق «ئۇلۇسچى» نىڭ ئىغۋاسىغا.
باشلىدىم قارشى كۇرەش شەيتان لەئىن ۋەسۋاسىغا،
بۇ كۇرەشكە قارشى قويغان ئەمرۇ - پەرمانىڭ غەلەت.

1947 - يىل ماي، غۇلجا

# جاۋابىم①

بىر زاماندا مۆھىت سۈيى چايقاپ - چايقاپ،
ئاتقان ئىكەن بىر پاقىنى چەتكە تاشلاپ.

ھەيرانلىقتا ئۇ، بىچارە مەيۈس پاقا،
يول ئىزىقىپ كېتىپ قاپتۇ باشقا ياققا.

«كەلگ مۆھىتىم قەيەردە؟!» دەپ ھەسرەتلىنىپ،
قاتتىق ئەلەم ئورىۋاپتۇ غەمگە سىلىپ.

يۈرەر ئىكەن ھامان مۆھىت سۈيىن ئىزلەپ،
بوران - چاپقۇن توسار ئىكەن ئۇنى يۈزلەپ.

بىرىلمەستىن مۇشەققەتكە يۈرگەندە ئۇ،
تۇن كېچىدە يولۇقۇپتۇ كىچىك بىرسۇ.

مۆھىتتىن بىر قولتۇق دېگەن گۇمان بىلەن،
سەكرەپ چۈشۈپ شۈكرى ئېيتتى زابان بىلەن.

① 1947 - يىلي ئۈرۈمچى شەھىرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن «ئىسلام دىنىنى ھىمايە قىلىش» نىقاۋى ئاستىدا بىر ئەكسىيەتچى يوشۇرۇن تەشكىلات قۇرۇلغان. ئۇ، تەشكىلات ماگا خەت يېزىپ مېنى ئۆزىگە تارتماقچى بولغان ئىدى. مەن بۇ شېئىرنى شۇ خەتكە رەددىيە ئورنىدا يازغان ئىدىم (ئاپتور).

چۇشۇپ كۆرسە، مۇھىت ئەمەس قۇدۇق ئىكەن،
سۇيى سېسىق، بۇسى يامان بوزۇق ئىكەن.

چىدىيالماستىن زارلىنىپتۇ خۇدايىغا،
ئىجاۋەتلىك تەلەپ قىپتۇ دۇئايىغا.

كېچە - كۈندۈز قۇرۇماپتۇ يىغلاپ كۆزى،
ئەلەم بىلەن سارغىيىپتۇ گۈلدەك يۈزى.

بۇندىمۇ بىر مىسكىن پاقا ياشار ئىكەن،
«غەنىيمەت!» دەپ قۇدۇق سۈيىن ئاشار ئىكەن.

مۇساپىرنىڭ قىلغان يىغا - زارىنى ئاڭلاپ،
كەپتۇ يۈگۈرۈپ بىچارىنىڭ ھالىنى سوراپ:

—بۇ كەڭ جاھان، نېچۈك ئاڭا پاتماس جانسەن؟!
شۈكرى ئېيتماي بۇ نېمەتكە بەك نادانسەن!

— يامان سېسىق ئىكەن بۇ جاي ھەم تارچىلىق،
ھۆكۈم سۈرەر ئىكەن دائىم ئاچارچىلىق.

مۇھىت دېگەن كەڭ جاھاننىڭ پەرزەندىمەن،
مىليون - مىليون يۇرتداشلارنىڭ دىلبەندىمەن.

بۇنى ئاڭلاپ قۇدۇقتىكى مىسكىن پاقا:
— ئەي مۇساپىر، كۆزۈڭنى ئاچ! باق بۇياققا! —

دەپ قۇدۇقنىڭ بولۇڭىغا بارماق تىرەپ:
— مۇھىتىڭنىڭ سۈيى شۇنچە كېلەمدۇ؟! — دەپ،

قىچقىرىپتۇ:
— ئەي مۇساپىر كەل! — ... دەپ ئۇنى
كۆرسىتىپتۇ بىر پىيالە مۇقدار سۇنى.

مېھمان پاقا دەپتۇ:
— مۇھىت كەڭ بىر جاھان.
بۇ قۇدۇقتەك كۆن نۇرىدىن ئەمەس پىنھان.

بۇنى ئاڭلاپ مىسكىن پاقا، بوپتۇ خاپا،
نەسىھەتلىك سۆزلەر بىلەن قىپتۇ تاپا:

— بۇندىن چوڭمۇ سۇ بولامدۇ؟! بۇ — قۇرۇق گەپ،
سارائمۇ سەن كۆپ سۆزلەيسەن ئەي بىئەدەپ.

بۇندىن ئارتۇق لەززەتلىك سۇ نەدە بولسۇن؟!
ياقمىغانلار دىلى دائىم غەمگە تولسۇن.

*　　*　　*

غېرىپ پاقا كۆرگىنى شۇ كىچىك قۇدۇق،
ئەتراپىدىن كۆرۈنمىگەچ ھېچبىر يورۇق.

ئىشەنمىگەن مۇھىت - دېڭىز بارلىقىغا،
ئىمان ئېيتماس تەبىئەتنىڭ يارلىقىغا.

مېنى سورىساڭ، بۇرۇن تاشلاپ تار قۇدۇقنى،
كۆرۈپ قالدىم مۇھىت ئوخشاش كەڭ يورۇقنى.

دىلىم مۇھىت لەززىتىنى تېتىپ قالدى،
تار قۇدۇقنىڭ مېھرى دىلدىن كېتىپ قالدى.

دېمەك قۇدۇق تۆۋىدە بىر مىسكىن پاقا،
كوكىرايدۇ:
— كېلىڭ! ··· دەيدۇ ئۇشبۇ ياققا!

سىز كوكىراپ مېنى ئېلىپ بارالمايسىز،
ئىنشائاللا ئەمدى قىلتاق قۇرالمايسىز.

بۇگۇنكى كەڭ مۇھىتتا مەن ئۇزگىنىمدە،
ئەركىن هايات بەزمىسىنى تۇزگىنىمدە.

— بارالماسمەن تار قۇدۇققا — جاۋاب مانا،
چۇشىنگەيمەن سېسىق قۇدۇق ئىچرە يانا.

دىمىغىمدا هازىرمۇ بار سېسىق بۇيى،
كۆرمىسەممۇ ئېسىمدەدۇر «تىنىق» سۇيى.

تەنلىرىمدە زەهەرلەنگەن ئىز تېخى بار،
ئەركىنلىكنى سېتىش ماڭا نومۇس ۋە ئار.

ماڭا سىڭمەس، سىزگە سىڭگەن ئۇ سېسىق سۇ،
شۇنچە بولار تومۇغلاردىن چىقسىمۇ هۆ!

قۇلاق سېلىڭ نىمشىبھەتتىن شۇدۇر جاۋاب:
— سىز كوكىراپ تاپالمايسىز پەقەت جاۋاب!...

1947 - يىل ئىيۇل، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# قارلىقنامە

ھەمدۇ سانايى بىئەدەد ئول خالىقى پەرۋەردىگار،
رەھمىتى بىلەن قار ياغدۇرۇپ پەزلىنى قىلدى ئاشكار.

خەللاقۇ ئالەم قۇدرىتى ياز بولسا يامغۇر ياغدۇرۇپ،
يەر، كۆك، دەرەخلەر كۆكلىتىپ چۆللەرنى قىلدى نەۋ باھار.

قىش بولسا ئالەم چۆل بولۇر، ئاسمانۇ - يەر يەكسان بولۇر،
چۆللەرنى بوستان قىلغىلى قادىر ئىگەم ياغدۇردى قار.

قار ياغسا گەر بۇ يۇرت ئارا، رەسمىي بولۇپتۇر قائىدە،
بىر - بىرىگە قارلىق تاشلىماق، ئادەت قەدىمدىن بارۇ - بار.

پەسلى زىمىستان ۋاقتىدا، «بەزىم ئەيلىسەك» دەپ ئارزۇ،
غەم - غۇسسىنى دەپئى ئەتكىلى دوست ۋە ياران قارلىق يازار.

بىز تاشلىدۇق قارلىق يېزىپ، بەزمى ئەتسىلە ئىززەت قىلىپ،
دۇشمەنلىرى ھەسرەت قىلىپ، قان يىغلىسۇنلەر زار - زار.

غەم قىلمىڭىز كۆپ قايغۇرۇپ، جابدۇق ھەممە تەييار ئىرۇر،
مىڭ شۇكرى ئالەم توقچۇلۇق، ھەر نەرسىلەر كەڭ - كەڭرى بار.

قوتاندا قوي، ئامباردا ئۇن، ساندۇقتا پۇل، كۇتكۇچى ھەم،
لازىملىقدۇر يەل - يېمىش، قەندۇ - شېكەر بازاردا بار.

چەينەكتە چاي، پەتنۇستا نان، زىختا كاۋاپ، خوّندا گىېزەك،
مايلىق توقاچ ھەم قاتلىما، گۆشنان، ھەسەل، تۇرسۇن قاتار.

تاۋۇز، قوغۇن، ئالما، ئانار، ئەنجۇر، بىيە، نەشپۈت، گىلاس،
بادام، ئۈزۈم، مېغىز، پىستە ھەر قايسىدىن توّت - بەش تاغار.

نەغمە - ناۋا بولسا كېرەك، ئەسۋابلىرى ھازىر ئىكەن،
قالۇن، ساتار، تەمبۇر، غىجەك، سوناي، راۋاب، تاش، داپ، دۇتار.

سورۇنغا زىننەت بەرگىلى بىر دىلبىرى رەنا كېرەك،
شوخلۇق قىلىپ بەزىم ئەھلىدىن ھۇش ئالغىلى بىئىختىيار.

ساقى بولۇپ مەجلىس ئارا چاي تۇتسا ئۇل نازۇك بەدەن،
رەقس ئەيلىبان بەزىم ئەھلىنى ھەردەم قىلۇرلەر بىقارار.

مەقسەت يېمەك - ئىچمەك ئەمەس، ئەھلى مۇھەببەتنىڭ ئىشى،
دىلدا مۇھەببەت بولمىسا بۇ تەن دېگەن نى ئېتىۋار.

بەزىم ئەيلىمەك كەلسە ئېغىر ھەم بار ئاڭا چارە - ئىلاج،
پەھىم بىرلە قارلىق ئېلىپ بارغان كىشىنى دەل چىلىڭ تۇتار.

ئوّز قارلىقىنى تۇتتۇرۇپ، ياندۇرسا ئوّيىگە ئۇقتۇرۇپ،
ئىككى يۈزىگە رەڭ بېرىپ، زىننەتلىسۇن خۇددى ئانار.

بۇ ئىشنى ھەرگىز قىلمىغاي ھىممىتى ئۇستۇن كىشى،
غەيرەت قىلىپ بەزمى ئەيلىگەي، بۇ ئىشنى بىلگەي ئىپتىخار.

1947 - يىل 12 - نويابر، غۇلجا

# ئالدىدا

مەن نىگارىمنى كۆرەلمەي چەرخى بىداد ئالدىدا،
كىچە ـ كۈندۈز زار ئەيلەپ بولمۇدۇم شاد ئالدىدا،
كۆكسىمە تاشلار ئۇرۇپ ھەم ئەيلىسەم داد ئالدىدا،
پاتىھە، ئىخلاس ئوقۇبان ۋىردى ئەۋراد ① ئالدىدا،
بىر كۆرەرمەنمۇ يېلىنسام پىرى ـ ئۇستاد ئالدىدا.

ئەي تەڭرىتاغ توسما يارىمنىڭ جامالىن بىر كۆرەي،
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىمنىڭ تۇپرىقىن كۆزگە سۈرەي،
يولىدا تۆھپە ئۇچۇن «باش قوي!» دېسە جاننى بېرەي،
توسما يولنى مەن بېرىپ دىلبەر بىلەن بىللە يۈرەي،
كۆنمىسەڭ رەسۋا بولۇرسەن تىغى پەرھاد ئالدىدا.

ئەي سەنەم مەندىن كۆڭۈلنى ئۈزمىگىن «كىچىكتى» دەپ،
«ئاھ!⋯ ئۇرۇپ ھەسرەت چېكىپ بولالمايىن زېرىكتى» دەپ،
شۇم رەقىبلەرگە مېنى تاشلاپ ھامان «تېرىكتى» دەپ،
ئويلىمايمەن ھېچقاچان رەقىب بىلەن «بىرىكتى» دەپ،
يىمىرىلۇر تاغدەك توسالغۇ ئادىمىزات ئالدىدا.

يوللىغىن بادى سابادىن ـ ھالى ئەھۋالىڭ بىلەي،
دوستلىرىڭدىن ياردەم ئالغىن مەنمۇ ھەم نۇسرەت تىلەي،

① ۋىردى ئەۋراد — دۇرۇت

بۇ تىلەكتە جەۋرى ـ مېھنەت كەلسە راھەت دەپ بىلەي،
شامدىكى پەرۋانىدەك بىشىگنى دائىم چۆرگىلەي،
گۆر تىلەر دۈشمەنلىرىڭ سەن قەددى شەمشاد ئالدىدا.

مەن بارۇرمەن ئاقىۋەت توسالغۇنى بىت ـ چىت قىلىپ،
دۈشمىنىڭنىڭ گۆرىگە يەردىن ـ ھاۋادىن ئوت يېقىپ،
غارقىراپ كۆكتە ئۇچۇپ بۇلۇت مىنىپ قانات قېقىپ،
مۆككىلى تۆشۈك تاپالماي، قان يۇتار شۇندا رەقىپ،
پۇت ـ قولىن بوغقان گۇناھكارلارچە جاللات ئالدىدا.

ئۆزىگە رام قىلسىمۇ دۈشمەن تىغىلە قورقۇتۇپ،
پۇل بىلەن ئالداش بىلەن ۋە ياكى جادۇ ئوقۇتۇپ،
ئالدىنىپ كەتمە! ماڭا بولغان ئىشەنچىڭ يوقۇتۇپ،
دۈشمىنىڭنىڭ بېشىنى زاغۇ ـ زۇغەن ① غە چوقۇتۇپ،
مەن خىجالەتتىن چىقارمەن سەن پەرىزات ئالدىدا.

مەن يېتىپ بارغۇچە ئۇندا سەنمۇ مەيۇس ياتمىغىن،
مېنى «كەلمەس» دەپ ئۈمىدسىزلىك لېيىغا پاتمىغىن،
تاقىتىڭ بارىچە تەۋرەن، كۇرىشىڭ توختاتمىغىن،
ئالدىنىپ دۈشمەن سۆزىگە نومۇسنى سەن يوقاتمىغىن،
ئىلتىيور قاپقانغا ئاخىر تۈلكە سەيياد ئالدىدا.

بىلىمەن سەندە رەقىبكە بېرىلىشتىن يوق ئەسەر،
ئالدىنىپ قالما رەقىبكە ئاقىۋەت بېشىڭ كېسەر،
تاپسا پۇرسەت بىر كۇنى، شەك يوقكى مۇڭگۇزسىز ئۇسەر،
مەن كۇرەشنى تاشلىمايمەن ئۆلسەم ئەۋلادىم ئۆسەر،
ئىنتىقام دەۋاسى قوزغالغاي شۇندا ئەۋلاد ئالدىدا.

---

① زاغۇ زۇغەن — قاغا ـ قوزغۇن

ۋاخ يېقىندۇر سەۋرى قىل، دۈشمەن يۈرەكنى تىلسىمۇ،
ۋەھشى ھايۋانلار كەبى غۇنچەڭنى قۇربان قىلسىمۇ،
گەرچە بوغۇزىڭدىن زۇلۇم قارمىقىدا ئىلسىمۇ،
ئادەم ـ ئىنسان كۆرمىگەن قاتتىق زۇلۇملار قىلسىمۇ،
نا ھەقىقەتلىك زەبۇندۇر، ئاخىرى دات ئالدىدا.

ئەي كۇچار، ئاقسۇ، خوتەن، قەشقەر تولا قان يىغلىما!
دۈشمىنىڭدىن زارلىنىپ، ئوتلۇق يۈرەكنى تىلغىما!
مېنى كۆپ «كېچىكتى» دەپ باتناپ، بويۇننى تولغىما!
دىلنى ئۈزۈپ، مەيۇس بولۇپ پاك تارىخىڭنى بۇلغىما!
ئىنشائاللا تېز بارۇرمەن چەرخى بۇنياد① ئالدىدا.

مەن بارۇرمەن يەر ھاۋادىن، تەگرى تاغىدىن ئۆتۈپ،
مەن بېرىشقا ۋەدە قىلغان ئانت ئىچىپ قۇرئان تۇتۇپ،
مەن بارۇرمەن دۈشمىنىڭنى تەسلىم قىلىپ ھەم يوقۇتۇپ،
بارىمەن ياتماي پىراقتا: «ئاھ!...» ئۇرۇپ قانلار يۇتۇپ،
ئەركسىزلىك بەك نومۇستۇر ھۆر ۋە ئازاد ئالدىدا.

يارغا يەتمەكلىك ئاسان ئەمەس جان بېرۇر يا، جان ئالۇر،
دىلرەبا ۋەسلىگە ئاشىق قانچە قۇربانلار چالۇر،
بۇنداق ئاشىقلاردىن ئەبەت دۇنياغا مەشھۇر نام قالۇر،
بۇنداق ئاشىقلار مۇھەببەت سازىنى تىنماي چالۇر،
نىمشېھىتلارمۇ تىرىلگەي سازى ئىمداد ئالدىدا.

1947- يىل نويابىر، غۇلجا

---

① چەرخى بۇنياد — مەۋجۇت دۇنيا

# خەت

چىن مۇھەببەتلىك كۆڭۈلدىن مەن يازاي يارىمغا خەت،
دەردى ھىجران ئوتىدا قالغان ئۇ، دىلدارىمغا خەت.

ئاپتاپ ھۆسنىڭگە تەشنا سەن پەرىنىڭ ئىشقىدا،
مۇپتىلا قىلغان جىنىمنى روزى رۇخسارىمغا خەت.

گەرچە مەن مەجنۇن دېسەم تۇرغان يېرىم دەشت چۆل ئەمەس،
جەننەتۇل پىردەۋسىدىن[①] ئول كۆزى خۇمارىغا خەت.

لەيلى دەپ ئىبىتاي دېسەم، لەيلى نېچۇك چۆلدە ياتۇر،
شۇم بوران - چاپقۇن چۆل ئەتكەن بەلكى گۇلزارىمغا خەت.

كۆيمىكىمدىن تاڭ قالۇر پەرھاد، لېكىن مەن تاغدا ئەمەس،
ئۇخلىماي تۈنلەردە ياد ئەتكەن ئۇ، بىدارىمغا خەت.

سىنى «شىرىن» دەپ ئەگەر ئىبىتسام مۇناسىپ بولمىغاي،
خىسراۋ زۇلمىدىن خارابلاشقان ئۇ بازارىمغا خەت.

ۋاھ ... دەرىخا ئويلىسام ئۆتمۈشتىكى ئاشىق ئىشىن،
چۆلدە ئاشىقلار يازاردى باغدا رەيھانىمغا خەت.

---

① جەننەتۇل پىردەۋسى — سەككىز جەننەتنىڭ بىرى

www.uyghurkitap.com

بۇ نىچۇك ھالدۇر يۇرەر مەشۇقى سەرگەردان بولۇپ،
باغۇ - بوستاندىن يازارمەن سۆيگۇ دەپ زارىمغا خەت.

تۇندە ئاي بەرمەكتە دىرەك يارىمنىڭ جامالىدىن،
ئاي ئۆزۈڭ يەتكۇز بىرىپ مەندىن ۋاپادارىمغا خەت.

كاج پەلەكنىڭ قانچە قىلسا ئۆتمىگەي گال كاتىرىسى[①]،
ھىچ كىبسەلمەس مەن ئەگەر يازسام شىكەر خارىمغا خەت.

ئاپئاق بەدەن قىز تاقىسا مەرۋايىت بويۇنچاق تىزىپ،
چىشلىرىڭدىن بەلگە دەپ، يازسام پىداكارىمغا خەت.

نەرە تارتسام غاقىراپ چىقسا تەگرى تاغدىن سادا،
گۇلدۇرلىگەن كۆكتەك بولۇپ يەتسۇن دىل ئەسرارىمغا خەت.

ھور بولۇپ ئاھىم ھاۋانى قاپلىسا ئوتلۇق تۇمان،
«يەر يۇزىن بوشات!» دىگەندەك تەگدى ئەغيارىمغا[②] خەت.

نىمشىپھت تويماس ھاياتنىڭ ئىشقىغا تارتسا ئەلەم،
چۇنكى قەلبىمدىن «ۋەتەن» دەپ ئالدى ئىقرارىمغا خەت.

1947 - يىل دىكابر، غۇلجا

① كاتىرىسى — تۇمۇردىن ياسالغان بالىلار پىچىقى
② ئەغيار — غەيرىي

# قەلەمنىڭ تۇۋىسى

كەچۈر ۋەتىنىم تارىخىمنىڭ قارىسىنى،
ساقايتۇرغىن يۈرىكىمنىڭ يارىسىنى.

مېنىڭ ئىشىم ئەزەلدىن ئىدى ھەقنى يېزىش،
بەش - ئون يىلدىن ئىشىم بولدى «ئورا» قېزىش.

سېنى سۆيگەن ئەۋلادىڭنى «خائىن! » دېدىم،
«ۋەتەن! ......» دېسە «قاراڭغۇ ئۆي جايىڭ! » دېدىم.

تىنچ - خاتىرجەم ياتقۇزمىدىم ھېچ ئادەمنى،
بەختىن بۇزۇپ، يوللاپ پىغان ۋە ماتەمنى.

ھەقىقەتچى بولسا ھەر كىم يا زىيالى،
كېچە - كۈندۈز مەندىن قورقۇش بولدى ھالى.

«دېھقان» دېسە يازدىم ئاڭا تۈرلۈك تۆھمەت،
خوتۇن، ئوغۇل - قىزلىرىغا سالدىم كۈلپەت.

«نىسەن»①گە دەپ يازدىم ئۇنىڭ بار - يوقىنى،
شۇنداق بوغدۇم خەلقلەرنىڭ ھوقۇقىنى.

---

① نىسەن — مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سودىگەرنى تۇنجۇقتۇرۇش تېخى ئوڭاي،
«پىگجا»① دېسەم سارغىيانتى گۈلدەك چىراي.

ئالىملارغا «خۇراپى» دەپ توقۇپ توقۇم،
ھاپىزلارغا خەلق يىغدى دەپ ئاتتىم ئوقۇم.

ئەلنى بوغدۇم ئەركىنگىنە دەم ئالدۇرماي،
چوڭراق تىنسا سولاپ قويدۇم بىر سۆز سورىماي.

«سۆزلىگەننى تىلدىن تۇتۇپ ئاسسۇن! » دېدىم،
«شۇك تۇرغاننى گاڭزىلارغا باسسۇن! » دېدىم.

ئىلدام ماڭسا ئەمىر قىلدىم: «كېسىلسۇن ئاياق! »
ئاستا ماڭسا سېلىنىڭ دېدىم: «قاتتىق تاياق! »

دېمەك، مەندىن ھېچكىم ئامان قالغىنى يوق!
نەگە بارسا ئايىقىغا قازدىم قۇدۇق.

ھېچبىر كىشى ھەقىقەتنى دېيەلمىدى،
مەندىن ئامان قېلىشنىمۇ بىلەلمىدى.

نېمە يازسام «ياخشى! » دېدى قورقۇپ خەلق،
شۇنىڭ ئۈچۈن خەلققە سالدىم سانسىز سېلىق.

بۇ توغرۇلۇق ھېچكىم سوئال بېرەلمىدى،
كۆپچۈلۈك خەلق ھەقىقەتنى سۆزلەلمىدى.

① پىگجا — توختام باھا

قانداق قىلسۇن سۆز قىلىشقا چارىسى يوق،
«لام - جىم» دېسە جايى زىندان ياكى بىر ئوق.

يۈرىكىمگە ياكى خەنجەر سالالمىدى،
خەلقىمىزمۇ بۇ ئەھۋالغا چىدالمىدى.

ئاخىر بولماي بىرلىكتە خەلق قوزغىلىشتى،
«ئازادلىق!» دەپ ھەق مەيدانغا چىلك ئۆيۈشتى.

ئىشقا ئاشتى خەلقلەرنىڭ بۇ تىلىكى،
ئازاد بولدى بۇ ئۆلكىنىڭ بىر بۆلىكى.

خىجىل ھازىر ۋەتەن سېنىڭ ئىلكىڭدىمەن،
«توۋا» قىلدىم ئەپۇ قىلغىن ئالدىڭدىمەن.

نەچچە يىللىق قىلمىشتا مەن جىنايەتكار،
يۈزۈم قارا شەرمەندە ھەم خىيانەتكار.

«توۋا» قىلدىم كەچۈر ۋەتەن، كەچۈر ۋەتەن!...
چۈنكى مەن بىر قۇرۇق تومۇر، جانسىز بەدەن.

بەلكى مېنى ھەر تەرەپكە ئىشلەتكەن قول،
شۇ قولنىمۇ ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن پۇل.

بەلكى جاننىڭ تاناۋىنى تارتىپ قويغان،
بۇ ئۆچىگە شۇ ئىشلارنى ئارتىپ قويغان.

مىنىڭ توۋام كىنايىدۇر يازغۇچىدىن،
«ئاقچىنى» دەپ ھەقىقەتتىن ئازغۇچىدىن.

ئازاد بۈگۈن نىمشىھىتنىڭ ئىلكىدىمەن،
ۋەتەن سۆيەر خەلقچىلىنىڭ سىلكىدىمەن.

1948 ـ يىل يانۋار، غۇلجا

# ئايرىلدىم

ۋاپا دۇنياسىدا مەغرۇر شۇڭقارىمدىن ئايرىلدىم،
مۇرۇۋۋەت بوستانى يېنىدا گۈلزارىمدىن ئايرىلدىم،
سۆيۈملۈك جان ئانام، يەنى جىگەر زارىمدىن ئايرىلدىم،
زامانىنىڭ كاجلىغىدىن جەۋرى ئىلە يارىمدىن ئايرىلدىم،
ئۆسكەن يېرىم ئۆي ھەم ماكان ـ جايىمدىن ئايرىلدىم.

خەلقىنىڭ غەيرىتى كۆپتۇر، ئۈمىدنى زادى ئۈزمەيمەن،
شەرەپلىك تارىخىمنى قارىلاپ مەن ئەھدى تۈزمەيمەن،
يەنە ۋەتەن خەلقىمنىڭ ئەھدىسىنى ئەسلى بۇزمايمەن،
پەقەت گەپ بىر، ياش تۆكمەيمەن، سۆزۈمنى ھەمدە سوزمايمەن،
كۈرەش مەيدانىدا قادىر ئىلى جانىمدىن ئايرىلدىم.

ئۈمىدىم كۆپ بۇ دۇنيادىن قىلۇرمەن تاغنى تاغاقتەك،
رەقىبنىڭ پوستىنى ئاشلاپ، تۇلۇم ئەيلەيمەن ياغاقتەك،
ھارام قان ئىچكۈچىلەرنىڭ تىلىنىپ باغرىنى باغاقتەك،
سۇغۇرسام تىللىرىنى ئاجىز قىلىپ قەلبىنى «قاماق» تەك،
دېمەسمەن دەل شۇ چاغدا گۈل ـ گۈلىستانىمدىن ئايرىلدىم.

ئەدەپسىزلىك دېمەڭ دوستلار مېنىڭ دەۋالىرىم چىندۇر،
زەھەرلىك ئەجدىھانىڭ نەشتىرىن ئېلىشمۇ مۇمكىندۇر،
تىلەكىمگە قوشۇلغان دەردمەندۇر، ھەممىدە مۆمىندۇر،
يېرىم مۇنبەت ھوسۇلى مول ئىگە ئەل ئاچ ۋە مىسكىندۇر،
ئاسارەت كوچىسىدا مەن يېگەن نانىمدىن ئايرىلدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

جاھان ئەھلىگە ئوخشاش يەر يۈزىدە مەنمۇ ئىنسانمەن،
تىرىكلىكتىن ئەسەرلەر قالدۇرۇشقا ھەم تىرىشقانمەن،
تېخى ئۆز ۋاقتىدا دۇنيا بېشىغا تاجىلار قىسقانمەن،
نېمە بولدى، بۇ كۈنلەردە زۇلۇم ئىلكىدە ۋەيرانمەن؟!
ئەجەپ خارلىقتا قالدىممەن، يېرىم جانىمدىن ئايرىلدىم.

تىلەكىمدۇر تەڭرىدىن، كەتمىگەيمەن ئۇشبۇ دۇنيادىن،
يوقاتماي پاك يېرىمدىن تىرىك تاپلار بىخى بۇنيادىن①،
تەلەپ قىلماي تېخى ئاندا زۇلۇم چەككەن خەلق دادىن،
جاھان ئىنىۋانىغا يازدۇرمايىن ئاخىر ئىلىم ئاتىن،
دېگەيمەن شۇندا ھەم: «ساتقۇن تىرىك تاپىم»دىن ئايرىلدىم.

ئېلىم ھوشيارلىقتا، ئېھتىياتتا باسسا ھەر يەرنى،
زەئىپلەرمۇ تەۋەللۇت ئەيلىسە رۇستەم سۈپەت ئەرنى،
ئىككىنچى كۆرمىسە خەلقىم بۇ كۈندەك ئەسكى مەزھەرنى②،
كۆرۈپ خەلقىم سۆيۈنسە ئۆز ئىچىدىن تۈزگەن ئەسكەرنى،
دېمەيمەن شۇندا كەتسەم ئەمدى دۇنيايىمدىن ئايرىلدىم.

مىراس قىلسام ھەم تېخى شۇندا ئەركىنلىكنى ساقلاشنى،
بۇ ئۆتكەن نەچچە يۈز يىللىق قارا تارىخنى ئاقلاشنى،
ئەمەلدە ھەممە بىرلىك باراۋەرلىكنى ياقلاشنى،
ئۆگەنسە خەلقىمىز تارىخنى ئوقۇپ ۋاراقلاشنى،
بۇ ئىشلاردىن بۇرۇن ئۆلسەم، مەن ئارمانىمدىن ئايرىلدىم.

ئەجەپ ياتتۇق ئاسارەتتە، پەلەكتىن ئاشتى «ۋاي داتلار!»
قۇلاق سالمايدۇ بۇ زالىم، تامام خەلق قىلسا پەرياتلار،

① بىخى بۇنيادىن — بىخ ۋە يىلتىزى
② مەزھەر — دەھشەتلىك سەت كۆرۈنۈش

ياۋايىدۇر ئۇ، بىر ئادەم سۈرەتلىك ۋەھشى جاللاتلار،
ئېزىز جانلارنى قۇربان ئەيلىمەكتە بەلكى سەيياتلار،
بۇ شۇم قۇشلارنىڭ زۇلمىدىن چىمەنزارىمدىن ئايرىلدىم.

قۇتۇلماق ئىزدىگەن جانلار قېنى دەريا كەبى ئاقتى،
ئۇنىڭ تەۋەلىرىگە زۇلۇمنىڭ قايتا ئوتلىرىن ياقتى،
ۋاپاسىز شۇم پەلەك ھەم شۇنچە چاغ سول كۆز بىلەن باقتى،
ئىلىم قەلبىدە ئورناشقان ساداقەتلىك ئۆيىن چاقتى،
شۇنىڭچۈن قۇل بولۇپ مەن دەردكە دەرمانىمدىن ئايرىلدىم.

چىدىيالماي ئاخىرى قۇللۇقتا قارشى قايىنىدى ۋىژدان،
جىگەرلەر لەختە - لەختە ھەم يۈرەككە تولغان ئەردى قان،
جىنازا - گۆر - كىپەن قىلماي يۇغۇشتۇرغاچ قارا زىندان،
باراۋەرلىك ساداسىغا قوشۇلماي قالمىدى بىر جان،
كىرىپ مەنمۇ بۇ يول ئىچرە كاساپاتىمدىن ئايرىلدىم.

بىرىپ ئېيتقىن سابا خەلقىمگە غەپلەت ئۇيقىدىن تۇرسۇن!
جاھان خەلقىگە ئوخشاش ھۆرىيەتتىن بازار قۇرسۇن!
ئېزىلگەن ھەممە مىللەتنى بۇ بازارغا ئۇيۇشتۇرسۇن!
چۈشەنمەسلىككە يول قويماي، تورۇپ بىر - بىر تونۇشتۇرسۇن!
يېقىن تارتسۇن كىشىنى، ئېيتسا مەن ئەزايىمدىن ئايرىلدىم.

قوبۇل تۇت ئەھلى دەردمەن نىمشېھىتتىن ئۇشبۇ بۇيرۇقنى!
يوقات تېز بۇ زېمىندىن مۇستەبىتنى ھەمدە قۇيرۇقنى!
تام قوشناڭدىن سوراپ بىل، ئەمەلدە يول ۋە يورۇقنى!
كۆرەش بازارىدا يوق ئەيلىگىن باشتىكى بۇ خورلۇقنى!
تولا ئۇخلاپ قارا باسقاچ قەدىردانىمدىن ئايرىلدىم.

1948- يىل فېۋرال، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# غەزەل

تەنە ئۇرماڭ ئەي قېرىنداش تاڭ يورۇشىنىڭ ئالدى بۇ،
ئاتسا تاڭ، كەتسە قاراڭغۇ، ئاپتاپقا روبىرۇ.

تۈندە ئۇچقان شەپەرەڭنىڭ كۆزى بولسا نابىنا،
تۈندە جەۋلان ئەيلىگەن جىن ئىستىسە ئەلدىن پانا.

ئىنتىزارمەن بۇ يورۇق تاڭ تېز ۋۇجۇتقا چىققۇسى،
يوق بولۇر تۈنلەردە يوتقان ئىچرە جىنلار قوتقۇسى.

قىلما ئازاد بۇلبۇلۇڭنى «ئۇچمىدىڭ!» دەپ- تەنە بەند،
چۈنكى ئازادمەن، قېرىندىشىم قەپەزلەر ئىچرە بەند.

قۇتقۇزۇش بۇرچۇم مېنىڭ قاراڭغۇ زىنداندىن ئۇنى،
بۇ تىلەككە يەتمىگۈچە ئۇخلىمايمەن بىر تۈنى.

سۈندى مەنھۇس شۇم قەپەستە نەچچە بالداق زور بىلەن،
بىكىتەلمەي قالدى سەييياد نا ئۈمىد ھەم تور بىلەن.

جانغا ئاپەت بۇ ھاياتلىق، قالسا قەرداش قۇل بولۇپ،
لايىق ئەمەس بىزگە خۇشال سايرىماق بۇلبۇل بولۇپ.

ئەي قېرىنداش ۋەھىمىدىن يىغما ئىلكىڭ بۇ زامان،
مىنى كۆرمەك ئىستىسەڭ ئال قولۇڭغا زەپىران.

رازى ئەمەس راھىتىمگە ئەلنى ئازاد ئەتمىسەم،
توختىمايمەن بۇ كۈرەشتىن تا ـ ئۆمىدكە يەتمىسەم.

چۈنكى قۇدرەت، شانۇ ـ شەۋكەت، ئارزۇ ـ نومۇس مەندە بار،
نەچچە ۋاقىتتىن يۈز ئۆرىگەن بەخت ـ تەلەي ئەمدى يار.

ماڭا قۇللۇق بەك ئۇ ياتتۇر «ئاھ!...» ئۆتمۈشتىن پاناھ،
ئابرويۇم بولدى قۇربان بۇ نە يەڭلىغ زورگۇناھ.

ئۆرتىدى دىلنى زۇلۇمنىڭ دەۋزىخى دۇنيادا ئىخ،
زۇلمى بىرلەن ھەم يۈرەككە «سەۋرى» دىن سانچىلدى زىخ.

ۋاي، دىمەسلىك پەرز ماڭا، يارسا كۆكرەكنى زۇلۇم،
نا رىزالىق چوڭ گۇناھدۇر، گەرچە بەخش ئەتسە ئۆلۈم.

بەلكى ئەۋلادلارغا مىننەت، گۆر ـ كېپەندىن يوق غېمى،
ھەم جىنازا كۆتۈرۈشكە لازىم ئەمەس ئادىمى.

تېخى ئەۋلاد مال بۆلۈشمەك، تەقسىم ئەتمەكتىن خالاس،
چوڭ مىراسخور بولدى «نىسەن» خەلقتە بىر پۇل ئۇخلىماس.

سەنمۇ بۇندىن ئاز مۇقەددەم مەندىن ئۆتەر خار ئىدىڭ،
گۈل ـ گۈلىستان سۆزى قايدا، ياپرىقىغا زار ئىدىڭ.

قايسى چاغ تۇغدى قۇياش، تۈنتى قولۇڭنى پاسىبان،
بەس شۇ سائەت ساڭا ئازادلىق بولدى ئىنئان ـ داستان.

ئىستىكىمدۇر سەن كەبى ئازاد ياشاش گۈلشەندە شاد،
دەل شۇ مەقسەت ئۈستىدە قىلماقتىمەن تىنماي جىھاد.

ئىنشائاللا، ئەمدى بىغىم ئىچرە ياشنار لالە ـ گۈل،
بولمىغاي بۇلبۇل سىغىنزخانغا، قاغىغا ئۇ چاغدا قۇل.

كۆر چەۋەنداز يەر بۆشۈكتە مەڭگۈ ئۇيقۇ باشلىغاي،
گۈل ۋە بۇلبۇل نالە زارىن شۇندا بىر يول تاشلىغاي.

نىمشىھىتمۇ جامى مەغرۇردىن سادا ـ ئىلھام ئالار،
ئەل تىلىكى بىرلە شۇ چاغ چۇستىغا مىھمان بولار.

1948- يىل ماي، غۇلجا

٢

# سەپەردىكى يارىمغا

تاڭ ۋاقتى يېقىنلاشتى،
جانان ئەمدى تىنچلانسۇن!
شەپەرەڭ پېشىن قىسىپ،
يەر ئۆيگە بېغىشلانسۇن!

ئۈنمىسۇن تىكەن يولغا،
تەگمىسۇن شامال گۈلغا،
جاي ياساڭلا بۇلبۇلغا،
تاللىمايلا جايلاشسۇن!

سۈبھىنىڭ شامىلىدىن،
يارىمدىن خەۋەر كەلدى،
باغ ئىچىدىكى گۈللەر،
دىدىم:
— ياردىن ئايلانسۇن!…

يولىغا قاراپ قالدىم،
ئاخىر ئەمدى ئاتلاندىم،
دەرد تارتقان يۈرەكلەرگە،
يارنىڭ زۈلپى باغلانسۇن!

يەتكۈزگىن سابا يارغا،
گۈللەرنىڭ سالامىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

ئاڭلىغاندا: «ئاھىنى! ...»
چارىسىنى ئويلانسۇن!

ئورماندا سىغىزخاندىن،
ئۈچ باشلىق ئىلان خاندىن.
بىزارمەن ئۇ «مىھماندىن!»
جەھەننەمگە يوللانسۇن!

ئەي باغۋەن بۇگۈن خۇشال،
يار كېلەر پاياندار سال،
زاغلارنى قىلىپ پايمال،
بوستان ئەمدى گۈللەنسۇن!

بىخوتلىقنى سەن تاشلا،
ھوشيارلىقتىن ئاداشما.
يوقالسۇن يالاڭ پاشنا،
ئازازۇللار قوغلانسۇن!

تۇر! ... ئۇخلىما ئويغاق بول!
يار مىنىپ كېلەر دۇلدۇل.
بۇندا سەن خەبەردار بول!
يار تېخىمۇ روھلانسۇن!

ئەي يار بىزگە بول مەشئەل!
ۋاق ئۆتمىسۇن تېزراق كەل!
خەلقچىللىقنى سەن قىل ھەل!
تەشنالار سۇغا قانسۇن! ...

كېلىشىڭگە مەن تەشنا،
چۈنكى سەن ماڭا ئاشنا...
پاك ۋىژدان بىلەن ياشنا...
ئەل يولۇڭغا ئاتلانسۇن!...

ئەلنى «ئەل» دېسەڭ تەھقىق،
ھەممە بولسا بىر تەدبىق.
تىلىكىڭ ماڭا تەستىق،
زاغۇن باشلار يوقالسۇن!

مەن ساڭا تىلەكداشمەن،
چىن كۆڭۈلدىن ئاداشمەن،
قەدىرلىك بىلگىلى ياشمەن،
بۇياقلارمۇ يادلانسۇن!...

سۆزلىسەم دېمە: «ئېسيان!»
چۈنكى مەنمۇ بىر ئىنسان.
شەپقەت بىرلە قىل ئېھسان،
زەرداپ دىلمۇ شادلانسۇن!

ئوي بازارۇ - دۆڭ بازار،
شۇم قۇشتىن تامام بىزار.
كېرەكمەس قۇرۇق مازار!...
ئەلنى ئەل ھېسابلانسۇن!...

قاتتىق سوغۇق قارا قىشتا،
بولمىغان تۇماق باشتا،
دۈشمەن ئۆيدە بىز تاشتا،
بۇمۇ دىلدا ساقلانسۇن!...

باقمىسالڭ ئەگەر سەنىھەم،
ئەھۋالىمغا ئۇرماي دەم.
دەردلىك دىلنى باسقاي غەم،
بۇنداق پىكىر تاشلانسۇن!

زاغ بىلمەس باھار قەدرىن،
ياش بىلمەيدۇ «يار» قەدرىن.
ئەر تونۇيدۇ ئەر قەدرىن،
مەيلى قولمۇ - قوشلانسۇن!

بىغىم ئەسلىدە كۆڭگەي،
دۇنياغا ئەمەس ئۇۋگەي.
كىرەك ئەمدى بىر «رۇگەي!»[1]
دەۋر چاقى قىمىرلانسۇن.

نىمشىھىت نىمە بولدى؟!
بۇگۈن ئۆزىچە كۆلدى؟!
كۈتكەن چاغ يىقىن قالدى …
باشقىلارمۇ جانلانسۇن!…

1949 - يىل سىنتەبر، غۇلجا

---

① رۇگەي — لوق گۆش

# مەرسىيە

(ئەخمەتجان قاسىمى ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن)

نېمە دەپ قىلاي ئەي كاج پەلەك ھېكايىتىڭنى؟!
ئەلگە قىلاي ئەمدى سېنىڭ شىكايىتىڭنى! ،
كۆرگەنمۇ خەلق بىرەر قېتىم ئىنايىتىڭنى؟!
تاشلارسەنمۇ قىلىپ كەلگەن خىيانىتىڭنى؟!

قايسى بىرلەر يوقسۇزلۇقتا جاپا چەككەن،
قايسى بىرلەر شۇم قۇشلارغا بويۇن ئەگكەن،
گاھى گۈلگە باھار بولماي ئۈششۈك تەگكەن،
كۆرسەتمىگەن بىزلەرگە سەن ھالاۋىتىڭنى!...

قىلماق بولۇپ گاھى بىراۋ چۆلنى بوستان،
تىكىپ كۆچەت قىلسا يېڭى گۈل ـ گۈلىستان،
يوللىدىڭ سەن توسالغۇ بوپ جۇت ـ زىمىستان،
كىم بىلمىسۇن سېنىڭ بۇنداق جىنايىتىڭنى؟!

بۇنداق قىلىش ئەسلى سېنىڭ ئادىتىڭدۇر،
ئۆزلۈگىڭچە ياساپ ئالغان سائادىتىڭدۇر.
يا ئۆزۈڭچە قىلغان بىرەر تائەتىڭدۇر،
كىملەر سۆيسۇن سېنىڭ بۇنداق ئالامىتىڭنى؟!

گاھى بىرنى ئاتىسىدىن ئايرىپ قىلىپ،
يا مېھرىبان ئانىسىدىن قايرىپ قىلىپ،
يېتىملىكتىن قانچىلارغا كۆلپەت سىلىپ،
تىكلەرسەنمۇ ئىبىتچۇ ئۆزۈڭ ئىناۋىتىڭنى؟!

«بىر نەچچىلەر: «ئاھ ... بالام!...» دەپ ئوتلار ياقار،
خەستە بۇلبۇل سۆيگەن باغنى قانداق تاپار؟!
بىلىق سۇدىن ئايرىلغاندەك ھوشسىز ياتار،
سۆزلەر ھەركىم ھەركۈن تۈرلۈك مالامىتىڭنى!...

بۇ ئىشلىرىڭ ئەل ئارىلاپ بولار ئىدى،
خەنجەرلىرىڭ يۈرەكلەرنى تىلار ئىدى،
كۆز ياشلاردىن كۆلدەك نەپسىڭ تولار ئىدى،
ۋادەرىخا ئۇنتۇدۇڭ سەن ئادالىتىڭنى!

چۈنكى بۇگۈن ھەممىگە تەڭ قايغۇ سالدىڭ،
كارابىمنى سۇدىن ئىلىپ لايغا سالدىڭ،
ئۆلكىمىزنىڭ خەلقىن بىردەك ۋايغا سالدىڭ،
كىم بىلمەيدۇ سېنىڭ بۇنداق ئاداۋىتىڭنى!؟...

تۇيۇقسىزدىن سالدىڭ بۇگۈن بىزگە ماتەم،
«قايدا كەتتىڭ، ئەخمەتجان؟!...» دەر ھەممە ئادەم.
ئاھ!... جىگىرىم، قېرىندىشىم قاسىم زادەم.
قىزغاندىڭمۇ بۇگۈن بىزدىن ھىدايىتىڭنى؟!

بىزلەر ئىدۇق كۆپ زاماندىن «قۇلنىڭ قۇلى»،
توزار ئىدى باھار بولماي ئەلنىڭ گۈلى،
سايرىيالماي ئۆتەر ئىدى ھەم بۇلبۇلى،
كۆرسىتىشكە باشلىغاندىڭ ماھارىتىڭنى!

تىللار كېسىك، كاناي بوغۇق، دىللار ئۈزۈك،
شۇنداق كەلگەن ئەگرى يوللار بولماي تۈزۈك.
ئەمدى بولاي دېگەن چاغدا ھاۋا سۈزۈك،
كۆرەلمىدىڭ قىزىل گۈلدەك مالاھىيىتىڭنى.

ئۆلكىمىزدە قۇرماق بولۇپ يېڭى گۈلباغ،
خەلقىمىزنى قىلغان ئىدىڭ ئەجەپ خۇشچاغ.
شۇم خەۋەردىن يۈرەكلەرگە ئورنىدى داغ،
بىھوش بولدۇق يوقاتقاچقا سالامىتىڭنى.

ھەر بىر سۆزۈڭ يۈرەكلەرگە داۋا ئىدى،
ئابى ھاۋاغا خوشخۇيلۇغۇڭ ناۋا ئىدى،
سەندەك دانا ئۆلكىمىزگە راۋا ئىدى،
«ئاھ، ھەسرەتا!...» كۆرەلمەيمىز ساماھىتىڭنى.

شۇم قۇشلاردىن باغنى ئازاد قىلغانىدىڭ،
يىرتقۇچلارنىڭ يۈرەك باغرىن تىلغانىدىڭ،
زەھەر تىلىن قارماق بىلەن ئىلغانىدىڭ،
كۆرگەن ئىدۇق سېنىڭ قانچە كارامىتىڭنى.

بەخت ئۇرۇقىنى تەرگەن ئىدىڭ ئۆلكىمىزگە،
ئورتاق ئىدىڭ يىغىمىز ھەم كۈلكىمىزگە،
كاشكى بولساڭ كۆتۈرەتتۇق يەلكىمىزگە،
ئۇنۇتمايمىز ئۆمۈرۋايەت جاسارىتىڭنى.

قانداق قىلاي ئاھ!... جۇدالىق سەندىن بۈگۈن،
پىراقىڭدا قان يىغلىسام كۈندۈز ۋە تۈن،
زەرداپ بولغان يۈرەك بولار قانداق پۈتۈن؟!
خەلق قوپاردى بۈگۈن سېنىڭ قىيامىتىڭنى.

ياش گۈل ئىدىڭ، غۇنچە ئىدىڭ ئېچىلمىغان،
چېچەك - مۇنچاق بولۇپ تېخى چېچىلمىغان،
بويۇڭغا تون ئۆلچەپ تېخى پىچىلمىغان،
كۈن - تۈن يازسام تۈگىمەيدۇ رىيازىتىڭنى.

تۈنتى ئەجەل كۆكتە ئەمەس، يەردە ئەمەس،
تۇمان بۇلۇت ئارسىدا يولۇقتى بەس،
جەسىتىڭنى تاپماق بىزگە خوپ بولدى تەس،
يادلىغانسەن جان ئۆزەردە ۋىلايىتىڭنى.

سىنىڭ ئىزىڭ تېنىڭ قالغان بولسا چۆلدە،
تاغ - داۋاندا دېڭىزبويى ياكى كۆلدە،
تاپارمىز بىز ئىزدەپ يۈرۈپ ئويدا - دۆڭدە،
قىلارمىز بىز ئاخىرسىنىڭ زىيارىتىڭنى.

بۈندىن كېيىن دىدارىڭغا قانالمايمىز،
قەبرەڭ ئۈزرە گۈللەر يايماي تۇرالمايمىز،
«قازا...» دېمەي باشقا چارە تاپالمايمىز،
ئەمما قولدىن بەرمەيمىز بىز پاراستىڭنى.

يېشىڭ كىچىك ئىدى، لېكىن تەدبىرىڭ ئۇلۇق،
ھەر بىر ئىشقا پاراستىڭ ئىدى تولۇق.
كۈتكەندى خەلق سەندىن يورۇقچۇلۇق،
ئارمان بىلەن تاشلاپ كەتتىڭ سابائىتىڭنى.

ۋەدە بەرگەن خەلق سېنى ياقلايمىز، دەپ،
كۆز قارىسى كەبى سېنى ساقلايمىز، دەپ،
سىزىقىڭدا تارىخ بېتىن ئاقلايمىز، دەپ،
ئېلىپ كەتتىڭ ئۈزۈڭ بىلەن شاپائىتىڭنى.

باقالمىدىڭ نارسىدە پەرزەندىڭگە،
شېرىن كەبى يىغلاپ قالغان دىلبەندىڭگە،
ھاياتىنى بەخش ئەتكەن پەيۋەندىڭگە،
چۈشتە كۆرەر ئەمدى ئۇلار گۈل قامىتىڭنى.

گاھى بىھوش، گاھى ھوشيار تۇغقانلىرىڭ،
قاچان ئەستىن چىقار كۈلۈپ باققانلىرىڭ،
مۇھەببەتتىن پىستە - مىغىز چاققانلىرىڭ،
قەدىرلەيمىز ئەمدى سېنىڭ شىجائىتىڭنى.

ھەر ئىشتا سەن خەلق غېمىن يېگەن ئىدىڭ،
خىتاپ قىلىپ: «ئويغان خەلقىم!...» دېگەن ئىدىڭ،
ھەر سۆزۈڭدە بىزگە ئىلھام بەرگەن ئىدىڭ،
ئەمدى بىلدۇق سېنىڭ ھەربىر ئىشارىتىڭنى.

سەن، دۈشمەننىڭ ھىلىسىنى پاش ئەيلىدىڭ،
كۆزلىرىنى كۆرەشلەردە ياش ئەيلىدىڭ،
بىرلىك سەپنىڭ ھۇلىن گاڭ - تاش ئەيلىدىڭ،
بىز ئۆگەندۇق سېنىڭ تۇتقان سىياسىتىڭنى.

ئەل دۈشمىنى ساڭا قانچە قەست ئەيلىگەن،
ئىشىڭ ھەقچۈن تەڭرىم ئۇنى پەست ئەيلىگەن.
ھەر ئورۇندا سېنى زەبەر دەست ئەيلىگەن،
ساقلايمىز بىز سېنىڭ سۇنماس ئىرادىتىڭنى.

ھەممىگە تەڭ كەلدى بۈگۈن دەرد بىلەن غەم،
چارە يوقتۇر باشقا چۈشتى ئېغىر ئەلەم،
تارىخىڭنى يازار دائىم ئالتۇن قەلەم،
ھۆرمەت بىلەن ساقلايمىز بىز ئامانىتىڭنى.

تېنىڭ كەتتى، لېكىن روھىڭ بىزگە يولداش،
ھەر سائەتتە، ھەر مىنۇتتا ئىشتا قولداش،
مەيۇسلەنمە، سەن ئېلىڭدىن، ئەي ۋەتەنداش،
ھېچ بۇزالماس شەيتان سېنىڭ ئىمارىتىڭنى.

بوشقا كەتمەس بىزگە بەرگەن تەربىيىتىڭ،
قولاقتا بار سېنىڭ قىلغان نەسىھىتىڭ،
ئورۇندىلار ئەلگە قىلغان ۋەسىيىتىڭ،
ئۆزۈڭ شۇنداق ئۆگەتكەنتىڭ جامائىتىڭنى.

قانمىغاندى خەلق سېنىڭ جامالىڭغا،
تەشنا ئىدى يەنە كۆپلەر نىھالىڭغا،
يەتكۇزمىدى پەلەك سېنى كامالىڭغا،
ئاڭلاش ئۈچۈن مۇشتاق ئىدۇق پاساھىتىڭنى.

ئەي نىمشېھىت، دۇنيادا ھېچ كامال بارمۇ؟!
«مەرسىيە» دىن ئۆزگە ئىشقا ماجال بارمۇ؟!
«سەبرى» دېمەي بۇ قىسمەتكە ئامال بارمۇ؟!
قەدىردانغا يوللا بۇگۈن ۋاكالىتىڭنى!...

1949 - يىل 5 - نويابر «ئالغا» گېزىتىدىن ئېلىنغان.

# ئالدىدا

1950 — 1971

ئۆزگە جانان نە كېرەكتۇر بىر پىداكار ئالدىدا،
لەۋلىرى گۆھەر نىسار ئەتكەن شېكەر خار ئالدىدا،
سايرىسام بۇلبۇل سۇپەت تۇن ـ كۈن ۋاپادار ئالدىدا،
ئەرزىگەيمۇ نالىشىم ئول كۆزى خۇمار ئالدىدا،
يۈزى گۈل، سۆزى ھەسەل شوخى ستەمكار ئالدىدا.

بولسا مەجنۇن قەلبىگە لەيلى ۋىسالىدىن ئارام،
قانچە يىل «ۋامۇق» ئىبقىپ «ھۇزرا» دېسە مەقسەت مۇدام،
ياكى پەرھاد كۆڭلىدە شىرىنىغا قىلسا ئىھتىرام،
ماڭا ئۇ روبى ئانارىدىن باشقىسى بولسۇن ھارام،
ھېچ گۈزەل كۆزگە كۆرۈنمەس، ئول گۈزەل يار ئالدىدا.

يول تاپالماي نەچچە يىللاردىن قاراڭغۇ تۈن ئارا،
ئول سەنەمنىڭ ئىشقىدا ھەر كۈندە يۈزمىڭ ماجىرا،
ئاقىۋەت بولدى رەقىبلەرنىڭ ئۆيى ماتەم ـ سەرا،
شۇم لەئىن شەرمەندىلىكتىن بولدى ئاخىر يۈزى قارا،
شادلىقىمدىن تىنماي ئىبىتاي ئەرزىمنى گۈليار ئالدىدا.

تاڭ قېتىپ پەرۋانە قالسۇن ئۆرگىلەي بېشىڭنى جان،
ھەم ۋىسالىڭ شەربىتىدىن نۇش ئېتەي كۆرسۇن جاھان،
خۇددى مەستتەك سىرتۆكۈشتە سۆزگە كىرسۇن بۇ زابان،

تەڭ ئەمەستى ھىجرىدىن رەڭگىمگە رەڭگى زەپىران،
ئەندىلىپتەك ئەرزىم ئېيتاي باغدا گۈلزار ئالدىدا.

خەيرىيەت كەڭلىككە تەڭ، ھەققانىيەتكە شادىمەن،
ئەل غېمى ھەم بەختىگە ئورتاقچى دېھقان زادىمەن،
ئەمدى مەن خەلقىم بىلەن ئۈزشىبۇ كۈن ئازادىمەن،
مۇستەبىتلەر كۆزىگە بىر قاتىلى جاللادىمەن،
ئەمدى خەلق تۇرماس گادايدەك تەلمۈرۈپ غار ئالدىدا.

يوق چىمەنزاردا قارغا بىلەن ھوقۇشقا ئورۇن،
سايرىسۇن بۇلبۇل غېمىن ئىزھار ئېتىپ بولماي ھورۇن،
بىز كەبى ئەۋلاد ئۈچۈن ئازاد ۋەتەن بولسا بۇرۇن،
بولماس ئىدۇق رەھىمسىزلەر ئالدىدا تەرى سۈرۈن،
قىسماس ئىدۇق بوينىمىزنى ھېچبىر ئەغيار ئالدىدا.

بولغان ئىدۇق ئەسىرلەر ئەركى جاھاندىن يىنىپسىپ،
دۇنياغا باقتۇرمىغان نا ئەھلى گەردەندىن بېسىپ،
باش كۆتەرسەك يوق قىلاردى، باش كېسىپ، دارغا ئېسىپ،
شۇڭلاشقا زىندانلىرىغا مۇردىلار تولغان سېسىپ،
قان يۇتارمەن ئويلىسام بوچەرخى زەڭگار ئالدىدا.

ھېچقاچان خەلق ھالىغا بىر زەررەمۇ قىلماي نەزەر،
قالدى ماتارىپ يامغۇرىنىڭ تامچىسىدىن بىخەۋەر،
كۆرمىگەن ئوڭ ـ سولدا دۇنيا بولسىمۇ زىرۇ ـ زەۋەر،
دەر ئىدى خەلقىم زۇلۇمدىن «ئەلھەزەر، مىڭ ئەلھەزەر!»
پىرىخۇندەك سۇپ ـ كۆچ ئويناپ كەلسە جىندار ئالدىدا.

دەرت ـ ئەلەمنىڭ كۆپلىكىگە باشتا چاچ ئازلىق قىلار،
گۈل ـ گۈلىستان باغلىرىمنى بىرلەھزىدە سازلىق قىلار،

بىر كۆڭۈل ئاچسا ئەگەر يىللىق ھوسۇل ئازلىق قىلار،
كەيپ ئۈچۈن ئەلنىڭ ھاياتى بىرلە جانبازلىق قىلار،
كۆك ئېگىز، قاتتىق زېمىن، ئولدەم گۇناھكار ئالدىدا.

زاھىرىنى «چومچىغان» دەك ھىلىدىن رەڭ ئەيلىگەن،
ئادىمىنى تۆت ئاياقلىق ھايۋان بىلەن تەڭ ئەيلىگەن،
مەرىپەت دۇنياسىغا قارشى تۇرۇپ جەڭ ئەيلىگەن،
ئەل بەختىنى قارا قىلماق يولىنى كەڭ ئەيلىگەن،
كۆرمەس ئىدۇق بىز كۈن نۇرىنى زەررە مەككار ئالدىدا.

ھەر جاناپلارنى جەنۇبتىن قىلماس ئىدى ئىمتىياز،
پارىخورلۇق تۇخۇمىن ئەكمەك ئادەت ئىدى قىش ۋە ياز،
پارىدىن «ئاخۇن» قىلىپ ئاق باشلا بولسا مەيلى تاز،
خەلققە قىلغان تۆھمىتى ھەم بولمىدى شۇڭلاشقا ئاز،
ھۆلگە ئۇلاشقان چىۋىندەك ئىدى بىسيار ئالدىدا.

خىيانەت ساھەسىدە ھەم يوق ئىدى مىسلى ئۇنىڭ،
چوڭ مۇقەددەس ئىش ئىدى تۆھپە ئەيلىمەك تاپقان نىنىڭ،
نامىڭ ئېيتىلسا ئۇلار بار يەردە قالماس ئارمىنىڭ،
چەشمىدەك ئاقار ئىدى قازىنىغا قىزىل قېنىڭ،
تەلمۈرەر ئىدىڭ بويۇن قىسىپ زېمىندار ئالدىدا.

ھەر تەرەپ كەتمەك ئۆيىن تاشلاپ تۇپەيلى ئىدى نان،
ئىگرىشىپ قالغان سەبىلەر تېنىدىن چىقماي بۇ جان،
زۇلۇمنىڭ دەرياسىدا سەل ئورنىغا گەر ئاقسا قان،
بەرمىگەن شەپقەت يۈزىدىن ئەلگە بىر سائەت ئامان،
كۆنگە قاخلاپ كۆكسىنى يىغلايتتى دىۋار ئالدىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆرتىگەن ئاقباش موماي‌لار قەلبىنى پەرزەنت دېغى،
ھىجرىدىن تىلغان بوۋايلار كۆكسىنى زۇلمەت تىغى،
دۈشمىنىدىن كەتمىگەن خىسراۋ سۆيەت جاللات تىغى،
مۆت كىپەنلەرگە بېغىشلانغان ئىدى شېرىنىنىڭ بېغى،
ياسىمەندەك جادۇگەرلەر ئىدى تەييار ئالدىدا.

باتىنى زۇقۇم بىلەن تولغان يىلاندىنمۇ بەتتەر،
شەپشەكى جادۇغا ئوخشاش شەپقەتتە شاياتۇندىن ئۆتەر،
يەتتە باشلىق يالماۋۇز مەيۇس بولۇپ كەلسە كېتەر،
سىغدۇرالماي دەردنى خەلقىم دەمبەدەم زەرداپ يۇتار،
نان تىلەپ يالغان كېسەل ياتقانتى مازار ئالدىدا.

ئەل ھايات، دۇنيا ھايات ئەركىن تىلەك ھەردەم چېلىش،
شاھ بولۇش مەقسەت ئەمەس خەلقنى پاراغەتلىك قىلىش،
ئەزگۈچى قانخور سەتەمكار بولسا دائىم يوق قىلىش،
ئەلنى «ھايۋان» لىقتىن ئايرىپ ئەل قاتاردا قىلىش،
كونا موزدۇزدەك يالاڭ پۇت قالغان خېرىدار ئالدىدا.

قۇل بولۇپ تۇرمۇش كۆچۈرگەندىن زادى نېمە پايدا بار؟!
ئۆلگىنىڭ ياخشى ئەمەسمۇ ئەرك ئۈچۈن بولغىچە خار!
رەھمى قىلدى بىزگە ئاخىر خەلق كۈچى كەتمەي بىكار،
شۇنىڭچۈن خەلقچىل كىشىلەر بىرلە قىلدى بىزنى يار،
ئەمدى بوي ئەگمەس ئىلىم توغراي دېسە دار ئالدىدا.

ئىككى يۈز يىللىق كۈرەشكە ئۈشبۇ دەۋرىمدۇر يەكۈن،
چۈنكى تەييارتاپ مەرەزلەر جايىنى تاپتى بۈگۈن،
خەلق كۈچىدە مۇستەبىتلەر بولدى تالقان ھەم كۈكۈن،
ئەمدى شەكسىز كەمبەغەللەر نانلىرى بولغاي پۈتۈن،
تەلمۈرۈپ ئىنساپ تىلەپ تۇرماس ساماۋەر ئالدىدا.

ئەي ۋەتەن ئەھلى غەنىيمەت دەۋرىنىڭ قەدرىنى بىل!
تاشلا ھورۇنلۇقنى، باشلا ئىشنى، ھەممىنى ئورنىدا قىل!
سېھرى باغلاپ كەلسە جادۇ، قورقما تۇر، باغرىنى تىل!
چارە يوق «تەقدىر» گە دەپ، زەرداپ يۇتۇپ سەن بولما سىل!
خەلقمۇ سەن ھەم شاھمۇسەن بىلسەڭ بۇ ھەمكار ئالدىدا.

شاخلىسۇن، يىلتىزلىسۇن خەلقىمدە بىرلىك ـ ئىتتىپاق،
ھەممە ئادەم كۆڭلىدە ۋەتەنگە بولسۇن ئىشتىياق،
كىرمىسۇن دۇشمەن ئاراغا، بولمىسۇن دىلدا نىپاق،
ئوقۇسۇن تۇرلۇك بىلىملەر، باسمىسۇن كۆزنى چاپاق،
كۆك يېرىش ھەم سۇ ئۈزۈش بولمايدۇ دىشۋار ئالدىدا.

ھەر كىشى قىلماقچى بولسا ئەل ـ يۇرتنى بەختىيار،
ئىشلىسۇن جان كۆيدۈرۈپ ئىلكىدە باردۇر ئىختىيار،
يېڭى خەلقچىللىق تۈزۈمدۇر بىزگە ئەڭ ئالى شۇئار،
بەرگۇسى بۇ يول ۋەتەنگە ـ خەلقىمىزگە ئېتىبار،
ئۆتمۈشۇم دىلدىن قاچان كەتكەي ئۇ خۇنخار ئالدىدا.

نىمشېھىت ئۆتمۈشنى قوي، سەن دەمبەس قەدەم ئالدىڭغا باس!
ماغدۇرۇڭ بار، ئالدىدا بول، قالما كەينىدە خالاس،
ئېغىرلىق كەلسە گەر، ئىشتا دەۋرىدىن قىل ئىلتىماس،
چۈنكى ھەردەم ئالغا باسماق خەلق ئۈمىدى بىرلە ماس،
ياي خېرىدارلارغا سەن رەختىڭنى بازار ئالدىدا.

1950 ـ يىل ماي، باي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# رەھبەر خاتىرىسىگە

ئەخمەتجان ئىدى جانانىمغا جان،
بەلكى يۈرەكنىڭ تومۇرىغا قان.

ئاھ!... بۇ جان ئىدى يۈرەككە داۋا،
سۆ ئىچەر ئىدى ھەر بىر بىناۋا.

«ئەل ئۈچۈن بۇ جان كاپالەت!» دېگەن،
«ئۆلكەم كۆرمىسۇن مالالەت!» دېگەن.

ئارىمىزدا يوق بولغان ئۇ مەرھۇم!...
ئەمما يۈرەكتە ئۇ قىلغان مەپھۇم.

ئەبدى ساقلىنار كۆڭۈلدە يادىڭ،
بۈگۈن ئەمەلگە ئاشقاي مۇرادىڭ.

ئەي ئېزىز رەھبەر سەن ئىدىڭ بىرنۇر،
يۈرەكلەر سەندىن ئالاتتى ھوزۇر.

ئەلنىڭ راھىتى ئىدى تىلىكىڭ،
خەلق بەختى ئۈچۈن سالغان يۈرۈكۈڭ.

سالغاچ نەزىرىڭ سەن ھەممە تەرەپ،
خەلقىمگە ياغقان سەن بىلەن شەرەپ،

خەلق ئىدى سىنىڭ ھەممە ئارمانىڭ،
خەلق ئىدى سىنىڭ دەردكە دەرمانىڭ.

يىغاڭ ۋە كۈلكەڭ خەلق بىلەن ئورتاق،
سەندە بار ئىدى شۇنداق ھال مۇتلەق.

ئىسمىڭ جىسمىڭغا ئەجەپ مۇناسىپ،
ئۈلكەمدە ئىدىڭ ماھىر بىر كاسىپ.

كۈرەش چاغلىرىدا نامىڭ ئىدى يار،
ئوتلۇق يۈرەككە دائىم مەدەتكار.

سەندىن ئۆگەنگەن ئازادلىق، ۋىژدان،
ئۇنتۇلماس سىنى ئىزىلگەن ئىنسان.

«ئازادلىق!» دەپ تۇرۇپ چىقتىڭ يەڭ،
ھەممە مىللەتنى قىلماقچىدىڭ تەڭ.

يىقىلدى زۇلۇم يەر بىلەن يەكسان،
ئەزگۈچى جانلار باشلىرى سەرسان.

ئەلنىڭ جىنىغا راھەت قوشقانسەن،
چىڭتىماق بولۇپ كۆكتە ئۇچقانسەن.

بەردى خەتەرگە تۇمانلىق ھاۋا،
دىللارنى دەردتە قويدى بىداۋا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(قوغلۇشۇپ ئەجەل ئۇنىڭ قەستىدە،
بىرىپ يەتكەندە كۆكنىڭ ئۇستىدە.)

«سەندىن غىمىم يوق ئەي ئەجەل!» دېدى،
«بىراق ئايرىلىش بىمەھەل!» دېدى.

شۇ بىلەن بولدى ھاياتى تامام،
«ئۇنتۇلماس خەلقىم» دېدى «ۋەسسالام.»

قالدى دىللاردا مۇبارەك ئىسمى،
گاھى چۇشلەردە كۆرىنەر جىسمى.

بىر يىلغا تولدى ئۇنىڭ ۋاپاتى،
تىللاردا جارى تۇرلۇك سىپاتى.

ھىچكىم قالمىدى ھازا ئاچمىغان،
يوق ئۆلكىمىزدە تىلغا ئالمىغان.

بىر يىل مۇقەددەم دىللارنى باسقان،
قايغۇلۇق ماتەم لەۋھەسىن ئاسقان.

ئۇنتۇماس ئۇنى ئىزىلگەن ئەللەر،
ئۆتسىمۇ گەرچە كۆپ ئۇزۇن يىللار.

چۇنكى بولغان خەلق ئۇستازى،
ھەممە خەلق ئىدى ئۇنىڭدىن رازى.

يادىكار قالدى باسقان ئىزلىرى،
ئەمەلگە ئاشار قىلغان سۆزلىرى.

ئەي ئىزىز رەھبەر يېرىڭدە تىنچ يات!
بولماقتا خەلقىڭ بەختىيار ھەم شات!

نىمشىھىت يازدى ساڭا مەرسىيە،
ئالغاچ سىنىڭدىن تەلىم - تەربىيە…

1950ـ يىل ئاۋغۇست، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مەكتەپ ئىلھامى[1]

ئوقۇشنى سۆيۈپ چىن قەلبىدىن بارچە گۆدەكلەر،
جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسىگە يارى - يۆلەكلەر،
ئەتە سەھەر كېلىپ مەكتەپ ئىچىدە چەرخى پەلەكلەر،
ھۆرمەت سىلەرگە ياخشى ئوقۇڭ، ئالىي تىلەكلەر.

چىقسام تۇرىدۇ قاتار - قاتار مەكتەپ دەرۋازىسىدا،
تەرتىپ بىلەن سۆز بارماقتا ئىكەن دەرس بارىسىدا.
قالۇن كەبى، تۈگۈن يوق زىل ئاۋازى ئارىسىدا،
شوخ تۇرمۇشتا خۇددى باھاردەك غۇنچە پورەكلەر.

بالىلىق ھەۋىسى يوقتەك ئۇلارنىڭ كۆرىنىشىدىن،
ئوقۇش كويىدا ئۆز ئارا بىر - بىرىگە يۈزلىنىشىدىن،
خۇرسەنلىكى كۆپ مەكتەپ ئىچىنىڭ گۈللىنىشىدىن،
دىللار كۈلسۇن سىزلەر بىلەن ئەي شوخ يۈرەكلەر.

كەلگۈسى پارلاق مەكتەپنى كىشى قىلسا نىشانە،
دەۋرى تېپىپ بەردى ھاياتقا شەۋكەتۇ - شانە.
بۇ بىلەن ماڭمىسا ئالغا باسالماس ئەگرى پېشانە،
سۈپۈرۈپ تاشلاڭ يولدا يولۇقسا تاشۇ - كۆتەكلەر.

---

① قەشقەر كونىشەھەر 6 - باشلانغۇچ مەكتەپكە بېغىشلايمەن. (ئاپتور)

ۋاقىت غەنىيمەت، ئۆگىنىش سىز ئۈچۈن جانىنىڭ بەختى،
ئىلمۇ ـ ئىرپان ھەر بىر كىشىنىڭ تاجۇ تەختى.
قانچە بويالسا بىلىمى يوقنىڭ ئۆتمىگەي رەختى.
تىرىكتاپ جانلار، تولغ شادىسى يوق ئۆلگەن تىرەكلەر.

خەلقىمنى دېسەڭ، ئۆگىنىشكە راسا باغلا بېلىڭنى،
ئۆگىنىش چېغىدا باشقىغا بۇرىما زېھنۇ ـ دىلىڭنى،
خىزمەت يۈزىدە رازى قىلماق بولساڭ ئېلىڭنى،
مەكتەپ ئىشقىغا دائىم بولغىن پايى ـ پېتەكلەر.

سىرتىدىن كۆردۈم ئالتىنچى ئىكەن مەكتەپ نامى،
جەمئىيەتنىڭ سىزلەر بىلەندۇر ياخشى مۇقامى،
ئەسلى ئوقۇشتا تىكلەنگۈسىدۇر ئىلمىنىڭ قىيامى،
گۈللەر ئۆسىدۇ ۋاقتىدا سۇغا قانسا چۆنەكلەر.

نىمشىھىتىڭلار سىزلەرنى كۆرۈپ كۈلدى دىلىمدىن،
ئىلھاملاندى بۇ مەكتەپنىڭ ياش غۇنچە گۈلىدىن،
تۆھپە ئەتمەك ئۈچۈن ئۇشبۇ قۇرۇق سۆز كەلدى قولىمدىن،
ئوقۇڭ، ئۆگىنىڭ، تىرىشىڭ، ئىشلەڭ كۈچلۈك بىلەكلەر.

1952 ـ يىل نويابىر، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# لەززەت ئالغاندا

يۈرەك بۈگۈن باشقىچە تېپىدۇ،
بىر يوقاتقان ئاجايىپنى تاپقاندەك.
خىرە كۆڭلۈمگە ئىلھام نۇرلار سېپىدۇ،
مەيۈس دىلىمنى ۋىسال ياپقاندەك.

نە ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت كۈلمىگەن كۆڭۈل،
بۈگۈن ئىختىيارسىز چەكسىز بەك خۇشال؟!...
مۇراتقا يەتمەي سولغان غۇنچە گۈل،
بۈگۈن قىسقاندەك بېشىغا نىھال.

يادلاپ ئۆتمۈشنى ـ بەختسىز كۈنلەرنى،
ھەسرەتلەر چېكىپ، غەملەرگە چۆمگەن.
بۈلۈت ئارىلاپ ئىقبالغا قاراپ،
ئۇ غەملەرنى تۇپراققا كۆمگەن.

ياشلىق چاغلىرىم زىبا غۇنچىدەك،
يوق ئىدى ساقال، يۈزۈمدە قورۇق.
تۇتۇن ئىچىدە ياتقان كۆنچىدەك،
شۇم زامان قىلغان كۆكرەكنى يېرىق.

كۆرۈپ بويۇمنى توسقان يولۇمنى،
ھەر بىر دوخمۇشتا مۇھەببەت پايلاپ.

بىرىلگەن ئاتا تاللاپ تويۇمنى،
گاھى تۇتۇلماي كەتكەن ئاۋايلاپ.

ئۇ چاغ مېنىڭ نەق ياشلىق چاغلىرىم،
غۇيۇلداپ ئۆتتى خۇددى باخشىدەك.
ئەمما تېخى بار يۈرەك داغلىرىم،
قەدىرسىز كۈنلەر جىنىنىڭ چۈشىدەك.

كىممۇ قەدىرسىز دېسۈن ياشلىقنى؟ !
ئايدەك نىگارى تۇرسا قېشىدا.
كىملەر يازالىسۇن قەلەم قاشلىقنى؟ !
زۇلمەت قېلىچى تۇرسا بېشىدا.

دېمەك، شۇ چاغنىڭ ئەسىرى ئىدىم،
قىلمىغاچ پەلەك ھەرگىز مۇرۇۋۋەت.
بەختسىزلەرنىڭ ۋەكىلى ئىدىم،
چىرمىغان ئۇچۇن ساختا مۇھەببەت.

تېز ئۆتۈپ كەتتى نەۋ باھار كۈنۈم،
كەچكۈزدە قالغان غازاڭغا ئوخشاش.
دالدىدا قالدى سۆزۈم ھەم ئۈنۈم،
زەيكەش يەردىكى سازاڭغا ئوخشاش.

ئۆمرۈم تولىسى ئۆتتى غۇربەتتە،
ھەر كۈندە يىرتىپ كالىندارىنى.
غەمدە كۈلپەتتە، دەردتە زۇلمەتتە،
كۆزگە سۈرتەلمەي سۆيگەن يارىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەختسىز رەقىپ ئىلكىدە بولغاچ،
ئىنساپقا كەلسە بېرەتتى چاغلاپ.
چىدىيالماي تېخى زەرداپقا تولغاچ،
تاشلايتتى باشقا غەمنى قۇچاغلاپ.

تارتماسقا ئۇنى قانداق چارە بار؟!
بولمىسا قىلچە ئەركىنلىك ھايات.
يۈرەكتە ئىسيات - داغ پارچىسى بار،
بەختلىك كۈنلەر بولغاچ بىزگە يات.

بىزگە شادلىقنى «كۆھىقاپتا» دېگەن،
«يەتتە تىلسىمدىن ئۆتسە تاپقىدەك.»
سۇمرۇغنى تاپماي ئۆتتۇش تەس ئىكەن،
مەڭگۈ ئېچىلماس تۆمۈر قاپقىدەك.

بولغان كۆپ كىشى بۇ يولدا قۇربان،
«ئەسما پەرى» نى چۈشتە كۆرەلمەي.
كېمە يۈرگۈزگەن كۆزدىن ئاققان قان،
زۇلمەت قوينىدىن چەتكە يۈرەلمەي.

مەيۈس كۆڭۈللەر داۋاملىق غەمكىن،
نالە - زارى ھەم بولاتتى ئىسيان.
چۈنكى بوغاتتى سىياسەت كەسكىن،
«ئاھ! ...» دېگەنلەرنى رەھىمسىز سىققان.

ئۆلۈغ ئىنسانلار ئاتالغان: «ئوغرى! ...»
بار يەنەھەرخىل ھاقارەت - بەدنام.
توپ - توز سىزىقتا ماڭسىمۇ توغرى،
ھەر بىر قەدەمدە ئاڭلىغان دەشنام.

ئاڭلىماسمىكىن ياكى خۇدايى،
ئۇلارنىڭ قىلغان ئاھۇ ـ زارىنى.
مىليونلىغان خەلق بولۇپ پىدائى،
قۇربان ئەيلىگەن يوقۇ ـ بارىنى.

بۇنداق گەۋدىلەر، قورايدەك ئورۇق،
تېرە يېپىشقان سۆڭەككە مومدەك.
كۆزلىرى چوڭقۇر، لەۋلىرى يورۇق،
ئاچ ئىدى ئىشلەپ ھېسابسىز قۇمدەك.

چاچ ـ ساقال ئاپئاق، ئارزۇ نۇرلۇق،
باسقان يىللىرى سەكسەن ۋە توقسان.
كۆچەتلەر تىككەن تارتسىمۇ خورلۇق،
كېلەر ئەسىرىگە ياسايدۇ بوستان.

مەغرۇر «جانابلار» قاۋاندەك سېمىز،
ياغ ئالغان مەشتەك قوساق سېلىشقان.
بوغاز چوشقىدەك ماڭالمايدۇ تېز،
ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش ئەمەس ھېچ ئاسان.

پەلەك شۇلارنىڭ رايىچە بولغاچ،
ھەر كۈن تۇغاتتى مۇقەددەس ئايى.
ئېچىتقۇسى كۆپ خېمىرغا ئوخشاش،
ساڭگىلاپ تۇرغان قانسىز چىرايى.

دائىم شۇلارنىڭ قىلغىنى قىلغان،
ساق كۆڭۈللەرنى قىلاتتى يارا.
بوياقچىلارنى قالدۇرۇپ ھەيران،
ئاپئاق چىرايىنى بويايتتى قارا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زىدە كۆكرەكلەر تاپاتتى غەمخور،
غىچىرلىغاندا «ياربىيار» هارۋا.
ئىغىر يۈكلەرنى تارتىشقا مەجبۇر،
بولمىسا ھەمرا بىرغىنا سارۋا.

قاراڭغۇ غارغا يوشۇرۇنغان جىندەك،
ئاياللار ئىدى مۇددەتسىز مەھبۇس.
كۆزى كور ئادەم تارتقان دۇربۇندەك،
رومال ئىچىدە ئۆتەتتى مەيۇس.

بولمىغان ئوخشاش ياشاشقا ھەققى،
ئىلمۇ ـ مەرىپەت بولغان ئىدى يات.
نىسپىي يوق دۇنيا بولماي تەرەققى،
يېرىم شىبھىتتەك ئۆتەتتى ھايات.

ياش بوغۇنلارنىڭ ئۆمرىمۇ ئىسراپ،
ئالماي قوينىغا مائارىپ ھەم پەن.
تۇتۇپ ئالالماي بەختىنى ئاسراپ،
بەكمۇ قىينالغان جاھالەتتە تەن.

ئۆمرىدە ئەسلا كۆرەلمەي راھەت،
قۇرىماي كەلگەن كۆزلىرىدىن نەم.
ھارام قىلىنغاچ بەخت ـ سائادەت،
دۇنيا ئۆلارغا بولغان جەھەننەم.

ھېيت ـ ئايامەلەردە ياتقان ئۆيىدە،
مىراسى مەھرۇمدەك بوينىنى قىسىپ.
ھوزۇر ئالاتتى تامنىڭ تۈۋىدە،
ئاپتاپ نۇرىنى تاپقاندا ئىسسىپ.

كىملەر ئىدى ئۇ، ھەسرەتلەر چېكىپ،
جېنىنى نانغا تېگىشكەن ئىنسان؟!
ئىقبالغا قاراپ كۆزىنى تىكىپ،
تەلمۈرگەنلىرى ئاتالغان ئىسيان.

كىم ئۇ، تۇن بويى كىرپىك قاقالماي،
زالىم پەلەكتىن شىكايەت قىلغان؟!
يېتىم تايلاقتەك ئەمچەك تاپالماي،
مۆڭگۈلۈق بوزلاپ يۈرەكنى تىلغان.

كىم ئۇ، تىنماستىن چاپسا كەتمەننى،
تويماس قورسىقى تۈزۈك بىر قېتىم؟!
ھەر بىر دوخمۇشتا كۆرۈپ دەردمەننى،
چارە تاپالماي قالاتتىڭ يېتىم.

كىم ئۇ، ياش تۆرۈپ يۆكۈلگەن قەددى،
ھاسا بىلەنمۇ تۈزەلمەس گەۋدە؟!
«ئاھ!...» دېگەن ھامان تۆكۈلگەن يېشى،
نالە ـ زارىلەر كەتكەن بىھۇدە.

بىرمىڭ توققۇز يۈز قىرىق توققۇزدا،
سېنتەبىر ئىدى، قۇياش يورىدى.
قاتتىق زىمىستان، ئىسسىق تومۇزدا،
يىغلىغانلارنىڭ ھالىن سورىدى.

ئېچىلدى ھاۋا، يوقالدى تۇمان،
يېڭى ھاياتقا بولدى «بىسمىللا!......»
قىسسىپ كەشىنى لەھەتكە راۋان،
بولدى ئادەمخور بۇزۇق ئىستىللا.

تاڭ ئاتماس تۈنلەر بۇزدى ۋەدىنى،
ئۇيۇق ياقىسىنى يىرتقاندا سۇۋە.
ئېزىلگەن خەلق ئالدى دەردىنى،
تۈپ - تۈز بولغاندا يىقىلماس دۆۋە.

شەرقتىن تۇغۇلۇپ دەردمەنلەر ماهى،
مىسكىن ئۆيلەرگە چاچتى نۇرىنى.
«قوزغال خەلق! دەپ» ئەلنىڭ پاناهى،
جادۇگەرلەرنىڭ قازدى گۆرىنى.

شۇ كۈندىن باشلاپ، گومىنداڭچىدىن،
قۇتۇلدۇق شادلىق ياڭرىدى كۆككە.
فېئودال - زومىگەر ھەم بۇلاڭچىدىن،
ئېلىپ ھېساباب بەردۇق بىز دەككە.

يەر ئىگىسىدىن ئۆسۈم كېمەيتىپ،
تەۋرىتىپ ئاتتۇق يىلتىزلىرىنى.
يۇلۇپ تاشلىدۇق كەلمەسكە قايتىپ،
بۆلۈشۈپ ئالدۇق ئېتىزلىرىنى.

ئىگىلمەس ئەمدى خەلق قامىتى،
پارتىيىمىز بار ئەلنىڭ پاناهى.
بەختسىزلەرنىڭ كەلدى ئامىتى،
ئەرشكە يەتكەچ يىغلىغان ئاهى.

تەنگە سىغمىدى بۇ چاغدا يۈرەك،
ئەزگۈچى كۆلى كۆككە توزىغاندا.
ئېچىلمىسۇنمۇ، غۇنچە ھەم پورەك،
باهار مەۋسۇمى قىشنى بۇزغاندا.

ئەر ـ ئايال ئوخشاش تۇرمۇش پاراۋان،
ئۆز ئەركى بىلەن ھەركىم كەڭتاشا.
«ئەنە، بېيجىڭ!...» دەپ كۆزلەر نىگاران،
ئۇلۇغ پارتىيە ياشا، كۆپ ياشا! . . .

سەندىن سۇ ئىچتى تەشنالار دىلى،
تارتمايدۇ خورلۇق، ئازاپ ـ ئوقۇبەت،
سەندىن نان تاپتى دانىسىزلار گېلى،
كۆرمەيدۇ ئاچلىق ئىككىنچى قەۋەت.

سەندىن كۈچ ئالار دېھقان بىلىكى،
ئەمگەك ئېتىزدا قايىنىغان چاغدا.
سەندىن روھلىنار باغۇەن يۈرىكى،
بۇلبۇللار قوشاق توقىسا باغدا.

سەندىن رۇسلىنار دۇمچەيگەن تەنلەر،
بولغاچقا يولۇڭ خەلققە تايانچى.
سەندىن شادلىنار خورلانغان ئەللەر،
ئەمدى ھايۋاندەك ئېزىلمەس خاڭچى.

سەندىن گۈللىنەر خەلقىم باغلىرى،
چۈنكى دەۋرىڭدە يېتىشتى سۇغا.
سەندىن مىننەتدار ئۆلكەم تاغلىرى،
چىمەنزار يايلاق، كېيىك ھەم بۇغا.

سەندىن نۇرلىنار شائىرلار دىلى،
چۈنكى ھەردەمدە يېتەر ئىلھامىڭ.
سەندىن زوقلىنار بۇلبۇللار تىلى،
چۈنكى ئەركىنلىك بەردى ئىنئامىڭ.

سەندىن جان تاپار ئىمجان يۈرەكلەر،
ئىشىنىمەيمەن قالماس دالدىدا.
بولۇپ ژەتەنگە پايى - پىتەكلەر،
يازسام تىلەكنى داھى ئالدىدا.

1953 - يىل مارت، باي

# بىر دىلبىرىمگە

ئۆلچەپ سىنىڭ بويۇڭغا،
تون تىكەرمەن تويۇڭغا.
بەكمۇ خۇمار بولدۇممەن،
جانان سىنىڭ خۇيۇڭغا.

كۆيۈپ پىشار يۈرۈكۈم.
سىنى كۆرمەك تىلىكىم،
خۇشخۇيلۇغۇڭ تەسۋىرلەپ،
يىزىپ تالماس بىلىكىم.

شىر ـ شىر قىلىپ سۇ ئاقسا،
خەستە كۆڭۈلگە ياقسا.
نىمە بولغاي قارا كۆز،
مەجرۇھ كۆڭۈلگە ياقسا.

ئاخىر بىرىپ كۆرەرمەن،
قول ئىلىشىپ يۈرەرمەن،
«بولدۇم ئۆزۈڭ تەشنا!» دەپ،
تا قانغىچە سۆيەرمەن.

پەلەك ماڭا نەزەر سال!
يۈرىكىم ياش، ئۆزۈم چال.

مەجنۇن كەبى بولۇپمەن،
«مەشۇققە تېز خەۋەر سال!...»

تۇرغان يېرىم ئىدى تۇن،
بولدى يۈزۈڭ ماڭا كۈن،
«تۇيدۇرماستىن كۆرەي!...» دەپ،
چىقارمىغان ئىدىم ئۈن.

بولدۇم ئەجەپ خۇمارى،
نامىڭ قىلدىم تۇمارى،
بىر كۆرمىسەم يۈزۈڭنى،
بولماس ئۆمرۈم باھارى.

بىر كۆرگىلى تەلەپكار،
مەستانىلىك ئەمەس ئار،
گۈل يۈزۈڭنى كۆرۈشكە،
بىر كۈن پەلەك بولۇر يار.

سوراپ بارسام بازارغا،
ئالسام قەلەم يازارغا،
تاكى سېنى كۆرمىسەم،
بارمىغايمەن مازارغا.

ئىزدەپ چىقىپ سەنەمنى،
كەزسەم تاغۇ ـ بەنەمنى،
باقسام خۇمار كۆزىگە،
تاشلاپ دىلدىن ئەلەمنى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەن ئاشنا مەن ئۈزۈڭگە،
شېرىن ـ شېكەر سۆزۈڭگە.
جانىنى پىدا قىلايمەن،
ئىككى قارا كۆزۈڭگە.

ئايغا ئوخشاش يۈزلىرىڭ،
دىلغا چىراغ كۆزلىرىڭ،
مەجرۇھ دىلنى ساقايتتى،
سېنىڭ قىلغان سۆزلىرىڭ.

كۈلۈپ باقتىڭ ماڭا سەن،
كۆرمەي كۆيدۈم ساڭا مەن.
ھەقىقىتى بار بولسا،
پىدا بولسۇن جانۇ ـ تەن.

مەن خورلانغان چېغىمدا،
دۈشمەن تۇرغان بېغىمدا.
ئۇچۇپ كەلدى لاچىنىڭ،
ئاسمان پەلەك تېغىمدا.

ناھەقىقەت ئالدىدا،
تۇرار ئىدىم دالدىدا،
تۆھپە قىلدىڭ ھاياتلىق،
جان بېرىشىڭ ئالدىدا.

سۆيگۈ ئوتۇڭ تۇتاشتى،
شۇم بويلار سولاشتى.
پەرۋاز ئۇرۇپ شۇ چاغدا،
بۇلبۇل گۈلگە ئۇلاشتى.

ۋەتىنىمنىڭ ساماسى،
ئەجەپ خۇشخۇي ھاۋاسى،
زىدە بولغان يۈرەكنىڭ،
ئۇ يەردە بار داۋاسى.

مىنىڭ دەردىم ئىچىمدە،
سۆيگۈم تۇرار بىيجىڭدە.
نىسىپ بولسا كۆرەرمەن،
يىقىن پۇرسەت ئىچىندە.

بىيجىڭدە گۈل ئىچىلدى،
بويى كىلىپ چىچىلدى،
نىمشىھىتنىڭ كۆڭلىمۇ،
باھار بولۇپ ئىچىلدى.

1953 ـ يىل ئاپرىل ، باي

# ئۇسسۇل

ئەي مېنىڭ سۆيگەن جانانىم ئۇسسۇل،
قەلبىم ئۆيىگە مېھمانىم ئۇسسۇل.
تەشنا يۈرەكتە ئارمانىم ئۇسسۇل،
كۆيگەن كۆڭۈلگە دەرمانىم ئۇسسۇل.

سەن ئۇسسۇل مېنىڭ قەدىرلىك دوستۇم،
چۈنكى سەن بىلەن تۇغۇلۇپ ئۆستۇم،
سۆيۈنەر كۆرسە تېنىم ھەم پوستۇم،
ئازاد بۇ كۈندە دەۋرانىم ئۇسسۇل.

نەقەدەر لەزىز ھەريان ئىرغىسا،
بەللەر ئېگىلىپ پۇتلەر سىبجىسا،
نازۇك غۇنچىدەك شاخنى تولغىسا،
كۆزۈمگە قۇۋۋەت ئارامىم ئۇسسۇل.

تالنىڭ شېخىدەك مەيىن شامالدا،
يىپەكتەك چاچلار يەلپۈنسە زالدا،
مەنمۇ ئوينىسام كەيپى شوخ ھالدا،
قىلغايمۇ قوبۇل سەرۋازىم ئۇسسۇل.

پەرۋاز ئەيلىسە قۇشلاردەك ئۇچۇپ،
خۇمار كۆزلەردە مۇھەببەت قۇچۇپ.

مەستانە دىللار تۇرالماس چۆچۈپ،
ئەۋرىشىم تەندە جەۋلانىم ئۇسسۇل.

مەجنۇن تال خىجىل لەتاپىتىڭگە،
نەرگەس چىدالماس قىياپىتىڭگە،
بۇلبۇل تاڭ قالۇر لاياقىتىڭگە،
تاقەت قىلالماس قارارىم ئۇسسۇل.

ئورۇنلىيالماس ھەر قانداق كىشى،
جانغا ئوت سالۇر تەۋرەنسە قېشى.
خەستە دىللارنىڭ تۆكۈلەر يېشى،
غەمدە خۇشلۇقتا جەريانىم ئۇسسۇل.

تونۇتتۇڭ بۇگۇن جاھانغا مېنى،
يىراق دۇنياغا مېھمانغا مېنى.
شۇنىڭچۇن دائىم ھۆرمەتلەپ سېنى،
تەرىپلەر يازاي داستانىم ئۇسسۇل.

ئەزەلدىن مىراس سەن ماڭا جېنىم،
سەن بىلەن يۇغۇرۇلغان تېنىم ھەم قېنىم.
شەرەپتۇر ماڭا سېنى سۆيگۇنۇم،
شېرىن ئىشقىدا پەرھادىم ئۇسسۇل.

ئانىدىن بىزلەر بىللە تۇغۇلغان،
قەددى ـ قامىتىم ئوخشاش قۇرۇلغان،
تۇنقۇن چېغىمدا بىللە بوغۇلغان،
دەردتە ـ كۆلپەتتە ھەمراھىم ئۇسسۇل.

ئۆتمۈشتە سېنى كۆزگە ئىلمايتتى،
ئالەمدە بەلكىم سۆزمۇ قىلمايتتى،
ئەمما ئېسىمدىن زادى چىقمايتتى،
قۇللۇق ھاياتتا ئەسرارىم ئۇسسۇل.

ئۆلۈك تەنگە جان قىلغاندەك ئاتا،
تىرگۈزدى سېنى ئەۋلادىم يانا،
ئۇنىڭدىن ئايرىپ قاراشتۇر خاتا،
قەددى سەرۋىدەك شەمشادىم ئۇسسۇل.

گۈزەل غۇنچىلار نازغىپ ئوينىسا،
ھەريان تولغۇنۇپ غىر - غىر سويلىسا،
قۇرغۇيدەك ئۇچۇپ سەھنە بويلىسا،
باغدا سەنەمدەك سەيلانىم ئۇسسۇل.

ئىنساپ كۆزىدە دوستلىرىم كۆرگەن،
ئاۋايلاپ قونغان كىرنى سۈپۈرگەن،
ئاندىن ئۇ سېنى سۈدەك سۈمۈرگەن،
غەربىي زالدىكى ئىسپاتىم ئۇسسۇل.

گۈل بىلەن بۇلبۇل تېپىشقان كەبى،
ياكى ئانىنى تاپقاندەك سەبى،
ئوخشاش يورىغان كۈندۈز ھەم شەبى،
دېسەم ھۆر بىلەن غىلمانىم ئۇسسۇل.

ئۇسسۇلچى سېنىڭ ئاۋازىڭ گۈزەل،
يۈزۈڭگە قىلغان پەردازىڭ گۈزەل،
لاچىندەك چاققان پەرۋازىڭ گۈزەل،
ئالدىڭ سەن مېنىڭ مەيلانىم ئۇسسۇل.

كىيگەن كۆينىكىڭ مەشرۇ - يىپەكتىن،
خۇشخۇي ئوينىشىڭ ئۆتەر يۈرەكتىن،
قىيا بېقىشىڭ غۇنچە پورەكتىن،
ئارامجانىم، گۈلزارىم ئۇسسۇل.

سېنى كۆرگەندە دىللار ياشنىدى،
شەھلا كۆزۈڭدىن ئوتلار چاقنىدى،
مەيۈس كۆڭۈللەر غەمنى تاشلىدى،
يەنە ئۆستۈرەر ئەۋلادىم ئۇسسۇل.

ئاغزىڭ ئېچىلغان يېڭى غۇنچىدەك،
چىشلىرىڭ خۇددى تىزغان ئۈنچىدەك،
ساڭا تەلمۈرۈپ بولدۇم كۈنچىدەك،
ئىشقىڭدا ئېيتاي گۈليارىم ئۇسسۇل.

نىمشېھىت سېنى ھۆرمەتلەر ئاقلار،
شېئىرلار يېزىپ يۈرەكتە ساقلار،
قەدرىڭنى ئەسلەپ دائىما ياقلار،
سەنمۇ ئۇنۇتما دىلدارىم ئۇسسۇل.

1954ـ يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى

# قېيىقچى بوۋاي پىلك

( باللادا )

ئەمدىلا باغلاپ ئۇ چال قېيىقنى،
كۆزدىن كۆچۈرۈپ تۇتقان بېلىقنى.

قىرغاققا يېڭى چىقىپتىكەن ئۇ،
مىلتىق تۇتقان بىرسى تۇرۇپتۇ.

بېشىدا شەپكە، يۈزى ئۇزۇنچاق،
شەپكە قىرىغا تىزىپتۇ مۇنچاق.

ياپما قاپاق ھەم كۈۋا بۇرنى،
ئىنچىكە بويۇن خۇددى بىر تۇرنى.

تۆت بۇرجەكلىك بىر كۆزى جىرتاق،
كۆزەينىكى بار بىر كۆزىدۇر ساق.

چوقۇر، قارا، ھەم سەپكۈل يۈزلۈك،
تەتۈر پېشانە، سەت ئورا كۆزلۈك.

قانسىز چىرايى كېسەككە ئوخشاش،
ئۈركۈپ كەتكەن ئېشەككە ئوخشاش.

تېز - تېز باقىدۇ ئۇ، ئارقىسىغا،
دۇربۇندا يانا دېڭىز ياقىسىغا.

خەنجەر يېنىدا تىغى پولاتتىن،
— كىم سەن، بۇ قەيەر؟! — دېدى توساتتىن.

— پىڭدۇر ئىسمىم — دېدى قېيىقچى،
— ئاتا كەسپىمدۇر تېخى بېلىقچى.

تەيۋەن يېرىنىڭ دېڭىز بويى بۇ،
شېرىن - شەربەت ئېسىل سۈيى بۇ.

تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئېسىل ماكانىم،
گۈزەل ۋەتىنىم ھەم جانۇ - جانىم.

نامى مەشھۇر جاھانغا جۇڭگو،
شانۇ — شەرىپى ھاياتى مەڭگۇ.

بىر ئۆلكىسىدۇر ئۇنىڭ بۇ تەيۋەن،
شۇندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر ئەر مەن.

شۇڭلاشقا بۇ يەرگە بىر پاسىبان مەن،
بۇ ئىش بىلەن ئەلگە داستان مەن.

مەغرۇر ئېيتاي: ئەر ئوغلى ئەر مەن،
يۇرتنى ساقلاشتا گوياكى شىر مەن.

سەن كىم نە ئۈچۈن قورال قولۇڭدا؟!
شۇملۇق كۆرۈنۈپ تۇرار يولۇڭدا.

يالغۇز قالغان قاراقچىمۇ سەن؟ !
ياكى جاسۇس ماراقچىمۇ سەن؟ !

كىملەرنى بۇلاپ، بېشىنى كەستىڭ؟ !
نېمىدۇر بۇندا كېلىشتىن قەستىڭ؟ !

ئىسمىڭ نېمىدۇر، سەن راستىنى ئېيت؟ !
يالغاننى قوشۇپ ھېچ قىلمىغىن قەيت!

بۇگۈن بولدۇڭ، بىلگىن ماڭا سەيت،
يوقتۇر قۇتۇلۇش ئۈچۈن ساڭا پەيت.

سۆزلىگىن چاپسان تەتۈر پېشانە!
بۇ يۈرۈشىڭدىن نەدۇر نىشانە؟ !

يات ئادەمنىڭ بۇزۇلدى تەرى،
كۆزىدىن ئوت چاقناپ كەلدىلەر قەھرى.

— نېمە ھەققىڭ بار سوئال سوراشقا،
مەندەك كىشىنىڭ يولىن توراشقا؟ !

مەندۇرمەن سېنىڭ چوڭ پادشاھىڭ،
سەن بىئەدەپنىڭ كۆپتۇر گۇناھىڭ.

ئاڭلاپ قوي! ئېتىم ئېرۇر مېنىڭ جياڭ،
پۈتكۈل جۇڭگوغا مەن بىر ۋېييۈەنجاڭ.

چال ئاڭلاپ دېدى:
— ئەڭ زور ھاماقەت!
يالغاننى سۆزلەش سەندىكى ئادەت!......

مەرد بار بۇ شەھەردە ئۇنىڭ ئىسمى جياڭ،
ۋېيىۋەنجاڭ ئەمەس، بەلكى ئۇ، شەنجاڭ.

ئاڭلىسا سېنىڭ بۇ خىل سۆزۈڭنى،
شەكسىز ئويىدۇ ئىككى كۆزۈڭنى.

ھەيدەپ بارىمەن سېنى ئۇنىڭغا،
تويىسەن قاراقچى شۇ بولغىنىڭغا!

تۇرۇشىڭدا ئۆزۈڭ بىر كاتتا ئەخمەق،
پۇلنى دەپ قىردىڭ ئەلنى كۆپ ناھەق.

بىلەلمەي قالدى سوراق بىلەن چال،
ئۆزگەرگەن ئىدى بۇ چاغدا ئەھۋال.

كەلدى قول - چوماق، ئۇياق - بۇياقتىن،
مىلتىقى بارلار يېقىن - يىراقتىن.

ھەر بىرى ئاچكۆز چىلبۆرە ئوخشاش،
كۆزلىرى چوڭقۇر بىر ئورا ئوخشاش.

قورشىۋالدى جياڭ، ئۇ، قېرى چالنى،
بايقىشىپ بۇندا بولغان ئەھۋالنى.

جياڭ جيېشى دېدى سۆزۈپ قاپاقنى،
سۆرتۈپ كۆزىدىكى لەش ۋە چاپاقنى:

— كوممۇنىست ئىكەن، بۇ چالنى تېزتۇت!
بېشىنى ئالغىن، ئۆيىگە قوي ئوت!

كوممۇنىست بۇ، بىر بالايى ـ ئاپەت؛
نەگىلا بارسا يۇقار كاساپەت.

يەردە، ھاۋادا، سۇدا، يوقتۇر پەرق،
نۇرغۇن كىمىنى قىلىشتى ئۇ، غەرق.

تىنچىتمىدى ئۇ ھەم سامالىيوتتا،
كۆپ ئايروپىلاننى كۆيدۈردى ئوتتا.

مەن ئايروپىلانغا چۈشەر چېغىمدا،
شاڭخەينى تاشلاپ قاچقان چېغىمدا.

خوپ تەكشۈرگەن مەن ھەممە ياقنى،
كىملەر گۇمانلىق ۋە قايسى ساقنى.

كوممۇنىستلاردىن يوق ھېچ ئىز،
ئاسماننى يېرىپ ئۇچار ئىدىم تېز.

ئوت قويدى شۇ چاغ بىرسى تۇيۇقسىز،
بىلدىم چارلىشىم ئىكەن تولۇقسىز.

نەگىلا بارماي قۇتۇلمىدىم مەن،
لېكىن ئۇنىڭغا تۇتۇلمىدىم مەن.

مەندىن باشقىسى ھەممىسى نابۇت،
ئايروپىلان بولدى خۇددى بىر تاۋۇت.

كۆكتە يولۇقۇپ بالا ـ قازاغا،
گىرىپتار بولدۇم ماتەم ـ ھازاغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«بەختىم بار ئىكەن» قالدىم سالامەت،
بۇ يەرگە كەلسەم بۇخىل مالامەت.

تازىلاش كېرەك بۇ يەرنى تېزدىن،
ئىبرەت ئالسۇن ئۇ، بار، زەربىمىزدىن.

يوقۇتۇلسۇن ھەر گۇمانلىق ئادەم،
يەتكۈزەلمىسۇن بىزلەرگە ماتەم.

تازىلاش ئەترىتى ئالدىغا باسسۇن!
بۇنداق چاللارنى تېزدارغا ئاسسۇن!

چال دېدى:
— بىلدىم سەن ئورا كۆزنى.
جىياڭ جىيېشى دېگەن سەت قارا يۈزنى.

دۈشمەنگە بېرىپ ئىتائەت ئەتكەن،
ئۆز ۋەتىنىگە خىيانەت ئەتكەن.

ئۆز مىللىتىنى توپلارغا تۇتقان،
ئادىمگەرچىلىكنى قويماي ئۇنۇتقان.

قورقمايمىز بىز ئۆلۈمدىن ئەسلى،
چۈنكى باتۇردۇر ئېلىمىز نەسلى.

بىرىمىز ئىزىغا مىڭىمىز تەييار،
ھەممىگە مەلۇم دىلدىكى ئەسرار.

ئۆلسەم ئورنۇمدا قالار ئىزىم بار،
ئەتتىمنى ئالار ئوغۇل ـ قىزىم بار.

بوينۇڭغا سالار ھەم تەۋقى ـ لەنەت،
ئوقۇر نامىڭغا ھەممىسى نەپرەت.

سەندەك بىر خائىن چايان قولىدا،
ئۆلسەم ئارمان يوق ۋەتەن يولىدا.

ئۇلۇغ شەرەپتۇر بۇخىلدا ئۆلمەك،
بولدۇم قولۇڭدا تىرىك كۆمۈلمەك.

دېدى، كېسىلدى، تېنى بىلەن باش،
تۆكۈلدى قېنى قىزىلگۈل ئوخشاش.

ئاڭلاپ نىمشىبھەت بۇ ۋەھشى ھالنى،
تونۇتتى ئەلگە پىدائىي چالنى.

1954 ـ يىل نويابىر، باي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قىز

نازۇك چىۋەر چاققان قىز،
جانغا ئوتنى ياققان قىز،
كىرپىكىدە ئوينۇتۇپ،
قىيا كۆزدە باققان قىز.

ئۇقتۇرماستىن سىرىنى،
تاشلاپ كۆزىنىڭ قىرىنى،
ئۇيالدۇرۇپ پەرىنى،
ناز ئۇيقۇدا ياتقان قىز.

تال چىۋىقتەك بويۇڭغا،
قىرغاۋۇلدەك خۇيۇڭغا،
كۈچۈم يەتمەي تويۇڭغا،
يېشىم سۇدەك ئاققان قىز.

لىۋىڭ لەئلى مارجاندۇر،
قېشىڭ جادۇ قىيغاندۇر،
ئەسلىڭ بەلكى ئىنساندۇر،
هۇرلەر بىلەن تۇققان قىز.

قېلىچ ئوخشاش قېشىڭدىن،
مەن ئايلىناي بېشىڭدىن،

يىراق قىلما قېشىڭدىن،
كۆلۈپ قويۇپ قاچقان قىز.

ماڭا قاراپ قويمايسەن،
ئاينى ئېلىپ ئوينايسەن،
ئەھۋالىمنى سورىمايسەن،
مەرۋايىتلار تاققان قىز.

سىيا زۇلپۇڭ ئەنبەردەك،
كۆز قارىشىڭ شەمشەردەك،
كىرپىكلىرىڭ خەنجەردەك،
كوھىقاپتىن چىققان قىز.

ئەي رەھىمسىز نادان قىز،
ئىنسانلىقىڭ گۇمان قىز،
پەرىزاتمۇ ئاناڭ قىز،
كۆز ئوقىدا ئاتقان قىز.

باغقا بارساڭ بارارمەن،
ئىشلىرىڭغا يارارمەن،
بىللە ئالما ئۈزەرمەن،
ئالما بىلەن ئاتقان قىز.

كېچە - كۈندۈز يىغلىدىم،
يۈرىكىمنى داغلىدىم،
نە دەپ ئۈمىد باغلىدىم،
بۈتتەك بولۇپ قاتقان قىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىزدەپ ئېيتتىم پەرسەن،
قوشۇلماقتىن نېرسەن،
جاللاتلارنىڭ پىرسەن،
ئاشىقىنى ساتقان قىز.

تۇزمۇ خىجىل نازىڭدىن،
بۇلبۇل غەمدە سازىڭدىن،
گۇل غۇنچىسى ئاغزىڭدىن،
ئەگمە قاشنى ئاتقان قىز.

بەكمۇ كۆيدۈم سەن قىزغا،
پەرىنزاتقا تەڭ قىزغا،
تەڭ ئىشلىسەم ئېتىزغا،
كەھرىۋادەك تارتقان قىز.

قەتلە قىلما داغىڭدىن،
قۇرۇق قويما باغىڭدىن،
خۇشال پۇرسەت چاغىڭدىن،
ئاينى كۇنگە چاققان قىز.

ئاينى كۆرۈپ يىراقتىن،
قىينىلىمەن پىراقتىن،
قاراپ قويۇپ نېراقتىن،
قۇرغۇي بولۇپ ئۇچقان قىز.

دەردىڭ ئېشىپ دەمبەدەم،
بولدى جانغا مىڭ ئەلەم،
كېچە بىدار، كۇندۇز غەم،
قامىتى ياراشقان قىز.

هەر باھارنىڭ يازى بار،
يۈزمىلىڭ تۈمەن نازى بار،
گۈل ۋە بۇلبۇل سازى بار،
ھەممىسىنى يىغقان قىز.

باشقىلارنى كۈلدۈرۈپ،
مېنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ،
كۈندە يۈزمىڭ ئۆلتۈرۈپ،
چاقماقتا ئوت چاقان قىز.

رەھمە قىلىپ جېنىمغا،
بىر كەلمىسەڭ يېنىمغا،
زامىن بولىسەن قېنىمغا،
قونچاقتەك ئويناتقان قىز.

چىدىيالمايمەن كۆرمىسەم،
كۆزۈمگە بىر سۈرمىسەم،
قول ئېلىشىپ يۈرمىسەم،
مۇرادىنى تاپقان قىز.

كۆرسەم كېتىمەن ھوشۇمدىن،
قولغا قونغان قۇشۇمدىن،
سۆزلىيەلمەيمەن چۇشۇمدىن،
ئەقلىم ئېلىپ قاچقان قىز.

كۆرەلمىسەم ئاشار غەم،
پىكرى ـ يادىم دەر سەنەم،
ئۆزۈم بىھوش كۆزۈم نەم،
ھۆسنى بەك ياراشقان قىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىر كۆرستىپ قېشىڭنى،
ئۈنچە تىزغان چىشىڭنى،
چايقاپ قويدۇڭ بېشىڭنى،
مېنى بوزەك تاپقان قىز.

شەرەت بىلەن «كەت!» دەيسەن،
ھالىمغا ھېچ يەتمەيسەن،
خىيالىمدىن كەتمەيسەن،
كىم شۇنداق ئوقۇتقان قىز؟!

بۇلاق دەيمۇ كۆزۈڭنى،
قۇياش دەيمۇ يۈزۈڭنى،
بىر ئاڭلىسام سۆزۈڭنى،
دوستىنى ئۇنۇتقان قىز.

مېنى شۇنداق قىينامسەن؟!
رەقىب بىلەن ئوينامسەن؟!
ماڭا بويۇن تولغامسەن؟!
جاننى دارغا ئاسقان قىز!...

چارە يوق بۆلەك مەندە،
رەھمى بارمۇ ھېچ سەندە؟!
قىلما مېنى شەرمەندە،
سۆيگىمدىن ئاداشقان قىز.

تالڭ ئاتسا قىلىپ نالە،
چىرايىم سىبرىق لالە،
ياشقا تولدى پىيالە،
يىشىمدىن ئۇيانقان قىز.

كېچە بولسا بىدارمەن،
ھۆسنۈڭگە خېرىدارمەن،
ۋەسلىڭدىن ئۈمىدۋارمەن،
ئىشقى ئوتىنى ياققان قىز.

يېنىمدىن ئۆتۈپ ھەريان،
ئەقلىمنى قىلىپ ھەيران،
ئەل ئىچرە قىلىپ ۋەيران،
قېرىغاندا تاپقان قىز.

سەن ئۆتسەڭ خىرام ئەيلەپ،
يېشىمنى راۋان ئەيلەپ،
دۇنيانى ھارام ئەيلەپ،
ماڭسام ئاستا قاچقان قىز.

غۇنچە بويلۇق كۈمۈش تەن،
سۆزۈڭ شېكەر ـ لېۋىڭ قەن،
باغ ئىچرە قىزىل گۈلشەن،
لاچىن كەبى ئۇچقان قىز.

گۈلشەن ئىچرە سەن بىر گۈل،
شېخىڭغا بولاي بۇلبۇل،
ئۆمرۈم بويى بولاي قۇل،
ھەق شۇنداق ياراتقان قىز.

خەلقى ئالەم كۈلىشەر،
بەلكى زاڭلىق قىلىشار،
باشقا كەلسە بىلىشەر،
ئاي چىراي تالاشقان قىز.

«قىرى!» دەپ قاراپ قويماي،
ياكى سەل ماراپ قويماي،
ساقىلىم تاراپ قويماي،
قۇتۇلمايسەن چاققان قىز.

قار ئاستىدا قالغان باش،
چېچىم ئاپئاق، ئۆزۈم ياش.
قىزلارغا ئاتارمەن قاش،
ئىستىكىنى تاپقان قىز.

كۈندۈز دېسەڭ كۈندىمەن،
كېچە دېسەڭ تۈندىمەن،
نەدە بولساڭ شۇندىمەن،
ئاپىسىدىن قورققان قىز.

نىمشىبھتنى لال قىلدىڭ،
قامىتىنى دال قىلدىڭ.
ئەسلىدە ژابال قىلدىڭ،
ئىشىق بىلەن سىناشقان قىز.

1955- يىل مارت، ئۈرۈمچى

## مۇھەببەت سەۋداسى

ئۆزۈمنى چاغلىماي كۆڭلۈمنى بەردىم مەن ساڭا ئەي يار،
شىكايەت ئەيلىمەكتە ھەر تەرەپتىن دوست بىلەن ئەغيار.

ساڭا بەرگەن كۆڭۈلنى قايتۇرۇپ ئالماق ئەمەس مۇمكىن،
تېخى جېنىم تەسەددۇق، كۆيگىنىمنى ئەيلىدىم ئىزھار.

كۆرۈپ ئول كۈن جامالىڭنى ئاجايىپ ياخشى سائەتتە،
مۇھەببەت شەربىتىدىن بىر تويۇپ ئىچتىم كۆرۈپ دىدار.

يەنە كۆڭلۈڭ ساداسىن ئاڭلىدىم، بولدۇم خۇددى مەجنۇن،
بولۇپ تۇرسا ئىدى كاشكى بۇنداق كۆرۈشمەك ھەر بار.

ھامان بۇ كۆلكىنىڭ بائىسىن بىلمەي زارۇ ـ ھەيرانمەن،
سەنەمنىڭ كۈلكىسىنىڭ تەكتىدە بىلمەيمەن نېمە سىر بار؟!

ساڭا جېنىم پىدا قىلغانلىقىمنى بىلگىنىڭدىنمۇ؟!
ۋە ياكى سەنمۇ سەيت بولغانلىقىڭغا بولدۇڭمۇ ئىقرار؟!

«تەسەللايىن مۇھەببەت» دەپ ياكى كۆزۈڭگە ئىلمامسەن؟!
بۇنىڭدەك مۇرۇۋۋەتسىز پىكىر سەندە بولمىسۇن زىنھار.

سېنىڭ تۇرغان يېرىڭ يادىمغا يەتسە ھەر زامان ئەي گۇل،
بېرىپ سۆيمەي تۇرالمايمەن ئەگەر تۇن بولسا ھەم بىدار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نىگارىم خاكپايى دەپ كۆزۈمگە تۇتىيا قىلدىم،
بويۇم يادەك ئېگىلدى پۇرقىتىڭدىن جان بولۇپ بىمار.

ساڭا ئاشىپتە بولدۇم، بىر كۆرۈپ ئەقىلدىن ھەم ئازدىم،
مۇھەببەتتىن خەۋەرسىزلەر «ساراڭ!» دەپ ئېيتمىدى بىكار.

گۇمانسىز مەست بولۇر غەرق خىزىر كۆرسە جامالىڭنى،
ھاسا، جەندە، كۇلاھ، تەسۋىسىنى تاشلاپ ئەيلىگەي ئىنكار.

سىنى كۆرسە زىلەيخا ھەم چىقالماس پەردىدىن زىنھار،
جامالىڭنى بىر كۆرۈپ قالسا يۇسۇپمۇ بولۇر بىزار.

پەرىشتە كۆڭلىگە تەسكىن بىرەلمەس ئاي يۈزۈڭنى بىر كۆرسە،
سىنىڭ يادىڭدا چول جەننەت تەجرى تەھتىھۇل ئەنھار①.

مۇھەببەتنى قازانىڭ موللىسى مەخسۇس ساڭا پۈتكەن،
شۇڭا روزى ئەزەلدىن مەن مۇھەببەت بىرلە ھەم ئەسرار.

بۇ يولدا خارى زار بولماق ماڭا بەلكى سائادەتتۇر،
ئىشقى ئەسىرىدىن رەنجى ـ مۇشەققەت چەكمىگەن كىم بار؟!

جەھەننەم ئاتىشى تاللاپ پەقەت ئاسىنى كۆيدۈرمىش،
مۇھەببەت ئۇچقۇنى ئالدىدا ئوخشاش ئاسى بىلەن ئەبرار.

باھار ۋاقتىدا سارغايغان چىرايىمدىن ئەجەبلەنمە،
تىۋىپ ئالدىدا زەپىرانىڭ سىبرىقلىقىدىن باھاسى بار.

① تەجرى تەھتىھۇل ئەنھار — يەر تېگىدىكى دەريا ـ سۇ.

كامان بولدى ئەلىپ قەددىم تولا ئويلاپ نىگارىمنى،
ساڭا ھەم ئىمشىبەت ھەردەم سەنەمنىڭ ئىشتىياقى بار.

1955- يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## چىقسام ناگاھ ئىشىككە

چىقسام ناگاھ ئىشىككە،
كۆرۈندى بىر جانان قىز،
كۆزلىرى گۆھەر يەڭلىغ،
يۈزى ماھى تابان قىز.

تىكىلىپ قاراپ قالدىم،
بىر نەپەس ئارام ئالدىم،
جىلۋە بىرلەن كۆز تاشلاپ،
قىلىپ كەلدى جەۋلان قىز.

ھا ... ھا ... قىلىپ ئۈن چىقتى،
ئىككى ياقتىن كۈن چىقتى،
قاشلىرى قەلەم ئوخشاش،
سۇمبۇل چېچى رەيھان قىز.

يېتىپ كەلدى بىر پەستە،
«ياخشىمۇسىز؟!» دېدى تەستە،
سۆزلىيەلمەي قېتىپ قالدىم،
بولدى ماڭا ھەيران قىز.

لېۋىدە تەبەسسۇم بار،
كۆڭلىدە تەرەھھۇم بار،

ئەمما كۆزى قىيمايدۇ،
قىلدى مېنى ۋەيران قىز.

ئۆتتۈۋراق كۆلۈپ قويدى،
كۆز قىرىنى سېلىپ قويدى،
مۇردا تەنگە جان بېرىپ،
قىلدى خەيرى - ئېھسان قىز.

كۆكرىكىدىن ئوت چىقتى،
ماڭا تەگدى دۇت چىقتى،
ئىشىق ئوتىدا ئورتىنىپ،
يۈرەك بولدى بەريان قىز.

«مۇھەببەت» دەپ تۇغۇلدۇم،
پىراقىڭدا بوغۇلدۇم،
كىبرى بىلەن پەرۋاسىز،
يۈردۇڭ خۇلقى شەيتان قىز.

نە بولغاي بېقىپ كۈلسەڭ،
ئىشقى شارابىن سۇنساڭ،
ئىلكىڭدىن ئېلىپ ئىچسەم،
يۈرىكىمگە دەرمان قىز.

ئەي لېۋى قىزىل ياقۇت،
قىلمىغىن مېنى نابۇت،
سەن ئۇچۇن تۇغۇلغانمەن،
ئىشىق ئەھلىگە سۇلتان قىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈزلىرى قىزىلگۈلدەك،
مېنى قىلدى بۇلبۇلدەك،
قولىقىدا نە سىر بار؟!
ئاڭلىمايدۇ ئالان قىز.

لەيلى سەنۇ - مەجنۇنمەن،
جامالىڭغا مەپتۇنمەن،
ھىجرىڭدا ئېلىپ جاننى،
قىلماسسەنمۇ پۇشمان قىز.

تاھىر بىلەن زۆھرادەك،
ۋامۇق بىلەن ھۇزرادەك،
جېنىمنى پىغان بىلەن،
قىلاي ئەمدى قۇربان قىز.

قېشىڭنى قىلىپ مېھراپ،
باش قوياي ساڭا يىغلاپ،
«تەلۋە!» دەپ نەزەر سالماي،
كېتەرسەنمۇ خەندان قىز.

ھىجرىڭ بىلەن داغلاندىم،
زۇلپۇڭ بىلەن باغلاندىم،
ئەقلىمنى ئېلىپ قاچتىڭ،
كۆڭلۈم ئىچرە پىنھان قىز.

قامىتىڭ ئەجەپ زىبا،
كۆيمىگەن ساڭا كىم بار؟!
ھەممىسى لېكىن مەندەك،
بولمىغاندۇ سەرسان قىز.

سىڭمەيدۇ يېگەن ئېشىم،
يوق ئۆيدە سۆيۈكدېشىم،
كۈندۈز غەمدە تۈن بىدار،
شەھلا كۆزى چولپان قىز.

لېۋىڭنى دېسەم نەشپۈت،
كۆڭلىكىڭ ئىكەن مەشۈت،
ئەۋرىشىم بويۇڭغا مەن،
چىرمىشىپ تىلەي جان قىز.

ئۆمرۈم زارۇ ـ گىرياندىن،
كېچەي مەن ئېزىز جاندىن،
يادلايمەن گۈل ئۈزارىڭنى،
مەن كېتەي باياۋان قىز.

دۇنيانى قىلىپ روشەن،
چۆللەرنى ياساپ گۈلشەن،
سەن كەبى بۇ ئالەمگە،
كەلمەس ھۆرۈ ـ غىلمان قىز.

چۈشۈڭمۇ بۇزۇلغاندۇر،
يۈرىكىڭمۇ تۈيغاندۇر،
مەقسىتىڭ نېمە زادى؟!
باقمايسەن خىرامان قىز.

ساقىلىمنى «چال!» دېسەڭ،
«تۈرجايىڭدا قال!» دېسەڭ،
بويايمەن گىرىم بىلەن،
بولىدۇ سىيادان قىز.

سەسكەنسەڭ ساقالىمدىن،
يىرگەنسەڭ خىيالىمدىن،
غىرداپمەن مىنۇت ئۆتمەي،
چارسى بەك ئاسان قىز.

يىگىتلىك تالاشمايمەن،
ياشلاردىن قېلىشمايمەن،
يېشىمدىن سوئال سورىماي،
باق ھالىمغا نادان قىز.

جان ـ تەندىن ساڭا كۆيدۈم،
چىن دىلدىن سېنى سۆيدۈم،
ئەمدى كۆڭۈل بەرمەيمەن،
كەلسە باشقا چەندان قىز.

ئوقۇپ كۆرسەڭ خېتىمنى،
نىمشېھىت دەر ئېتىمنى،
يىغلاتما مەن يېتىمنى!
مەنمۇ بۇندا مېھمان قىز.

1955ـ يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# بەخت تويى

ئورنىغاچىقا ۋەتىنىمدە ھەققانىيەت،
بولدى ئۆلكەم رايونلۇق مۇختارىيەت.

ئەركىنلىكتە، تەڭ تۇرمۇشتا ياشاش ئۈچۈن،
كومپارتىيە بەردى بىزگە ئىمكانىيەت.

جانۇ ـ جانىمىز، شەرەپ ـ شانىمىز،
پارتىيە بىزنىڭ قەدىردانىمىز.

نۇرلۇق قىزىل بايراق بۈگۈن قولىمىزدا،
يول كۆرسەتكۈچ ماياك باردۇر يولىمىزدا.

ھەممە مىللەت بىرلىكتە ئەمگەك قىلىمىز،
گۈل ـ چېچەكلەر ئۈندى ئوڭ ھەم سولىمىزدا.

ئالغا باسىمىز، تاغلار ئاشىمىز،
سانائەتلەشكەن دۆلەت قۇرىمىز.

پولات ئوخشاش چىڭىماقتا ئىتتىپاقىمىز،
كۈندەك يورۇق، پارلاق بىزنىڭ ئىقبالىمىز.

بىر نىيەتتە ئەركىن چامداپ قول تۇتۇشۇپ،
چىن باغلاندى ھەممىمىزنىڭ ئىشتىياقىمىز.

ھۆر ھاياتىمىز، سائادىتىمىز،
يېڭى تۈس ئالدى قىياپىتىمىز.

يۈرۈك دوستلار قىزىتايلى بەخت تويىنى،
قول تۇتۇشۇپ بىردەك ئېيتىپ دوستلۇق كۈيىنى.

گۈللىتەيلى چېلىش بىلەن ھەممىمىز بىردەك،
پارتىيىنىڭ ئىجاد ئەتكەن ھۆرلۈك يولىنى.

ئالغا باسىمىز - تاغلار ئاشىمىز......
كۆتكەن پەللىگە چوقۇم يېتىمىز......

1955 - يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئالدىدا

رۇخسەت ئەيلەڭلەر بۈگۈن سۆزلەشكە مەيدان ئالدىدا،
ئېيتايىن كۆڭلۈمدىكى سىرىمنى ۋىژدان ئالدىدا،
بۇلبۇلى شەيدا كەبى باغ ئىچرە رەيھان ئالدىدا،
تەنگە جان سىغماس خۇشالمەن خۇددى بوستان ئالدىدا،
ياش يىگىتنىڭ كۆڭلى ئوخشاش يارى - جانان ئالدىدا.

سۆز بېشىدا داھىمىز ماۋجۇشىغا ھۆرمەت تىلەي،
كوممۇنىستىك پارتىيە مىڭ - مىڭ ياشا دەپ ئۆرگىلەي،
ئىشچى - دېھقان بىرلىكىنى جاندىنمۇ ئارتۇق بىلەي،
دۇشمىنىم قان يىغلىسۇن، خەلقىم بىلەن دائىم كۈلەي،
ئاتىمىز، ئۇستازىمىز داھى قەدىردان ئالدىدا.

نەچچە يۈز يىلدىن بۇ ئۆلكەم باغرىنى زۇلمەت قاپلىغان،
زومىگەرلەر ھەر قەدەمدە دېھقانغا تۆھمەت چاپلىغان،
قاپقاراڭغۇ زەي - سېسىق زىنداندا جانتى ساقلىغان،
نەگە بارسا جان سىقىلغان بىردەم ئامانلىق تاپمىغان،
قانچە «سادىر» ، «نوزۇگۇم»لار بولدى قۇربان ئالدىدا.

بوغسىمۇ مۇدھىش زۇلۇم ھېچ توختىماي ئۆستى تىلەك،
«ئاھ!… يورۇق تاڭ قايدا؟!» دەپ قان كەچتى ھەر كۈچلۈك بىلەك،
نەچچە «قاينام ئۆركىشى» ئالدى قەلەم ئوتلۇق يۈرەك،
قان ئىچىپ زار قاخشىتىپ كەلگەن ئىدى زالىم پەلەك،
كەتتى زۇلمەت، كەلدى ئازاد كۈن بۇ ئىمكان ئالدىدا.

خەلقىمىزنىڭ ئاھۇ - زارى ئەرشتىن ئۆتكەن ئىدى،
كاچ پەلەكنىڭ «تەقدىرى» ماڭلايغا نەق پۈتكەن ئىدى،
كۆڭلىدە خەلقىم تىلەكنى دائىما كۈتكەن ئىدى،
تەندە ھەم كۆزلەردە ھەم غەزەپ ئوتى يانغان ئىدى،
«ئاقىۋەت راھەت كېلۇر» دەپ، بىزگە ئىنسان ئالدىدا.

قانچە مەردلەرنى زۇلۇم ئاتىسىدىن ئايرىغان،
قانچە بۇلبۇللار مازاردا «سۆيگۈنۇم» دەپ سايرىغان،
غۇنچىدەك نازۇك بەدەنلەرنى شېخىدىن قايرىغان،
يوق ئىدى ۋىژدانى بارلاردىن بىرەرسى يايرىغان،
خارلىنىپ ياتقان ئەزىز تەنلەر گۆرۈستان ئالدىدا.

ئېيتىۋەرسەم تۈگىمەيدۇ زۇلۇمنىڭ مىڭدىن بىرى،
بېشى ئاق ئېيىق ئىدى، ئون ئىككى ياش قىزنىڭ ئېرى،
ھۆكۈمران ئەجدەر ئىدى، جانلاردىن ئۆتكەن نەشتىرى،
شۇم ھوقۇش ئىلكىدە بولغان قىز - ئوغۇلنىڭ تەقدىرى،
مۇردىدىن ئالۋاڭ تىلەپ قويمايتتى زىندان ئالدىدا.

شۇنداق ئۆتمۇش بېشىمىزدا ئىدى خۇددى سايىدەك،
ئويلىغان ھەر كۈننى يىرتقۇچلار مۇقەددەس ئايىدەك،
شۇم زامان ئەلنى شورايتتى خۇددى ھايۋان مايىدەك،
«ئاھۇ - زارنى» ئاڭلار ئىدى خۇددى بىر «ناي - نايى» دەك،
شۇندا ئازادلىقتىن خەۋەر كەلدى گۈلىستان ئالدىدا.

كۈن چىقىشتىن كۈن چىقىپتۇ: «بارىكاللا!...» دېدى ئەل،
كوممۇنىستلار خەلقنى ئازاد قىلغىلى باغلاپتۇ بەل،
بولدى ئارمان - ئارزۇيىمىز پارتىيە يولىدا ھەل،
ئۈستىمىزدىن كۆتۈرۈلدى چىقىراپ تۇرغان ئەجەل،
كۈن ئۆزى نۇرىنى چاچتى بىزگە ئاسمان ئالدىدا.

پارتىيىمىز بىزنى ئازاد قىلدى زۇلمەت ئىلكىدىن،
قوينى قويچى ئاسرىغاندەك بۆرى بىلەن تۈلكىدىن،
ئىشچى ـ دېھقان بولدى ئازاد فېئودالللار مۈلكىدىن،
قىز ـ ئوغۇللار توختىيالماس شادۇ ـ خۇرام كۈلكىدىن،
كۆز يېشى قىلماس ئېلىم ئەمدى زىمىستان ئالدىدا.

قىلدى ئۆلكەمدە زۇلۇمنى يەرگە يەكسان پارتىيە،
سۇنى باشلاپ چۆلنى قىلدى باغۇ ـ بوستان پارتىيە،
ھەر قەيەرگە بارسا قىلدى گۈل ـ گۈلىستان پارتىيە،
سايرىسا بۇلبۇل ساداسى بولدى داستان پارتىيە،
ھەممە ئىمكان بولدى تەييار ئىشچى ـ دېھقان ئالدىدا.

تۈگىمەيدۇ تەربىيىڭنى قانچە يازسام پارتىيە،
دىل كۈلەر شەنىڭگە مەن سازىمنى چالسام پارتىيە،
ئارزۇيۇم دۈشمىنىڭنىڭ گۆرىنى قازسام پارتىيە،
قەدىرلىك بولغاي سۆزۈم ئىنۋانىغا يازسام پارتىيە،
خەلقى ئالەم خۇش سۆيەر نامىڭنى داستان ئالدىدا.

بىز ئىدۇق ئەسىر بويى پەننى بىلمىدىن بىخەۋەر،
نەچچە يىللار ئوقۇساق بىلگىنىمىز «پەش، زىرۇ ـ زىۋەر»،
پارتىيىمىز قايسى چاغ تاپتى ئۆلكەمدە زەپەر،
بەس، شۇ كۈندىن بىرى بولدۇق مەكتەپ بىلەن مۆتىۋەر،
شۇ سەۋەبتىن پارتىيىنى سۆيىمىز جان ئالدىدا.

ئەل قاتارى تەڭ ھوقۇقلۇق بولدى ئەمدى خەلقىمىز،
ھەممە مىللەت تەڭ باراۋەر ئىتتىپاق ساپ قەلبىمىز،
كەمسىتىشلەر يوقۇلۇپ پۈتتى ئاداۋەت غەلۋىمىز،
تارتىمىز تاناۋىنى چىقسا ئارادىن تەلۋىمىز،
تىلىمەيمىز «ئاھ!» ئۇرۇپ شەپقەتنى گۈلخان ئالدىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالته يىلدىن بېرى بەردى بىزگە تۆرلۈك تەربىيە،
ھەممىنى ئەركىن ياشاتتى خەلق ئازادلىق ئارمىيە،
شۇ سەۋەبتىن «ياشا! ...» دەيمىز كوممۇنىستىك پارتىيە،
«كۆپ ياشا! ...» دەپ يەنە ئېيتاي كوممۇنىستىك پارتىيە،
ئەمدى باش قويماس ئېلىم ھەرگىزمۇ شەيتان ئالدىدا.

«ئۆلكىمىز مۇختارىيەت!» دەپ باشلىنۋەتتۇق يېڭى توي،
پارتىيىدىن كەلدى بىزگە بۇ شەرەپلىك ئابروي،
كۆتۈرىلدى شادۇ - خۇراملىقتىن پەلەككە ھاي - ھۇي،
ئەل ئامان، ئازاد زامان، كۈلدى ۋەتەن بولغاندا توي،
كۆپ ئاش ئالغان دېھقان ئوخشاش كۈزدە خامان ئالدىدا.

بەختىياردۇر ئۆلكىمىزنىڭ ھەمدە پارلاق كەلگۈسى،
سوتسىيالىزىمغا بارماقنىڭ بۇ ئاساسىي بەلگىسى،
شانۇ - شەۋكەت، بەخت - سائادەت ئەلئارا تەڭشەلگۈسى،
ئەلگە راھەت ھەم سانائەت ئۆلكىدە تىكلەنگۈسى،
تۇرمىغاي خەلقىم گادايدەك تەلمۈرۈپ نان ئالدىدا.

يەڭگىل بولار بەس شۇ چاغدا بىزنىڭ ھەممە ئىشىمىز،
ئىشلىسەك بىردەك ئۆتەر ھېچ قايغۇسىز ياز - قىشىمىز،
ئاتنى تاغقا، گۈلنى باغقا، قوشقا تۆمۈرنى قوشىمىز،
ۋاقىتنى ئاسراپ كۆك يۈزىدە قۇشقا ئوخشاش ئۇچىمىز،
قولدا بەش يىللىق پىلان ھۆججەت ئىبرۇر سان ئالدىدا.

تانا تارتىپ قاتىنغاي تېزدىن تۆمۈر يولدا تۆمۈر،
راھەتى - ئاسايىشتا ئۆتكەي ياشىنغان بىزنىڭ ئۆمۈر،
كېمەيمەس ئۈستۈڭدە تون، ئامباردا ئۈن، خانىڭدا كۆمۈر،

بەختىمىز، ئىقبالىمىزغا بولدى قانۇن جان تومۇر،
خىزرى تەبىئىمگە مۇناسىپ ئابى ھايۋان[1] ئالدىدا.

باسىمىز ئالغان قەدەملەپ پارتىيىنىڭ ئىزىدىن،
ئالىمىز كۆپلەپ ھوسۇل شۇندا ھەر بىر يېرىدىن،
مۆيۈنەر بوۋاي، مومايلار ئوغلىدىن ھەم قىزىدىن،
كەتكۈسى غەملىك ئالامەت ھەممە ئادەم يۈزىدىن؛
بويغا يەتكەن قىزغا ئوخشاش ئۆيدە مىھمان ئالدىدا.

بۇ پاراغەتلىك ھاياتنۇر پارتىيىنىڭ شەپقىتى،
بىزنى ھۇرلۇككە چىقارغان ئارمىيىنىڭ ھىممىتى،
ئارزۇلارنى قىلۇر ھەل ئىشچى ـ دېھقان غەيرىتى،
ئەل ئارا ئاشماقتا ھەردەم خەلقىمىزنىڭ ھۆرمىتى،
نىمشىھىت ئىبىتى غەزەل، ئۇشبۇ مەيدان ئالدىدا.

1955ـ يىل ئۆكتەبر، ئۈرۈمچى

① ئابى ھايۋان — ھاياتلىق سۈيى ـ ئابى ھايات

## مۇھەببەت ئىپادىسى

دىلبەرنى بىر كۆرەي، دەپ،
مەن ناتىۋانۇ - خەستە،
بىلمەي ئېتىن سوراقلاپ،
يۈردۈم بازارۇ - رەستە.

گۈلشەن ئىچىدە ناگاھ،
بۇلبۇلنى قىلىپ ئاگاھ،
گۈل ئاشىقى ئىگەر سەن،
سەۋتىڭنى قىل ئاھىستە.

مەھكۇمى ئەمرى بولدۇم،
گوياكى قەبرى بولدۇم،
جان تەنگە سىغمىدى ھېچ،
بۇلبۇل كەبى قەپەستە.

مەن نەۋ باھار چىغىمدا،
غۇنچە ئىدىم بىغىمدا،
ھەيرانۇ - زار پەرىلەر،
ماراپ مېنى ھەۋەستە.

مەن خۇددى گاس كىشىدەك،
نالە ئۇلار ئىشىدەك،

مەغرۇر لاچىنغا ئوخشاش،
بولماس ئىدىم شىكەستە.

باققاندا ئۆتمۈشۈمگە،
گاھى كىرەر چۈشۈمگە،
رەھىمسىزلىك سازاسى،
مىلك تۇۋا ھەر نەپەستە.

كىبىرلە غەمزە قىلسام،
قاش بىلەن رەمزە قىلسام،
نازۇ ـ كەرەشمەلىكلەر،
گۈللەر سۇناردى دەستە.

زۇلپى قاراڭغۇ تۈندەك،
مەڭزى گوياكى كۈندەك،
ئول چاچ قاراسى قۇندۇز،
ياقۇت لىۋى جىنەستە.

قىيغاچ قېشى يېڭى ئاي،
مەن كىم بېرىپ يېلىناي،
مەجنۇن كەبى يۈگۈرسەم،
چۆل دەشتتە، دۆڭ ۋە پەستە.

يىغلايمەن ھېچ يېتەلمەي،
ياكى يىراق كېتەلمەي،
ئەمدى تۆگە باقايمەن،
مەشرەپ بولۇپ تېكەستە.

مۇمكىنمىدۇر ۋىسالىڭ؟!
يە باشقىمۇ خىيالىڭ؟!
رەت قىلما ئىشەنچىنى،
تاپتى بۇ يولنى تەستە.

1955ـ يىل دېكابىر، باي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# سېغىندىم

سېغىندىممەن، سېغىندىممەن، سېغىندىم،
ۋەتەن سېنى تەشنا بولۇپ، سېغىندىم،
مېھرىڭ تولغان يۈرىكىمدە سېغىندىم،
دولقۇنلىغان كۆكرىكىمدە سېغىندىم.

ئۆلسەم تېنىم قۇچىقىڭدىن جاي ئالسۇن!...
پاك ۋەتىنىم روھىم سەندە شادلانسۇن!...
شۇنىڭ ئۈچۈن، تېززەك ساڭا يەتسەم دەپ،
تۆت كۆز بىلەن كېچە ـ كۈندۈز سېغىندىم.

بۈكەمگىچە ئايرىلمىغاچ سېنىڭدىن،
لەززەتلىنىپ شېرىن ـ شەربەتلىرىڭدىن.
يولغا چىققاچ قەدرىڭ ئۆتتى جېنىمدىن،
تۇپرىقىڭنى كۆزگە سۈرتەي سېغىندىم.

«ھەج» سەپىرى چۈشكەچ مېنىڭ دىلىمغا،
قاراپ بېقىپ مەيۈسلەندىم يۈلۈمغا،
كومپارتىيە كېپىل بولدى يولۇمغا،
بۇلۇت ئۈزرە ئۇچقۇنىمدا سېغىندىم.

ئەل قاتارى بەش مىللەتنىڭ ئىچىدە،
ئالتىنچى ئاي ئايىغىدا بېيجىڭدە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوتتۇز يەتتە كىشى بىرلىك سىپىدە،
ھەجگە قاراپ يۈرگىنىمدە سىغىندىم.

بىزنىڭ يۇرۇش يەردە ئەمەس بۇلۇتتا،
نەچچە مىڭ گەز يول باسىمىز مىنۇتتا،
بۈيۈك ۋەتەن سەن ئىزىزلاپ ئۇزاتقان،
چاغلىرىڭنى ئەسلىگەندە سىغىندىم.

سەندىن چىقىپ رانگون دېگەن شەھەردە،
مېھمان بولۇپ تۆت كۈن تۇردۇق ئۇ يەردە،
كۆتۈپ ئالدى قېرىنداش ئەل بېرمىلىق،
دوست ئەللەرنى كۆرگىنىمدە سىغىندىم.

خۇش ئېيتىشىپ ئۇزۇتۇشتى بېرمىلىق،
بىز بارار يەر تاغ باياۋان خورمىلىق،
بىز كەتسەكمۇ كۆڭۈل قالدى سەن بىلەن،
بەك ئۆتۈلدى قەدىرىڭ ۋەتەن سىغىندىم.

ئۇندىن چىقىپ مىڭ گەز ھاۋا ئۈستىدە،
ئۇچماقتىمىز بەيتۇلھەرەم قەستىدە،
يېتىپ كەلدۇق كالكۇتتىغا كەچقۇرۇن،
ھاۋا بويۇڭ كەلتۈرگەندە سىغىندىم.

تالڭ مەزگىلى ئۇچتۇق يەنە ئەرتىلەپ،
ئامراق بالالڭ بىزلەر ساڭا ئەركىلەپ،
تۆت سائەتتە يېتىپ كەلدۇق بومبايغا،
بۇندا ۋەتەن يەنە سېنى سىغىندىم.

بومباي ئىكەن دېڭىز بويى چوڭ شەھەر،
ياشايدىكەن نەچچە يۈز مىڭ ئايال ـ ئەر،
بوتا كۆزلۈك بىر نەچچە مىڭ «راجى»نى،
«سەرگەردان»نى كۆرگىنىمدە سېغىندىم.

ياش غۇنچىلار كۆزلىرىدۇر خۇمالىق،
خۇش پېئىللىك، چىرايى خۇش نۇمالىق،
چېكىسىدە «بەخت مېڭى» تۇمالىق،
نەجان كۆردۇم ۋەتەن سېنى سېغىندىم.

رەستىلەردە قەۋەت ـ قەۋەت بىنالار،
بىر ـ بىرىگە رىقابەتلىك مۇنارلار،
نان ئۇچۇن كۇرەشلەرنى كۆرگەندە،
مول هوسۇللۇق ۋەتىنىمنى سېغىندىم.

تۆت كۈن تۇرۇپ كەتتۇق بومباي ئەلۋىدا،
سەككىز سائەت قەدەر ئۇچتۇق هاۋادا،
بەهرەيىندە بىز ئېهرام باغلىغاندا،
مېهرىبانىم ۋەتىنىمنى سېغىندىم.

سائەت تۇرۇپ يەنە ئۇچتۇق هاۋاغا،
«لەببەيك!» دەپ هاۋا ئۇزرە ناۋاغا،
يېتىپ كەلدۇق چۈشتىن كېيىن جەددىگە،
قاقاس چۆلنى كۆرگىنىمدە سېغىندىم.

بىر كۈن تۇرۇپ بەيتۇللاغا جۆنىدۇق،
شۇ كېچىسى تاۋاپ بىلەن تۈنىدۇق،
ساپا، مەرۋە، سەيلىلەرنى تۈگىتىپ،
چىققىنىمدا جان ۋەتەننى سېغىندىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زىيارەتكە كىرىپ تۇردۇق پات ـ پات،
سەككىز كۈندىن كېيىن كەلدى ئەرىپات،
تۆت كۈن تۇرۇپ ئەرىپات ھەم مىنادا،
شەيتانغا تاش ئاتقىنىمدا سېغىندىم.

«دىلىل شاھ»نىڭ قوبۇلىغا ئەكىردى،
پادشاھ كېيىن زىياپەتكە قىچقىردى،
ماۋزېدۇڭنى «ئامانمۇ؟!» دەپ سورىغاندا،
ئېخ ۋەتىنىم قايتا سېنى سېغىندىم.

پادشاھنىڭ سارىيىدا ئولتۇرۇپ،
ئويلاپ كۆردۈم يۈرۈكىمنى تىندۇرۇپ،
بۇ شەرەپنىڭ كىمگە مەنسۇپلىكىنى،
بايقىغاندا ۋەتەن سېنى سېغىندىم.

بەيتۇللاغا تەكلىپ قىلدى پادشاھ،
تاۋاپ قىلدۇق بەيتۇللانى كەڭتاشا،
ئەسكەر توسۇپ كەلتۈرمىدى باشقىنى،
شۆھرەت تاپقان ۋەتەن سېنى سېغىندىم.

«ھەجرىلئەسۋەت» تاشنى بوسە قىلىشقا،
پۇرسەت بولماي كەلگەن ئىدى بۇ ئىشقا،
ۋەتەن نامىڭ بىلەن ئىمكان تېپىلدى،
ئانا يۇرتۇم يەنە سېنى سېغىندىم.

بەيتۇللانى يۇيۇش ئۈچۈن شاھ كىردى،
بىزدىن بۇرھان شەھىدىنى ئەكىردى،
بۇ ئىش نېسىپ بولمايدىكەن چەت ئەلگە،
بىزگە بولدى ھۆرمىتىڭدىن سېغىندىم.

بۈنىڭ بىلەن بىزنى ئەلگە تونۇتتى،
دوستلار خۇشال دۈشمەنلىرىڭ قان يۇتتى،
كۆڭ نۇرىنى توسۇش مۇمكىن ئەمەسكەن …
پارلاق نۇرۇڭ ئەسلىگەندە سېغىنىدىم.

ئۇ، پادىشاھ قىلدى سوۋغا ـ يادىكار،
بىردىن سائەت، تاج، رومال، تونمۇ بار،
بىزگە ئەمەس ۋەتەن سېنىڭ شەرىپىڭ،
قوبۇل قىلىپ ئالغىنىمدا سېغىنىدىم.

مەدىنىگە باردۇق يەنە كۆك بىلەن،
يەر تاناۋىن تارتقان كەبى تۇك بىلەن،
زىيارەتنى ئادا قىلىپ قايتقاندا،
باغۇ ـ بوستان تاغلىرىڭنى سېغىنىدىم.

ۋەتەن ھېسسى ھەممە ئادەم دىلىدا،
ئەمدى مەككە ـ مەدىنىگە ئەلۋىدا،
خەيرلىشىپ مەن ئۇ يەردىن قايتقاندا،
ئېزىز ۋەتەن جانانىمنى سېغىنىدىم.

ئاۋغۇستقا بىر بولغان كۈنى قوزغالدۇق،
تورى سىنا تەرەپكە بىز يول ئالدۇق،
ھاۋا ئۇزرە تۆت سائەتلەپ يول يۈرۈپ،
ۋادى ئەيمەن چۈشكىنىمدە سېغىنىدىم.

تۇراركەنمىز بۇندا ئۈچ كۈن ئادەتتە،
كېتەركەنمىز يەتمىش ئىككى سائەتتە،
تورى سىنا تۇرى ئىچىدە تۇرغاندا،
ئازاد ـ ئەركىن ۋەتىنىمنى سېغىنىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇندىن يۇرۇپ قاھىرىگە بارارمەن،
سىغىنغاننى يەنە شۇندىن يازارمەن،
پەرزەنتىڭنىڭ بويىن شۇندىن ئالارسەن،
تۇرلۇك تۇمەن گۇللىرىڭنى سىغىندىم.

ئىشىقىڭنىڭ سىغىنىشلىق سالامى،
سىغىنغاندىن باشقا يوقتۇر كالامى،
قىزىلگۇلگە بۇلبۇل شەيدا بولغاندەك،
سەن گۇلىستان ۋەتىنىمنى سىغىندىم.

1956 ـ يىل، ئاۋغۇست،
ئەرەبىستان — تورى سىنا.

# ئۇچرىشىش

كېتىپ بېرىپ بازاردا،
كۆزۈم چۈشتى بىر ئىزغا،
ئىزى ماڭا نە كېرەك،
پەرىزاتتەك بىر قىزغا.

قىزمۇ شۇنداق بولامدۇ؟!
ئاينى ئايال تۇغامدۇ؟!
كۆڭلۈم بېرىپ باغلاندى،
سۇمبۇل چېچى قۇندۇزغا.

ئىختىيارسىز قىلدىم سۆز:
— ماڭا قاراڭ غۇرۇلاي كۆز!...
قىيا بېقىپ بىر كۈلۈپ،
شەرەت قىلدى ئېتىزغا.

لېۋى ئاچتى غۇنچىنى،
قاتار تىزغان ئۈنچىنى،
جادۇ كىرپىك ياراشقان،
بادام قاپاق مېغىزغا.

— دېھقان قىزى مەن!... - دېدى،
— ئىشلەپ يەيمەن قەن!... - دېدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قاراپ قالدىم لال بولۇپ،
قەن چاينىغان ئېغىزغا.

— كۆيگەن بولساڭ كەل! ... — دېدى،
— قولغا كەتمەن ئال! ... — دېدى،
— سۇ باشلاپ بىز چۆللەرنى،
ئايلاندۇرايلى، دېڭىزغا.

ئانار پىشار گۈلباغدا،
تويمۇ بولار شۇ چاغدا،
توينى كۆمۈپ تاشلايمىز،
ئالما، ئۈزۈم، مېغىزغا! ...

ئەخلاقىغا خۇش كەلدىم،
جاۋابىغا بوش كەلدىم،
ئۆگەنگەچكە ئىشلىمەي،
شورپا، كاۋاپ، قېمىزغا.

ھالىم كۆرگەچ بوششىپ،
كېتىپ قالدى خوشلىشىپ،
قاراپ قالدىم ئارقىدىن،
يىپەك كۆينەك قىرمىزغا①.

شەرەت بىلەن سۆزلەشتۇق،
مەقسەتنىمۇ كۆزلەشتۇق،
ھەيران بولدى كۆرگەنلەر،
بۇ ئىككى شوخ تىلسىزغا.

① قىرمىز — گۈزەل

پەرژەردىسى ياساشتا،
ئايدىن ئۆتتى تالاشتا،
شەرگەتىم يول بەرسە،
قۇل بولسام بىتىمىزغا①.

ئىمشىپەتتىنىڭ تىلىكى،
چاك بولسىمۇ يۈرىكى،
بېشىم قويۇپ ياتسامەن،
قىز ئورىغان ئېگىمزغا.

1956ـ يىل سېنتەبر، بېيجىڭ

① بىتىمىز — تەمى ئېغىزدىن كەتمەيدىغان تاتلىق.

# ئۇنتۇلماس كۈن

يىگىرمە ئىككە ئىدى دېكابىر، كەچ سائەتكە تۆت ئەردى،
سەنەم يۈزىنى كۆرۈشكە خۇش ئىلھام خەۋەر بەردى،
ئۇچۇپ باردىمۇ تېزلىكتە، خۇەيرېنتاڭدا يەر بەردى،
كۆڭۈل بۇدەم مۇقەددەس بۇ ساراي ئىچرە مېھماندۇر.

كۈلۈپ چىقتى، بۈيۈك داھى باھارنىڭ ئاپتاۋىدەك،
يۈزى نۇرلۇق، ئۆزى خۇشخۇي، چىشى دۇررى لۇئابىدەك[1]،
قارا كۆزلۈك، قەلەم قاشلىق يۈزى گۈلگۈن گولابىدەك،
«ياشا! داھى...» دېگەن سۆزلەر يۈرەكتىن بەلكى ۋۇلقاندۇر.

كېلىشكەن قامىتىدۇر، ئورتا بويلۇق ھەممە ئەزاسى،
شىپا بەخش يۈرەكلەرگە ئوچۇق ماڭلايۇ - سىماسى،
كۆڭۈل مۈلكىنى بەردىم ئەي زامانىنىڭ ئەھلى داناسى،
سېنىڭ بۇ خۇش مۇلاقاتىڭ ماڭا جان ئىچرە جانادۇر.

«ياشا!... يىللار خەلقىنىڭ بەختىچۈن، ئەي مەشئەلى دەۋران،
گۈلى رەنا ھاياتىم باغىدا مەن بۇلبۇلى خۇش خان،
يېزىپ شەنىڭگە مەدھىيە، قىلالىسام گەرچە بىر داستان،
ساڭا نىسبەت ئېتىلگەندە، ئاران بىر سۆزگە ئىنۋاندۇر.

---

① لۇئابىدەك — ئىسىل ئۈنچىدەك

خەلقىنىڭ بەختىنى تەمىن ئېتىشنى كۆزدە تۇتقانسەن،
خۇسۇسىي مەنپەئەتنى ئەۋۋەلۇ ـ ئاخىر ئۇنۇتقانسەن،
ئېزىلگەن مەزلۇم ئەللەرنىڭ ھوقۇقىنى تونۇتقانسەن،
شەرەپلىك بۇ مۇقەددەس يول كۈرەشچانلارغا شاياندۇر.

زۇلۇمنىڭ چاھىنى يوقاتقان غەمگۇزارىمسەن،
يۈرەك تەشنالىقىنى قاندۇرۇشتا گۈل ئۇزارىمسەن،
بېغىمنى گۈللىتىپ ئازادە قىلغان باغۋەنىمسەن،
سېنى كۆرگەندە خۇددى بۇلبۇل گۈل بىلەن قېنىشقاندۇر.

سېنى كۆرگەندە كۆڭلۇم خۇشلىقىدىن داڭ قېتىپ قالدىم،
ھوزۇرۇڭغا قۇرۇق كەلگەچ، خىجالەتكە پېتىپ قالدىم،
سېنىڭ يولۇڭدا ئازادلىقىنىڭ تەمىنى تېتىپ قالدىم،
بۇ يول ھەر بىر چېلىش مەيدانلىرىدا بىزگە قالقاندۇر.

دىلىمدىن چىقمىغاي ھەرگىز سېنىڭ بۇ خۇش مۇلاقاتىڭ،
ئامان بولسۇن!… خەلق يولىدا يانا جىسمى زاتىڭ،
تېنىڭ ساغلام، غۇبارسىز بولسۇن ھەممە ئۆۋقاتىڭ،
تەلەيسىز ئاۋام خەلقىنىڭ تۇرمۇشى پاراۋاندۇر.

قۇلاق سال!… ئەي بۈيۈك داھى، ھوزۇرىڭدا مېنىڭ ئەرزىم،
خەلق يولىدا ئىشلەش بولدى مېنىڭ ئۇستۇمدىكى قەرزىم،
نېچۈنكىم ئىشقا ئاشتى دىلدا بولغان ئەڭ قىيىن قەرزىم،
غېرىبلەر بەختى ئېچىلغان بۈگۈن بىر يېڭى دەۋراندۇر.

سېنى كۆرگەن كۆزۈمگە قانچە مىڭ پەخرى ئەيلىسەم ئەرزىر،
ھاياتىمدا ئۇ كۈننى ھەممە ۋاق خاتىرىلىسەم ئەرزىر،
خەلقچۇن پىداكار دەپ ئۆمۈربويى ئىشلىسەم ئەرزى،
سۆزۈم مەقبۇلىغا نامىڭ گۈلىستان ئىچرە رەيھاندۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پۈتۈن جۇڭخۇا ئېلىنىڭ رەھبىرى ھەم ئاتىسىن كۆردۈم،
دېمەككىم ئالتە يۈز مىليون خەلقىنىڭ داھىسىن كۆردۈم،
ئۇزۇن يىللىق تارىخى بار پايتەخت ـ ئاستانىسىن كۆردۈم،
بۇ تەسىرنىڭ سىرى دائىم كۆڭۈل ئۆيىدە مېھماندۇر.

ئۈمىدى نىمشىبھىتنىڭ پارلاق شۇ يول بىلەن يۈرسەم،
كارابىمنى كۆرەش قايناملىرىدا بىللە ئۆزدۈرسەم،
پۈتۈن خەلقىم بىلەن ئۇ، سوتسىيالىستىك دەۋرنى كۆرسەم،
ئۇنىڭغا ئەگىشىبان ھەم كوممۇنىزم نامايانىدۇر.

1957 ـ يىل ئاپرېل، باي

# ئېچىلغاي گۈلۈم

يېرىم ئەسىردىن ئۆتتى ئۆمرۈم مېنىڭ،
تارتتىم ھېسابسىز جاپا، جەۋرى ـ زۇلۇم.
رەقىب ئىلكىدە ئىدى باغىم مېنىڭ،
ئۇزاتسام ئانارىغا يەتمەيتتى قولۇم.

ئاسارەت چىگىنى بۆسۈپ تارقىتىپ،
يورۇقلۇققا چىقماق ئىدى مەشغۇلۇم.
بولۇت ئۈستىدە مەڭگۈ نۇر چېچىپ،
كەڭتاشا ھاياتقا چالاي مەرغۇلۇم.

بىراق، دەۋر ئەپسىز كېلىپ،
ھامان پەردىدە ئىدى ئۇلۇغ ھەم سولۇم.
قەپەس روجىكىنى چوقۇپ خەستەجان،
تارايتتىم «ئۇلۇغ تويغا!» دەپ كوكۇلۇم.

باش ئەگمەي ھاياتنىڭ ئۇ تەقدىرىگە،
ئۇچار ئىدى يۇقىرىغا شوخ بۇلبۇلۇم.
رەقىب دۇمبىقىنى چېلىپ پىرىگە،
يۈرەكنى سوۋۇتماقچى بولدى ئۆلۈم.

لېكىن، قايتمىدىم مەن كۈرەش قوينىدىن،
چىقارماي ئۆزەۈمنىڭ قولىدىن رولۇم.

كۆرەشتە چايانى ئۈزۈپ بويىندىن،
بۆسۈپ چىقتى مەيدان ئارا دۈلدۈلۈم.

ھاياتنىڭ بۇ ئۆتمۈش كىچىك پارچىسى،
ئۆمۈر تارىخىمدىن دىمەك بىر بۆلۈم.
توزۇپ پۈتتى مۇدھىش تۇمان پارچىسى،
تۆتۈپ كۆرەشچان ئەلنىڭ قولىنى قولۇم.

ئۆلۈمنىڭمۇ ئەندىشىسى ئەمدى يات،
ياشار شېئىرلاردىن قۇرۇلغان ھۇلۇم.
يېزىلغان ۋاراق ئۈستىدە بۇ ھايات،
يېشىلگەن ئۈچۈن باشتىكى مۈشكۈلۈم.

ئۆزۈم ئورمىچى ئوغلى بولغان ئۈچۈن،
بولۇپ قالدى بۇ يەردە كەڭرەك سولۇم.
بۇرۇنقى زامان ئەمدى بولغاچ يۈچۈن،
ياشىيالماس ھېسابىمغا چاشقان تولۇم.

يېمەك ئىمشېھىت گەر ئۆلۈپ كەتسە غەم،
ياشارسىز بىلەن مەڭگۈ تۇتقان يولۇم.
ئولۇغ كەلگۈسىنىڭ باھارىدا ھەم،
شېھىتنىڭ قېنىدەك ئېچىلغاي گۈلۈم.

1957 ـ يىل ماي، ئۈرۈمچى

## ئالەم يولۇچىسىغا

(پەننىڭ يېڭىدىن يېڭى غەلىبىلىرىگە بېغىشلايمەن)

ئۇچماقچى بوپسەن يىقىندا ئايغا،
خۇراپاتلىقنى تۇپتىن ئاغدۇرۇپ.
پۈتۈن جاھاننى ھەيران قالدۇرۇپ،
ھاتتا چۈشكىمۇ كىرمىگەن جايغا.

تىلەيمەن ئۇتۇق يولۇڭغا زەپەر،
يېتەرسەن بەلكى چەكسىز مۇشەققەت.
قىلماقتا ساڭا يەر جاھان دىققەت،
يولۇڭ مۇبارەك بولسۇن بىخەتەر.

قىلدى، دەپ ئۇقتۇم پۇختا تەييارلىق،
كوممۇنىست ئەلگە، ساڭا خاس سۈپەت.
غەربلىكلەرگە بۇ چوڭ مۇسىبەت،
قىلسىمۇ مىكرى، ھىلە ئەييارلىق.

غەرب مەدداھى قان ـ زەھەر يۇتسۇن،
يېرىلىپ كەتسۇن دەردتە يۈرىكى.
«قۇرۇق مازار» نىڭ نىمە كېرىكى،
ئەمدى ئۆزىنىڭ گۆرىنى كولتسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چاچراپ كەتسۇن كۆزى ئورنىدىن،
سوۋېتنىڭ ماڭغان يولۇچىسىدىن.
ئاسمانغا مەنزىل قورغۇچىسىدىن،
قان ئېقىپ كەتسۇن مەيلى بۇرنىدىن.

يوق ئۇ ئەھۋالنى يېزىشقا ۋاقتىم.
زەھەر يۇتسىمۇ بوغۇلۇپ مەيلى.
شورى قۇرغۇرنىڭ ئۆزىنىڭ پەيلى،
پەننىي ئېقىمدا مەنمۇ ھەم ئاقتىم.

«ھاي ـ ھاي نەگە؟ ! » دەپ شەيتانى لەئىن،
توسۇپمۇ باقار يولۇڭنى تېخى.
بىلمەن ئاڭا بولماستىن سېخى،
ئۆتۈپ كېتەرسەن كەلتۈرمەي يېقىن.

دېمەك پات كۈندە ئوغاق ـ بولقۇلۇق،
سوۋېتلەر تۇغى ئايدا يەلپۈنەر.
زېمىن ـ ئاسماندا ئېچىلىپ گۈللەر،
پەن ئالىمىدە ياڭراپ ئۇتۇقلۇق.

مەقسەتكە كەلسەك سەپىرىڭ ئالدىن،
تۇتماقچى ئىدىم ساڭا گۈلدەستە،
چاۋاكلار چېلىپ قالسامۇ پەستە،
گەرچە ۋاقتىلىق جاي ئالماي ئايدىن.

لېكىن ساڭا بىر مۇھىم شەرتىم بار،
يېزىپ ئالارسەن خاتىرەڭگە ساق.
يۇرەك قېتىدىن قاينار ئىشتىياق،
يەتكۈزگىن ئۇنى كۈرۈشكەندە يار.

ئاي ئىدى مېنىڭ ئوماق ئادىشىم،
كىچىكلىكىمدىن ئوينىغان بىللە.
تۆۋەن چۈشكەندەك پەللىمۇ ـ پەللە،
كۆلۈپ كېتەتتى ئوخشاتسام قېشىم.

ئويىنشار ئىدۇق مۆكۈ ـ مۆكۈلەڭ،
ھەر كۈن ئاخشىمى تامىنىڭ تۈۋىدە.
ياتالماس ئىدى بىردەم ئۆيىدە،
توسۇپ ئالسىمۇ يۈزىنى تۇمان كەڭ.

مۆكۈپ ئالسام مەن ئىشىك كەينىگە،
ئىزدەپ تاپالماي ھەيران بولاتتى.
كۆرۈنۈپ قويسام كۈلۈپ كېتەتتى،
يانا كېلەتتى دەرھال ئەينىگە.

گاھىدا ئۇ ھەم مۆكۈپ ئالاتتى،
بىراق يوتقىنى كونىراپ قالغان.
يىرتىقتىن پاختا كۆرۈنۈپ قالغان،
شۇڭا ئۆزىچە خىجىل بولاتتى.

گاھى ئوپۇقتا يۇمۇپ كۆزىنى،
كۆرستەر ئىدى سۈزۈپ قېشىنى.
كۆرسەتمەس ئىدى زادى بېشىنى،
دالدىغا ئېلىپ خۇشال يۈزىنى.

(ئىماملەر بۇچاغ قىلاتتى دۇئا:
«ياخشىلىق كەلتۈر يېڭى مېھمان» دەپ.
«بەرىكەتنى بىزدىن تۇتما پىنھان» دەپ،
تىڭشايتتىمكىن ئۇنى كەڭ ھاۋا...)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاچچىقىمدا مەنمۇ دومسۇيۇپ،
قاراپ تۇيمايتتىم نەچچە كۈنگىچە.
ئاخىر چىقاتتى بولماستىن كېچە،
كۈلۈپ غىدىقلاپ كېلەتتى سۆيۈپ.

گاھى يېنىمغا قىچقىرىپ مېنى،
ئۇخلاتمايتتى ئۇزۇن كېچىدە،
«كېلەلمەيدۇ!» دەپ كۈلۈپ ئىچىدە،
«قانتىنىڭ بولسا ئۇچقىن» دەپ «قېنى»!

بىرلا ئەيىپى چۈشمەي قېشىمغا،
قوياتتى مېنى ئۈدسىز ـ مەيۈس.
گاھى نەلەردە بولاتتى مەھبۇس،
ئېتىۋار قىلماي ئاققان يېشىمغا.

بەزى چاغلاردا سۇ ئىچمەك ئۈچۈن،
كۆلنىڭ تەكتىگە چۆكۈپ ئالاتتى.
ھۆرلىقادەك ئۇ غەمگە سالاتتى،
تىترەپ كېتەتتى ئاجايىپ يۈچۈن.

مەيۈس بولاتتىم بىر ھازاغىچە،
«ئەمدى ئاسمانغا چىقماسمىكىن؟!» دەپ،
دوستنى يەنە كۈتمەسمىكىن، دەپ،
كۆزنەر ئىدىم ئۇنى ھارغىچە.

ھازىر چوڭ بولۇپ، قېرىپمۇ قالدىم،
ئەمما يۈرەكتە مۇھەببەت ئىزى.
مىختەك قادالغان ئايخانىنىڭ كۆزى،
چۈشۈمدە گاھى بېرىپمۇ قالدىم.

بۇ قىتىم ئاگلاپ سىنىڭ سۆزۈڭنى،
چىقماققا تەييار بولغۇنۇڭ ئايغا.
ئاينىدى يەنە بۇرۇنقى قايغا،
كۆرسەم ئىكەن دەپ سىنىڭ يۈزۈڭنى.

بۇ خەۋەر بىلەن ئۆتمۈشتىكى ئوت،
يەنە قايتىدىن گۈركىرەپ ياندى.
قىرىلىققا تەن بەرمىدى تاندى،
دوستۇم بۇ ھالنى سەن ئىسىڭدە تۇت!

چىدىيالمايمەن ھىچ سۆيگۈ ئوتىغا،
يۈرەكنى ئۆرتەپ بەرمەيدۇ راھەت.
پەرۋانىدەك جان قىلالماس تاقەت،
مۇھتاج ئەمەسمەن ئۈزۈن شوتىغا.

قىلساڭ ھاۋاغا قاناتسىز پەرۋاز،
يەر ۋە ئاسماننى تىترىتىپ دىر ـ دىر.
كۆك يۇلتۇزلىرىن قالدۇرۇپ بىر ـ بىر،
گۈلدۈرماما ھەم بولۇر پايانداز.

قىرى بوۋايمۇ چاقالماس چاقماق،
ھەسرەتتە قىلىپ باسقان يولۇڭغا.
بەلكى گۈل سۇنار سۆيۈپ قولۇڭغا،
ئىلتىپات ئالماس بولماسقا ئەخماق.

قاراشقا بەلكى ۋاقتىڭمۇ بولماس،
بولغاچقا يولۇڭ مۇھىم ھەمدە تىز.
ئىسىڭگە كەلمەس مۇھەببەتلىك قىز،
چۈنكى ئىرادەڭ پولات ۋە ئالماس.

كۆك پازا[1]دا چاقماقتىن راۋان،
ئۆزگەندە خۇددى ساماۋى جاندەك.
ئۆز سۆيگىسىگە ماڭغان جاناندەك،
توسالماس سېنى ئاسماندەك داۋان.

پايانسىز يولنى ئارتتا قالدۇرۇپ،
ئاينىڭ يۈزىنى كۆرگەن ھامانا.
ئۇنتۇپ قالما !... ئەي بۈيۈك دانا،
ئەسلىتەي ساڭا يانا يالۋۇرۇپ.

يەتكۈزگىن مېنىڭ سالامىمنى ھەم،
كۆيگەن يۈرەكنىڭ ئوتلۇق زارىنى.
ئۇنتۇمىغاندۇر سۆيگەن يارىنى،
ئەمدى پىراقتىن قىلمىسۇن ھېچ غەم.

بەلكى يانارسەن يەنە بىز سېرى،
ئايخاندىن ماڭا سوۋغاتلار ئېلىپ.
سۆيگۈنىڭ چوڭقۇر سىرىنى بىلىپ،
ھەيرەتتە قالار يولۇڭدا پېرى.

كېلەرسەن ئاينى پىلانلاپ بەلكى،
بۈيۈك بىنالار قۇرۇشقا ئاتاپ.
تېخى مارسقا قىلىپسەن خىتاب،
ساما قىزىدا قوزغىتىپ كۈلكى.

① كۆك پازا — كۆك گۈمبىزى، ئاسمان بوشلۇقى

چىقارمەن مەنمۇ بەلكى يېقىندا،
سەن ئۆتۈپ بارغان مەنزىلدىن ئېشىپ،
ئەمگەكچى نامىدىن قىزىل گۈل قىسىپ،
ئىلغارلار بىلەن بىللە ئېقىمدا.

خىيالىي ئەمەس، تىلەك ھەقىقەت،
چۈنكى ئىلىم - پەن ئىجادىم مېنىڭ.
يېڭى تېخنىكا ئىمدادىم[1] مېنىڭ،
ئۆگىنىش ئۈچۈن قىلىمەن دىققەت.

زامانەم تېخى يىگىرمىنچى ئەسىر،
داخان ۋە رەممال كىتابىغا يات.
جىن ئەرۋاھقا سېغىنىش ئۇيات،
ئاينىڭ ئۈستىگە ياسايمىز قەسىر.

تىلەر ئىمشىھىت ساڭا شەرەپ - شان،
خەيرلىك بولسۇن مۇقەددەس سەپەر.
تېزراق يولغا چىق بولغىن بىخەتەر،
دوستلار شادلانسۇن، ياۋ بولسۇن ۋەيران.

1959 - يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى

① ئىمداد — مەدەتكار

www.uyghurkitap.com

# تارىم قىزى

— ئاقسۇ دېھقانچىلىق 1 - دىۋىزىيە تارىم 2 - باش مەيدانىنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىسى شياۋلەيپۇغا بېغىشلايمەن.

ئەقلىمنى ئېلىپ قالدى، بىر ماھى پەرى - پەيكەر،
گۈل يۈزلۈك، قارا كۆزلۈك، چېچى بېشىدا چەمبەر.

چاچىنى ئەگەر يايسا ئۇ، كۈندۈز كېچىگە تەبدىل،
رۇخسارىنى كۆرسەتسە كۈننىمۇ بىكار ئەيلەر.

كۆز تاشلىسا زۇلمەتكە، شەكسىز ئۇ، مۇنەۋۋەردۇر،
مەستانە يۈرەكلەرگە كىرپىكلىرىدۇر خەنجەر.

غۇنچە لېۋى تەۋرەنسە بىر ئىشقا تەبەسسۇمدىن،
گۈل بىلەن تولۇپ دۇنيا ھىدىنى چاچار ئەنبەر.

ئۈنچە چىشىنى كۆرسەڭ مەرۋايىت تىزىلغاندەك،
ئاقلىقتا ئاتالغانغا خىجىللىقتا قار تەرلەر.

«نېمىشقا؟!» دىبان بۇدىرە چېچىغا سوئال قويسا،
ھەر ھالقا كەمەندىدە دىللارنى شىكار ئەيلەر.

لالە شېخىدەك نازۇك بويىنىنى كۆرەر بولسا،
ئىنسانمۇ پەرىزاتمۇ، ھۇرلەرمۇ بولۇر يەكسەر.

كۆز تاشلىسا كۆكسىگە مەستانە بولۇر خىزرى،
مەيخانە گادايىدەك جېنىنى نىسار ئەيلەر.

گۈللەر تۆكۈلۈر كۈلسە، بۇلبۇلمۇ قالار ھەيران،
قىممەتتە ئەگەر بىلسەڭ ھەر بىر سۆزى بىرگۆھەر.

يامغۇر تامچىسى كۆرمەي تەشنا ياتقان قۇملۇقتا،
زىبانىڭ تۆپەيلىدىن تولدى سۇ بىلەن كۆللەر.

ئۆزۈندىن زىرائەتنى ئۈنتۈلغان بولۇق بوز يەر،
سەنەمنىڭ قولى بىلەن بوستان بولدى ھەم چۆللەر.

كۆزۈم چۈشتى زىبانىڭ ھۆسنىگە ئېتىبزلىقتا،
سۈرەتتە ئوماق بىر قىز، ئەمگەكتە باھادىر ئەر.

نامىنى دېدى سورىسام:
— تارىم قىزى شياۋلەيپۇ،
ھەر بىر ھەرىكەت سۆزىدە ئۆزىنى تۇتار كەمتەر.

باشقۇرغان قوناق ئورنى ئىككى يۈزدە يەتمىش مو،
«مىڭ جىڭدىن ھوسۇلغا» دەپ مۆلچەرلەپتۇ ئون مو يەر.

تېرىغان قوناق ھازىر بىر مېتىردىن ئېگىزرەك،
سىڭدۈرگەچكە ئەمگەكنى بايراقدار ئىكەن دىلبەر.

ھەممىگە بېرىپ ئىلھام، كوممۇنىستىك پارتىيە،
يېتىشتۈردى كۆپلىگەن سەن كەبى قىزىل ئەسكەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شۆھرىتىڭنى ئەتراپقا تارقىتىشقا مەن تەييار،
ئىلغارلىق تەرىپىڭنى ئۆگەنسۇن ئوغۇل - قىزلار.

قۇرۇق قول كېلىپ قالغاچ نىمشىبەت خىجالەتتە،
ئەجرىڭگە ھېچ تەڭ كەلمەس، يازسامۇ نەچچە دەپتەر.

1960 - يىل ئىيۇل، تارىم

# مەن سەن بىلەن

ئەي كۆبالىق باتۇر دوستۇم ياۋنى چەيلە!
ئۈز ئىلىگنى قۇزغۇنلاردىن خالى ئەيلە.

ئاتەش يۈرەك پىداكار روھ چىنىققان تەن،
ھەر بىر كۆرەش مەيدانىدا مەن سەن بىلەن.

دۈشمىنىڭدۇر: «تېشى پال - پال قەغەز يولۋاس»،
ھەيۋىسىدىن سىنىڭ خەلقىڭ قورقۇپ قالماس.

چاۋشەندە ئۇ، پەشۋا يېگەن بىزدىن راسا،
تىكمۈەتكەن باشقا تېگىپ ئەجەل - سوققا.

بايراقدارىم، پارتىيە، ئەل، ماڭا تىرەك،
كۈچ - قۇدرىتىم، غەيرىتىمگە بولۇپ يۆلەك.

كۆرەشلەردە مەنمۇ سىنىڭ مەدەتكارىڭ،
پىداكارمەن سىنى خالىس سۆيەر يارىڭ.

ئۇر!… دۈشمەننى كۆرەشتە سەن يېتىم ئەمەس،
بۇ كۆرەشمۇ ساڭا تۇنجى قېتىم ئەمەس.

تىنچلىق سۆيەر بارچە ئەللەر ساڭا يۆلەك.
ئۆرلە!… ئىگىز ئۇتتۇقسىرى، باتۇر يۈرەك.

قالساڭمۇ گەر غالجىر ـ قانخور دۈشمەن ئارا،
بومبا بولۇپ بىرنى قويماي قىرىپ تاشلا!...

ئەگەر كەلسە دۈشمەنلىرىڭ دېڭىز بويلاپ،
غەرق قىلغىن قەھرىڭ بىلەن ئەجەل يوللاپ.

ئەگەر سېنى ئاسماندىن ئۇ، بولسا ئۇرماق،
كۆيدۇر ئۇنى باش ئۈستىدىن بولۇپ چاقماق.

ۋەتەن ئوغلى ىمشىھىتنىڭ ئىلھامى شۇ،
تىنچلىق سۆيەر ئىنسانلارنىڭ پەرمانى شۇ.

1960 ـ يىل 1 ـ ئۆكتەبر، ئۈرۈمچى

# كۆرگەزمىدىن خاتىرە

— ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1960 - يىلىدىكى مەھسۇلات نەمۇنىلىرىدىن كۆرسىتىلگەن كۆرگەزمە خاتىرىسىدىن

I

مەن بېرىپ كۆردۈم ئۈرۈمچى شەھىرىدە كۆرگەزمىنى،
يۈزدە بىر تەسىرى ھەققىدە يازاي بۇ نەزمىنى.

گەر ھەۋەس قىلساڭ كۆرۈشنى ئورنىدۇر سايۋاغ رايون،
مۇمكىن ئەمەس كۆز بىلەن كۆرگەندە سۇنماسقا بويۇن.

ئۈچ يۈرۈشلۈك بۇ بىنا ئالدى شەرققە باقىدۇ،
كۆرگىلى ھەر كۈندە ئادەملەر دېڭىزدەك ئاقىدۇ.

بىر كۆرەي دەپ، ئەل قاتارى مەنمۇ باردىم سەپ بولۇپ،
كۆرمىسەم ھەسرەتتە قالماقچى ئىكەنمەن دەرد بولۇپ.

ئالدىدا دەرۋازا ئورنىدا قاتارى تۆت مۇنا،
ئۈندىن ئۆتسەڭ گۈمبىزى ئالتۇن سىرىق ئالى بىنا.

ھەر ئۆتۈق ئىجادىيەتلەر بولسا ئون يىلدىن بۇيان،
ئۆز خىلى بىلەن بۆلۈملەرگە ھەم تىزىپ قىپتۇ ئايان.

هەر بۆلۈمگە كىرسە بار بىردىن پەرىزات قىزلىرى،
ئۆزى گۈلدۈر، سۆزى بولبۇل، خۇددى ئاتەش كۆزلىرى.

كۆرسىتىپ تونۇشتۇرار هەر نەرسىنى باشتىن ـ ئاياق،
چارچىماستىن سۆزلىگەي قولىدا كۆرسەتكۈچ تاياق.

تىلى سۆزدە، قولى ئىشتا كۆزى ئەلدە تېز قەدەم،
تاكى سائەت توشمىغۇچە بىر مىنۇت ئالمايدۇ دەم.

سورىساڭمۇ ئون قېتىم زېرىكمەي بېرەر جاۋاپ،
تا قانائەت قىلمىغۇچە هەرگىز تۇرمايدۇ قاراپ.

خىمىيە ئۆيىگە كىرسەك بار ئاجايىپ كەشپىيات،
ئوقۇماي ئۆتكەن كۇنۇڭگە ئېيتىسەن مىڭ پەندىيات.

ئېتىبارسىز تۇرلۇك تاشتىن چىقىرىپتۇ تۇرلى ماي،
تەجرىبە قىپتۇ ياغاچ، چۆپ، تاش كۆمۈرنى تاشلىماي.

ئويلىنىپ: «ئېسىل تاۋار ئىشلەپچىقىشقا نى كېرەك؟!...»
چىقىرىپتۇ نەچچە خىل ئاددىي ياغاچلاردىن يىپەك.

ئايرىماق قاتتىق ياغاچلاردىن بۇ كەبى مەشۇتنى تەس،
ماھىيەتتە ئىككى مەشۇت مەنبەئى بىر خىل ئەمەس...

ئايرىغان بىلىم بىلەن تېخنىك سانائەت قوشۇنى،
يار ـ يۆلەك بولغان هامان پارتىيە باش لۇشيەنى.

يىپ ياساپتۇ پىللە ئوخشاش تاش كەبى ئەينەكتە هەم،
توقىغان رەختتىن كىيىم، كىيسۇن ئۈچۈن زىبا سەنەم.

تاشقا ئۇخشاپ تۇرسا ئەينەك پارچە قاتتىق پارقىراپ،
كۆزى بىلەن كۆرمىگەن ئاسان قىلالماس ئېتىراپ.

نۇرنى چاچقان ئۇچۇنمۇ پارتىيە باش لوزۇنگىنى،
كۈنمۇ ـ كۈن ئاشتى زىيادە كۆزىمىزنىڭ روشىنى.

كۆرستىنىڭ جېنىم بۇنى ئىشلىگەن كىم ؟ ! … قايسى قول؟ ! …
تاشۇ ـ تۇپراقتىن ئېچىلدۇرغان پۇراقلىق ياخشى گۈل؟ ! …

* * *

ئىشچى يولداشلار ياساپتۇ بىر ئاجايىپ يېڭى ئىش،
بىر قېتىمدا بىر قېلىپتىن چىقىرىپتۇ ئون يەتتە خىش.

دەۋرىمىزدە بۇ ئاجايىپ كەشپىياتتۇر يېڭىلىق،
بىزلەردە بولغان ئەمەس بۇندىن بۇرۇن بۇنداق قىلىق.

باسسا بىرسىنى چۇشەر ئون يەتتە خىش يەرگە بىراق،
تېگىدە تۆت چاقى بار مەيدانغا لاي بولماس يىراق.

قايسى ئىشچى ئويلىغان ھەم ئىشلىگەن ئىجادىيەت،
سوتسىيالىزم قۇرۇش دەۋرى ئۇچۇن ياخشى نىيەت.

بىر قېتىمدا ئون يەتتىنى قۇيغان ئىجادكار خىشچىنىڭ،
«بارىكاللا ! …» غەيرىتىگە ئاق كۆڭۈللۈك ئىشچىنىڭ.

قىلمىغان بۇنداق ھۈنەرنى بىزدە بۇرۇن بىر تۆھپىكار،
بەلكى تاپتى ئەقلى بىرلە ئىشچى نامىلىق بىر نىگار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*　*　*

يەنە بىر بۆلۈم خەۋەر بەرگەي ھاۋا رايىغا خاس،
ئەمەلىيەتتە كۆرۈلدى ئالدىن ئېيتقان سۆزى راس.

بەرگەن ئاخباراتى ئۈچ كۈنلۈك ھاۋادىن ئىلگىرى،
توغرا بوپ چىققان ئۈچۈن ھېچكىمنى قىلماس دىلگىرى.

بۈنى قانداق بىلگىنىنى زەۋقىقا تولغان بىر يىگىت،
بىزگە سۆزلەپ بەردى ئېنىق كۆرسىتىپ ھەر بىر چېكىت.

ئېيتىپ باقچۇ؟! ئەي يىگىت، سەن نېمە؟! ئىنسانمۇ سەن؟!...
ياكى غايىپنى بىلۈچى «خىزىر»مۇ سەن، شەيتانمۇ سەن؟!

شۇنچە قابىل كىم سېنى دانا قىلىپ ئۆستۈردى، ئېيت؟!
قايسى گۈلزارلىق ئىچىدىن ئەيلىدىڭ بۇ پەننى سەيت؟!

ئاسماندىن ياغماقچى بولسا ئېكىنزارلىققا تولا،
قايسى چاغدا نەگە ھەم بايقار ئىكەن ئالدىنئالا.

بۇ بالانىڭ دەپتىگە تەييار ئىكەن ھەر نە كېرەك،
خىمىيۋى تۈرلۈك دورا بىلەن توپ - زەمبىرەك.

جەڭگە ئوخشاش توپ ئېتىپ تارمار قىلىشقا تولىنى،
دورا بىلەن ئىسسىتىپ چۈشمەكچى بولغان يولىنى.

بۇ ياۋۇزنى پايدىلىق يامغۇرغا ئۆزگەرتەر ئىكەن،
ياكى ئۇششاق قار قىلىپ كۆكتە توزىتار ئىكەن.

كىم بۇنىڭدەك ئىشنى «ئادەملەر قىلار» دەپ ئويلىغان،
ئەكسىچە «تەقدىر» بۇنىڭغا «چارە يوق!» دەپ كويلىغان.

*　*　*

ئەمدى قاتناش بۆلۈمىگە بىز قەدەم قويدۇق يۈرۈپ،
خاتىرەمگە ئازغىنا ئالغاننى ئېيتاي مەن كۆرۈپ.

رەسمىي پويىزدەك ياساپتۇ ئوششاق - ئوششاق كۆپ ۋاگون،
بىرىنى بىرسىگە چېتىپ يولغا تىزىپ بەرگەن ئۇزۇن.

ماڭغۇزۇپتۇ، بۇ پويىزدىن، گاھ - پولاتتىن يول ياساپ،
توك ئاڭا قۇۋۋەت بىرەر، پاراۋۇزغا ئوخشاش بىھىساپ.

مېڭىشى ھەم توختىشى، ئىككىنچى يولغا چىقىشى،
ھەمدە ئاۋازى پەقەت پويىز ئۆزىدۇر ئېقىشى.

بىرلا ئوخشاشماس يېرى: چۈشمەس بۇنىڭغا كارۋان،
باشقىسى ئوخشاش، پۈتۈن يۈزلۈك توسالماس تاغ - داۋان.

قانچىلىك تەسۋىرلىسەم پۈتمەس ئۇنىڭ تەسۋىرى كۆپ،
ئەي قەلەم ۋاق بەكمۇ زىق، بەس ئىلگىرى ماڭغانمۇ خوپ.

قانمىغانلار بولسا ئەمدى كۆز بىلەن كۆرسۇن كېلىپ،
شۇندا ئىلھام ئالغۇسى قەلبى بۇنى كۆرۈپ بىلىپ.

يەنە ئىشلەپتۇ ئاجايىپ نەچچە خىل ئايروپىلان،
شۇ بەش يىللىقلار ئايغىدا ئۇچۇرۇشقا بار پىلان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چوڭ بىردە گۈلتۈرارمىش يۈزدىن ئارتۇق كارۋان،
يىگىرمە تونىدەك يۈك بىلەن ئۇچارمىش بىگۇمان.

بۇ قۇرۇق پىلان ئەمەس، ھازىر بىيىجىڭ ـ شاڭخەيدە بار،
ئۇزۇن ئۆتمەي يۇرتىمىز — شىنجاڭغا كەلتۈرگەي قارار.

بېشىڭنىڭ ئىككى يېنىدا تۆت ماتور ھەرىكەت قىلار،
شۇنچە كۆپ ئادەم ۋە يۈكنى كۆتۈرۈشكە كۈچ قىلار.

*　　*　　*

ئەمدى كەلدۇق ئارىلاپ دېھقانچىلىق قىر بېشىغا،
قىرنى بويلاپ ئىختىيارسىز بەلكى بۇغداي قېشىغا.

توختىتىپتۇ، نەچچە تۈپ بۇغداينى يىلتىزدىن يۇلۇپ،
شادلىنىپ كەتتىم كۆرۈپ قەلبىمدە ئىلھامغا تولۇپ.

ئۆسۈپتۇ بىر تۈپتە بۇغداي، ئىككى يۈز ئاتمىش شېخى،
ھەممىسى بىردەك ئۆسۈپتۇ، بېشىمۇ ئوخشاش تېخى.

بۇنى شاھىياردىن ئەكەلگەننى يېزىپتۇ يېنىغا،
يەتمىسۇن ھەرگىز ئەلەم بۇنداق دېھقاننىڭ جېنىغا.

## II
## شاھىيار دېھقىنىغا

قانداق ئۆستۈردۈڭ بۇنى، كۆرسەتچۇ شاھىياردېھقىنى،
چىقتى مەيدانغا سېنىڭ يېرىڭدە ئاشلىقنىڭ خېنى.

ساڭا بۇ ئىلھام قەيەردىن كەلدى ئەي دېھقان بېشى،
ئىشلىگەندۇر ئۆملىشىپ بىردەك تۇرۇپ، قېرى - يېشى.

بەلكى بولغاندۇر ساۋاق تەجرىبىلىك ئەرنىڭ سۆزى،
شۇڭا كۆرگەندۇر بۇ دېھقانىنىڭ يىراقلارنى كۆزى.

قىغ ـ ئوغۇتنى نەچچە قات قۇيغاندۇ يەرگە چىڭ تۇرۇپ،
بەلكى چوڭقۇر ھەيدىگەندۇر، نەچچە قېتىم ئۆگتۇرۇپ.

قۇيمىغاندۇ ياۋا ئوتنى ئارىسىدا ئارىلاپ،
ئويلىغاندۇ، «قويمىسام» دەپ ۋەدىمىزنى قارىلاپ.

كۈننى تۈنگە ئۇلىغاندۇر راس قىزىپ كەتكەندە ئىش،
بەلكى مەلۇم بولمىغاندۇ ئىش بىلەن بولغاندا قىش.

بەلكى بۇندىن باشقا باردۇر نەچچە تۈرلۈك چارىسى،
يېنىدا تەڭ ئىشلىگەندۇر يۈرىكى سەكپارىسى.

قۇلىقىدا ساقلىغاندۇ پارتىيە ئاۋازىنى،
بەلكى ئەسكە ئالمىغاندۇ، نازىنىنلەر نازىنى.

شۇنىڭ بىلەن كەلگەندۇر قولغا زور نەتىجە بۇ ئۆتتۈق،
چىدىيالماي قالدى قالاق، ھورۇن بىلەن تەرى تۇتتۇق.

سان ـ ساناقسىز چارە باردۇر باشقىمۇ مەن بىلمىگەن،
چۈنكى يەر تېرىش ئىشىغا قولۇم ئۆزۈندىن كۆنمىگەن.

بەلكى سىياسەتنى قوماندان قىلغاندۇر ھەر زامان،
شۇڭا زايە بولمىغاندۇر دانە بۇغداي ئاش سامان.

ئىشلە شاھىيار دېھقىنى نامىڭ ئېغىزدىن چۈشمىسۇن،
بەلكى بۇ سوتسىيالىزمدا داڭقىڭ ھامان ئۆرلىسۇن.

بولما مەغرۇر، بەلكى سەكرەپ ئالغا ئاتلا! ھەم يانا،
بەلكى قىلماقتىن قانائەت ئەيلىگىن دائىم يانا.

بەلكى بۇ ئىشنى كىشلەر كۆرمىگەن بولسا كېرەك،
بەلكى شاھىيار دېھقىنىغا مۇتتەزىر تۇرسا كېرەك.

قايسى تەردى، تەربىيىلەپ، ھەم ئۇنى ئۆستۇردى كىم؟!
قولىغا سۆيەي، دېسەم، جايى بار يوقتۇر ئىسىم.

بۇ زاماندا بۇنداق ئۆستۇنلۈكنى ھېچ ئەر كۆرمىگەن،
ئەر ئەمەس، دەۋرىمىزدە بەلكى تېخى يەر كۆرمىگەن،

سوتسىيالىستىك ئەلدە بەلكىم بۇنداق ئىشلار بار چىقار...
قولى گۈلدەك مەن سۆيۈشنى ئارزۇ قىلغان يار چىقار...

ئەي شاھىيارنىڭ دېھقىنى قىلغان ئىشىڭغا ئاپىرىن! ...
ئەر - ئايالۇ چوڭ - كىچىك، قېرى - يېشىڭغا ئاپىرىن!...

ئىشنى ئەپلەپ، ئالغا سەكرەپ ماڭغىنىڭغا ئاپىرىن!...
سوتسىيالىزمغا ئېرىشكەن قۇتلۇق ئىزىڭغا ئاپىرىن!...

سېنى ئۆستۇرگەن يېرىڭگە، ھىممىتىڭگە ئاپىرىن!...
ئاق سۇت بەرگەن ئاناڭغا، مېھنىتىڭگە ئاپىرىن!...

كونىلىقنى تاشلىغان پاك ئىدىيەڭگە ئاپىرىن!...
ئىلغارلاردىن ئۆگەنگەن تەربىيەڭگە ئاپىرىن!...

پارتىيىگە ئەگىشىپ ماڭغان يولۇڭغا ئاپىرىن!…
ئىرىشىپ ئىشلەپ گۈل ئۈندۈرگەن قولۇڭغا ئاپىرىن!…

ئىككى يۈز ئاتمىش شىخى بار بۈغدىيىڭغا ئاپىرىن!…
ئارقىدا قويماي ئىلىپ ماڭغان خۈيۈڭغا ئاپىرىن!…

ئىشلىنىڭ ئالدىنى ئويلاپ قىلغان ئويۇڭغا ئاپىرىن!…
يازدا ئىشلەپ كۈزدە شاد قىلغان تويۇڭغا ئاپىرىن!…

ئاپىرىن!… ھەم ئاپىرىن!… يۈز ئاپىرىن!…
مىڭ ئاپىرىن!…
بارىكاللا! غەيرىتىڭگە نەمشىبھەتتىن ئاپىرىن……

* * *

ئارزۇيۇم بىر بىرىپ كۆرسەم ئىكەن ئەي پاختىكار،
ئۆستۈرۈپسەن بىر كىۋەزنى ئۈچيۈز ئوتتۇز غوزا بار.

نازىنىن كۈلگەنگە ئوخشاش ئىچىلىپتۇ ھەممىسى،
قالدى ئالدىدا ئۈياتتا ھۆر قىز گۈلدەستىسى.

بويى ئادەمدىن ئىگىزدۇر بۇ كىۋەزنىڭ تەپچىسى،
قانچە تەرىپلەر ئىدى گەر كۆرسە تۆرپان گەپچىسى.①

شاخ ئۈچىدا پاختىا ئاق ئالتۇنغا ئوخشاش بەرق ئۇرار،
غۈنچە بويلۇقلار كىلىپ ئىرىشكە ھازىر نەق تۇرار.

① تۆرپان گەپچىسى — بۇ يەردە تۆرپانلىق قىزىقچى موللا زەيدىن كۆزدە تۇتۇلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پاختا بىلەن قامدىلۇر جەمئىيەتتە ئېھتىياج،
بەرگۈسى سانائەت ئىشلىرىغىمۇ راۋاج.

ئەل كىيىم كىيمەككە مۇھتاج، پاختىغا ئىختىيار،
ھەر كىشىنىڭ بېشىدىن ئايىقىغىچە ئالغاي قارار.

پاختىدىندۇر ھۆر كەبى نازۇك بەدەنلەر زىننىتى،
كېچە ھەم كۈندۈزدە ئايرىلماس ئۇلارنىڭ ئۇلپىتى.

پاختىدىندۇر، قىز ـ يىگىتنىڭ، رەڭمۇ ـ رەڭ كۆينەكلىرى،
لالە بىرلە غۇنچە يەڭلىغ خىلمۇ ـ خىل چەزمەكلىرى.

پاختا بولغاندا ئۆيۈڭ، ۋەيرانە بولسا گۈل بولۇر،
گۈلشەن ئەتراپتا، ئوغۇل ـ قىز باغدىكى بۇلبۇل بولۇر.

پاختا بىرلە قامدىلۇر ئۆينىڭ پۈتۈن ھاجەتلىرى،
كۆرپە ـ يوتقان، لۆڭگە ـ ياغلىقلار كەبى ئادەتلىرى.

پاختا بولغاچقا غاقىراپ يۈرمەكتىدۇر فابرىكىلار،
ئەل ئۈمىدىگە مۇۋاپىق ئىشلىشەر تېخنىكىلار.

نىمشېھىت كۆردى ئۈرۈمچى شەھرىدە كۆرگەزمىنى،
يۈزدە بىر تەسرى ھەققىدە يازدى بۇ ئاز نەزمىنى.

1960ـ يىل10 ـئۆكتەبر، ئۈرۈمچى

# ئايدىڭ كېچە

ئايدىڭ كېچە، ئوچۇق يەرنىڭ قارا ـ ئېقى،
پاختىزارلىق ئىدى يولنىڭ ئىككى يېقى.

بۇ يول بىلەن مېڭىش ئۈچۈن مەجبۇر قىلغان،
بىر توپ قىزنىڭ ئېيتقان ناخشا شوخ ـ شوخ خۇلقى.

مېنىڭ ھەيران بولغىنىمدىن مەزە قىلىپ،
كۈلۈمسىرەپ ئاتتى بىرسى چىلان قېقى .

خۇددى شۇ تاپ يۈرىكىمگە چۈشتى بىر ئوت،
ئەشۇ چىلان بولدى ماڭا ئىشقى ئوتى.

كۈلگەن ئىدى ئۇ قىز شۇ چاغ تۈن كېچىدە،
قاراڭغۇنى يېڭىپ كەتتى يورۇقلىقى.

بۇنداق قىزنى بۇرۇن ئايغا ئوخشىتاتتىم،
يەتمەيدىكەن ئاينىڭ ئاڭا نۇرلۇقلىقى.

كەچۈر سۆيگۈم ئەمدى ئايغا ئوخشاتمايمەن،
تەڭ كېلەلمەس ئاينىڭ ساڭا بارى ـ يوقى.

سىزنىشىمۇ قانچە ماھىر ـ ئۇستا رەسسام،
ئۇستۇن تۇرار سۆيگىنىمنىڭ زىبا تۇرقى.

قاتار ـ قاتار ئاسقان نۇرلۇق مېدالىدىن،
كۆرۈندۇ تالايلاردىن ئارتۇقلىقى.

«ئەمگەكچى!» دەپ نامى باردۇر، ئۇنىڭ بىلسەڭ،
ئەينە شۇدۇر مېنى تارتقان ئۇلۇغلىقى.

ئۇلگە بولغاچ ئەمگەك سۆيەر قىز ـ يىگىتكە،
ئەل ئىچىدە شۇنچە كۆچلۈك تونۇشلىقى.

نىمشبهتىنى قىرىغاندا مەپتۇن قىلغان،
گىرىپ كۆيىنەك كىيگەن قىزنىڭ ئىشچانلىقى.

1961ـ يىل ئىيۇن، باي

# هورۇن بىلەن رەنا

(ئېيتىشىش)

هورۇن: — ماڭا بىر بېقىنڭ دىلدار،
ئىشقىڭىزدا مەن بىدار.
سىزگە يوق بۇ ئالەمدە،
ماڭا ئوخشاش خېرىدار.

رەنا: — نېمە دېدىڭىز يولداش؟!
قەسىدىڭىز ئادەم ئالداش!
بىھۇدە قاتۇرماڭ باش،
ئۆيىڭىزدە بار خوشتار.

هورۇن: — ئۇ، مېنى كۆتەلمەيدۇ،
نەزەردىن ئۆتەلمەيدۇ،
ئۇلپەتلىشىشنى بىلمەيدۇ،
كۆڭلۇم باشقىنى تارتار.

رەنا: — بىرنى دېدىڭىز «تەپكەك»
بىرنى دېدىڭىز «مۆڭگەك»
سۆيمەيسىز تېخى ئەمگەك،
ۋاقتىڭىز ئۆتەر بىكار.

هورۇن: — مەي قەدرىنى بىلمەيدۇ،
مەن بىلەن ئىچەلمەيدۇ،
كوڭلۇم ئۇنى سۆيمەيدۇ،
بولدۇم ئۇندىن بەك بىزار.

رەنا: — مەيخورغا ئەمەس ئۇلپەت،
سالىمىڭىز ئاڭا كۇلپەت،
سۆزىڭىز يۈرەككە دەرت،
بولسىڭىز كۆڭۈل ئازار.
سەۋلىتى قۇرۇق نوچى،
بولمىڭىز ياۋا ئوۋچى،
دەۋرىگە بىقىلىڭ پوچى،
ئاياللارنى كۆرمەڭ خار.

1962ـ يىل ئىيۇل، باي

# بىر نومۇر

(ئېيتىشىش)

يىگىت: — ئوت چاقنىدى كۆزۈمدىن باقسام جامالىڭىزغا،
قەلبىمنى پارە ئەيلەپ قىلغان سالامىڭىزغا،
قىلسام پىدا جېنىمنى ماڭلايدا خالىڭىزغا،
جان تەندە مۇنتەزىرمەن سىزنىڭ جاۋابىڭىزغا.

قىز: — ئۇنى يېقىپ يۈرەككە ئەي بىۋاپا نېمە دەيسىز؟!
ئىشقىڭىزدا كۆيگىنىمدىن زەررىمۇ غەم يېمەيسىز!
ئۇنقا سېلىپ جېنىمنى، ھالىڭ نېچۇك دېمەيسىز!
ئارتۇق چىدىيالماستىن كەلدىم جانابىڭىزغا...

يىگىت: — ئەيىپلىمەڭ جانانىم، مەنمۇ سىرىمنى ئېيتاي،
قاچانغىچە مۇھەببەت دەردىنى يەككە تارتاي،
بەڭۋاشلىقىمنى تاشلاپ، ئەمدى ئۆزۈمگە قايتاي،
نەشنا لېۋىمنى سۈرتەي دەرمان پىيالىڭىزغا.

قىز: — كەلسە باھار، قىزىلگۈل چاچقاي پۇراقلىرىنى،
بۇلبۇلمۇ زەۋقى بىرلە باشلار قوشاقلىرىنى،
كاككۇكمۇ زېمىنەۋىدىن تارتقان پىراقلىرىنى،
ھالىمنى پەم ئېتەرسىز كەلسەم خىيالىڭىزغا.

يىگىت: — شەرەت بىلەن ئىپتىزدا بەرگەن ئىدىمغۇ ۋەدە،
قالدۇرماستىن ھوسۇلنى، يىغىشقا بىر داننى يەردە،
چىققاندا ھۆددىسىدىن، سىز قالدىڭىز قەيەردە،
توپ ـ توغرا نەق كېلۇرمەن ھەر بىر مىسالىڭىزغا.

قىـــز: — راست دېدىڭىز خۇماكۆز، ئەسلەپ ئىپتىز ئىشىنى،
تۇنلەردە باغلىدىم باغ، كۈندۈز تېرىپ بېشىنى،
قىلغان مۇسابىقىدە ئۆتكۈزمىدىم كىشىنى،
كەشتە ئىكىشكە تەييار ئەمدى رومالىڭىزغا.

يىگىت: — زامانىمىز بەختىيار، سىزنى قىلدىم ئىختىيار.
قىـــز: — مەنمۇ قىلدىم سىزدەكلا چىن كۆڭۈلدىن ئىختىيار.
يىگىت: — تولۇپ تاشقان مۇھەببەت بىرلە سىزگە ئىنتىزار.
قىـــز: — مەنمۇ خۇددى سىز ئۈچۈن ئىشقىم بىلەن ئىنتىزار.
يىگىت: — شەرتمۇ تولۇپ يېتىشتى قىلىپ ھەممە ئېتىبار،
باغۋەن ئۈزاتسۇن قولنى ئالما ـ ئانارىڭىزغا.
قىـــز: — بۇلبۇل ئوقۇر تەشەككۇر يېڭى باھارىمىزغا!...

1962 ـ يىل ئىيۇل، باي

# كۆرگۈم كېلۇر

كۆرگۈم كېلۇر، كۆرگۈم كېلۇر، كۆرگۈم كېلۇر،
پايتەختىم بېيجىڭ سېنى كۆرگۈم كېلۇر.
مېھرى ئىسسىق شەھەر سېنى كۆرگۈم كېلۇر،
تيەنئەنمىندەك مەيدانىڭنى كۆرگۈم كېلۇر.

سېنى كۆرسەم سىراپ بولۇر تەشنا دىللار،
بەختى كۈلۈپ ياشناپ كېتەر سولغان گۈللەر،
ئالىي ئەخلاق، خۇش پەزىلەت قىز -ز ئوغۇللار،
جان -ز دىل بىلەن جانان سېنى كۆرگۈم كېلۇر.

يادىمدا بار سېنى كۆرگەن بەختلىك كۈنۈم،
مېھمان سۈپەت خۇەيرېنتاڭدا ئولتۇرغۇنۇم،
خىيال قىلسام كىرپىك قاقماي ئۆتەر تۈنۈم،
ئۇلۇغ داھى سېنى قايتا كۆرگۈم كېلۇر.

قوينىڭدادۇر دۆلىتىمىزنىڭ قارارگاھى،
يوقسۇللار ھەم ئېزىلگەنلەر پانا گاھى،
پارتىيە ھەم ماۋزېدۇڭنىڭ ئارامگاھى،
غالىپ شەھەر، مەركەز سېنى كۆرگۈم كېلۇر.

ئەجەپ گۈزەل چيەنمېن داجې بازارلىرى،
ۋاڭفۇجىڭ ھەم بەيخۇا دالۇ تاۋارلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شىسسەندىكى خانلار ياتقان مازارلىرى،
ھاجەت راۋا شىدەن سېنى كۆرگۈم كېلۇر.

سەندە قاينار خەلق بەختىنىڭ بۇلاقلىرى،
دىل سۇ ئىچەر ئاڭلىغاندا قۇلاقلىرى.
بېيخەيدىكى ئۈزۈپ يۈرگەن قولۋاقلىرى،
زادى كەتمەس كۆز ئالدىمدىن كۆرگۈم كېلۇر.

ياشناپ كۈلەر دائىم ئۇنىڭ گۈلباھارى،
ئۈزۈن يىللىق گۈزەل سەنئەت يادىكارى،
ئوتتۇرىسىدا مەغرۇر تۇرار ئاق مۇنارى،
قەلبىم ئەسىر بولغان جاينى كۆرگۈم كېلۇر.

دۇڭئەنشىچاڭ، رېنمىنشىچاڭ ئەجەپ بازار،
ئۆتمۈشتە خەلق بۇ جايلاردىن بولغان بىزار،
ئەمما ھازىر كىشىگە يوق قىلچە ئازار،
مېھرىبانىم قۇچاقىڭنى كۆرگۈم كېلۇر.

ئەگەر بارساڭ لۇگۇچياۋدىن ئۆتكەن ھامان،
بېيجىڭنىڭ خۇشپۇراقى بولۇر ئايان،
تۈگەتكىلى بولماس قىلسام بىر ـز بىر بايان،
قەۋەت ـز قەۋەت بىنالارنى كۆرگۈم كېلۇر.

سەككىز قەۋەت، ئون قەۋەتتىن ئىمارىتى،
ئىسپاتىدۇر خەلقىمىزنىڭ جاسارىتى،
تامام بولماس يىللاردىمۇ زىيارىتى،
ئېسىل ھايات بۇلاقىڭنى كۆرگۈم كېلۇر.

بارساڭ دوڭئەنشچاڭ، پويىز ۋوگزالىغا،
كۆزۈڭ چۈشەر مەغرۇر ئېگىز ئاشيانىغا،
ئالغا يۈرسەڭ يادىكارلىق ئاستانىغا،
ھەممىسىنى بىر - بىر كىرىپ كۆرگۈڭ كېلۇر.

مانا بۇ جاي تيەنئەنمىندۇر بۈيۈك مەيدان،
مىليون - مىليون ئەر - ئاياللار بولۇر خەندان.
يىراقلاردىن كېلىپ كۆرەر ھەر بىر ئىنسان،
جانغا ئارام تيەنئەنمىننى كۆرگۈم كېلۇر.

ئەي پايتەخت نىمشىھىتىڭ پىدايىدۇر،
تاغدەك مەغرۇر، كۆرۈنۈشتە گادايىدۇر.
ئېيتار سۆزى ساڭا مەدھىيە - سانايىدۇر،
مۇقەددەس جاي، ھەردەم سېنى كۆرگۈم كېلۇر.

1962 -ز يىل ئىيۇل، باي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# يېڭى شىنجاڭىم مېنىڭ

بەختى كۈلدى، گۈلگە تولدى، يېڭى شىنجاڭىم مېنىڭ،
خانىلار بولدى ئاۋات، يېڭى شىنجاڭىم مېنىڭ.
«ئاھ!... پىراق!...» دەپ نالە قىلماس بولدى جانانىم مېنىڭ،
بەخت يارانتى بېغىم ئىچرە يېڭى مېھمانىم مېنىڭ.

ئەي بېغىم كۆكسۈڭگە داغ قويغان ئىدى شۇمقۇش بۇرۇن،
ئاق كۆڭۈل ۋىژدانى پاكلار ئۈچۈن بەرمەي ئورۇن.
لالىلەر سۇسىز سولۇپ قالغان ئىدى، باغۋەن ھورۇن،
دەۋرىمىزدە قاندى سۇغا غۇنچە خەندانىم مېنىڭ.

يېڭىۋاشتىن ئاچتى باغدا گۈل ـ گۈلىستانىم چېچەك،
تاغۇ ـ چۆلمۇ بولدى ئاۋات باغۇ ـ بوستانىم چېچەك.
بەخت ئۈچۈن بولغان كۈرەشتە شېئىر ـ داستانىم چېچەك،
كەلگۈسى كۈنگە ئاتاپ سايرايدۇ ۋىژدانىم مېنىڭ.

گۈل بېغىمنى ياشنىتىشتا پارتىيىدۇر باغۋەن،
تەرىپىڭنى داستان قىلىپ بارچە بۇلبۇل سايرىغان.
ئەركىن ـ ئازاد بۇ ھاياتتىن قاغا ـ قوزغۇن باغرى قان،
ئىپتىخارىم يېڭى جۇڭگو، يېڭى شىنجاڭىم مېنىڭ.

1962 ـ يىل ئاۋغۇست، باي

# يۈرەك سۆزى

گۈل ئۈزارىم باغ ئىچىدە سىنى مەن دائىم كۆرەي،
تۇرلۇك ـ تۈمەن نازۇ ـ نىمەتلەر ئارا دەۋران سۈرەي،
دىلغا ئارام بەخش ئەتكۈچى ساپ ھاۋادىن ئۆرگىلەي،
مەن بۈيۈك ئازاد ۋەتەن پەرزەندى دەپ مەغرۇر كۈلەي.

ئەي ۋەتەن جانلارغا ئاسايىش شەرت ـ شارائىت سەندە بار،
ئادەم ـ ئىنسان ئېتىبارى، قەدرى ـ ھۆرمەت سەندە بار،
شۇڭلاشقا پاسىۋانەن تاكى جېنىم تەندە بار،
كىمكى قەدرىڭ بىلمىسە تۇپراق ئارا دەسسەپ كۆمەي.

ھۆرمىتىڭ ئالەم ئارا مەشھۇر جانانىم ۋەتەن،
قەلبىم ئىچرە نۇر بېرىشتە ماھى تابانىم ۋەتەن،
تەن ئارا جېنىم، دىلىمدا نۇرى ئىمانىم ۋەتەن،
تۇپرىقىڭنى تۇتىيا ئورنىدا كۆزۈمگە سۈرەي.

ئەي ۋەتەن دۇنياغا مەشھۇردۇر تەبىئىي بايلىقىڭ،
مولچىلىقتا مىسلى يوقتۇر چارۋىلارغا يايلىقىڭ،
دورى ـ دەرمان، تۈرلى مەدەن تاغ ـ ئېدىر، قىر سايلىقىڭ،
ئىپتىخارىم سەن ۋەتەننى باشقا «تاجىم» دەپ بىلەي.

سەن بىلەندۇر ئابرويۇم، ئىززىتىم ھەم ھۆرمىتىم،
يەر يۈزىدە يوق مېنىڭ سېنىڭدىن ئارتۇق دۆلىتىم،

سەن بىلەن ئاشماقتا كۆندىن ـ كۈنگە شانۇ ـ شەۋكىتىم،
«مىسىر تەختىدىن كېچىپ كەنئان①گادايى» نى سۆيەي.

بىز ئىدۇق ئازادلىقىڭدىن ئىلگىرى ئەجەپمۇ خار،
كېچە ـ كۈندۈز ئىشلىسەكمۇ تويمىغان، ئاش، نانغا زار،
ئەمدى ھېچكىم كۆڭلىدە يوق قايغۇدىن زەررەغۇ بار،
ھەممە ئۆيدە، ئۇن، گۈرۈچ، ياغۇ ـ گۆش، ھورنېنى، مەي.

كۆز قاراسىدەك نىگارىم، تاجۇ تەختىم سەن ۋەتەن،
لالىزارىم، نامىدارىم، ھەرنە بارىم سەن ۋەتەن،
تەندە جانىم، كۈچ ـ مادارىم سايىۋانىم سەن ۋەتەن،
قايسى ۋىژدان، قايسى يۈز بىرلە سەندىن يۈز ئۆرەي.

ھەممە ھاجەتلەر راۋادۇر سەندە ئەي نۇرلۇق ۋەتەن،
ئەركىن ئازاد قۇچىقىڭدا تۇگىدى زورلۇق ۋەتەن،
ساتسا ھەركىم نومۇسىنى بار ئاڭا خورلۇق ۋەتەن،
مەن دەيمەن: «ئاسماندا غازنىڭ شورپىسىغا تەلمۇرەي.»

ئورنىغان يۈرەكلىگە سەن سەنەمنىڭ قاشلىرى،
لەئلى ـ ياقۇتتىنمۇ ئارتۇق تاغلىرىڭنىڭ تاشلىرى،
سېنى ئاسراشقا پىدادۇر ھەممە مىللەت ياشلىرى،
كۆز ئالايتقان دۈشمىنىڭنىڭ بېشىنى يەنچىپ ئېزەي.

سەندىكى ئاددىي ھايات ئارتۇق فېرىدۇن② تەختىدىن،
بەلكى ئالى كۆنلىرىم ھەم ئالى جەمشىت ③ بەختىدىن،

① كەنئان — جاي ئىسمى بۇ يەردە گەپ: «مىسىرنىڭ شاھلىقىدىن كەنئاننىڭ گادايلىقى ياخشى» دېگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققىدىكى ماقال كۆزدە تۇتۇلدى. (ئۇستىدە بارىدۇ.)

② ③ فېرىدۇن جەمشىت — قەدىمى ئىران سۇلالىلىرىنىڭ ئىسمى.

بەلكى پارلاق كەلگۈمىز ئەۋزەل سۈلايمان ① رەختىدىن،
يۈرىكىم سەندە تۇرۇپ ياتقا قانداق تەلمۈرەي.

شەرقىي تەيۋەندىن يۈرۈپ، غەربىي جەنۇپ تاكى خوتەن،
يالۇجياڭدىن تاكى شىزاڭ قوشۇلۇپ بىرگەۋدە تەن،
كۆكرىكىمنى يارسا گەر سوققان يۈرەك دەيدۇ:
— ۋەتەن!…
قەشقىرىمدە چىلگە يەپ چاڭجياڭدا ئويناقلاپ ئۈزەي.

گۈللىنگەندە بېغىم ئىچرە قايغۇسىز قايناق ھايات،
سوتسىيالىزىم ئۈچۈن بولغاندا ھەر كىمدە ساۋات،
كۆردى جياڭ جيېشى چۈشىدە چوڭ قورۇقلۇقتا «ناۋات»،
كۆزىنى ئاچماي جۆيلىدى، ئاغزىنى تامشىپ «ھەسىننەي!».

«مەن چىقاي ئۈسۈپ قورۇقلۇقتا، بۇزۇپ خەلق بىرلىكىن،
ئاياق - ئاستى ئەيلەيىن بىر يولى ئەلنىڭ تىلىكىن،
ئايرىۋەتسەم ھەر كىشىنىڭ بولسا يارۇ - يۆلىكىن،
باش كېسىپ، قانلار كېچىپ، تەختىمنى قولغا كەلتۈرەي.»

جادۇگەر قاقباش كۆزنى يۇمماي كۆرمەكتە چۈش،
تەبىر ئېيتۇر چۈشىگە ئاق سارايدا كېنىدى ھوقۇش،
كەلسە يەيدۇ ھەر تەرەپتىن، شۇبھىسىز گەردەنگە مۇش،
قارشى بىز تەييار ھامان، بۇيرۇق كۈتۈپ تۆەنجيې چىلەي②.

نىمشېھىت ئالدىنقى سەپ ئالدىدا تۇرماقنى كۈتەر،
ھەر قەدەمدە باسمىچىغا مەن دېسەم:
— قولۇڭ كۆتەر!…

① پەيغەمبەر ھەم شاھ ئىسمى.
② تۆەنجيې چىلەي — ئۈيۈشۈپ — ئىتتىپاقلىشىپ ئورنىدىن تۇرۇش.

بولمىسا ئۆمرۈڭ تۈگەپ، جايىڭ جەھەننەمگە كېتەر!…
ئاقىۋەت جياڭ جيېشى خائىن كۆكرىكىنى راسا چىنەي.

1962ـ يىل 15ـ ئاۋغۇست، باي

## بىزنىڭ جەڭچىگە

قىشتا ھەم يازدا چېگرىدا ھوشيار،
تۇراتتى جەڭچى قويۇپ زېھنىنى،
ئويلار ئۆزىنى ئەلگە قەرزدار،
ۋەتەنگە ئاتىغان پۈتۈن مېھرىنى.

«شۇ پايانسىز ۋەتەن يېرىنى».
مۇستەھكەم ساقلاش مېنىڭ ئىشىم! » دەپ.
«رازى ئۆمرۈمدىن قەلبىم مېھرىنى،
تۆكۈپ شۇ يولدا كەتسە بېشىم» دەپ.

«ئەمگەكچىلەرنىڭ كۆڭۈل ئارامى،
تىنچ سانائەتنىڭ قۇرۇلۇشلىرى.
كۈنسېرى ئېشىپ شەۋكىتى ـ شانى،
ئالى مەقسەتكە يۈنۈلۈشلىرى.

ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ، يۈرىكى ـ ئىشى،
قىلمىسۇن دەپ پىراقتىن زارە.
غەمسىز باياشاد ئۆتۈپ ھەر كىشى،
بەخت كۆكىدە قىلسۇن سەييارە.

مەيلى خاتىرجەم ئويىنسۇن — كۈلسۇن،
ئەندىشە قىلماي بارى — يوقىدىن.

بەلكى دىللارغا خۇشاللىق تولسۇن،
ئاسايىشلىقتىن، ھايات زەۋقىدىن!...»

دەپ بارىغا ئۆزى تىكىپ جان،
دائىم تۇراتتى چەۋەر ۋە ھوشيار.
ئۆتەلمەس ئىدى چېگرىدىن جان،
ھەتتا ئاسمانغا ئۆرلىگەن قۇشلار.

بىر كۈنى قاپلاپ كۆكنىڭ يۈزىنى،
چاڭ ـ مانان پەيدا قىلىشتى جۇدۇن،
«كۆرەلمەيدۇ!» دەپ جەڭچى كۆزىنى،
چىقتى كۆھىقاپتىن «U ـ 2» قۇيۇن.

لېكىن جەڭچىنىڭ كۆزى چېنىققان،
ئايرىشتى تۇندىمۇ قاپقارا قىلنى.
ئۆزى كېلىشكەن ۋە راسا چاققان،
كۆتۈرۈپ باساتتى ھەتتاكى پىلنى.

بولۇت ئۈستىدە ئۆرلەيتتى بىغەم،
ئاشۇ شۇم قويۇن چېگرىغا قاراپ.
«كۆكتە شۇنداق ئۈستۈنلىكتىمەن،
جىنمۇ كۆرمەيدۇ!» دەپ ھەريان ماراپ.

مەغرۇرلۇق بىلەن چېگرىغا كېلىپ،
ئىغۋا قىلىشقا ئۇرۇنغان ھامان.
ئاجايىپ ھەيۋەت لەرزىگە كېلىپ،
تەۋرىنىپ كەتتى پۈتۈن يەر ـ جاھان.

سر چاغدا ئوكيان تەكتمگە قاراپ،
مونلاق ئېتىپ چۈشتى ساماليوت.
قۈيرۇقى ئۈستۈن ھەريان پېقىراپ،
كۆكنىڭ يۈزىگە چىقاردى ئىس - دۈت.

كوكتە كۆرۈلگەن بۇ ئالامەتنى،
دۈشمەن ھېچقاچان كۈتمىگەن ئىدى.
نىتىپ تاشلانغان بۇ كاساپەتنى،
دېڭىز تېگىدە لاتقىلار يېدى.

شۇ چاغدا بىزنىڭ جەڭچىمىز قاراپ،
قىلدى تەبەسسۇم:
— لەنتىلەر! ... — دەپ.
— قانداق شارائىت، قانداق چاغ ماراپ،
كېلىشسەڭ بىز تاشلايمىز ئۆرتەپ!...—

جەڭچىمىز ھامان قويۇپ زېھىننى،
كېچە ۋە كۈندۈز تۇرار ئورنىدا.
ۋەتەنگە ئاتاپ پۈتۈن مېھرىنى،
ۋەتەننى ساقلاش قەرزدۇر بويىندا.

جەڭچىگە ئېيتار نىمشېھىت سالام!
قىزغىن يۈرەكتىن مەدھىيە بىلەن.
شۇ خىزمەتكە خاس ئۆسمەكتە بالام،
ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بىلەن.

1962 - يىل سېنتەبر، باي

www.uyghurkitap.com

# ئەسلەيمەن

— لۇتپۇللا ئەزىم ئوغلى مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ قىرىق يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

ھايات بېغىدا سەيرى ئەتكەندە مەن بىر گۈلنى ئەسلەيمەن،
قىزىل گۈل خۇشپۇراق چاچقاندا بىر بۇلبۇلنى ئەسلەيمەن.
چېپىش مەيدانىدا ئىلگىرلىگەن دۈلدۈلنى ئەسلەيمەن،
باھاردىن بەھرىسىز كەتكەن چىۋەر ئوغۇلنى ئەسلەيمەن.

ئۇ شۇنداق بىر گۈلكىم غۇنچە دەۋرانىغا يەتكەندە،
ئېچىلماققا سەنەمنىڭ ئاغزىدەك تەبەسسۇم ئەتكەندە،
تۇمەن جانلار تەلمۈرۈپ ئۇنىڭغا كۆزىنى تىككەندە،
غەزەپ بىرلەن ئۇنى ئۈزگەن زەھەرلىك قولنى ئەسلەيمەن.

سېنىڭ ھەر بىر سۆزۈڭ ئىدى دوستلارغا بىباھا گۆھەر،
لېكىن دۈشمەنگە نىسبەت ئەيلىگەندە خۇددى بىر خەنجەر،
بىلىم تەشنالىرىنى قاندۇرۇشتا شەربىتى ئىدى كەۋسەر،
ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەشكە باشلىغان كەڭ يولنى ئەسلەيمەن.

قەدىردان دوست، كۈرەشچان روھ، پىداكار ياش،
ئىرادەڭ شۇنچىلىك قاتتىق دۈشمەنگە ئەگمىدىڭ باش،
قىيىن ـ قىستاق، كۈرەشلەرگە ئېگىلمەستىن قىلىپ بەرداش،
ۋەتەنىڭ ھۆرلىكىنى ئويلىغان كۆڭۈلنى ئەسلەيمەن.

مۇھەببەت رىشتىنى باغلىغان ۋەتەنگە چىن دىلدىن،
ئىپادە ئەيلىگەن ئەل بىرلىكىنى نەچچە ئۈن يىلدىن،
ئۆزى خۇشخۇي، ۋۇجۇدى ساپ ئىدى ناتوغرا ئىستىلدىن،
تولۇن ئايدەك يۈزلىرى ھەم چاچلىرى سۇمبۇلنى ئەسلەيمەن.

چېكەتتى خەلق بەختىچۈن ئايانماستىن ھەممىشە غەم،
«ئاخىرقى جەڭگە ئوغلىنى» ئاتاپ قويغاندى خاتىرجەم،
كېتىپ قالدى بۇ دۇنيادىن ئاتا ـ ئوغۇل بولالماي جەم،
ئاتىسىنىڭ ئەمرىنى ئىشلىيەلمىگەن كەشپۇللا ① نى ئەسلەيمەن.

پاراغەتلىك ھايات دۆلەت ئىچىدە ياشنىغان چاغدا،
پۈتۈن جۇڭخۇا ئېلىنىڭ نەۋ باھارى گۈللىگەن چاغدا،
ئېزىلگەن ھەممە مىللەت بىرلىشىپ شوخ ئوينىغان چاغدا،
بۇ دەۋردىن نېسىۋە كۆرمىگەن لۇتپۇللانى ئەسلەيمەن.

خەلقنىڭ بەختىگە، قايغۇسىغا ئورتاق ئىدى سازى،
پۈتۈن دۆلەت ئىچىگە تارقىغان ھەم ياڭراق ئاۋازى.
شۇنىڭچۈن نىمشېھىت دەيدۇ:
— سېنىڭدەك دوستىدىن رازى!...
ۋەتەننى كۆيلىگەن سازىدىكى مەرغۇلنى ئەسلەيمەن.

1962 ـ يىل ئۆكتەبر، ئۈرۈمچى

① كەشپۇللا — ل. مۇتەللىپنىڭ ئاقسۇدا ئالغان خوتۇنى سوپىيەدىن تۇغۇلغان ئوغلىنىڭ ئىسمى، بۇ يەردە سۆز شائىر لۇتپۇللانىڭ: «ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى» دېگەن مىسراسى ئۈستىدە كېتىپ بارىدۇ.

# تەرجىئى بەند①

مەن بۇگۇن ئەيلەي بايان باي ناھىيە ئەھۋالىدىن،
باينىڭ يېقىن ئۆتمۈشىدىن ھەم بۇگۇنكى ھالىدىن.

بايدا ئۇن يىل ئالدىدا يەرلەر پومبىشچىك قولىدا،
سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىشلىگەنلەر بابىدىن.

ئىشلىگەن ئاپتاپتا قالغان، ئالغان ھوسۇلدىن بەھرى يوق،
شۇڭلاشقا قۇتۇلالماس ئىدى ئاچلىق نالىدىن.

پالتا، گۇرجەك، ئارا ـ كەتمەن ئۇپرىغانغا ھەق تۆلەپ،
بېشى كەتكەن قۇتۇلالماي بوينىدا زۇننارىدىن②.

كەمبەغەلدىن كەمبەغەل:
— ھالىڭ نېچۇك؟! — دەپ سورىمىسا،
باشقىلارنىڭ كارى يوق مىڭ نالە ھەم پەريادىدىن.

زومىگەرلەر كەمبەغەلنى قاخشىتىپ قىلغان جۇدا،
ئەمگىكىنىڭ ئەجرىدىن، سۆيگىسي ـ جانانىدىن.

① تەرجىئى بەند — شېئىرىيىتىمىزدىكى بىر شەكىل
② زۇننار — غەيرىي دىندىكىلەر ئىسلام مەملىكەتلىرىدە تۇرغاندا بوينىغا ئېسىپ يۈرىدىغان بەلگە. بۇ يەردە قەرزدارلىق كۆزدە تۇتۇلغان.

شۇكرى يۈز مىڭ شۇكرىكىم بۇ ئادالەت دەۋرىگە،
ھەممە ئادەم بەھرىمەن بولماقتا ئۆز تاپقانىدىن.

يەر ئۇمۇمنىڭ، ئاممىنىڭ ھوسۇلىغا ئەمگەك كىرىپىل،
ياخشى ئەمگەك قىلسا تاغدەك ئاش ئالار خامانىدىن.

يىمەك ـ ئىچمەكتىن پەقەت بىر زەررىچە غەم ـ قايغۇ يوق،
تولدى ئاشلىق ساڭلىرى بۇ يىلقى مەھسۇلاتىدىن.

شۇڭا دەيمىز «بارىكاللا! پارتىيە مىڭ ـ مىڭ ياشا! ...»
سەن سىزىپ بەرگەن يولۇڭ بىزگە كۆپايە كەڭتاشا! ...»

* * *

ناھىيە ئۆتمۈشتە بەك ۋەيران ئىدى، خاراب شەھەر،
«تام بىسسىپ قالماسمۇ؟!» دەپ قورقار ئىدۇق كەچ ھەم سەھەر.

تاملىرى ھەر يانغا قىڭغايغان ئۈچۈن قويغان تىرەك،
ئارقىسىدا «غوجا تام» ئەتراپلىرى ئاندىن بەتەر.

مۇستەبىتلەر ئالۋىنىغا يارىتىلغاندەكلا پەقەت،
باشقا چاغدا يوق ئىدى، ناھىيە نامىدىن ئەسەر.

بىر بايان قىلغاندىن ئارتۇق ئۆي ـ ئىمارەت يوق ئۈچۈن،
خەلق ئىدى ئالىي زامانلاشقان بىنادىن بىخەۋەر.

ئۆي ـ ئىمارەتلەر تولاراقى توقۇلغان قورما تام،
شۇ سەۋەب ئولتۇرغىلى بولمايتتى ئەسلا بىخەتەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باغسا يامغۇر ئۆگزىگە كۆل قويۇپ، تۆشۈك ئېتىپ،
قىشتا قار ياغسا بۇلار ئىدۇق ھەم تولا ئاۋارىگەر.

ئەمدى كۆرسەڭ ناھىيىنىڭ شەكلى ھەم ماھىيىتى،
ياخشىلاندى قالمىدى كونىلىقتىن بۇندا خەتەر.

مەيلى مەكتەپ مەيلى ھەر بىر جەمئىيەت ئورۇنلىرى،
كونا تاملاردىن ۋىدالاشتى قىلىپ زىرۇ - زەۋەر.

ھەممە جايدا يېڭى قۇرۇلۇش، يېپيېڭى ئالى بىنا،
ھەممە رايون، ھەممە يېزا، ھەممە مەكتەپ، ھەممە يەر.

شۇ بىلەن، مەيدان ئارا قىلدى جەۋلان يېڭى باي،
بۇ دېمەك دەۋرىمىز ئىلھامىدىن بولغان ئەسەر.

شۇڭا دەيمىز: «بارىكاللا!... پارتىيە مىڭ - مىڭ ياشا!...
سەن سىزىپ بەرگەن بۇ يول بىزگە كۆپايە - كەڭتاشا.

*    *    *

يېرى مۇنبەتلىك بۇ باي، تۆت تەرىپى تاغلىق رايون،
چارۋا ئۆستۈرمەك ئۈچۈن شارائىتى ياخشى ئورۇن.

تەبىئى شارائىتى شۇنداق قولايلىق بولسىمۇ،
چارۋىغا گاداي ئىدى بۇ جاي ئازادلىقتىن بۇرۇن.

ئېرىنى كۆپ سۆزلىمەيلى ئەللىكىنچى يىللىرى،
بارى ئاتمىش مىڭ ئىدى، ئات، كالا، قوي، توپاق، قولۇن.

ناھىيىنىڭ تاغ ـ تىكىس، ئابى ـ ھاۋاسىغا قاراپ،
پارتىيە بۆلدى كۆڭۈل چارۋا ئۆستۈرمەك ئۈچۈن.

تاغۇ ـ يايلاقلار ئومۇمنىڭ پايدىسىغا ئۆزگىرىپ،
ئۆستى تەڭ كۆزدە قارالغاچ چارۋىلار كۆرمەي جۇدۇن.

ئەمدى ھازىر چارۋىنىڭ ئوت ـ چۆپ، قوتان بارلىق ئىشىن،
ھۆددىگەر ئۆز ئۈستىگە ئالغاچ چارۋىغا يەتمەس زەبۇن.

قۇياشنىڭ نۇرى تاغ ـ يايلاققا تەكشى چۈشمەك بىلەن،
بولدى تۆت يۈز مىڭدىن ئارتۇق چارۋا سانى نەق بۈگۈن.

چارۋا باققاننىڭ پەقەت چارۋىدۇر بارلىق غېمى،
تاغدىمۇ تۇرمۇش پاراۋان، ئاشۇ ـ نان، تاۋۇز، قوغۇن.

كەڭتاشادۇر گۆش ۋە ياغ ئادەتتە ئىستېمالىمىز،
ھەممە ئۆيدە يۈڭ بۇيۇم، كىگىز ـ بىساتۇ بار پۈتۈن.

شۇنچىلىك كەڭ ناھىيە ئىستېمالىنى قامداش بىلەن،
ئۆستى سانى يۈزگە مىڭدىن، ئونغا يۈزدىن بىرگە ئون.

بولدۇق ئەمدى بۇ زاماندا بىز بەختلىك چارۋىچى،
شۇڭا بار يايلاقتا قوي، يانچۇقتا پۇل، ساندۇقتا ئۇن.

مىنگىلى ئات، يېگىلى ئاش، ئولتۇرۇشقا ياخشى جاي،
ئاسقىدا گۆش، كوزىدا ياغ، ئۈستىمىزدە يېڭى تون.

يازغىنىم يېڭىلىقنىڭ ئېرۇر پەقەت ئوندىن بىرى،
پائىلاتون، پائىلاتون، پائىلاتون، پائىلون①

نىمشېھتىنىڭ قەلىمى بىرلە يۈرەكتىن سىزغىنىپ،
بىز تىلەيمىز دەۋرىمىز مەڭگۈ گۈللەپ ياشنىسۇن!...

شۇڭا دەيمىز: «باركاللا!... پارتىيە مىڭ ـ مىڭ ياشا!...
سەن سىزىپ بەرگەن يولۇڭ بىزگە كۆپايە، كەڭتاشا!...

1962ـ يىلى ئۆكتەبر، باي

① بۇ مىسرا — ئارۇز ۋەزنىنىڭ بىر بەھرى.

# داغ قوندۇرمايمەن يۇزۇڭگە

ئانا ۋەتەن قەدىرىڭ ئۇلۇغ، ھۆسنۇڭ گۇزەل،
جاھاندا سەن ھەر نەرسىدىن بىزگە ئەۋزەل.

ھىچبىر گۇزەل ھۆسنى ساڭا تەڭ كېلەلمەس،
ئالا - يېشىل بوياقلىمۇ رەڭ بېرەلمەس.

مەن ماختىسام سۆيگىنىمنىڭ جامالىنى،
«ئېلىپتەك» تۇز نازۇك قەددى كامالىنى.

ياكى يازسام كۆپلەپ كەلگەن دارامەتنى،
ھەر مو يەردىن مىڭ جىڭلىغان ئالامەتنى.

ياكى تۇرمۇش ئېسىللىكىن تەسۋىرلىسەم،
دەۋرىمىزدىن رازى دېسەم تەقدىرلىسەم.

پەن - تېخنىكا، سانائەتنىڭ ئاشقانلىقىن،
قالاق كۇنلەر كەلمەس يەرگە قاچقانلىقىن.

ياكى چارۋا «ھېسابسىز!» دەپ ماختىنايمەن،
قاناتلىنىپ كۆككە قاراپ ئاتلىنايمەن.

ھەممىسىگە مۇندەرىجە ئەركىنلىكىڭ،
ئازادلىقىڭ، قۇدرەتلىكىڭ، تەمكىنلىكىڭ.

سەن، ئازادسەن سۆيگەندىن گەپ ئاچالايمىز،
باشلىرىڭغا مەرۋايىتلار چاچالايمىز.

تۇنقۇنلۇقتا مۇھەببەتتىن لەززەت بارمۇ؟!
ئادەملەرگە ئېتىبار ھەم ئىززەت بارمۇ؟!

ئاسارەتتە كىم كۆرۈپتۇ ئېزىز تەننى؟!
تولا كۆرگەن: «ئاھ!... پىراق!...» دا جان ئۈزگەننى.

ھازىر ئۇنداق كۈننى قىلغاچ بىز ئۈچ تالاق،
قەلبىمىز شاد، كۆڭلىمىز توق كۈلدۈق شۇنداق.

شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىرلەيمەن سېنى ۋەتەن،
ساڭا پىدا قۇربانىڭدۇر جان بىلەن تەن.

گۈزەل ۋەتەن، كۆيەرىم سەن، سۆيەرىم سەن،
ھالاۋىتىم تەنگە ماغدۇر بېرەرىم سەن.

دەردكە داۋا، يۈرەرگە ئات، ئۇچسام قانات،
تۇرمۇشىمدا يۈكسەلمەكتە يېڭى ھايات.

يەرسىزگە يەر، تەشناغا سۇ، مالسىزغا مال،
زادى قانداق ئىشقا بولسۇن باردۇر ئامال.

بىر سۆز بىلەن دېسەم ھاجەت راۋا ۋەتەن،
دەردمەنلەرنىڭ يۈرىكىگە شىپا ۋەتەن.

گۈللەۋاتقان گۈلباھاردەك ھاياتىڭ بار!...
«ئازاد!... باتۇر!...» دېگەن ئىككى قاناتىڭ بار!...

كىم قەستلىسە پاك يۈزۈڭگە داغ قويۇشنى،
شەرەپ بىلەي تىرىسنى نەق سويۇشنى.

دۈشمەن ئۈچۈن ھەر گىياىڭ قۇرۇلغان دار،
بارچە خەلقىم ۋەتەن ئۈچۈن جەڭگە تەييار.

ۋەتىنىمنىڭ پەرمانىنى ئىشىبەت ھەم،
ئورۇنلاشقا، شەك ـ شۈبھىسىز تەييار ھەردەم.

1962ـ يىلى نويابىر، ئۈرۈمچى

# ئۈمىدىم[①]

مۇھەببەت ئەيلىبان ئاخىرى مەندەك ئەيىپكار بولمىسۇن ھېچكىم،
مېنىڭدەك زارۇ ـ سەرسان ھەم جاپاكار بولمىسۇن ھېچكىم،
بىراۋغا ئېتىقاد ئەيلەپ ئۆزى بى ئېتىبار بولمىسۇن ھېچكىم،
كۆزى ياشلىق، يۈرىكى زەردە، دىل ئازار بولمىسۇن ھېچكىم،
ئۈمىدىم دوستلۇرۇم مەندەك قېرىغاندا خار بولمىسۇن ھېچكىم.

ھوزۇرۇم يوق تېنىمدە، بىماجال، ئەمدى ئۆزۈم ھازىر،
يېغىپ باشىمغا بۆھتانلار ئوسال، ئەمدى ئۆزۈم ھازىر،
نىتەي توغرا سۆزۈم بولۇپ مالال، ئەمدى ئۆزۈم ھازىر،
قىلىندىم بى ئاساس دۈشمەن كېلىپ زاۋال ئەمدى ئۆزۈم ھازىر،
ئۈمىدىم دوستلۇرۇم مەندەك قېرىغاندا خار بولمىسۇن ھېچكىم.

كۈچۈمنىڭ بارىدا ئىشلەپ، ياشانغاندا زار سەرسانمەن،
ھەمىشە ياخشىلىق كويىدا قەدرى بىلگەنگە قەدىردانمەن.
كىشىلىك بەختىنى سۆزلەپ، شۇ كەسىپتە قەلەم تۇتقانمەن،
بولۇپ توغرا سۆزۈم شەكلىك ـ گۇمانلىق بۇڭا ھەيرانمەن.
ئۈمىدىم دوستلۇرۇم مەندەك قېرىغاندا خار بولمىسۇن ھېچكىم.

ئۆزۈمنىڭ شۇملۇقۇمىمۇ ياكى مۇھىتنىڭ جەۋرى ـ جۇرىدىن،
چۈشۈپ بېشىمغا غەم ـ كۈلپەت، تەقىپ ـ تەئىنىنىڭ زورىدىن،

① شائىر بۇ شېئىرنى «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ يەرلىك ئاتارمان ـ چاپارمانلىرىنىڭ زۇلمىغا ئۇچراپ خورلانغان چاغدا يازغان.

خالاس بولمىدىم بۇندا پىتنە - ئىغۋا قەستىنىڭ شورىدىن،
پۇتۇم ھېچ ئاجرىماي كەلدى زەنجىر كىشەنىنىڭ تورىدىن،
ئۈمىدىم دوستلۇرۇم مەندەك قېرىنغاندا خار بولمىسۇن ھېچكىم.

«ۋەتەن! » دەپ چىن ئەقىدەمدىن قىلىپ ئەردىم ياخشى خىزمەتلەر،
قىلىندى بىر تىيىن بۇ ئىش، نەسىۋەم بولدى كۈلپەتلەر،
ۋەلېكىن شۇندىمۇ قىلدىم يەنە خالىس نەسىھەتلەر،
«ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماس» دېگەندەك بولدى ئۈلپەتلەر،
ئۈمىدىم دوستلۇرۇم مەندەك قېرىنغاندا خار بولمىسۇن ھېچكىم.

ئەزەلدىن سۆيگىنىم بەختىتۇر ئەركىكە ھەم ئاشنا بولدۇم،
كۈرەش مەيدانىدا نەچچە تۈرلۈك خەۋپكە مۇپتىلا بولدۇم،
ھاياتىم يېرىمى كېتىپ، يېرىم جانلىقتا يا بولدۇم،
شەرىپىم يەرگە تەڭ بولدى بۈگۈن ئۇندىن جۇدا بولدۇم،
ئۈمىدىم دوستلۇرۇم مەندەك قېرىنغاندا خار بولمىسۇن ھېچكىم.

رىزادۇرمەن ئەگەر ياخشى سۆزۈمدىن كەلسە مىڭ كۈلپەت،
قىلۇرمەن جان ۋە دىل بىرلە مالامەتلەرگە ھەم تاقەت،
نىتەرمەن قېرى چېغىمدا پىغان بىرلە چېكىپ ھەسرەت،
«كۆرەرمەن! » دەپ ئىشەنچىم بار سائادەت دىلبىرىدىن شەپقەت،
ئۈمىدىم دوستلۇرۇم مەندەك قېرىنغاندا خار بولمىسۇن ھېچكىم.

نىچۇن بىرەر ئاقىل ھەزەر ئەيلەپ بۇ ئىشقا ئىلتىپات ئەتمەس،
ئۆزۈمنىڭ قەۋمى قېرىنداشىم خۇشال كۈن - خۇش ھايات ئەتمەس،
تىرىك دوزاختا تاشلانغانلارغا ئەلەمدىن نىجات يەتمەس،
ئەرك ئىزدەپ ئۇزاتقان قول نىچۈكتىن ۋايىغا يەتمەس،
ئۈمىدىم دوستلۇرۇم مەندەك قېرىنغاندا خار بولمىسۇن ھېچكىم.

يامانلىق يوق ئىدى مەندە، لېكىن ماڭا بەك يامان قىلدى،
قاۋاندەك ھۆركىرەپ ۋەھشى ماڭا كۆپلەپ زىيان قىلدى،
قىيىن - قىستاق، سوراق بىرلە، تېگىپ يۈك ناتىۋان قىلدى،
كۆڭۈلگە تولدۇرۇپ زەرداپ، يۈرەكنى لەختە قان قىلدى،
ئۈمىدىم دوستلۇرۇم مەندەك قىرىغاندا خار بولمىسۇن ھېچكىم.

ئادالەت شاھى ھېچكىمنى مېنىڭدەك بىقارار ئەتمە!
پەلەكنىڭ جۇتلىقى ئاستىدا تەن - جىسمىمنى زار ئەتمە!
خۇسۇسەن ماڭا ئوخشاش ناتىۋاننى بى ئېتىۋار ئەتمە،
مېنىڭدەك كۈنگە قالغاننى ئاخىرقى ئۆمرىدە شەرمىسار ئەتمە،
ئۈمىدىم دوستلۇرۇم مەندەك قىرىغاندا خار بولمىسۇن ھېچكىم.

ئەگەر سەۋرى ئەتمىسەم جىمى ئالەمنى بۇزغاي بۇ ئاھىم،
قۇلاق سال ئەرزىمگە، نەزەر سال خەلق ھالىغا سەن دائىم،
يۈزۈڭنى ئاچ! بولۇتلاردا توسالغان خۇرشىدى ماھىم،
گۇۋاھلىق ئېيتىدۇ، كۆڭلۈم مېنىڭ يوق قىلچە گۇناھىم،
ئۈمىدىم دوستلۇرۇم مەندەك قىرىغاندا خار بولمىسۇن ھېچكىم.

نىمشېھىت كۆرەرگە شەك قىلماس يېگى سۇبھى سائادەتنى،
ئەگەرچە تارتسامۇ ھازىر ئەلەم رەنجۇ - پالاكەتنى،
ئۆچۈرمەس دىلدىن ئىخلاسنى، تەرك ئەتمەس ئىبادەتنى،
ئازازۇلغا بەخش ئېتەر، ئازابى گۆر قىيامەتنى،
ئۈمىدىم دوستلۇرۇم مەندەك قىرىغاندا خار بولمىسۇن ھېچكىم.

1968- يىل نويابىر، باي

# خوتەن كىشمىشى①

خوتەن كىشمىشىنىڭ لەئلىنى كۆردۈم،
دىللارغا ياققان تەمىنى كۆردۈم.

قەدىمىي - تارىخى ئۇزۇن شۇ يۇرتنىڭ،
بۇگۈنكى ياشنىغان پەسلىنى كۆردۈم.

غەزەلخان نوۋبىتى پۈتكەن غەزەلدەك،
خوتەن ئولپىتىنىڭ ۋەسلىنى كۆردۈم.

سوۋغىڭىزغا رەھمەت يوللار نىمشىھىت،
ئالدىمىزدا ھۆرمەت ئەھلىنى كۆردۈم.

1968- يىل نويابىر، باي

① بۇ شېئىرنى، خوتەنلىك ياش ھەۋەسكار بارات ئىمىن 1962 - يىلى شائىرغا سوۋغا سۈپىتىدە ئەۋەتكەن بىر خالتا كىشمىشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئەۋەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پېقىرنىڭ ئىقرارى①

(مۇسەددەس)

پاتتى كۆكسۈمگە زەھەر تىرناقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك،
ئۈردى قانلىق قامچىسىن ئالچاقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك،
قاخشىتىپ يۈتتى مېنى پاتقاقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك،
ئالدى گۈل ئۆرنى تىكەن ـ ياتتاقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك،
قان شوراپ چاقتى ـ زۇلۇك چاقچاقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك،
ھەر قەدەمدە مىڭ توزاق ـ قىلتاقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك.

قايسى بىر نەس كۈنكىم مەن تۆرەلدىم زېمىنگە؟!
قايسى بىر دۇنيا جەھەننەم ئوخشغاي بۇ تۇرمىگە؟!
قان يۇتۇپ ھەردەم زەھەر ـ زەقۇم يېدىم مەن كۈنگە،
مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ يول تىرىلدىم چەرخى بىداد زۇلمىگە.
باستى بېشىمنى بۇ زۇلمەت تاغلىرىڭ، ئەي شۇم پەلەك،
بارمىكىن دۇنيادا ئادىل چاغلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك؟!

ئۆچتى شەمئى كۆزلىرىمدىن ئۆچتى ئۈمىدىنىڭ نۇرلىرى،
كەتتى سەۋرى ئىلكىمىزدىن ئۆتتى ھۆرلۈك كۈنلىرى،
قايدا بارسام زۇلمى بىداد نالە ـ پەرياد ئۈنلىرى،
كۆزىمىزنى باستى زۇلمەت قاپقاراڭغۇ تۈنلىرى،
قان بىلەن ئالۇدە قول ـ بارماقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك.
بەلكى قول ـ پۈتتۈر ساڭا قورچاقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك.

① شائىرنىڭ بۇ شېئىرى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ يەرلىك ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرى ئۇنى سوراق قىلىپ ئىقرارغا قىستىغاندا يېزىلغان.

كىمگىدۇر روزى ـ ساپا، كىملەرگىدۇر زۇلمى ـ سەتەم،
كىمگىدۇر بايراملىرىڭ، كىملەرگىدۇر چەكسىز ئەلەم،
بىز نېچۈن تەڭلىك سۆيىدىن بەھرى ئالماي قەترە ھەم،
سۇرسە شۇملەر ئەيشى ـ ئىشرەت بىز نېچۈن تەشنا شۇدەم،
يوق ئىكەن ئەدلىڭ بىلەن ئىنساپلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك،
بوغۇزىمىزغا سۇردى تىغ قاسساپلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك.

بولدى زۇلمىڭدىن جۇدا گۈلزارىدىن بۇلبۇللىرى،
بىگۇناھ چۈشتى قەپەزگە قىرىلىپ نۇرغۇنلىرى،
ۋەتەنسىز بولدى قېچىپ يۇرتىدىن ئوغۇللىرى،
بولدى خار بويۇن قىسىپ يېتىم ـ يېتىمە تۇللىرى،
چىقمىدى دەردىڭ بىلەن ئارمانلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك.
قايدىدۇر ئەخلاق يەنە ۋىژدانلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك.

قانمىدۇر، مارجانمىدۇر، يا قەترە شەبنەم ياشىمىز،
تاشمىدۇر، يا تاغمىدۇر، قايغۇدا قانقان باشىمىز،
يوقمىدۇر دۇنيادا بىزنىڭ ئىچ كۆيەر يولداشىمىز،
دائىما قايغۇ ـ ئەلەم، ھەسرەتمىدۇر قۇرداشىمىز،
سورۇلۇپ باش ئۇستىگە تۇپراقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك،
بولدىغۇ زىندان كەبى ھەر ياقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك.

ۋاھ ... ئەجەپ قۇش ئۇۋۇسىغا شۇم يىلان «مېھمانىكەن» ،
بىلمىدۇق ئاۋۋال دىلىدا بىر غەرەز پىنھانىكەن،
ئالدىنىپ قىلتاققا چۈشتۇق ھىلىگەر دەۋرانىكەن،
ياكى قىسمەتنى ئەزەلدە موللىسى يازغانمىكەن؟ ! ...
زەپمۇ پاتتى بوغۇزىمىزغا قارماقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك،
بىگۇناھلار كۆكسىنى يارماقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نە گۇناھلىق بەندە بىز زۇلمەتتە قالدۇق ناگىھان،
جايىمىز پۈرقەتكە تولدى، داغ بىلەن قىينالدى جان،
يوق ئاداۋەت ـ گىنە بىرلە بىزگە بولدۇڭ بەدگۇمان،
كۆرمىگەندۇر شۇڭغىچە ھېچكىم بۇ ئىشنى ھېچقاچان،
كۆزۈڭ كىچىك تار سىنىڭ قورساقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك،
قان ـ يىرىڭ، زەردابقا تولغان دوۋساقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك.

بولدى قويلار پاسىبانى، بۆرىلەر ئاغزىدا خۇن، ـ
كىم ھەقىقەتنى دېسە بولدى ئۇنىڭ ھالى زەبۇن،
ئايلىنىپ ئەتۇر ھەمىشە چەرخىڭ سېنىڭ كاژ ـ ۋاژگۇن،
باستى تۆھمەت ـ پىتنىلەر ئالەمنى مانەندى قۇيۇن،
بولدى ھاكىم ئۈستىمىزدە زاغلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك.
ئۆچمىگەي مەھشەرگىچە بۇ داغلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك.

ھېچ بۇلۇت كۈننى توسالماس، پەردە زۇلمەت چاك بولۇر،
ئىشىبھەت قايغۇرمىغىن كۆپ، كەلگۈسىڭ پارلاق بولۇر،
ئىسىبى ئاي بولسا قاراڭغۇ، ئىسىبى روشەن ئاق بولۇر،
تا ئەزەلدىن بىرى بۇ قانۇن ئېرۇر، شۇنداق بولۇر،
ئاقىۋەت گۇم بولغۇسى راۋاقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك.
ئۆرتىنىپ كۈل بولغۇسى تاياقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك.

1971ـ يىل ئاۋغۇست، باي

# رۇبائىي[1]ۋە پارچىلار

1 . 10 . 1968

ئىزاھات

1963 ـ يىل 4 ـ ئايدىن باشلاپ ئاز ـ تولا رۇبائىي يېزىشقا كىرىشكەن ئىدىم. 66 ـ يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تەخمىنەن 300 دىن ئارتۇق رۇبائىي ھەر تۈرلۈك تېمىدا يېزىلغان. كېيىن زايە بولۇپ كەتتى. بۇ دەپتەرنىڭ باش تەرىپىگە شۇنىڭدىن ئەسلىگەنلىرىمنى خاتىرلەپ چىقتىم. 17ـ بەتتىن تۆۋەنگە يەنە يېڭىدىن يېزىشقا كىرىشتىم. ھازىر بولسا بۆرۈنقىدەك داۋاملىق يېزىش قابىلىيىتىم يوق، بىر ئاز چارچىغانلىقتىن ئاندا — ساندا يېزىپ كەلگۈسى ئۈچۈن يادىكار قالدۇرسام دېگەن ئۈمىدىم بار.

① مەن 1963 ـ يىل 4 ـ ئايدىن باشلاپ ئاز ـ تولا روبائى يېزىشقا كىرىشكەن ئىدىم. 66 ـ يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تەخمىنەن 300 دىن ئارتۇق رۇبائىي يازغان بولسامۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسى زايە بولۇپ كەتتى، بۇ دەپتەرنىڭ باش تەرىپىگە شۇنىڭدىن ئەسلىيەلىگەنلىرىمنى خاتىرلەپ چىقتىم. 17 ـ بەتتىن تۆۋەنگە يەنە يېڭىدىن يېزىشقا كىرىشتىم. ھازىر بۆرۈنقىدەك يېزىش قابىلىيىتىم يوق. بىر ئاز چارچىغانلىقتىن ئاندا ـ ساندا يېزىپ كەلگۈسى ئۈچۈن يادىكار قالدۇرسام دېگەن ئۈمىدىم بار. (يۇقىرىدە مۇشۇ سۆزنىڭ ئەسلى نۇسخىسى بېرىلدى).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# رۇبائىيلار

ياشانغان چاغلىرىمغا يەتتى يېشىم،
قىراۋغا تولدى ساقال ھەر بىر چېچىم،
يىللارنىڭ بويىدا ئىز ئىجادىم بار،
قېرىماس، قېرىساممۇ قىلغان ئىشىم.

* * *

ئىشىبەت دەپ بىلۇر ئەل ئىملىكىمنى،
كەڭ ۋەتەن، خەلقىم بىلۇر كىملىكىمنى،
تۇغۇلغان كۈندىن باشلاپ كۈرەشچىمەن،
كىشىلەر ھەرگىز بىلمەس جىملىقىمنى.

* * *

بەختىنىڭ كۈيچىسى شاد قەلەمچىدىم،
دۈشمەنگە سۆزلىرىم ئوق ئەلەمچىدىم،
— قاچانغىچە كەسپىڭىز شۇ؟! — دەپ سورىسا،
جاۋابىغا:
— ئۆمۈر بويى - دېمەكچىدىم.

* * *

ئەخمەتجان چۈشلىرىمدە زاھىرگاھى،
يېنىمدا پەيدا بولۇر ھازىر گاھى،
تىلىكى ئىشقا ئاشار كۈندۈر بۈگۈن،
غەلىبىگە قولداش بولۇپ نازىر گاھى.

پەرھادنىڭ جايى ـ ئىرۇر خوتەن يۇرتى،
كۆچارنىڭ شىرىنىغا بىر تەن يۇرتى،
بۇ بىر جۇپ مۇھەببەتداش، بىر قەبرىداش،
تەقدىرداش، ئىككىسى بىر كېپەن يۇرتى.

* * *

تارىختىن يادىكار بولۇپ مىڭ ئۆي قالغان،
مىڭ ئۆينىڭ نەقىشى مىڭ توي قالغان،
ھەققىم بار پەخىرلەنسەم ئەجدادىمدىن،
يۇرتۇمدا ناخشا ـ غەزەل شاد كۆي قالغان.

* * *

ۋۇجۇدۇمنىڭ خورچى باتۇر ئەلدىن بولغاچ،
گۈللىگەن بېغىم ئەجرى تەردىن بولغاچ،
چىدىماي كۆز ئالايتار، داغدا قۇزغۇن،
ۋەتىنىم تاش ـ تۇپرىقى زەردىن بولغاچ.

* * *

دوستقا ئېزىز ئىشىم بولدى يامانلىق،
تۇرغان تۇرقۇم پۈتۈن شەكلىك گۇمانلىق،
ئالدىلار قاباھەت نەسلىك ئىلكىگە،
قىرىغان چېغىمدا بەرمەي ئامانلىق.

* * *

جەھەننەم ئاپتى ياغدى مول بايغا،
تالڭ نۇرى كەلڭ ئىتەك يايغان بۇ جايغا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈرتۈمغا قىسمەتداش قەلبىم ئەلەمدە،
غەزىپىم مۇزاتتەك تاشتى ھەر سايغا.

* * *

ئاخىرقى ئىجادىمنىڭ چالىسى قالدى،
قۇرلاردا يۈرىكىمنىڭ يارىسى قالدى،
ئىشەنچىم، ئىشەنچلىك دوستلار سىلەردىن،
كېيىنكى ئۈمىدىمنىڭ ۋارىسى قالدى.

* * *

تۇتىيا ــ دۇنيادا مۇقەددەس توپا،
ئاغرىغان كۆزلەرگە بولىدۇ شىپا،
ئۇلۇغۋار ۋەتەننىڭ ھەر بىر تۇپرىقى،
تۇتىيادىن مۇقەددەس كۆرۈنەر ماڭا.

* * *

دەرىخ دوستۇم نېمە ئىش بۇ؟! ئېزىز جانلار نىچۇك بولدى؟!
ئېرروۇرلۇق ئىلكىدە تۇتقۇن ۋەسلى جانانلار نىچۇك بولدى؟!
بەختىم، شەۋكىتىم، پەخرىم ماھى تابانلار نىچۇك بولدى؟!
زامان بۇلبۇلى شائىر سۇخەندانلار نىچۇك بولدى؟!

* * *

بىلگىل ۋەتەنداش، لازىم ئىرۇر بىر ۋەدىدە چىڭ تۇرماق،
شەرەپمۇ ئىش كۆتۈپ سەنچۇن خىسراۋ ئىشىكىدە ئولتۇرماق،

كېچىپ ئىنساپ، ئادالەتتىن بېچارىلەرگە تىغ ئۇرماق،
ئاسان ئىش ئەمەس ھېچۋاق ئەل بېشىدا تەخت قۇرماق.

* * *

زاغلار قىلمىشىدا ياخشىلار كۆرىشى جازا بولدى،
ئادالەت سۆزى بىزلەرگە تېپىلماس تۇتىيا بولدى،
قارا غار ئاغزىنى ئەتمەي، ئىزىتقۇ قوغلىنىپ پۈتمەس،
بۇزۇلغان تىنچلىقنى ئوڭشاش تەلەپ بىزدىن دەۋا بولدى.

* * *

سەدەپتەك ئەتىۋا ئىنسان بۈگۈن خارلىقتا ياش تۆكتۈك،
ناھەق تۇتقۇنغا ئايلاندىك قېلىچ ئالدىدا باش تۆكتۈك،
يارانقان ھەممە بايلىقنىڭ ئىگىسى سەن ئۆزۈڭ تۇرساڭ،
خېزىنەڭ قۇپقۇرۇق قاپتۇ، ماڭا كەلگەندە تاش تۆكتۈك.

* * *

قەدەم تەشرىپىڭىزغا مۇنتىزىر ھۆرمەتلى مېھمانىم،
كۆتۈپ ئالسام قالماس ئەردى دىلىمدا زەررە ئارمانىم،
باغاقتا كۆرستىلگەن ۋاقىت سائەتنى ئېتىۋار ئەتمەي،
كېيىن قالغان چاغدا قالماس تەندە زادى دەرمانىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## پارچىلار

شۇ ئۇلۇغ بەختلىك ئەتىگە ئاتاپ،
گۈزەل باغ تىكىشكە تىكىمەن كۆچەت.
مىۋىسىنى كۆرەلمەي ئۆلسەم ئارمان يوق،
رازىمەن كۆرگەنلەر يادلىسا پەقەت.

* * *

تۇسالماس يولۇمنى ھېچقانداق داۋان،
خەلق ئۈچۈن ئىشلەشكە باغلاقلىق بىلىم.
ئىپتىخار قىلىشقا ھەققىم بار مېنىڭ،
غالىپلار تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەل ـ ئىلىم.

* * *

ئالتۇن ۋە ياقۇت، گۆھەر ھەم ئالماس،
جاھاندا ئەتىۋار قىممەتلىك مىتال.
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتەن ئالدىدا،
دۆۋىسى كۆرۈنمەس كۆزۈمگە مىسقال.

* * *

ياشلىقىنىڭ بەخۋۇاشراق ئۆتكەن بىر كۈنى،
ئۇچراشتىم يار بىلەن يارنىڭ لېۋىدە.

ئەسلىسەم ئىسمىنى يىغىپ بار ئىكەن،
زەھەردەك مۇچلارمۇ يارنىڭ لىۋىدە.

* * *

كىشىلەر باي بولسا ئالتۇن يىغاتتى،
شۇ بىلەن ئۆزىگە قوياتتى مىننەت.
ۋەتەننى، خەلقىمنى كۈيلەپ يازغىنىم،
ھەر قۇرى مەن ئۈچۈن ئالتۇندىن قىممەت.

* * *

ئەي رەسسام دىلدىكى سۆيگىنىڭنى سەن،
سۈرەتكە سىزىپسەن كۆڭۈلدىكىدەك.
سۆيگۈمنى كۆرگەنمەن گويا چۈشۈمدە،
سۈرەتنى تارتساڭكەن ئوڭۇمدىكىدەك.

* * *

«مازار» دەپ ئېيتقىنىم يوغان بىر گۈمبەز،
ھەيۋەتلىك. زىننەتلىك قۇرۇق - قەبرىدۇر،
لاتىلار، قۇيرۇقلار، موڭگۈزلەر ئېسىپ،
بىھۇدە شام يېقىپ تارتقان جەۋرىدۇر.

* * *

دۇنيانىڭ ئېگىز - پەس بولۇشى ئېنىق،
كۈرەشتىن تەپ - تەكشى بولۇشى چوقۇم،
ئەسكى پالاسنى سۆرۈشۈپ نادان،
يېڭى بىساتتىن قالىدۇ مەھرۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

* * *

بۆرۈن ئۆتكەن بىر ئەخمەق پەيلاسوپ:
«ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ!» دېگەن.
بەزى ۋىژدانسىز ئاشۇ گەپ بىلەن،
مېھرىۋان ئانىدىن يۈزىن ئۆرىگەن.

* * *

ئۆتمۈشتە مېنىمۇ ئەزگەن ھەممىشە،
كونا دۇنيانىڭ زالىم غالچىسى.
ئەپرەت ئوقۇيمەن بۈگۈن ئۇ كۈنگە،
يېڭى دۇنيانىڭ بولۇپ جارچىسى.

* * *

كەمتەرلىك كىشىگە ئىلگىرلەش يولى،
مەغرۇرلۇق ئۆتۈقتىن قىلىدۇ يىراق.
كىچىك پېئىل قەدىرلىك، كىبىرلىك خورلۇق،
دانانىڭ بۇ سۆزى قەلبىمگە چىراق.

* * *

كۆرەشسىز ھاياتنى دېمەي قوي ھايات،
تىپ - تىنچ ياتماقلىق مۆردىنىڭ ئىشى.
كۆرەشتە تاۋلىنار تەدبىرلىك ئىنسان،
چېنىقىش يولىدا روھلىنار كىشى.

*   *   *

ھاراقنى بەزىلەر دەيدۇ:
— پايدىلىق.
تەندىكى يەللەرنى كۆيدۈرەر ئىمىش،
ئاز - ئازدىن چېغىدا ئىچسىغۇ مەيلى،
مەست بولۇپ كوچىدا ياتقىنى نىمىش.

*   *   *

كۆرستەر بۇ ئەينەك،
ھەرنە ئۆزۈڭدە بارنى،
ھىچ يوشۇرماس زەررىچە،
ئاقنى ۋە ياكى قارىنى.

*   *   *

يوقلىقىڭغا نالە قىلما،
ئەي ئىنىز،
تەندۇرۇسلۇق،
ياخشى نىمەتتىن ئىنىز.

www.uyghurkitap.com

# مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن

( داستان )

# مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شىرىن

(داستان)

## مۇقەددىمە

ئۇلۇغ ۋەتىنىم سىرلىق مۆجىزات،
تەڭرىتاغ قوينىدىن ئاقىدۇ مۇزات.

مۇزات دەرياسى سۈيى بىپايان،
قىش ـ ياز توختىماي ئۆركەشلەر هامان.

باي ناهىيە قىزىلغا يېقىن،
چۆل تاغنى كېسىپ ئۆتەر بۇ ئېقىن.

ئۇشبۇ دەريانىڭ ئۆتەر يېرىدە،
مىڭ ئۆي قىزىلغان ئۆتكەن دەۋرىدە.

شىرىن ئىشقىدا شاهزادە پەرهاد،
ئويما، قەسرنى ئەيلىگەن بۇنياد.

ئۇنىڭ چىرايلىق قىسسەسى بولغاچ،
كۆرۈش هەۋىسى يۈرەككە تولغاچ.

سایاھەت ئۇچۇن باشلىدى ھەۋەس،
بولدى ئارامگاھ بۇ جاي بىر نەپەس.

قىزىلدىن جەنۇپ يىگىرمە يول بار،
تىككىنا، ئېگىز، چوڭقۇر داۋان، تار.

داۋاندىن چوڭقۇر ۋادىغا يۇرمەك،
خۇددى ئاسماندىن يەرگە چۇشكەندەك.

يۇتلار ئېگىلىپ، بەللەر مۇكچىيەر،
بۇ ئېسىل يۇرتقا كۆزلەر تەلپۈنەر.

داۋاندىن چۈشسەڭ كۆرۈنگەن ماكان،
سول ياندا لەھەت، دەھشەتلىك زىندان.

تاغنىڭ تەكتىگە قېزىلغاندۇر ئۇ،
زالىم كۆڭلىدە سۇرلۇك قاراڭغۇ.

كىرىپ قالسا گەر ئاسماننىڭ ئايى،
بولۇر قاپقارا نۇرلۇق چىرايى.

ئاڭلىماس ئىكەن كىشى زارىنى،
كۆرەلمەس ئىكەن نۇر دىدارىنى.

قالمايدۇ قۇۋۋەت قىمىرلاشقىلى،
ئاڭلىنار ئاران پىچىرلاشقىنى.

پەرىزات سۇپەت يارنىڭ جامالى،
شېكەر لەۋلىرى قۇندۇزدەك خالى.

بىر تىينىگىمۇ ئەرزىمەيدىكەن،
كۆرۈشنى ھېچكىم كۆزلىمەيدىكەن.

«ھاياتقا ئۇ جاي ئاخىرقى ئورۇن،
تاۋۇت ۋە گۆرسىز قىلۇر يوشۇرۇن.»

ئۇ يەرگە كىرگەن كىشىلەرنى نەخ،
قىچقىرار ئىكەن دەھشەتلىك دوزاخ.

ئۇچ تەرەپلىمە قىيىلغان ئىكەن،
زۇلمەت ـ ئاسارەت تىزىلغان ئىكەن.

كىرگەن كىشىگە يوق ئىكەن تۈيغۇ،
قوللاپ ئالغاچقا ئەبەتكە ئۇيقۇ.

جىمجىتلىق ئۇندا قاتتىق ھۆكۈمران،
ئاڭلىنىپ تۇرار تاۋۇشسىز زۇۋان.

دۇنياغا قايتىش چۈشتە كۆرگەندەك،
ئانا قارنىغا قايتىپ بارغاندەك.

تاشقا ئويۇلغان دەھشەتلىك زىندان،
دېسەك بولماسمۇ سالاسىل قورغان.

بولمايدۇ بۇندا كىشىلىك پاناھى،
زالىم ئۆتمۇشنىڭ بۇ بىر گۇناھى.

قانلىق ئۆتمۇشتىن ئىنتىقام تىلەپ،
تۇرار نىمشىھىت قەلىمىن بىلەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* *

ئۆندىن نېرىراق شىمالدىن جەنۇپ،
كەتكەن ئېقىننىڭ يانلىرىن يۇنۇپ.

ياسىغان لەخمە شەكلىدە بىر يول،
ئوردىغا باشلاپ چىقىشقا ئۇدۇل.

چىقىساڭ ئۇ تاغنىڭ قاپ ئوتتۇرسىدا،
ياسىغان پەرھاد شېرىنگە ئوردا.

ئوردا يېنىدا ياسالغان مەكتەپ،
ياش غۇنچىلارغا ئۆگەتكەن ئەدەپ.

ئۇشبۇ ئېقىندىن باشلىنار مىڭ ئۆي،
ھەر ئۆيگە كىرسەڭ باشقىچە بىر كۆي.

ئۆيلەر تامامى تاشتىن ئويۇلغان،
ئوتتۇرىغا بىردىن تەخت قويۇلغان.

يوق ئۇ، تەختتە ياغاچ پارچىسى،
ياسالغان ئىكەن تاشتىن بارچىسى.

لاي ۋە خىش پەقەت ئىشلىتىلمىگەن،
ئۇستىگە ياغاچ چىشلىتىلمىگەن.

يىپەك گىلەمگە ئېھتىياجى يوق،
ئالتۇن ھەيكەلسىز ئۆينىڭ كۆڭلى توق.

سول قولنى ئۆيلەر ياقىلاپ باردۇ،
سۇ بېشىغا ھەم ئاتلاپ باردۇ.

بۇ تار ئېقىندا ئاقار سۇ جارى،
يەڭىلىك بىلەكتەك كېلىدۇ بارى.

يىغىلغان تاغنىڭ بۇ بىر ئېقىندىسى،
تەپچىرەپ ئاققان ياش يىغىندىسى.

بولۇر شۇ جايدا سۇ ئىككى جىرا،
ياسىغان پەرھاد ـ شېرىنگە ھوجرا.

پەرھاد سۈرىتى ئۇردا ئىچىدە بار،
يېنىدا شېرىن رەپىقى دىلدار.

شېرىن يېنىدا كېنىزەك بىلەن ھۆر،
پەرھاد يېنىدا ھەمدەمى شاپۇر.

بۇلار ھەممىسى بىللە يۈرۈدۇ،
تاماشاچىغا قاراپ تۇرۇدۇ.

چىقىپ كېتەردە ئارقىدىن قاراپ،
«نېمە دەيدۇ؟!» دەپ قويۇدۇ ماراپ.

ياق، سۈرەت ئەمەس، بەلكى روھى ئۇ،
يەنى سەزگۈسىز گەۋدىلىك ئۇيقۇ.

يىغلىغان تاغنىڭ «ئاھ!...» بىلەن زارى،
ئالدىدا تېخى پەرھاد مازارى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قايسى بىر كىشى زىيارەت ئېتەر،
پەرھاد روھىنى دائىم شات ئېتەر.

پەرھاد قەۋرىسى كۆھى جەبەلدە،
ئىككى چامدام ئېگىز يەنە بىر بەلدە.

بارالماس بەزى يۇرەكسىز كىشى،
غەيرەتلىك ئەرلەر يوقلار ياز - قىشى.

بۇندا ئاجايىپ ئەبىيامى باھار،
باغى ئېرەمدەك بولغان لالىزار.

قەلبىڭ قىزىقىپ سۆيگۈڭ كېلىدۇ،
ئون قېتىم كۆرسەڭ كۆرگۈڭ كېلىدۇ.

شۇڭا قىلىدۇ دائىم نىمشىھىت،
قايتا — قايتىلاپ كۆرۈشنى ئۈمىت.

## I . قىسىم پەرھاد

ئۆتمۈشتە خوتەن خانلىقى خاقان،
پۈتۈن جاھانغا بىردەك تونۇلغان.

ئاشۇ خوتەننىڭ سولتانى خاقان،
پەرزەنتسىزلىك دەردىنى تارتقان.

«پەرزەنت ...» دەپتۇ، ئۇ «بولمىسا ئەگەر،
تەختىمگە رەقىب باسقۇسى زەپەر».

تەڭرى يولىدا بېرىپ نەزىرلەر،
دۇئالار ئاپتۇ يوقلاپ ئەزىزلەر.

قىلىپتۇ يىغلاپ ھەقتىن ـ تەلەپلەر،
ھەم يەنە قىپتۇ، تۈرلۈك سەۋەپلەر.

خاقانىنىڭ مۇناجاتى:

ئەي جاھاننىڭ ئۇلۇغ تەڭرى،
قوبۇل قىلغىن تىلەكىمنى.
تىلەيمەن بىر ئوغۇل پەرزەنت،
بەرگىن مېنىڭ ئىستەكىمنى.

بەردىڭ ماڭا شۇنچە دۆلەت،
شۈكرى ئېيتىش ماڭا سۈننەت،
كۆڭلۈمدە بار غەم بىلەن دەرت،
ساقايتۇرغىن يۈرەكىمنى.

دەۋران سۈردۈم ئىشرەت بىلەن،
نام كۆتەردىم شۆھرەت بىلەن،
كېتەرمەنمۇ ھەسرەت بىلەن؟!
كىملەر باسار تۆشەكىمنى؟!

زۇلۇمدىن مەن يىراق ئۆتتۇم،
ئەل راينى كۆزدە تۇتتۇم.
ئادالەتتە يۇرت يورۇتتۇم،
قىلسۇن خەلق دەپ ئىزدەرىكىمنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەڭرى سۆزىنى ئادا قىلدىم،
ئىبادەتلەر تولا قىلدىم.
خەيرى - ئېھسان يانا قىلدىم،
«بېرەر ھەق» دەپ مۇرادىمنى.

ئۇلۇغ تەڭرى شاپائەت قىل!
مۇناجاتىم ئىجاۋەت قىل!
ئوغۇل پەرزەنت كارامەت قىل!
بەرگىن ئارقا تىرەكىمنى.

ئاققۇزدۇم كۆزدىن ياشىمنى،
يەتكۈزدۈم كۆككە ئاھىمنى.
گەر بەرمىسەڭ مۇرادىمنى،
كىملەر قىلۇر دېرەكىمنى؟!

بۇيۇك تەڭرى بۇ ئىشىمنى،
قوبۇل ئەيلە نالىشىمنى،
باھار قىلغىن سەن قىشىمنى،
ئوڭغا تولغاپ پىلەكىمنى.

خاقان تىلەر ھەقتىن ئوغۇل،
دائىم تەلەپ بىلەن مەشغۇل،
كۆڭلۇم يېرىم قەلبىم مەلۇل،
«بېرەر ھەق» دەپ تەلەپىمنى.

## خاقاننىڭ قايغۇ زارى:

دۇنياغا كېلىپ دەۋرانلار سۈرۈپ،
پەرزەنتسىز ئۆتەرمەنمۇ جاھاندىن.

تەڭرىنىڭ ئىزىز بەندىلىرىگە،
ئەلا ئىكەن پەرزەنتى جاندىن.

ئىككى كۆزۈم يۇمۇلماس مېنىڭ،
ئوغۇل كۆرمەي كەتسەم جاھاندىن.
ھۆزۈر ئالالماس كۆڭۈل تىلەكتە،
كېچە ۋە كۈندۈز ئاھۇ ـ پىغاندىن.

ئاتا ئورنىدا بولمىسا ئوغۇل،
دۆلىتى كېتەر ھەر يان ـ ھەر ياندىن.
كىملەرگە قالۇر بۇ تاجۇ ـ تەختىم،
مېنىڭدەك ئۇلۇغ شاھى ـ خاقاندىن.

## خاقاننىڭ نىجات تېپىشى

خاقان تىلىكى مەقبۇل بولۇپتۇ،
مەلىكىسى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ.

ئاڭا «پەرھاد» دەپ قويۇلۇپتۇ ئات،
خاقان بولۇپتۇ ھەممىدىن بەك شات.

مۇبارەكلىشىپ ئەل كېلىشىپتۇ جىق،
ئۈچ يىلغىچە ئەلدىن ئالماپتۇ سېلىق.

ئوغلىغا ئۆمۈر تىلەيدىكەن خان،
قىلىپ مۇھتاجغا ـ گادايغا ئېھسان.

بۇتلار ئالدىدا يىغلاپ قويۇپ باش،
خاننىڭ كۆزىدىن ئاقار ئىدى ياش.

ئوغلىغا بەخت تىلەپ دۇئادا،
«ياخشى نام ئالسا» دەيتتى دۇنيادا.

«تاجىغا گۆھەر تاقالسا» ئىدى،
«خاقان ئوغلى!» دەپ ئاتالسا ئىدى.

ئەلنىڭ دەردىگە بولسىدى دەرمان،
بەلكى تەختىمدە سۈرسىدى دەۋران.

پۈتۈن دۇنيانى شۆھرىتى تۇتسا،
قاراڭغۇ يەرنى نۇرى يورۇتسا.

بىر قولىغا ئالسا ئەدلى سىياسەت،
بىر قولدا تۇتسا ئىنساپ - دىيانەت.

قارچىغا توشقان بىلەن ياراشسا،
لاچىن كەبۇ تەر بىلەن سىلاشسا.

قوي بىلەن بۆرە يايلىسا بىرگە،
بۇغا ئوزۇق - يەم بولمىسا شىرگە.

ھەممىدە بولسا يارۇ - ھەمكارلىق،
شۇنداقلا ئوغلۇم ئەيلىسە يارلىق.

زۇلۇم كانىنى قىلسىلەر ۋەيران،
ئەدلىدىن قىلسا جاھاننى ھەيران.

ئاسارەت شىخىن تامام قۇرۇتقاي،
مەرىپەت بىلەن ئەلنى يورۇتقاي.

تىغىدىن دۈشمەن تىترىگەي دائىم،
پۈخراغا قەلبى بولغاي «مۆلايىم!...»

تەگرىدىن بۇنى خان تىلەيدىكەن،
لېكىن ئىرادە باشقىچە ئىكەن.

زىخقا سانچىلىپ تارىخ تىزىلغان،
تارىخ بىتىگە بۇنداق يېزىلغان.

تەس ئىشقا پەرھاد تاشلىدى قەدەم،
ئىشقىدىن پەرياد چېكىپ دەممۇ ـ دەم.

تاج ـ سەلتەنەتنى ئىلمايتتى كۆزگە،
مەقسەت ـ تىلەكنى ئەيلىدى ئۆزگە.

كۆندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ كەتتى،
گۈلدەك چىرايى سېرىقلاپ كەتتى.

ئېلىپتەك قەددى ئېگىلدى غەمدىن،
خالى بولمىدى كۆزلىرى نەمدىن.

نەسىھەتكە ھېچ سۇنمىدى بويۇن،
ئەسلىدە شۇنداق بولغاچقا ئويۇن.

ياقىلىرى چاك، دىدىسى گىريان،
يۈرىكى پارە، باغرىدۇر بەريان.

خاقان ئوغلىغا ئىزلىدى تەدبىر،
ئۆزى بىلگەنچە باشلىدى تەقدىر.

ئىشقا ئاشىمىدى قىلغان چارىسى،
ساقايمىدى ھېچ كۆڭۈل يارىسى.

خاپا تەقدىردىن ئىشىتمۇ ھەم،
كۆرگەچ پەلەكتىن تۈرلۈك دەرد ـ ئەلەم.

### خاقانىنىڭ پەرھادقا ئاتاپ ھەشەمەتلىك تۆت ئوردا بىنا قىلدۇرغىنى

پەرھاد دەردىگە قىلىشقا دەرمان،
بىر يۈرۈش پىلان تۈزدىلەر خاقان.

بىر يىل بۆلۈنگەي چاھار[1] پەسىلگە،
ئوغلۇم يەتكۈزەي يار ۋەسلىگە.

تۆت پەسىلگە باپ تۆت قەسىر قىلاي،
ھەربىر پەسىلگە لايىق بىر ساراي.

ھەر بىر قەسىرنىڭ تورۇس ـ تاملىرى،
ئىچىدىغان مەي ـ قاچا جاملىرى.

سازچى، كېنىزەك، ساقى، خىزمەتچى،
غەزەلخانلىرى گەپچى، ئۆلپەتچى.

ھەر بىر پەسىلنىڭ مەزھىرى بولسۇن،
خاس شۇ ۋاقىتنىڭ مەنزىرى بولسۇن.

---

① چاھار ـ تۆت

ئەتىياز، باھار، ياز پەسلى گۈلزار،
كۈزدە سارغىيىپ قىشتا چۈشكەي قار.

بىرىنچى ئوردا مەۋسۇمى باھار،
باھار پەسلىنى قىلايلى ئىزھار.

ھەممە ياپ - يېشىل باھار قىزىدەك،
يېشىل گىلەملەر ياپغان يېزىدەك.

خىزىر قەدىمى يەتكەندەك بولسۇن،
زەھەرلىك يەللەر كەتكەندەك بولسۇن.

كۆللەردە ئاق قۇ، ئېقىنلاردا غاز،
باغلاردا بۇلبۇل چېلىپ تۇرسۇن ساز.

ئىككىنچى ئوردا يانا شاھانە،
گۈللەر ئېچىلسۇن يازدىن نىشانە.

ھەممە ياپ - يېشىل ھاۋارەڭ بولسۇن،
ياقۇت، زۇمرەت، جاۋاھىر تولسۇن.

ھەممە گۈلرەڭدە چېچەكلەر ئاچقاي،
خىلمۇ - خىل تۇردە لېچەكلەر ئارتقاي.

گۈللەر بەرگىدەك قەدەھلەر بولغاي،
ئىچى شۇ رەڭلىك مەي بىلەن تولغاي.

گۈلرەڭدە بولسۇن ھەممە سايمانلار،
يازنى ئەكس ئەتسۇن ئوردا ئايۋانلار.

ئۆچىنچى ئوردا كۆزنىڭ مىسالى،
ساپسېرىق بولسۇن شاراپ، قىيامى.

دەۋرانلار سۇرگەي ئالتۇن پىيالە،
زەپىران گۈللەر ھەم سېرىق لالە.

سەندەل ياغاچتىن ئورۇندۇق قىلىپ،
زەر باپ بىساتتىن پاياندار سېلىپ.

ئوردىنىڭ تورۇس ـ تامى ـ خىشلىرى،
زەر ھەلدە بولسۇن ھەممە ئىشلىرى.

سارغىيىپ كەتسۇن قىزىل گۈللىرى،
سايرىسۇن سارچى شوخ بۇلبۇللىرى.

تۆتىنچى ئوردا ئوخشىسۇن قىشقا،
ئاپئاقلا بولسۇن يېڭى ۋە كونا.

كۈمۈش كۆرسىلەر بولسۇن جابجا،
شېرىن مىۋە مەي بولسۇن مۇسەپپا.

كاپۇر سېپىلسۇن قارنى ئەكس ئېتىپ،
دەريالاردا مۇز بارنى ئەسلىتىپ.

گۈل ـ لالە، بەرنا بىزدە بار سەنئەت،
زوھۇرغا كەلسۇن بارلىق تەبىئەت.

كېلىپ ھەر جايدىن قابىل سەنئەتكار،
باغ بىنا قىلسۇن ھەر خىل چىمەنزار.

بۇ پىلاننى خان ئويلىغان ھامان،
مۇلكئاراغا ئەيلىدى بايان.

بۇ ۋەزىرخانغا ئوقۇپ ئاپىرىن!
— ئورۇنداي!··· ـ دېدى بۇنىڭ بارلىقىن.

ئۇ، چىقىپ دەرھال كىرىشتى ئىشقا،
نەچچە مىڭ ئادەم لاي بىلەن خىشقا.

تاغلاردىن تاشنى كەلتۈردى تاشچى،
باغلاردىن ياغاچ كەستى ياغاشچى.

ئۇستىلار ياساپ تۈمۈردىن چەمبەر،
گۈلزارغا چېچىپ ئىپارۇ ـ ئەنبەر.

تەختى ـ مۇنارى، ئاسمان باراۋەر،
غايەت، بەھەيۋەت قىلدى ساراسەر.

پۈتتى ئوردىنىڭ ساراي قەسرى،
پەشتاق راۋاقى تامۇ ـ خىشلىرى.

پەردازچى كەلدى تامنى ئاقلاشقا،
مانى①كىرىشتى نەقىش باغلاشقا.

ئورمانغا ئاتلار، دەرياغا بېلىق،
جاڭگالغا توشقان، چۆللەرگە ئېيىق.

---

① مانى — شۇ چاغدىكى مەشھۇر نەققاش

جىراغا كىيىك، يايلاقلارغا قوي،
بىر جايدا قايغۇ، بىر جايدا قوش توي.

يەنى دۇنيانىڭ ھەممە مەنزىرىنى،
گەۋدىلەندۇردى سىزىپ بىر ـ بىرىنى.

تاشنى موم كەبى كەستىلەر قارۇن[1]،
خاس شەكىل ياساپ بەردىلەر ئورۇن.

ھەر بىر ئورۇنغا لايىق بىر ھەيكەل،
ياساپ تاشلاردىن قىلدى مۇئەككەل.

كۆرسەڭ ئۇلارنى ھايات كۆزلەيسەن،
چۆچەكلەردىكى جىننى ئەسلەيسەن.

تەڭرىدىن بۇ بىر بەندىگە مىننەت،
چۈنكى ئۈچ ئايدا پۈتتى بۇ جەننەت.

بۇ بىر جەننەتتۇر دۇنيادا بولغان،
ئاجايىپ سۈپەت ھېكمەتكە تولغان.

بىر ـ بىر سۈپىتىن تەرىپ قىلىشقا،
ئاجىزدۇر قەلەم سىزىپ ـ يېزىشقا.

---

① قارۇن — شۇ چاغدىكى تاش كېسىش ماھىرى

## پەرھادنىڭ رەسساملىق ھەم تاش كېسىش سەنئىتىنى ئۆگىنىشى

شۇنداق ساياھەت قىلىشتا داۋام،
سەنئەتتىن چۈشتى كۆڭلىگە ئىلھام.

مانىنى كۆردى كۆڭلى ئېچىلدى،
خۇددى سەدەپتىن دۇرلەر چېچىلدى.

دېدى مانىغا: نە ياخشى ھۇنەر.
قايسى يول بىلەن كىشى ئۆگىنەر؟ !...

قانداق ئۇسۇلدا ياسالغان بوياق،
بۇ خىل ھۇنەرگە بولىدۇ ياراق.

جان دىلىم بىلەن ئىشەندىم ساڭا،
ئۆگەتكىن — دېدى، — بۇ ئىشنى ماڭا.

مانى ئىشتىكەچ بۇنداق سوئالنى،
يوشۇرالمىدى ھېچبىر خىيالنى.

پەرھاد تەلىپىن ئاڭلىغان ھامان،
بۇ ئىش سىرىنى ئەيلىدى بايان.

پەرھادمۇ شۇ دەم ئىشقا كىرىشتى،
چەكتى مۇشەققەت، بەكمۇ تىرىشتى.

بىر قولدا قەلەم، بىر قولدا جەدۋەل،
ھەر بىر رەسىمنى ئۆلچەپ مۇكەممەل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەر بىر رەسىمگە تۇتۇپ ماسىشتاپ
سورايتتى پەرھاد مانىغا قاراپ:

— بارمۇ دۇنيادا سەنئەتتەك مەرغۇپ؟!
كۆڭلۈمگە ياققان جىنىمغا مەھبۇپ؟!...

قىزنىڭ قەلەم تەۋرىتىش ئۈچۈن،
جانسىز گەۋدىلەر يارىتىش ئۈچۈن.

ئۆگەندى پەرھاد ئىشنىڭ يولىنى،
رەسسامچىلىقنىڭ ئوڭ ۋە سولىنى.

مانىغا قىلدى سانسىز ئىلتىپات،
ئۆگەتكەچكە ئۇ قىلماي ئىھتىيات.

يەنە سەيلىسىن قىلدى ئۇ داۋام،
ھەر كىمگە لايىق قىلىپ بىر كالام.

يۇردىلەر يەنە بۇ يەردىن كېتىپ،
چۆشتى نەزىرى قارۇنغا يېتىپ.

كۆردى قارۇننىڭ تاش كېسىشىنى،
تاشتىن جېنى يوق تەن ياسىشىنى.

— قانداق سېھرى بۇ، قانداق مۆجىزە؟!
ئۆگەتكەنمۇ ئەر، ياكى ئاجىزە؟!

ياكى ئاسماندىن تەلىم بولدىمۇ؟!
قۇياش نۇرىدىن قەلبىڭ تولدىمۇ؟!

ياكى ھەيكەلگە پىدائىمۇ سەن؟!
ياكى تاشلارنىڭ خۇدايىمۇ سەن؟!

ئەزەلدىن شۇنداق يارالغانمىدىڭ؟!
قۇرۇچ - پولاتتىن ياسالغانمىدىڭ؟!

كۆرسەت مېتىننى ياساش يولىنى،
ھەم سۇغۇرۇشنىڭ بار ئۇسۇلىنى.

قارۇنمۇ بۇنى ئەيلىدى قوبۇل،
ھېچبىر قىلمىشى بولمىدى نوقۇل.

كۆڭلىن ھىلىگە قىلمايىن مايىل،
ئۆگەتتى ھۇنەر ئۇستازى كامىل.

پەرھادمۇ قىلدى ئالى تەپەككۇر،
قارۇنغا ئېيتتى: «يۇزمىڭ تەشەككۇر.»

خەزىنىدارنى چاقىردى يەنە،
قارۇن ئالدىغا تۆكتى خەزىنە.

ئىنئام ۋە ئېھسان ئەيلىدى نەچچەند،
قىلدى قارۇننىڭ كۆڭلىنى خۇرسەند.

بۇ ھۇنەرلەرنى ئۆگىنىپ پەرھاد،
كۆڭۈل ئۆيىنى قىلدىلەر ئاۋات.

* * *

ئوردىلار پۈتتى شۇنداق ئازادە،
نامى تارالدى پۈتۈن ئالەمگە.

رىۋايەتچىلەر تەرىپ قىلىشتا،
ئاجىز كېلىدۇ قەلەم يېزىشتا.

تەرىپ ـ تەۋسىپى بەكمۇ زىيادە،
ئۇنىڭ ئالدىدا ئېرەم پىيادە.

ئىنايەت قىلدى قۇدرەت ئىلاھى،
ياساپ پۈتكۈزدى خاقان سىپاھى.

خاقاندىكى بار بۈيۈك قۇدرەتتە،
پۈتتى ئوردىلار تۆت يىل مۇددەتتە.

## خاقاننىڭ پەرھادنى ئوردىغا باشلىشى

مۇلكى ئارا ئېيتتى:
— ئىش پۈتتى تامام،
ئوردا ئىچى تەل، بولدى سەرەمجان.

بېرىپ بەزمىلەر قىلىڭ ئازادە،
تاماشا قىلسۇن پەرھاد شاھزادە.

يۈردىلەر خاقان پەرھادنى ئېلىپ،
تاماشا قىلدى ئوردىغا كېلىپ.

بارچە ئەمىرلەر قىلدى مۇبارەك،
گويا ئەمەلگە ئاشقاندەك تىلەك.

كەلتۈرۈلدىلەر شىرمەل كاۋابى،
يەنى خوتەننىڭ كەۋسەر شارابى.

سازچى، كېنىزەك، ساقى، خىزمەتچى،
غەزەلخانلىرى، گەپچى، ئۇلپەتچى.

ئۆتتى قىرىق كۈن كەيپى - ساپادا،
ياڭرىدى مەرغۇل، نەغمە ھاۋادا.

ياقمىدى بۇلار پەرھاد كۆڭلىگە،
سالمىدى نەزەر بۇ خىل سەيلىگە.

ئىشرەتخورلۇقتىن يەتكەندەك زەرەر،
دېدى كۆڭلىدە: «ھەزەر مىڭ ھەزەر.»

سەن ھەم ئىمشىھىت سالما نەزەرىڭ،
مەغرۇرلۇق بىلەن بەرمە زەپەرىڭ.

## پەرھادنىڭ غەزىلى

ئاھ!... كىم دەردىمگە تېپىلماس دەرمان،
ئورنىدى قەلبىمگە مىڭ تۈرلۈك ئارمان.

سەيرى ئېتىپ تۆت ئوردا ھەممە قەسىرنى،
كۆرگەندە غەم يۈتۈپ قاينىدى ۋىژدان.

تەلىيىم، ئىقبالىم شادلىقى ئۈچۈن،
ئېزىز ئاتام بۇ يەردە قىلدىلەر مېھمان.

مېنى دەپ بۇلارنى قىلغاندۇر پۇخرا،
كىملەر ئازاپ تارتقان بولۇپ سەرگەردان؟!

مەندەك بىر بىتەلەي پەرزەندى ئۈچۈن،
مۈشەققەت چەككەندۈر ئاتىمىز خاقان.

سولغاندۈر غۈنچىدەك ئېچىلماي گۈلۈم،
يۈرەكتە دەردۈ غەم كۆڭلۈم پەرىشان.

دەردىمنىڭ داۋاسىن ئۆزۈم بىلمەيمەن،
بارمۇ يا ۋۇجۇد، جىسمىمدا نۇقسان.

كەتكەندۈر بۇلارغا كۈچ بىلەن مېھنەت،
سەرپ بولغاندۈر تېخى خەزىنە ـ ھەميان.

كاشكى بۇ دەرد ـ ئەلەم ئۆزۈم ئىلە كەتسە،
ئاتا ـ ئانام كۆڭلى بولمىسا گىريان.

سەتەمكار پەلەكتىن، چەرخى دەۋراندىن،
بولغۇم بار مىڭ بىزار ھەم تەركى جاھان.

«پەرھاد» دەپ ئىسمىم بار پەرياتتۇر ئىشىم،
ئىزتىراپتىن تىنچىماس قەلبىم بۇ زامان.

## خاقاننىڭ ئۆز خەزىنىسىنى پەرھادقا كۆرسەتكىنى

باشلىدى خاقان ئوغلى پەرھادنى،
كۆرسەتمەك ئۈچۈن بۇ تىلسىماتنى.

بار ئىدى بۇ يەردە قىرىق ھوجىرا،
ئوتتۇز توققۇزنى قىلدى تاماشا.

بىرىدە كۈمۈش، بىرىدە ئالتۇن،
بىرىدە تىللا چاچاتتى يالقۇن.

لەئىل، جاۋاھىر، ياقۇت ۋە ئۈنچە،
مەرۋايىت گۆھەر كۆپ ئىدى شۇنچە.

تەخمىن ئەيلىدى بۇنى ھېسابسىز،
پۈخرا ئىلكىدىن يىغقان ئىنساپسىز.

بۇنىڭدىنمۇ خۇش بولمىدى دىلى،
ياشنىمىدى ھېچ سارغايغان گۈلى.

تېخى ئەلىمى ھەددىدىن ئاشتى،
ئاتەش غەزىپى ئۆرلىدى - تاشتى.

قورال - ياراقنى كۆردى ئاربلاپ،
ئالدى بىر دانە ئوق - يانى تاللاپ.

يەنە بىر سەنگى پالاخماننى ھەم،
ئېلىپ ئوق - ياغا قىلدىلەر ھەمدەم.

بۇنىڭدىن ئازراق سۆيۈندى دىلى،
چۈنكى چىلك ئىدى بىلەك ھەم بېلى.

مۇداپىئەگە ياراق چاغلىدى،
جانۇ - دىلىنى مەھكەم باغلىدى.

ئۆگەندى قورال ئىشلىتىش يولىن،
بىر نەچچە ئېتىپ كۆندۈردى قولىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەنە سەيرىنى قىلدىلەر داۋام،
ھەر كىمگە قىلىپ لايىق ئىھترام.

## پەرھادنىڭ ۋەھشى ئەجدىھا بىلەن جەڭ قىلىشى

خەزىنە ئىچرە كونا بىر ساندۇق،
تۇرۇپتۇ ئانچە ئىتىبارى يوق.

پەرھاد نەزىرى چۈشتى بىناگاھ،
ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ دېدى بىردىن: «ئاھ!...»

— نېمە بار بۇنىڭدا نە يەڭىلىغ ساندۇق،
ئېچىڭلا بۇنى مەن كۆرەي تولۇق.

دېدى ئوغلىغا كۆز سېلىپ خاقان؛
— كۆز نۇرۇم بالام بولما پەرىشان.

سىز بۇ ئەرزىمەس ئارزۇدىن كېچىڭ،
تېخى ئىش تولا ئىچكىرى كىرىڭ.

پەرھاد دېدى:
— ئەي مېھرىبان ئاتا!...
بۇ تىلىكىمنى ئۇيلىماڭ خاتا.

ساندۇق سىرىنى بىلمىسەم بۈئان،
باسمايمەن قەدەم ھېچقانداق سىيان.

خاقان دېدى:
— ئەي بەختلىك ئوغلۇم،
ساندۇق سىرىنى قىلاي مەن مەلۇم.

ئىسكەندەردىن قالغان بۇ ھېكمەت،
بۇنى ئېچىشقا قىلمىغىز جۇرئەت.

بېكىتكەندىن تا بۇ دەمگىچە ھەم،
ئاچمىغان بۇنى ھېچقانداق ئادەم.

پەرىلەر بۇڭا مۇسەخخەر ئىمىش،
شەيتانلار ئاڭا مۇزەپپەر ئىمىش.

ئەمىر قىلمىسا سۇلايمان ئەگەر،
جىنلەردىن يېتەر بىزلەرگە خەتەر.

ئاڭلىشىمىزچە بۇنىڭدا غايەت،
خەتەر بار ئىكەن ئاچساق نىھايەت.

ئۇلۇغ بوۋامدىن ۋەسىيەتمۇ شول،
قىلمىغىز مېنى بۇ ھەقتە مولۇل.

كۆنمىدى يەنە بۇ سۆزگە پەرھاد:
— قىلغاندۇر بۇنى بىر ئادىمىزات.

ئادەم قىلغاننى قىلالمايمىزمۇ؟!
ئۇنىڭ سىرىنى بىلەلمەيمىزمۇ؟!

ئىنسان قىلغاننى قىلىدۇ ئىنسان،
چارە ـ تەدبىردىن تېپىلۇر ئىمكان.

— تۇر خەزىنىچى! ئاچقۇچىڭ قېنى؟!
باھانە قىلماي ئاچ بۇ قۇلۇپنى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاقىۋەت خاقان ئوغلى ئالدىدا،
سۆزدە يېڭىلىپ قالدى دالدىدا.

دېدىلەر خاقان:
— ئىرادە ـ تەقدىر،
نە بولسا بولسۇن، ئاچايلى ھازىر.

ئاچماسقا بۇنى قالمىدى چارە،
بولۇندى كۆڭلۈم نەچچە مىڭ پارە.

ئىلاھى قۇدرەت قىلسا ئىنايەت،
قۇتقۇزار بىزنى بۇندىن سالامەت.

ئۇشبۇ سۆز بىلەن ساندۇقنى ئاچتى،
چىقىپ ئەجدىھار بۇندا ئوت چاچتى.

يەنى بالايى ئىبزىم ئىكەن — بۇ،
پەرھاد ئالدىغا كەلدى روبىرو.

ھەممەيلەن قاچتى بۇ ماجىرادىن،
ساندۇقتىن چىققان بالا ـ قازادىن.

باشلىنىپ قالدى ئەجدىھار بىلەن جەڭ،
گاھى ئەيمىنىپ گاھى كەلدى تەڭ.

پەرھادتا قورال ـ يالغۇزلا خەنجەر،
ئوت چاچار ئاغزىدىن تۈرخۇندەك ئەژدەر.

گۆكرەپ ئۆرلەپ بۇلۇتتىن ئاشار،
زەھەرلىك يالقۇن قايناپ ھەم تاشار.

بىر قولدا قالقان بىر قولدا خەنجەر،
پەرھاد شۇ تاپتا شىركەبى قەيسەر.

غەزەپتىن تاغدەك بولسا ئەجدىھا،
ھىچ غەم يېمەيتتى پەرھاد بىباھا.

ئەجدىھارغا پەرھاد ئوقتەك ئېتىلدى،
خەنجەرنى سالدى، ياۋۇزنى تىلدى.

ئۇ، ئەجدىھارنى قىلدى ئۈچ پارە،
يوق ئىدى بۇندىن باشقا بىر چارە.

دۇنيانى يۇتقان ياۋا قەھرىمان،
پەرھاد ئالدىدا قالمىدى ئامان.

## پەرھادنىڭ جاھاننەما ئەينىكىدە شىرىننى كۆرۈپ ئاشىق بولغىنى

بېسىقتۇرۇپ ئۇنى ساندۇققا باقتى،
«جاھاننامە»غا باغرىنى ياقتى.

بۇ خىل ئەينەككە باقسا ھەر ئىنسان،
ئىستىقبالىنى كۆرەر بىگۇمان.

قالغان ئۆمرىدە نە ئىش ئىشلەيدۇ،
يازدا قەيەردە، نەدە قىشلايدۇ.

قەيەردە راھەت، نەدە مۇشەققەت،
كاجمۇ تەلىيى ياكى سائادەت.

كىم بىلەن ئويناپ كىم بىلەن كۈلەر،
قەيەردە ياشاپ، قەيەردە ئۆلەر.

قايسى كىشى دوست ۋە قايسىسى دۈشمەن،
كىملەردۇ يارىك ۋە ياكى ئۆچمەن.

يەنى بۇ ئەينەك ھېچ ئالا قويماي،
كۆرسىتەر بۇنى پەقەت يوشۇرماي.

ئۇشبۇ ئەينەككە پەرھادمۇ قاراپ،
كۆردى دۇنيانى بىر - بىر ئارىلاپ.

بىستۇن تېغىمۇ كۆرۈندى شۇ دەم،
ئىشلەپ تۇرۇپتۇ نەچچە مىڭ ئادەم.

تاشلىدى نەزەر خەلققە بىردىن،
بىناگاھ ئۇندا كۆرۈندى شېرىن.

يەنى شېرىننى كۆرۈپلا پەرھاد،
ۋىسال ئىشقىدا چەكتى مىڭ پەرياد.

پىراق دەردىدە دېمى سىقىلدى،
ئاقىۋەت بىھۇش بولۇپ يىقىلدى.

نىمشىھىتقا ھەم يار بولۇپ پەلەك،
«جاھاننەما» دىن بەرگەيدى دېرەك.

پەرھادنىڭ غەزىلى:

جامالىڭنى بىر كۆرۈپ قۇدرەت ئىچىدە،
قالدىم مەن مىڭ تۈمەن ھەسرەت ئىچىدە،
قەلبىمنى كۆيدۈرگەن ئۇزۇك ئىكەنسەن،
بەك يىراقتا پەردەئى ئىسمەت ئىچىدە.

ئاسمان پەلەك تاغ كۆردۈم ئەينەككە قاراپ،
تاغ قازماقتا نەچچە مىڭ ئادەم ھاسىراپ،
يۈركەنچىدە قىز كۆردۈم رومالدىن ماراپ،
خانزادىدەك سەلتەنەت، ئىززەت ئىچىدە.

بىر ئوت چىقتى كۆكسىدىن تۇتاشتى ماڭا،
ئەقىل - ھوشتىن ئايرىلىپ باقتىم مەن ئاڭا،
يېتەرمەنمۇ بىلمىدىم ۋەسلىگە تاڭا؟!...
يوق ئول پەرى رەھنىماھىم شۇ پەيت ئىچىدە.

قانداق ھۆرۈمنى يەنە كۆرەرمەن،
كۆرەلمىسەم بۇ ئوتتا ئاخىر ئۆلەرمەن،
بىرىپ مەھشەر يېرىدە ئۇنى سورارمەن،
«كۆرگەن بارمۇ بۇگۈن؟!» دەپ ئەرسات ئىچىدە.

ئول كۆرۈنگەن ماڭا تاغ ئەمەس بالادۇر،
ئىزلەپ يۈرۈپ بۇ جىسمىم شۇندا قالادۇر،
ئاي يۈزلۈكنى كۆرەلمەي گۈلۈم سولادۇر،
مەجرۇھ تېنىم قالدۇ، زۇلمەت ئىچىدە.

## پەرھاد دەردىگە ئىلاج قىلىشتا مۇنەججىملەر پەرھادنىڭ دەريا ساياھىتىگە ۋە توققۇز بۇلاققا بېرىشقا مەسلىھەت بېرىشى

ئىزلەپ ئوغلىغا خاقان بىر ئىلاج،
مۇنەججىملەرگە چۈشتى ئېھتىياج.

قۇرئى ئەندازلەر مەسلىھەتلىشىپ،
مۇنەججىم، تىبىپ چارە ئىزلىشىپ.

— ساياھەت قىلسۇن! كېمىدە، — دېدى،
— چارە يوق بىلەك نېمىدە، — دېدى.

— بارسۇن يول يۇرۇپ شىمالىي تاغقا،
تاغنىڭ ئىچىدە توققۇز بۇلاققا.

ساقىيار ئۇندا بولسا گەر دەردمەند،
بەلكى ئىشقىغا روھى بولسا بەند.

بەكمۇ يېقىملىق تازا ساپ ھاۋا،
تۈرلۈك ساقايماس دەردلەرگە دەۋا.

### پەرھادنىڭ غەزىلى:

پەلەكتىن بىر سادا كەلدى؛
«دىلىم ئىشقىدا كۆيگەي! » دەپ،
«كۆرۈشمەك ئارزۇسىدا،
غەمۇ ـ مېھنەتكە چۆمگەي! » دەپ.

پىراقىدا دىلىم غەملىك،
كۆرەلمەي كۆزلىرىم نەملىك،
مەن ئىزلەپ دەردگە ھەمدەملىك،
ئەلەمنى جاندىن ئالغاي! — دەپ.

تاپالماي دەردىمە چارە،
يۈرەكىم بولدى مىڭ پارە،
سۈبھى ـ شام غەم بىلەن زارە،
بۇ بىر تىلسىمنى ئاچقاي! — دەپ.

كېچىپ مەن كارۇ ـ بارىمدىن،
چىقىپ كەتسەم دىيارىمدىن،
تىلەيمەن بىرۇ ـ بارىمدىن،
ۋىسالى سۈبھى بولغاي! — دەپ.

كۆزىدىن ياش تۆكەر پەرھاد،
كېچە ـ كۈندۈز قىلار پەرياد،
جاپا ئەيلەر پەلەك بىداد،
پىراقتا جاننى بەرگەي! دەپ.

× ×

نۇرغۇن كېمىلەر ياساتتى خاقان،
دەريا سەيلىسى قىلىشقا ھامان.

ساياھەت ئۈچۈن دەرياغا چۈشتى،
تاماشا قىلىپ سۇدا يۈرۈشتى.

قازارا بىر كۈن قوزغۇلۇپ شامال،
خاقان كۆڭلىنى ئەيلىدى مالال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى www.uyghurkitap.com

بارغانچە كۈچلۈك بولدىلەر بوران،
داۋالغۇپ كېمە يۈرەتتى ھەريان.

دەريا ئۈستىنى باستىلار تۇمان،
كېمىلەرنىمۇ سىلكىپ شۇ زامان.

بەزى كېمىنى بىرىگە ئۇرۇپ،
ھالاكمۇ قىلدى تېخى سۇندۇرۇپ.

نامەلۇم ياققا بەزىسى كەتتى،
بەزىسى سۇغا غەرق بولۇپ چۆكتى.

ئاتا ـ بالىغا بولۇپ قىيامەت،
ئايرىلىشتىلەر ئەيلەپ نادامەت.

پەرھاد قالدى بىر تەختى پارىدە،
ئاھۇ ـ زار قىلىپ شېرىن دەردىدە.

يېنىدا ئوق ـ ياسى قالغان ئىدى،
يېمەك ئىچمىكى يوقالغان ئىدى.

پىراق دەردىدىن دېمى سىقىلدى،
ئاقىۋەت ھوشسىز بولۇپ يىقىلدى.

نىمشېھىت سېنى بوغسىمۇ پىراق،
بىھۇش بولۇشنى تاشلىغىن يىراق.

# خاقاننىڭ غەزىلى:

ئاھ!... تەلەي نەقىلاي خانۇ ـ سۇلتانىم بالام،
تەختى ـ تاجىم ئىگىسى دەردىمگە دەرمانىم بالام،
لەشكىرىم سەردارى بولغان باتۇرۇم جانىم بالام،
كەتتىڭىز قايسى تەرەپكە گۆھەرى كانىم بالام.

سىزدىن ئۆزگە ئەي بالام مېھرىبانىم بارمىدى؟!
تېنىم ئىچرە سىزدىن ئۆزگە يەنە جانىم بارمىدى؟!
بۇ دۇنيادا سىزدىن بۆلەك سەرۋى راۋانىم بارمىدى،
يالغۇزۇم كۆز روشىنىم ماھى تابانىم بالام.

بۇ نى ھېكمەتتۇر، جۇدا بولدۇم جامالىڭ شەمئىدىن،
ئايرىلىپ قالدىم سېنىڭدەك نەۋ باھارىم ۋەسلىدىن،
ماڭا بولغايمۇ ئاسانلىق بۇ پەلەكنىڭ قەستىدىن،
ۋارىسىم مەرت باتۇرۇم تەختىمگە سۇلتانىم بالام.

سېنى دەپ چىققان ئىدىم شەھىرى خوتەن پايتەختىدىن،
تاپقىلى بولغايمۇ ئىزلەپ ئۇشبۇ دەريا قەھرىدىن،
ئايرىدىڭ مېنى ئەجەپ خوۋلۇق ـ ئامانلىق بەختىدىن،
ئەي مېنىڭ ئارامى جانىم لالە ـ رەيھانىم بالام.

ئاختۇرۇپ دەريا ئىچىدىن سېنى مەن قايدىن تاپاي،
تاپمىسام دەريا ئىچىدىن ئەمدى مەن قانداق ياناي،
ھەمدە خاقانلىق تەختىنى كىملەرگە مىراس قالدۇراي،
ناتىۋانىم، پاسىبانىم، شاھزادە خاقانىم بالام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## پەرھادنىڭ شاپۇرغا يولۇقىشى ۋە دوست بولۇشۇپ شەھرىيارغا بېرىشى

دەريا ئىچىدە ئاقتى ناگىھان،
يولۇقتى يات كېمە بىر زامان.

بۇ يات كېمىدە بار ئىكەن تامام،
تىجارەت ئۈچۈن يۈرگەن خاسۇ - ئام.

كۆرۈپ بۇ يەڭلىغ پەرھادنى ئۇلار،
دېدى:
- ئۆلگەنمۇ - ياكى جېنى بار؟!

«ھايات ئىكەن» دەپ قىلىشتى خىيال،
ئۆز كېمىسىگە ئېلىشتى دەرھال.

بار ئىدى شاپۇر ئاتلىق بىر يىگىت،
پەرھادنى كۆرۈپ دېدى: «ئاھ!... ئېسىت!»

پەرھادقا تېزدىن دورىلار قىلىپ،
رەھمى - شەپقەتلىك چارىلەر قىلىپ.

ساقايتتى شۇندا جاراھىتىنى،
كۆرسىتىپ پۈتۈن ساداقىتىنى.

پەرھاد ئۇلارنىڭ قىلدى ھۆرمىتىن،
پەسھە تىل بىلەن ئېيتتى رەھمىتىن.

ماڭدى نەچچە كۈن دەريا ئىچىدە،
قاراقچى كەلدى پىنھان كېمىدە.

سودىگەرلەرگە ھۇجۇم باشلىدى،
بىچارىلەرنىڭ كۆزىنى ياشلىدى.

رەھىم قىلماستىن قاراقچى مەككار،
شىشەنىپتىدىن ئوتلار چاقنىتار.

مەغرۇرلۇق بىلەن كۈلۈشەر ئىدى،
«نەق ئولجا تاپتۇق!» دېيىشەر ئىدى.

ئۇلار ۋارقىراپ: «قېنى سودىگەر،
جان كېرەك بولسا پۇل ـ مالىڭنى بەر!⋯»

بۇلارمۇ رازى بولۇپ تەقدىرگە،
كىرىشەلمىدى چارە تەدبىرگە.

ھاياتتىن ھەممە ئۈمىدىن ئۈزۈپ،
تەسلىم بولۇشنى تۇردى بىلدۈرۈپ.

ئۇشبۇ ئەھۋالنى كۆرۈپلا پەرھاد،
جەڭگە يەلڭ تۇردى گوياكى شىرزاد.

«بۇ قانداق دۈشمەن ۋە قانداق جاللات،
ناھەق قان تۆكەر كېرىپ بۇندا چات؟!»

چاققانلىق بىلەن ئوق ـ يانى ئېلىپ،
قاراقچىلارنى ھەسرەتكە سېلىپ.

قاراقچىلاردىن سەككىز ئونىنى،
ئېتىپ يىقىتتى ھەم بىر چوڭىنى.

قاچتى قالغىنى ئۇلۇغ ھەم سول بىلەن،
ۋە بەزىلىرى ئوتتۇرا يول بىلەن.

پەرھادنىڭ ئوقى خاتاغا كەتمەي،
قالمىدى پەقەت دۈشمەنگە يەتمەي.

بۇ كەڭ جاھاننى قىلىپ ئاڭا تار،
قاراقچىلارنى قىلدى تار ـ مار.

بۇ سودىگەرلەر ئامان تېپىشتى،
كېلىپ پەرھادقا تەزىم قىلىشتى.

— كېمىمىزدە سەن بولمىساڭ ئەگەر،
نابۇت بولاتتۇق! — دېدى سودىگەر.

— تىرىك قالدۇق بىز ھىمايىتىڭدە،
ئەمدى بىز سېنىڭ ئىتائىتىڭدە.

سەن بىر ئەسلىدە سۇلتانزادىسەن،
سەئىد يۇلتۇزلۇق بىر ئازادىسەن.

ئېيتقىن رۇستەمنىڭ ئەۋلادىمۇ سەن؟!
ۋە ياكى باتۇر پالۋانزادىمۇ سەن؟!

ئەجەپ مۇلايىم ئەخلاقىڭ سېنىڭ،
بىزگە نامەلۇم ئەھۋالىڭ سېنىڭ.

سۆزلىرىڭ شېرىن، چىرايىڭ ئوچۇق،
چۈشكەن دىلىڭدىن يۈزۈڭگە يورۇق.

چۇمۇلە سىنىڭ ئەپتىڭگە قاراپ،
ئايغىڭدا قالسا چەكمەيدۇ ئازاپ.

پەرھاد ئاڭلىدى ئۇلار سۆزىنى،
خىجىللىقىدىن تەر باستى يۈزىنى.

دېدى:
— ئاتىلار مەن بىچارە بەس،
بۇنچە ماختاشقا مەن لايىق ئەمەس.

مەن بىر مۇساپىر يالغۇز بىناۋا،
كۆڭلۈم پەرىشان دەردىم بىداۋا.

قايسى گۈلشەننىڭ گۈلى ئىكەنتى،
ئىشقى پىراقتا بۇلبۇل ئىكەنتى.

ھېچبىر سىرىنى ئېيتمىدى پەقەت،
ئەسلى ـ نەسلىدىن چەكمىدى ھەسرەت.

نەچچە كۈن يۈردى كېمە ئىچىدە،
توختىماي ئەسلا كۈندۈز ـ كېچىدە.

كېمىمۇ بېرىپ قىرغاققا يەتتى،
تىجارەتچىلەر ھەر ياققا كەتتى.

يالغۇزلا شاپۇر قالدى ئايرىلىپ،
پەرھاد قېشىدىن كەتمەي قايرىلىپ.

دېدى:

— مەن سادىق يولدىشىڭ بولاي!
تۇر دېسەڭ تۇراي، ئۆل دېسەڭ ئۆلەي!

ئۆيدە خادىمىڭ، يولدا ھەمراھىڭ،
بولاي ھەممە ۋاق دەردكە دەرمانىڭ.

ئۆز دىنىمنىڭ ھۆرمىتى ساڭا،
قەسەمياد قىلاي ئىشەنگىن ماڭا.

ساياھەت قىلىپ كۆپ يەرنى كۆرگەن،
بىر ئەر يىگىتمەن كۆپنى كۆچۈرگەن.

ئاسمانغا چىقماق بولسا تىلەكىڭ،
ھازىر قىلۇرمەن بارلىق كېرەكىڭ.

جۇشقۇنلار يۈرەك، قاندۇراي تىلەك،
ۋۇجۇدۇمدا يوق دوستلۇقتىن بىلەك.

بولسا دىلىڭدا سۆيگىدىن ئەسەر،
ئاتەش نەپەسىم ئۇنى ھەم كېسەر.

پەرھاد ۋە شاپۇر جانۇ - دىل بىلەن،
دوست بولۇشتىلەر چىن ئەقىل بىلەن.

پەرھادمۇ ئېيتتى ئىشتىكىنىنى،
«جاھاننەما» دا كۆرۈنگىنىنى.

شاپۇر دېدى:

ئۇ، شەھرىيار يېرى،
بىلەمسىز دوستۇم بۇندىن بەك نېرى.

مېھىنبانۇدا ئۇنىڭ خانلىقى،
تىلىكى دۆلەت ئابادانلىقى.

چۆل تاغنى كېسىپ چىقىرىپ ئېرىق،
شەھرىيار يېرىن قىلىشتۇر تېرىق.

چۈنكى بۇ جايدا بەكمۇ نۇرغۇن بوز،
بىكارلا ياتقان ئېچىلماي ھۇنۇز.

ھوسۇل بېرىشكە ياراشلىق ئىدى،
پەقەت سۇغىلا قاراشلىق ئىدى.

تاغنىڭ ئارقىسى گويا بىر دېڭىز،
ئالدىدا سۇدىن يوق ئىدى بىر ئىز.

باي دىيارىنىڭ ئورنىنى بۇزۇن،
پايانسىز سۇلەر قىلىشقان ئورۇن.

چۈنكى مۇزاتنى توسايتتى چۆل تاغ،
قانمىغان سۇغا شېرىن تۇرغان باغ.

تەپچىرەپ تاغدىن سىرغىپ ئۆتكەن سۇ،
تاغنىڭ ئۇستىگە چۈشكەندەك قىراۋ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەپتۇ بولمايتتى سۇ تەشنالىقى،
ھورغا باغلانسا ئاشنالىقى.

مېھىنبانۇ شۇڭا چىقاردى پەرمان،
ئىشلەيدۇ خەلق بۇ تاغدا ھامان.

لېكىن بۇ ئىشلەش ھەممىسى بىكار،
چۈنكى ئۇ تاغقا قىلمايدۇ تىغ كار.

قىرالچە[①]نىڭ بارلىق پەرمانى،
ئىچىدىكى شەرت دەرتكە دەرمانى.

تاغنى كىم كېسىپ كەلتۈرسىلەر سۇ،
شىرىنغا كۈيۈ بولغۇسىدۇر ئۇ.

يەنى ئۇ شىرىن سىڭلىسى ئۈنىڭ،
ئېھتىمال تىلىكىڭ شۇدۇر ھەم سېنىڭ.

قۇتلۇق ئوردىدۇر ئولتۇرار جايى،
دۇرى مەر مەردىن تەختى ـ سارايى.

قۇدرەت ئىلاھى قىلسا ئىنايەت،
ئۇشبۇ تىلەكىڭ بولۇر ئىجاۋەت.

دېدى، پەرھادنى باشلىدى شۇيان،
باردى يول يۇرۇپ بىر نەچچە زامان.

① قىرال — پادشاھ، قىرالچە ـ ئايال پادشاھ

پەرھاد پەريادى ھەددىدىن ئاشتى،
شىرىنگە كېلىپ ئاخىر تۇتاشتى.

قېنى نىمشېھىت سېنىڭ پەريادىڭ؟ !
قايسى شېرىنغا باغلاندى يادىڭ؟ !

## شېرىن

مېھىنبانۇدۇر شەھريار شاھى،
بار ئىدى ئۇنىڭ شېرىن دەپ ماھى.

بۇ مەلىكىلەر بىر تۇغقان ئىدى،
ئەزەلدىن بەختكە يولۇققان ئىدى.

مېھىنبانۇغا مىراس ئىدى شاھ،
ئىشقىدىن شېرىن چېكەردىلەر ئاھ!...

ئىسمى ـ جىسمىغا چىرايلىق ياققان،
بەخت ـ تەلەي ھەم ئوڭ كۆزدە باققان.

خالىغان چاغدا ئىچىلار گۈلدەك،
پەسىھ سۆزىدە خۇددى بۇلبۇلدەك.

ئەركە ئۆستۈرگەن مەسئۇد تەخت ئۇنى،
قىزغىنىپ باققان ئەركىن بەخت ئۇنى.

نەپىس كىيىمگە بولمايتتى مەغرۇر،
شانۇ ـ شەۋكەتكە كۈلمەيتتى مەسرۇر.

ئالدىيالمايتتى يىپەك تاۋارلار،
سولدۇرالمايتتى غەملىك ناۋالار.

ئەيشى - ساپاغا بېرىلگەن ئەمەس،
جەمشىت تەختىگە ئېگىلگەن ئەمەس.

رۇستەمدەكلەرنى پىسەنت قىلمايتتى،
شاھى ئىراننى كۆزگە ئىلمايتتى.

ئۇ بىر ئاھۇ كىم شىكار بولمىغان،
ئۆزىنى قۇشقا ھەم ئالدۇرمىغان.

غۇنچە سۇرەتلىك ئول پەرى - پەيكەر،
قېشى كاماندۇر كىرپىكى خەنجەر.

چىشى دۇردانە، شەھلادۇر كۆزى،
لىۋى دۇرلالە، ئانارداۇر يۈزى.

ئوچۇق پېشانە، چاچلىرى سىيا،
تەختى شاھانە يۇرتلىرى كۇچا.

شېرىن تۇغۇلغان كۇندىن ئىلگىرى،
ماختىنار ئىكەن جەننەت ھۇرلىرى.

دۇنياغا شېرىن كۆز ئاچقان كۇنى،
«تەۋەررۇك» دەپتۇ ھەممىسى ئۇنى.

تەبرىكلەشكە «بارماي» دەپ قورۇق،
ھەسەن - ھۇسەننى يوللاپتۇ ئۇيۇق.

قىلار لىنتا دەپ چىچىغا ئۇنى،
ماختىنىپتۇ ئۇ، بارچىغا بۇنى.

ئەرزىمەپتۇ ئۇ پەرى چەھرىگە،
تاشلاپتۇ ئۇنى ئاسمان قەھرىگە.

شۇنىڭغا ئۇپۇق بولۇپ بەك خىجىل،
رەڭ ئاپتۇ سېرىق، گاھىدا قىزىل.

بوينىغا تىزىپ قىلسۇن، دەپ مارجان،
تەقدىم قىلىپتۇ يۇلتۇزنى ئاسمان.

قوبۇل بولمىغاچ ھېچبىر يۇلتۇزى،
چىقماپتۇ شۇندىن بۇيان كۈندۈزى.

خىجىللىق يېتىپ ھۆسنىدىن كۈنگە،
توختىيالماستىن كېتىپتۇ تۈنگە.

پەرى قىزلىرى ئۈيۈلۈپ شۇئان،
ئەلنىڭ كۆزىدىن بولۇپتۇ پىنھان.

قېشىغا قەلەم ھەم سەپەر ئىدى،
جامالىدىن ئاي بەھرىۋەر ئىدى.

سوئال قويۇپتۇ شېرىنگە ئۇ ئاي،
دەپتۇ:
— كىم زىبا، كىم گۈزەل چىراي؟!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شېرىن دەپتۇ:
— سەن يۇز ـ كۆزۈڭگە باق!
نىچۈن بىر يەر كۆك، بىر يېرىڭ ئاپئاق؟!

تەڭ كېلەلمەستىن شېرىن يۈزىگە،
خىجالەت بوپتۇ ئېيتقان سۆزىگە.

ئاي قىلىپ شۇڭا يۈزىگە گىرىم،
بولۇپتۇ پۈتۈن بەزىدە يېرىم.

خوتەن مۈلكىدىن پەرھادتەك شۇڭقار،
كېلىپ ئۇ قىزغا بولۇپتۇ شىكار.

×　　×

پەرھاد چۆل تاغقا قويدىلەر قەدەم،
گۈل چەكتى تاشقا قولدا تىغ ـ قەلەم.

تاغلارنى ئويدى رەسسىم سىزدى ھەم،
كۆچۈرۈپ دىلدا ئىشقى دەرد ـ ئەلەم.

ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر سۆيگۈ زاھىر،
تاغنى كېسىشكە قوللىرى ماھىر.

غەيرىتىگە ئەل بولدى ھەيرانە،
كۆيدى شېرىنمۇ ھەم غايىبانە.

پەرھادنىڭ غەزىلى:

نىگارىم، ساڭا دىل پەرياد ئەيغانىم ئەسەر بەرمەس،
ماڭا بادى سابا ئول سەرۋەرى گۇل روھىدىن خەۋەر بەرمەس.

ئىچىلماس غۇنچە بەختىم كۆرمىسەم ئول راۋانىم مەن،
چىچەكلەر ئاتسىمۇ غۇنچە شاخ ـ ياپراقلار ئەسەر بەرمەس.

دۇتار بولدى ئىلىپ قەددىم سىنىڭ ئىشقىڭدا ئەي دىلبەر،
بۇ تاغدا مەدىكار بولمىغىچە ھېچ نەرسە نەزەر بەرمەس.

ئۆزۈم شاھزادەخان ئەردىم، ئىلىمدە مۇتىۋەر ئەردىم،
مۇشەققەت چەكمىگۇچە ھېچقانداق يەر شېكەر بەرمەس.

ئاققۇزدۇم كۆزدىن يېشىمنى، يەتكۈزدۇم كۆككە ئاھىمنى،
ئەگەر بەرمىسە مۇرادىمنى، بۇ تەن جانىمغا يەر بەرمەس.

مېنىڭ تاش كەسكىنىم خۇددى قىزىلچا تەرگىنىم ئوخشاش،
قۇلى تاش كەسمىگۇچە خوجايىن ئەسلا كەمەر بەرمەس.

دىلىڭنىڭ رەنجىدىن ھەرگىز شىكايەت قىلما ئەي پەرھاد،
سېنىڭ ئىشىڭ ئەرزىمىگۇچە ئۇستازىڭ ھۇنەر بەرمەس.

## پەرھادنىڭ چۆل تاغنى كېسىشى

— تاغنى مەن كېسىپ ئاچاي سۇ! — دېدى،
— خەلقتىن جاپا ئازايسۇن! — دېدى.

بۇ زور خۇشخەۋەر شېرىنغا يەتتى،
ھاشارچىلاردىن غەم ـ ئەلەم كەتتى.

تاغنى كېسىشكە كىرىشتى پەرھاد،
تاغۇ ـ تاشلاردىن چىقاردى پەريات.

ئىشقىنىڭ بۇ بىر چىن ئىپادىسى،
بەلكى پەرھادنىڭ ئەقلى چارىسى.

بەلكى شېرىنىنىڭ ئەسلى غايىسى،
ياكى تەقدىرنىڭ كۈچ ـ ئىرادىسى.

شېرىنىنىڭ غەزىلى:

ئۇزۇن زاماندىن سۇسىز بۇ تۇپراق،
كۆكەرتىش قىيىن بەرگىدىن ياپراق.

سۇ كەلتۈرۈشتە ئۆتكەن سۇلتانلار،
مۇشەققەت تارتىپ ئاجىز قالغانلار.

تىلەپ مەن ھەقتىن يۇرت ئاۋاتلىقى،
ئىشلەتتىم بۇندا دۆلەت خانلىقى.

ئۈچ يىلدۇر ئىشلەپ تالغانتى خەلق،
يۇرتلاردا ئېغىر بولغانتى سېلىق.

ئاھ!… بۇگۈن تەڭرى بەرمىش تىلەكنى،
كەلتۈرگەنمىش بىر كۈچلۈك بىلەكنى.

ساياھەت قىلىپ بۇندا كەلگەنمىش،
ئۆز خاھىشىچە تاشلار قازغانمىش.

مەيۇس قەلبىمنى «قويماي! » دەپ غەمدە،
ئۈچ يىللىق ئىشنى قىلمىش بىردەمدە.

قانداق باھادىر، قانداق قەھرىمان؟ !
كۆرسەم ئىنايەت قىلسام بۇ زامان.

بۇ يۇرتقا .شەكسىز كېلۇر سائادەت،
شېرىن تىلىكى بولسا ئىجاۋەت.

پەرھاد ئىشتىپ شېرىن سۆزىنى،
پۇركىدى ھايا ئۇنىڭ يۈزىنى.

× × ×

چىقتى پەرھادنى كۆرگىلى شېرىن،
كەلدى يېنىغا شىكاردىن كېيىن.

شامال پەردىنى ئالدى يۈزىدىن،
ئوتلار چاقنىدى پەرھاد كۆزىدىن.

دېدى ئۇ:
— ئەينەك ماڭا كۆرسەتكەن،
جېنىمنى ئېلىپ ئوتقا سەكرەتكەن.

غۇربەتكە سېلىپ ئاۋارە قىلغان،
يۇرتۇمدىن ئايرىپ بىچارە قىلغان.

دەشتۇ ـ باياۋان، دەريا كەزدۈرگەن،
بېشىمغا تۈرلۈك بالا كەلتۈرگەن.

ئەسلى ـ نەسلىمدىن بىگانە قىلغان،
مۈلكىمدىن ئايرىپ دىۋانە قىلغان.

ھەممىنى قىلغان ئۆزى مانا شۇ،
ئەقلىمنى ئالغان كۆزى مانا شۇ!...

— دېدى يىقىلدى، ھوشىدىن كەتتى،
شېرىن پەرھادقا بۇلارنى ئېيتتى.

— ئەي شەمئى جامال ئادىمى بىھوش،
نە ئۈچۈن سېنىڭ پاك دىلىڭ مەيۇس.

باغرىڭ ئېزىلىپ، ئاغزىڭ قۇرۇپتۇ،
گۈلدەك چىرايىڭ دەردتىن سولۇپتۇ.

سۆزلە ماڭا سەن دەردۇ ـ ئەلىمىڭ،
دىلدا بارىنى ئېيتقىن نە غېمىڭ؟!

بەردىمۇ ساڭا بىگانە زەھەر؟!
سەۋەپ نېمەدۇر بەرگىن بىر خەۋەر!

جادۇگەر ساڭا سېھرى قىلدىمۇ؟!
ياكى ئەقلىڭگە ھىلى قىلدىمۇ؟!

بۇگۇن شېرىنگە بولدى خۇشلۇق يار،
خۇشاللىق ئىچىرە يۈرىكى ئويىنار.

شىرىننىڭ غەزىلى:

ناتىۋان سۆزلىگىن يۇرتۇ ـ دىيارىڭ قايسىدۇر؟!
مەملىكىتىڭ پادشاھى نامدارىڭ قايسىدۇر؟!

شاھمۇ سەن، ئالىممۇ سەن، زاھىدمۇ سەن تالىپمۇ سەن،
بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن كەسپى ـ كارىڭ قايسىدۇر؟!

يۇزلىرىڭ شاھزادىدەك، ئەمما ئۆزۈڭ ۋەيرانىسەن،
سېنى كۆلپەتتىن خالاس ئەيلەر قارارىڭ قايسىدۇر؟!

نە سەۋەبتىن بۇ كەبى پىغان ئارا غەمخانىسەن؟!
سېنى غەم دەرياسىغا سالغان نىگارىڭ قايسىدۇر؟!

قايسى گۈلشەننىڭ گۈلى، ئىشقى ئوتىدا يانىسەن،
سېنى بۇ كويلارغا سالغان دىل خۇمارىڭ قايسىدۇر.

× ×

پەرھاد ھالىنى ئەيلىدى بايان،
ئۇنىڭ كىملىكى بولدى ھەم ئايان.

شىرىن دېدى:
— ئەي بىگانە يىگىت،
دۇنيا يۈزىدە يىگانە يىگىت.

ئەجەپ مۇشەققەت ئىستەر ۋۇجۇدۇڭ،
تاغلارنى پارە ئەيلەر ئۇمۇدۇڭ.

ئوخشمايدۇرسەن ھېچبىر كىشىگە،
ئىشىڭ ئوخشىماس ئىنسان ئىشىگە.

مېنىڭ كۆڭلۈمنى خۇرسەن ئەيلىگىن،
يۇرتۇمنى باغۇ - چىمەن ئەيلىگىن.

قېنى سەن دىل ئەسا، ساندۇقىڭنى ئاچ،
يىگىت بېشىغا تىللا گۆھەر چاچ!

خىزمىتىڭ ھەققى بۇ تىللا ئەمەس،
قانچە خەزىنە پەرسەم ئەرزىمەس.

سەۋرى قامىتىڭ بىلەن باراۋەر،
ئايىغىڭغا مەن تۆكسەم ياقۇت - زەر.

قىلدى جۇرئىتىڭ قەلبىمنى شىكار،
قىلۇرمەن ساڭا جېنىمنى نىسار.

پەرھاد لاپ قىلىپ شىرىنغا باقتى،
ۋاپادىن دىلغا نۇر چىراغ ياقتى.

ئاتلاندى شۇئان تاغ كېسىش ئۈچۈن،
شىرىن كۆڭلىنى شاد ئېتىش ئۈچۈن.

كۈچلۈك زەرپ بىلەن ئۇردىلەر مېتىن،
لەرزىگە كەلدى ئاسمانۇ - زېمىن.

لايىنى كەسكەندەك پەرھادنىڭ تىغى،
كەسكەندە تاغنى چىقتىلەر يىغى.

پۈتۈن خالايىق بۇ ئىشقا قاراپ،
پەرھاد قودرىتىنى قىلدى ئېتىراپ.

بۇ مەيدان ئارا خالايىقمۇ ھەم،
كېلىپ پەرھادقا بولدىلەر ھەمدەم.

يازغىنى ئىشپھەت تۇرمىغىنى قاراپ؛
ئەجداد ئەجرىنى سۆزلە ۋارقىراپ.

## پەرھادنىڭ غەزىلى:

ئەرزىمنى ئېيتاي بادى ساباغا،
يەتكۈز سالامىم ئول ئاشناغا.

تارتىم مۇشەققەت، چەكتىم رىيازەت،
ھالىمنى ئېيتقىن ئۇ، ھۇاپاغا.

بولغايمۇ ھاسىل، قازسام بۇ تاغنى،
يەتكۈزسەم ئاھىم ئەرشى ئەلاغا.

تاشلاپ دىيارىم، تەرك ئەيلىدىم تاج،
قويدۇم بېشىمنى بىر سەجدىگاغا.

ئوتتۇڭدا كۆيسەم، كۆيۈڭدا ئۆلسەم،
تېخى كۆمۈلسەم تەھتە سىراغا.

سۆيگۈ نىگارىم، پەسلى باھارىم،
ئەندى قارارىم سەككىز سىراغا.

ئەي ھۆسنى شاھى، پەرھادنىڭ ئاھى،
كۆيۈڭدە ئۆرلەر، سۈيى ساماغا.

بەختىم قارادۇر، باغرىم يارادۇر،
ئەرزىم تولادۇر ئول رەھنىماھغا.

ئىشقى يولىنى، غۇربەت چۆلىنى،
كېزىپ كېلىپمەن بۇ شەھرىيارغا.

ھۆسنى بازارى، قەلبىم شىكارى،
بولغۇم مازارى، بۇ كوھسارغا.

× × ×

پەرھاد تىرىشتى بىر نەچچە زامان،
ئاقتۇرۇپ سۇنى ئەيلىدى راۋان.

ئېقىپتۇ ئەلنىڭ ئابى ھاياتى،
تۇگىمەس تەرىپ ـ تەۋسىپ سىپاتى.

قىرىق قەرىلىك شارقىراتما ھەم،
ئاجايىپ شاۋقۇن سېلىپتۇ بۇدەم.

كەسكەن يەردىن سۇ سىرغىپ ئۆتۈپتۇ،
نامىنى خەلق «كەپلەش» قويۇپتۇ.

كەلدى بىزگىچە شۇ نام يادىكار،
مەڭگۈگە ساقلا ئەي پەرۋەردىگار.

× × ×

بۇ ۋاقىت ئىچىدە شىرىن ۋە پەرھاد،
ئىشقىدىن دائىم قىلدىلەر «ئاھ! ... داد ...»

سۆيگىدىن دائىم بولۇپ بىئارام،
راھەتنى ئۆزىگە قىلدىلەر ھارام.

— شىرىنسىز دەۋران سۈرمەسمەن! — دېدى،
— ئۇنىڭسىز ئۆمۈر كۆرمەسمەن! — دېدى.

تۇرالماس ئىدى يۈرىكى كۆيۈپ،
يىغلىغانسىرى شىرىننى سۆيۈپ.

پەرھاد كۆزىدىن ياش تۆكۈلگەن چاغ،
تاقەت قىلالماي يىغلىۋەتتى تاغ ...

ياشلار قۇرۇپتۇ تاغ توختىماپتۇ،
«يىغلىغان تاغ» دەپ خەلقلەر ئاتاپتۇ.

ھېچ توختىماستىن يىغلاپ ئۇ ھامان،
بىر ئېرىق سۇنى قىلماقتا راۋان.

شىرىن دەيدۇ:
— گەر پەرھاد بولمىسا،
گۈلدەك ئېچىلىپ بۇندا تۇرمىسا.

تاجۇ ـ دۆلىتىم ھەممىسى قۇربان،
قەسەم پەرھادقا پىدادۇر بۇجان ...

ئېچىلسۇن دائىم نىمشبھىت گۈلى،
تىنماي سايرىسۇن ئەركىن بۇلبۇلى.

**پەرھادنىڭ مىڭ ئۆي قېزىشى**

روھىي باغلىنىش بۇ يەرگە يەتتى،
ۋەدىگە ۋاپا ۋاقتىمۇ يەتتى.

شۇ چاغدا ئىران خىسراۋى كېلىپ،
ئاشىق پەرھادقا بولدىلەر رەقىپ.

پەرھادقا بالا ـ قازا يۈزلەندى،
مېھنىبانۇنىڭ كۆڭلى ئۆزگەردى.

تارالدى خىسراۋ پىتنە ـ ئىغىۋاسى،
مېھنىبانۇنىڭ ياندى ئىخلاسى.

بۇرۇنقى قىلغان شەرتى بۇزۇلدى،
ئۇنىڭغا يېڭى بىر شەرت قوشۇلدى.

— مىڭ ئۆيىنى بىنا قىلسۇن ئۇ، تاشتىن،
پەرھادنىڭ ئىشقى ئۆتسۇن سىناشتىن.

گۈزەل نەقىشلەر ئىشلەنسۇن ئاڭا،
ئىككىنچى بۇنداق بولمىسۇن بەنا.

مىڭ بۆلۈم ئۆيگە يۈز مىڭ سۈپەت نەقىش،
سىزىپ شېرىنغا ئۇنى قىلسۇن بەخش.

ئۇ، ئۆيگە قاراپ بۇلبۇل سايرىسۇن،
ئۇنى كۆرگەنلەر كۆڭلى يايرىسۇن.

سازەندىلەرنىڭ مۇقام ناۋاسى،
شائىر قەلەمكەش قەلەم ساداسى.

قوشاقچىلارنىڭ توقىغانلىرى،
ئۆلىمالارنىڭ ئوقىغانلىرى.

ھەممە يوللانسۇن شۇ ئۆيگە پەقەت،
چەتكە چەكمىسۇن ھەتتا بىر نوقەت①.

دەۋرانلار سۈرگەي مەرىپەت بۇندا،
ئەخلاق، پەزىلەت ھەرىكەت شۇندا.

سەيلىگاھ ئەتكەي ئەھلى زامانە،
ئىبتىراپ قىلغاي پۈتكۈل جاھانە.

بۇندا گۈللەنسۇن چىچەكلەپ سەنئەت،
زۇھۇرغا كەلسۇن بارلىق تەبىئەت.

خەلقلەر ئارا بارچە سەنئەتكار،
سەنئەتتىن بۇندا ئەيلىسۇن ئىزھار.

بولمىغاي سىرتىدا بۇنداق ئىمارەت،
ئالەم قەسرى بولسۇن خىجالەت.

نۇرلەر چىچىلسۇن ئىلمۇ ـ ئىرپاندىن،
ئاشسۇن رۇم، پەرەڭ، شامۇ، ئىراندىن.

① نوقەت — چېكىت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پەرھادنىڭ غەزىلى:

قازىمەن مىڭ ئۆينى ۋادىغا قاراپ،
كېلىدۇ شېرىن ھالىمنى سوراپ.

بۇ پەلەك قىلدى خارۇ ـ زار مېنى،
خىسراۋ ئالدىدا قېنىمنى شوراپ.

تالىدۇ بىلەك، كۆيىدۇ يۈرەك،
تىلىكىم ۋىسال، جىگىرىم كاۋاپ.

مەن ئۇچۇن گويا بۇ دەم جەھەننەم،
پۇرقەت ئىچىدە ئەيلىدى ئازاپ.

يار ئاياغىدىن ئۆرلىسە توزان،
سەپسەم سۇ قىلىپ يېشىم تامچىلاپ.

ھىجران چۆلىگە كۆزۈم توكسە ياش،
ھەيران قالىدۇ بۇلۇتلار قاراپ.

ئىشقىم ئوتىدىن ياقسەن چىراغ،
تۇندە تاغ ئىچى بولماس دەپ خاراپ.

چاقنىغان ئوتلار بېرەلمەس چىداش،
ئاھىم ئوتىدىن چىقسا بىر سىراپ.

باغرىم ئەيلىسەم پەردەئى ئىسمەت،
يارنىڭ بېشىغا چۈشمىسە ئاپتاپ.

بادىدىن يېتەر دەپ زاتىغا زەخمەت،
قەلبىمنى يېرىپ قىلسام مەن ھىجاپ.

يۈرىكىم ئېلىپ ئەيلىسەم ئاياق؛
قېنىمنى قىلىپ بەرسەم مەن شاراپ.

كەلدى رەقىپتىن بېشىمغا كۈلپەت،
دىللىرىم غەشتۇر يۈتىمەن زەرداپ.

ئەتراپتا دۈشمەن پايلاپ پەرھادنى،
تاشلار تۈۋىدە ئولتۇرار ماراپ.

ئۈشبۇ تاغ ئارا تەندىن كەتسە باش،
بەختى - تەلىيىم يوقتۇر ئىز تىراپ.

× × ×

شىرىن ئىشقىدا پەرھاد يەتتە يىل،
ئىشلىدى پەرھاد ئايانماي دېدىل.

بارچە ھۈنەرگە پىدا قىلىپ جان،
ئىستىداتىنى قىلدى نامايان.

بىرى - بىرىگە شىرىن ۋە پەرھاد،
تەلپۈنۈپ دائىم چېكەردىلەر دات.

سۆيگىدىن ھەر دەم بولدى بىئارام،
ئەيلەپ راھەتنى ئۆزىگە هارام.

ئىشلەپ جاپادا شۇنچە يىل پەرھاد،
بىر كەم مىڭ ئۆيىنى ئەيلىدى بۇنياد.

زادى دۇنياغا باقساڭ نىمشېھەت،
تولماس ئۇ، بىرسى ئۆزۈلمەس ئۈمىت.

## خىسراۋنىڭ ئۇرۇش باشلىشى

گەپ ئەمدى يانا بىر ئۆيدە قالدى،
بۇ ئىش خىسراۋنى بەك غەمگە سالدى.

ئاتەش غەزىپى باشقا ئۆرلىدى،
پەرھادنى قەستلەپ ئورا كولىدى.

لەشكەرنى باشلاپ شەھرىيار تامان،
كەلدى ئۇ خىسراۋ نىيىتى يامان.

پايتەختنى ئۇ، قامال ئەيلىدى،
بېسىم ئىشلىتىپ بۇزدى پېيلىنى.

ئۆزىمۇ چۈشتى جەڭ مەيدانىغا،
بويالدى تۇپراق ئادەم قېنىغا.

قىلدىلەر خىسراۋ پەرھاد بىلەن جەڭ،
لېكىن ئۇنىڭغا كېلەلمىدى تەڭ.

خىسراۋنى پەرھاد تۇتتى كەمەردىن،
سىلكىپ ئۇنى دەس كۆتەردى يەردىن.

خىسراۋنىڭ كۆزى چىقتى چاناقتىن،
تەۋبە قىلماقچى ئاچچىق ساۋاقتىن.

چىقتى مەيداندىن ئىيتىپ ئۇ ئۆزرە،
تىلىمۇ تۇزۇك كەلمەيتتى سۆزگە.

سەردارنى ئۇ قىچقىردى شۇندا،
چۈشۈردى جەڭگە ئۆزى ئورنىغا.

ئۇمۇد گۈرزىنى ئوينىتىپ سەردار،
پەرھادقا ھۇجۇم قىلدى بىقارار.

پەرھادمۇ ئاتا تۇردى تاقابىل،
ھىلە ـ مىكرىدىن بولمىدى غاپىل.

پەرھاد قولىدا تاش كېسەرمىتىن،
دېدى دىلىدا: «بولغايمەن ئەمىن.»

دېدى ئۇ سەردار:
— خەنجەر ئۇرارمەن.
ئىنسان قېنىغا شۇنداق خۇمارمەن.

قويمايمەن بۈگۈن ئامان بېشىڭنى،
ئاققۇزۇپ سۈدەك قانۇ ـ يېشىڭنى.

سەردار قىلىچنى چاپتى پەرھادقا،
پەرھاد قالقىنى ياندۇردى ئارتقا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پەرھاد ئايلاندۇرۇپ ئۇردى مېتىننى،
سەردار يىقىلدى، خىسراۋ ئېچىندى.

كۆرۈپ خىسراۋدا قالمىدى تاقەت،
دېدىكى:
— بىزنى باستى پالاكەت.

ھەممە پەرھادقا، قارشى ئاتلانسۇن،
ئۇ، پارە ـ پارە قىلىپ تاشلانسۇن!

پەرھاد تاغ ئىچرە يوشۇردى ئۆزىن،
خىسراۋ لەشكىرى باستى يەر يۈزىن.

يالغۇزلا شاپۇر پەرھادقا ھەمدەم،
دېدى:
ـ جان پىدا سەن ئۈچۈن بۇ دەم.

خىسراۋ لەشكىرى ياغدۇردى ئوقنى،
قانغا بويىدى يەر ـ ئوپۇقنى.

مېھىنبانۇمۇ چارىسىز قالدى،
سىپىل ئىچىگە ئۆزىنى ئالدى.

ئەتتى تۆت ياندىن دەرۋازىنى چىڭ،
خىسراۋ بۇ ئىشقا قىلالمىدى غىڭ.

لەشكىرىنى ئۇ، باشلاپ قوزغۇلۇپ،
پەرھادنى قىستاپ كەلدى باستۇرۇپ.

پەرھادنى ئوقتىن توسۇپ پاناگاھ،
ئوق تەگدى شاپۇرجان بەردى «ئاھ! ۋاھ!...»

پەرھاد دوستىدىن ئايرىلىپ قالدى،
خەنجىرىنى ياۋ بېشىغا سالدى.

## پەرھادنىڭ خىسراۋ قولىغا چۈشۈپ قالغىنى

تاشلاپ پەرھادقا ھەر ياندىن كەمەند،
قىلدىلەر ئۇنى ھەر تەرەپتىن بەنت.

كەلتۈردى خىسراۋ بارىگاھىغا،
باغلاپ چەمبەرچاس تەختى ئالدىغا.

قويدى ئول خىسراۋ تەخت ئۈستىگە پاي[1]،
ئاشىق جېنىغا سالماق ئۈچۈن ۋاي.

پاسىبانلاردىن خىسراۋ، بەھرىمەن،
پەرھاد ئىلكىدە زەنجىرۇ - كىشەن.

خىسراۋ دېدىكى:
— سورايمەن سوئال!
بەرمىسەڭ جاۋاب جېنىڭغا ئۇۋال.

دېدى:
— قايدىنسەن مەجنۇنى گۇمراھ؟!
— مەجنۇن قەيەردە ۋەتەندىن ئاگاھ!...

---

① پاي — ئاياق، قەدەم

دېدى:

— بىلگىنكى ئىشق كەسىپ ئەمەستۇر!
— ئىشق كەسىپ بولسا شۇ ماڭا بەستۇر!

دېدى:

— قايتقىن سەن بۇ بىر ھەۋەستىن!
— ئاشىقلار قورقماس، رەقىپتىن، قەستىن!

— كۆڭلۈڭدىن چىقار ئىشق بالاغۇ!
— تېنىمدە جاندەك يوشۇرۇندۇر ئۇ!

— بۇ سۆيگۇ سەندە پىنھان قاچاندىن؟!
— روھىم تېنىمگە كىرگەن زاماندىن!...

— كەچ بۇ ئىشقدىن بىرەي ۋىلايەت،
— كۆڭلۈمگە بۇ سۆز ياتتۇر ناھايەت.

— كەچكىن بۇ يولدىن ئالتۇن بېرەيمەن،
— زەرنى تۇپراقتا تەڭ ئەيلىمەيمەن.

— سالسامچۇ سېنى قارا زىندانغا؟!
— زىندان تەسلىمدۇر ئالى ۋىژدانغا!...

— قەتلى قىلىمەن سېنى مەن زادى،
— شۇ ئىدى مېنىڭ جېنىم مىرادى.

— بەند قىلىنسۇن! — دەپ قىلدىلەر ھۆكۈم،
قىلدى پەرھادنى زىندانغا ھۆكۈم.

پەرھادنىڭ غەزىلى:

بىۋاپا زالىم پەلەك ھالىمنى يامان ئەيلىدىڭ،
يىغلىغۇزۇپ خونا بىلەر رەڭگىمنى سامان ئەيلىدىڭ.

يەتمەيىن ۋەسلى نىگارغا مەن كېتەر بولدۇم نىتەي،
كۆزلىرىمدىن ئاققۇزۇپ ياش بەھرى ئۇممان ئەيلىدىڭ.

يۇرت - دىيارىمدىن جۇدا قىلدىڭ رەقىبلەر ئالدىدا،
باشلىرىمغا ياغدۇرۇپ تاش باغرىمنى سەن قان ئەيلىدىڭ.

سۇندۇرۇپ شېخىمنى تۆكتۈڭ ياپرىغىم بولدى خازان،
سەن گۇزەل ياشلىق بېغىمنى بۇندا ۋەيران ئەيلىدىڭ.

قوش ماڭا دەردى پىراق، رەقىبكە بەردىڭ مىڭ ياراق،
تاقاق سېلىپ قول - ئاياققا جايىمنى زىندان ئەيلىدىڭ.

## بەھرام ۋە خاقاننىڭ خىسراۋ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىشى

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپتىلەر خاقان،
جەڭ تەييارلىغىن قىلدىلەر چاققان.

يەنى پەرھادنىڭ بەھرام تاغىسى،
خوتەندە ئىدى ھەرەم ئاغىسى.

باشلاپ كەلدى ئۇ خاقان لەشكىرىن،
قوغلاپ چىقاردى خىسراۋ ئەسكىرىن.

خانى ـ ماننى قىلدىلەر ۋەيران،
بار سىپاھىنى سۇردىلەر ھەريان.

تۆت تەرەپتىن جەڭگە ئات سالدى،
رەقىبلەر بەنت بولۇپ بىردەك قامالدى.

تەبىلبازلار جەڭ نەرەسىن تارتار،
تىرە ئەندازلا ساغداق ئوقىنى ئاتار.

چەۋەندازلارمۇ نەيزىسىن ئالدى،
سەرۋازلار قىلىچىن راس ئىشقا سالدى.

گۇرزىۋازلەرمۇ سەپراس قىلىندى،
مەنچاناقلارمۇ ئىشقا سىلىندى.

ئەزرائىلنىڭ قىزىپ بازىرى،
خىسراۋ تەرەپنىڭ ئاشتى قازىرى.

كاسات بولدىلەر جاننىڭ باھاسى،
ماتەم ـ مۇسىبەت غەمنىڭ غەۋغاسى.

قانلار دەريادەك مەۋج ئۇراردى،
تەنلەردىن ئېگىز پەشتاق قوپاردى.

چەكتى رەقىبلەر ۋاي دات ـ نادامەت،
يەنى قىرىق كۈن بولدى قىيامەت.

پەرھاد قۇتۇلۇپ چىقتى زىنداندىن،
قىلىچ ئۇردى ئۇ، ياۋغا ھەر ياندىن.

ئۇنىڭ لەشكىرىن قوغلاپ ھەريانغا،
قويدى خىسراۋنى ھەسرەت پىغاندا.

كەيخىسراۋ قاچتى چۆمۈپ مۇڭ ـ زارغا،
قالدۇردى جاسۇس بۇ شەھرىيارغا.

ئۇنىڭ ئەلىمى بولدى زىيادە،
يىراق يوللاردا قالدى پىيادە.

تاغۇ ـ چۆللەردە يۈردى يىگانە،
بەلخ شەھرىدە بولدى دىۋانە.

سانتى دۇبۇلغا جوببە ساقىنى،
نانغا تېگىشتى ئوق ـ ياراغىنى.

مەرۋە چۆلىدە ئۇنى رودىپاي،
بويىنغا مىنىپ قىلىۋالدى تاي.

شىرازدا بۇشۇم خىسراۋنى كۆلال،
بويىنغا ئېسىپ سانقۇزدى ساپال.

كەرمەن دېگەن بىر شەھەردە ئۇ،
سەرراپلارغا توشۇپ بەردى سۇ.

× × ×

پەرھاد مىلك ئۆيگە بولۇپ پاسىبان،
قالدى شۇ جاينى قىلىپ ئۇ، ماكان.

## كەيخىسراۋنىڭ ھىلە بىلەن پەرھادنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن ئۇستا جادۇگەر ئەۋەتكىنى

كەيخىسراۋ بولغاچ بۇ جەڭدە مەغلۇپ،
جادۇگەرلەردىن ئىزلىدى مەتلۇپ.

دەرھال ۋە جىددىي ئىشقا كىرىشتى،
جاھان ئىزلىدى چەندان تىرىشتى.

تاپتى ياسىمىن ئاتلىق دەللىنى،
پەرھادقا پىنھان قۇردى پەللىنى.

قەدىم ئەييارلار ئەۋلادىدۇر ئۇ،
ھەتتا ئۇلارنىڭ جاللادىدۇر ئۇ.

زال[①]زەرنىڭ ئۆگەي ھامىمسى،
دەللە مۇختالىنىڭ كىچىك ھامىمسى.

شەبرەڭ رۇمنىڭ ئەھلى قاياشى،
بادى رەپتارنىڭ ئوغرى ئاداشى.

رۇمنىڭ ئەييارى مۇختار بىلەن،
مىسىردا بولغان ئۇزاق يىل ھەمدەم.

بابىلدا سېھىر مەكتىپىن ئاچقان،
شام شاھزادىسىن ئوغرىلاپ قاچقان.

---

① زال — شاھنامىدا تەسۋىرلەنگەن رۇستەمنىڭ دادىسى.

بۇ قىرى مەككار شاگىرتى شەيتان،
بەلكى شەيتاننى قىلاتتى سەرسان.

ھەر سائەتتە ئۇ، تۆت خىل بولاردى،
ئەجدىھالارغا داملەر قۇراردى.

زاھىد بولاردى پېشانىسىدىن،
مىڭ خىل ھىلىلەر نىشانىسىدىن.

قېرىتار قىزنى جادى بىلەن تېز،
يۈز ياشلىق موماينى كۆرسەتتى قىز.

مىكرىدىن تۈلكىنى قىلغان بىئارام،
بازارنى بۇلغاپ ئەيلىگەن ھارام.

ئەپسۇن دېمىدىن ئۆرلەركەن تۈتۈن،
تۈگمەننىڭ نۇرىدىن چىقاركەن پۈتۈن.

باغۇ - بوستاننى بىر دەمدە چۆللۈك،
جادىدىن چۆللىنى قىلاردى گۈللۈك.

ئەندىشىگە سالغان رۇمۇ - پەرەڭنى،
سامادا سۇمرۇغ، سۇدا لەھەڭنى.

مانا بۇ دەللە تەييارلىق بىلەن،
يۈز مىڭ سۇپەتتە ئەييارلىق بىلەن.

بۇۋى بەرنادەك كۆرسىتىپ ئۆزىن،
پەردە كەلىمدە ئوراپ باش - كۆزىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەرھاد قېشىغا باردىلەر يېتىپ،
ھەر بىر قەدەمدە گۇن سەجدە قىلىپ.

پۇتىدا مەيسە، بېشىدا لىچەك،
قولىدا ھاسا، دوك ـ دۈمچەك.

كۆزىدە قان ياش، ئاغزىدا خۇدا،
پەرھادنى ئالداپ گوقۇيدۇ دۇئا.

ھىلىگەرلىكىن ئىشقا ئاشۇرۇپ،
مۇناپىقلىقىن ئەلدىن يوشۇرۇپ.

پەرھادنى كۆرۈپ «ئاھ!...» ئۇرۇپ كەتتى،
ئاھۇ ـ پەريادى ئەرشكە يەتتى.

«ئاھ! ئۇرۇپ دېدى:
— ئاھ! شېرىن قىزىم.
ياش ئۆلۈپ كەتتىڭ باسمايىن ئىزىم.

ئېرەم باغىنىڭ غۇنچىسى ئىدىڭ،
جەننەت قىزىنىڭ تۇنجىسى ئىدىڭ.

بەرسۇن خۇدايىم جەننەتۇ رىزۋان،
خىزمىتىڭ قىلسۇن ھۇر ـ ئىلە غىلمان.

جاھان قەسرىدە تاجىدار ئىدىڭ،
جانان قەلبىدە ئىسرارىڭ.

كوڭلۈڭ راھىتى، كۆزۈڭ قاراغى،
ئىشقىڭ سۇلتانى ئۆمرۈڭ چىراغى.

خاقانىڭ ئوغلى ئاشىقىڭ ئىدى،
ساڭا جان پىدا سادىقىڭ ئىدى.

مىڭ ئۆي ياسىدى ساڭا ئۇ تاشتىن،
ئىشقىڭدا كۆزى قۇرۇماي ياشتىن.

نە ئۈچۈن ئاڭا باقمىدىڭ بالام،
ۋاپادارلىقنى تاپمىدىڭ بالام.

ئۆلگەن خەۋىرىڭ ئاڭلىسا ئەگەر،
شەكسىز جېنىغا يەتكۈسى خەتەر.

ئاڭلانسا بۇ سۆز پۈتۈن جاھانغا،
يانا خەۋىرى يەتسە خاقانغا.

«پەرھاد قېنى؟ !-» دەپ كەلسە خوتەندىن،
دېسە: «قايىدىدۇر؟ !» مەشۇقى شېرىن.

قېنى رەقىبى خىسراۋ سەتەمكار؟ !
قېنى شېرىننىڭ يۇرتى شەھرىيار؟ !

سۆزلەشكە بىزگە ئىمكان بولۇرمۇ؟ !
قىلغان پۇشايمان دەرمان بولۇرمۇ؟ !

غەزەپتىن ئالسا خەنجەر قولىغا،
ھېچ باقمايىن ئۆلۈك ھەم سولىغا.

خانۇ - مانىمنى ئەيلىسە ۋەيران،
ئاققۇزسا قاندىن دەريابى - ئۇممان.

شەھرىمنى قىلسا دەشتۇ - باياۋان،
ئىنسان ئورنىنى جاي ئەتسە قاۋان.

مۇنداق خىجىللىق يەتمەستىن بۇرۇن،
قەۋرە ئىچىدە ئالسامدىم ئورۇن».

پەرھادنىڭ دۇنيادىن كېتىشى

كىم بىلسۇن ئۇنىڭ مەككارلىقىنى،
پەرىجە ئىچرە نە بارلىقىنى.

ئىشىتىپ پەرھاد جادۇگەر سۆزىن،
تاشنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى ئۆزىن.

دېدى شۇئاندا:
— بۇ قانداق مەيھۇم،
ئارتۇق ئۆرتىمە ئىش بولدى مەلۇم.

ئاشىق قېنىنى ئىچىشتىن تويغىن،
مەن بىچارىنى ھالىمغا قويغىن.

جېنىمنى ئالدىڭ، مەقسىدىڭ شۇدۇر،
ئۆلۈك تېنىمدىن ئىستىكىڭ شۇدۇر.

بېشىمنى يەنچى ئەي چەرخى زەركار،
ھاياتلىق ئەمدى بولمايدۇ دەركار.

كۆزۈمنى ئويغىن بالايى سەرسان،
چۈنكى شىرىنىدىن ئايرىلدى بۇ جان.

كەسكىن تىلىمنى ئەي تىغىم دەرھال،
ئەمدى سۆزلەشكە قالمىدى ماجال.

كوڭلۈمنى بۇزغان مىلڭ پارە ئەيلە،
تېز كەتمىكىمگە ھەم چارە ئەيلە!...

توختا! يۈرەكنى يېرىپ چىققان ئاھ!...
قىلغىن ئۆزۈڭگە جىنىمنى ھەمرا.

ئەي مېنىڭ ئەسۋاپ ئوقيا شەمشىرىم،
ئىشتا، غازاتتا بولغان ھەمرىيىم.

ئاسمانغا يېشى تاقاشقان ئەي تاغ،
ئەرزىمنى ساڭا ئېيتىمەن بۇ چاغ.

مەندەك غېرىپقا چوڭ پانا ئىدىڭ،
غەمكىن كۆڭۈلگە سەن ھېيتكا ئىدىڭ.

گۈزەل باغرىڭدا ياشىيالماس بولدۇم،
يىراق ئوتىنى باسالماس بولدۇم.

گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن بۇدەم،
ھەممىدىن يامان ئىكەن دەرد ـ ئەلەم.

ئەي بادى ـ سابا ئەرزىمنى ئاڭلا!...
خوتەن مۇلكىگە يەتكەندە تاڭلا.

سۆزلە شۇ چاغدا غوربەت ئۆلۈمنى،
خىسراۋدىن يەتكەن قاتتىق زۇلۇمنى.

ئانام ئىشتىسە يىغلار: «قوزام! ...» دەپ،
جانغا ئوت سالغان: «يالغۇز بالام! ...» دەپ.

بەھرام دىلاۋەر تاغام ئىرانغا،
بېرىپ خىسراۋنى تويغازسۇن جانغا.

خالىسا ئۇندىن ئالسۇن ئىنتىقام،
خالىسا تەقدىر دەپ يانسۇن تاغام.

كاشكى شېرىنىم قېشىمدا بولسا،
جان بېرەر چاغدا يېنىمدا بولسا.

دىدىلەر:
— قازا مەن ئۇچۇن تەقدىر،
قارشى تۇرالماس ھېچقانداق تەدبىر! ...

مۇدھىش كۆنلەرنىڭ قايسى بىرىدە،
تاشتىن ئۆي قېزىپ تۇرغان يېرىدە.

يەتتىلەر قازا پەرھاد جېنىغا،
شۇ ھامان كەتتى يەرنىڭ قارنىغا.

ناھەق خىيانەت ئاڭا يۈز تۇتتى،
ئاھ! ... دەرىخ پەرھاد ئالەمدىن ئۆتتى.

تەرەھھۇم قىلدى يەر بىلەن ساما،
ھەسرەتكە چۆمدى تاغ ھەم سۇ ھاۋا.

جاھان مۇسىبەت ماتەمدار بولدى،
مۇزات داۋالغۇپ قان ياشقا تولدى!...

زالىم پەلەكتىن نىمشىھىتقا ھەم،
يەتتى ئەمەسمۇ ئازاپ دەرد ـ ئەلەم.

## ياسىمىن جادۇگەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

ئاندىن ياسىمىن شەھەرگە بېرىپ،
نالە ـ زار بىلەن ئوردىغا كىرىپ.

شېرىن ئالدىدا قىلدى ياقا چاك،
ئۆزىن ماتەمدە كۆرسەتتى غەمناك.

دېدى ئۆزىنى:
— بۇۋى بەرنامەن،
ئالەم ئارادا مەشھۇر دانامەن.

كەلتۈردۇم سىزگە مەن بىر شۇم خەۋەر،
شورلۇق ئاغزىمغا سىز ئۇرۇڭ خەنجەر.

ئىزھار ئەيلىدى پەرھاد ماتىمىن،
ئاھ!... ئورۇپ يىغلاپ جادۇ ياسىمىن.

— سولدى مەلىكەم ۋىسالىڭ گۈلى،
ئۆلدى ئاھ!... چېكىپ بىغىڭ بۇلبۇلى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يەتتە يىل تارتقان جەۋرى ۋە مېھنەت،
تاغ كېسىپ قىلغان باتۇرلۇق ھىممەت.

ھەممىسى بۈگۈن بولۇپتۇ بەربات ،
مۇرادىغا يەتمەي كۆز يۇمدى پەرھاد.

ئۆنىڭ دەردىدە يىغلاپ مەلىكەم،
يۈتمىغىن زەرداپ ئاھ!... ئۆرۈپ بۈدەم.

يىغلىغان بىلەن ئۆلگەن تىرىلمەس،
غەمنى ئاشۇرار زادى كېمەيتمەس.

ئۆلگەننى چىقار كۆڭلۈڭدىن شۇ تاپ،
ئېچىلغىن يېڭى بەزمەڭنى باشلاپ.

بىلگىن ئۇخسراۋ ئۆزى ئىكەن خان،
جاھانغا داڭقى پۇر كەتكەن سۇلتان.

ئىشقىڭ ئوتىدا ئۆرتىنەر ھامان،
بولغىن ئۇنىڭغا مەھبۇب مېھرىبان.

قىزىلگۈل بىلەن بولبۇل تېپىشار،
ھەشقىپىچەكتەك بەلكى يېپىشار.

بوستانغا كېرەك سەرۋى ئازادە،
شاھلار تەختىگە لايىق شاھزادا.

سەن ئاڭا لايىق بۇلبۇلغا گۈلدەك،
ساڭا يارىشار نازلىنىپ كۈلمەك.

— ئاھ! — ... دېدى شېرىن ھوشىدىن كەتتى،
مېھىنبانۇغا بۇ خەۋەر يەتتى.

شەھرىيار خانى دېدى:
— ئەي دەللە!
بۇزماقچىمۇ سەن بۇ يەردە پەللە؟!

ياسىمىن دەللە ئۆزۈڭ ئەمەسمۇ؟!
سەن جادۇگەرنى كىشى بىلمەسمۇ؟!

پەرھادنى ئالداپ گوللىغان ئۆزۈڭ،
ئۇنىڭغا ئۆلۈم يوللىغان ئۆزۈڭ.

مېھىنبانىنىڭ قەھرى جوش ئۇرۇپ،
قېرى دەللىنىڭ چېچىنى يۇلۇپ.

بېشىنى تەندىن جۇدا قىلىشقا،
بۇيرۇق چۈشۈردى شۇئان جاللاتقا.

پەرماننى جاللات ئىشىتىپ شۇئان،
دەللىنى سۆرەپ ماڭدى شۇزامان.

ئەيھاي! قازانىڭ قېلىچى شۇئان،
جانغا تىكىلگەچ بەرمىدى ئامان.

قىلاي، دەپ جادۇ تۇرغاندا دەللە،
بېشى تېنىدىن چۈشتى داق يەرگە.

تۇراتتى شېرىن يىراقتا قاراپ،
— پەرھاد قېنىسەن؟! — دەيتتى ئۇ يىغلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## شېرىنىنىڭ ئۆلۈمى

شېرىن ھامانەم يىغلىدى غەمدە،
«پەرھات!...» دەپ تولۇلاپ ھەسرەت ـ ئەلەمدە.

تۆكۈپ كۆزىدىن ئۈنچە ھەم مارجان،
— پىدا يولۇڭدا — دېيتتى — شېرىنجان.

لازىم ئەمەستۇر ماڭا بۇ ھايات،
يارنىڭ ۋەسلىگە يېتەلمىگەندىن پات.

دەردىمنى ھېچبىر كىشى بىلمەيدۇ،
بۇ دۇنيا ماڭا بېقىپ كۈلمەيدۇ.

رەھىم قىل يارەب ماڭا سەن بۈگۈن،
پەرھاد قېشىغا قويغايمەن قەدەم.

قېنى ئەزرائىل مېنى سوراقلا،
ئۆمۈر دەپتىرىم تېزراق ۋاراقلا.

قوشقىن ئاپىرىپ پەرھادىمغا تېز،
قالسۇن سۆيگۈمدىن مەڭگۈ ئوتلۇق ئىز.

يىغلايتتى شېرىن، ئۆكسۈيتتى ھامان،
قارا كۆزىدىن ئاقار ئىدى قان.

مېھىنبانۇنىڭ ئىچى ئاغرىدى،
ياقتى شېرىنغا ئوتلۇق باغرىنى.

شۇئان بىرىشقا پەرھاد قەۋرىگە،
بەردى ئىجازەت يېتىپ دەردىگە.

پىراق ئوتىدا كۆيگەن شۇ يۈرەك،
ئاتتى ئۆزىنى سولدى ياش پورەك.

يا ئىچمىدى ئۇ بىر يۇتۇم زەھەر،
ياكى سالمىدى ئۆزىگە خەنجەر.

لېكىن «پەرھاد!...» دەپ يىغلاپ ياش تۆكۈپ،
ئاققان يېشىغا غەرق بولۇپ چۆكۈپ.

«ئاھ!...» ئۇرۇپ قاخشاپ ئاخىر بەردى جان،
چۆمدى ھەسرەتكە مېھنىبانۇ خان.

يىغلاشتى بىردەك بارچە تۇغقانلار،
يۇرتداش، قېرىنداش، يىگىت ـ چوكانلار.

ھاياتتىن شېرىن بولغاچقا پىنھان،
كەلدى لەرزىگە يەر بىلەن ئاسمان.

ئەلنىڭ كۆزىدىن ياش تۆكۈلگەن چاغ،
ناقەت قىلالماي يىغلىۋەتتى تاغ.

ياشلار قۇرۇپتۇ تاغ توختىماپتۇ،
«يىغلاڭغۇ تاغ» دەپ خەقلەر ئاتاپتۇ.

شۇندىن بۇيان ئۇ يىغلايدۇ ھامان،
بىر ئېرىقتەك سۇ ئاقىدۇ راۋان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىشبىھىت ئىلەر كەچۈردى بېشىڭ،
بەھرى ئۈممانىدەك ئاقىدۇ يېشىڭ.

## خاتىمە

مانا قىسسىنىڭ ئۆتمۈشى بۇنداق،
مىلىك ئۆي ۋەكەپلەش تاغ ھامان شۇنداق.

ئەنە ئۇ، مىلىك ئۆي، ئەنە شۇ چۆلتاغ،
ئەنە شىرىنجان ئوينىغان چارباغ.

ئەنە ئۇ كەپلەش يىغلىغان تاغ ھەم،
بولىدى يىغلاپ كۆڭلى خاتىرجەم.

باشقا جايلارنىڭ بارمۇ مىلىك ئۆيى،
ياكى تاغ كېسىپ ئۆتكۈزگەن سۈيى.

باشقا جايلارنىڭ تاغ ھەم چۆلىدە،
دەريا، جەزىرە ۋەيا كۆلىدە.

بۇنچە تەرتىپلىك بارمىدۇ ئەسەر؟!
ۋە كېمىگە تەتبىق بىر سەپەر.

بارمۇ يە، يانا ۋەقەگە لايىق،
بارمۇ مۇشۇنداق سۇ ئاقار سايلىق؟!

كۆرسەتسە بۇنداق ئۆتمۈشنى ھايات،
باشقا جايلاردا دەپ يېزىش ئۇيات.

جىنايەت ئۇ، بىر دەلىلسىز دەۋا،
ھەقتىن كۆز يۇمۇش ئېغىر بىر ئىغۋا.

پەرھاد ۋە شىرىن قىسسىسى پەقەت،
بىر قىتىم ئۆتكەن بولمىغان قەۋەت.

بۇ ۋەقەلەر راس بۇ يەردە ئۆتكەن،
ئۆچمەس ئەسەرلەر يارىتىپ كەتكەن.

بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىل مۇقەددەم،
ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن بىر ئادەم.

ئىسمىدۇر ئۇنىڭ زەپەر خارەزمى،
يازغان بۇ ھەقتە مىڭ مىسرا نەزمى.

باستۇرغان ئىكەن شەھىرى قازاندا،
شاھلارنىڭ ئۆتكەن دەۋرى - زاماندا.

دەپتۇ پەرھادنى:
شەھىرى خوتەندىن،
شىرىننى كۆچار باغى چىمەندىن.

تېخى نەۋائى بىر كىتاب يازغان،
ئۇ زات «خەمسە» دە خوتەننى قازغان.

تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرمىگەن،
شىرىننى ئەرمەن قىزىدۇر دېگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوقۇساڭ ئەگەر ئەرمەن تارىخىن،
ھېچبىر يېرىدە دېمىگەن شېرىن.

باشقا جايلارغا بۇ زات ھەم باققان،
بۇرۇنقىلارنىڭ ئېقىمىدا ئاققان.

يەنە بەزىلەر يازدى قىسسەنى،
باشقا جايلارغا بۆلدى ھېسسەنى.

بۇرۇنقىلاردا بولدى بىر ئېزىش،
مەشھۇر جايلارغا تاقاپلا يېزىش.

مۇئەللىپلەرنىڭ بۇ ھەم بىر يولى،
ئىچىگە قاراپ ئىگىلگەن قولى.

ھەقىقەت بۇنى رەت قىلىپ تاشلايدۇ،
توغرا يول بىلەن ئەلنى باشلايدۇ.

يەنە بەزىلەر مىڭ ئۆي يېزىشتىن،
پەرھاددەك بولۇپ مىڭ ئۆي قېزىشتىن.

ئەيلىدى ھەزەر، چەكمىدى نۇقەت،
قولىغا قەلەم ئالمىدى پەقەت.

مەن ھەم مىڭ ئۆينىڭ سۆيۈملۈك يارى،
شۇنىڭچۈن قىلدىم قەلەمنى جارى.

ئايىماي قەلەم يازىمەن داستان،
چۆل تاغنى قىلىپ باغ بىلەن بوستان.

ئەسەر ۋە قىسسە قىلىندى تەدبىق،
ھەقىقەت بۇنى ئەيلىدى تەستىق.

تارىخىي داستان يېزىلدى بۇنداق،
بۇ ھەقتە سىزنىڭ پىكرىڭىز قانداق؟!

بۇنىڭغۇ ھېچكىم ئىنكار ئېتەلمەس،
شېرىننى ئەرمەن قىزى دېيەلمەس.

پەرھاد ھەققىدە گەپمۇ ساتالماس،
چەت ئەللىك ئۇ دەپ تۆھمەت قىلالماس.

تارىم بويىدا ياشىغان ئۇلار،
بۇرۇن مىڭ ئۆيىنى ياسىغان ئۇلار.

مېنىڭ مىڭ ئۆيۈم، مېنىڭ پەرھادىم،
مېنىڭ شېرىنىم، مېنىڭ سەييادىم.

مېنىڭ كۇچارىم، مېنىڭ خوتەنىم،
مېنىڭ شاھيارىم، مېنىڭ ۋەتىنىم.

ھازىرمۇ مىڭ ئۆي تېخى يېپ - يېڭى،
ئەمدى ئاتقاندەك سۇبھىدىن تېڭى.

بولمايدۇ ئۇنىڭ يىلدىمۇ كونا،
نەمۇنە قىلار كەلگۈسى دۇنيا.

ھازىر خىسراۋنى ھېچكىم بىلمەيدۇ،
تىغى جاللاتدىن غەممۇ قىلمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مېھنىبانۇنى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن،
شاھلارنىڭ زۇلمى خەلقىمگە يەتكەن.

ئۇلارنىڭ قىلغان پەرمان ـ يارلىقى،
خىيالىي بىرگەپ بولدى بارلىقى.

لېكىن پەرھادنىڭ ئىشقى داستانى،
تاغدىن ياسىغان باغۇ ـ بوستانى،

سولمايدۇ ئۇندا ئېچىلغان گۈلى،
تىنمايدۇ ئەسلا سايراپ بۇلبۇلى.

قالدى قىسسىسى ئەلنىڭ ئاغزىدا،
يېزىلدى داستان تارىخ ماغزىدا.

بۇنىڭدىن يەتمىش نەچچە يىل بۇرۇن،
«ئەجنەبى» قىلغان بۇ يەرنى ئورۇن.

ئىنگلىز، نېمىس «ساياھەتچىسى»
بەلكى ھەر ئىشتا «پاراسەتچى» سى.

كېلىپ بۇندا بەش ـ ئالتە يىل ياتقان،
نۇرغۇن ئۆيلەرنى بۇزۇپ يوقاتقان.

نۇرغۇن ئۆيلەرنىڭ چېقىپ زىننىتىن،
ۋەيران قىلغان ئەجداد مېھنىتىن.

بەزى رەسىمنىڭ كۆزلىرىن ئويۇپ،
ئېلىپ كېتىشكەن ھەتتا قومۇرۇپ.

ئۇلار سەنئەتتىن لەززەت تېتىشتى ،
خەزىنىمىزنى بۇلاپ كېتىشتى.

قالغىنى تېخى بار يانا ھازىر،
تۇنۇگۇنكى ئىشتەك تۇرۇپتۇ زاھىر.

يەنى كونىرىماس بۇ بىر گۈلىستان،
ھەر ئۆيگە كىرسەڭ باشقىچە بوستان.

گۇۋاھ مېھرىگە شېرىنىنىڭ بۇ ئان،
گۇۋاھ ئەجرىگە پەرھادنىڭ ھامان.

نىمشېھىت ئېيتار ئۇلگە ئەجدادىم،
روناق تاپقۇسى ئېزىز ئەۋلادىم.

بىرمىڭ توققۇزيۈز ئاتمىش يەتتىدە،
ئالتىنچى ئايدا ئەۋۋەلقى ھەپتىدە.

جۇمە كۈنىدە ئەيلىدىم تامام،
سۆيۈپ يادلىسۇن خەلقىم ۋەسسالام .

# لەيلى - مەجنۇن

(ئوپېرا)

# لەيلى — مەجنۇن①

6 پەردە …… كۆرۈنۈشلۈك ئوپېرا

( I . پەردە I . كۆرۈنۈش، سەھنىدە ئوردا مەكتىپى
ئوقۇغۇچىلار لىق، پەردە ئېچىلىدۇ. )

دامـولـلام: نەچچە ۋاقىتتىن بېرى شاھ قىزى لەيلى بىمار ئىدى.
نازۇك بەدىنىدە هارارەت بىسيار ئىدى.
(دامولللام لەيلىنى كۆرسىتىپ)
كەلدى بۇ دەم شىپا تېپىپ پەرىزاد،
ئۇنىڭ شەرىپىگە بۇگۈن سىزلەرنى قىلدىم ئازاد.
ئوقۇغۇچىلار: (چوقۇرۇشۇپ)
مەرھابا داموللام … مەرھابا.
لـەيـلـى: (بىردىنلا مەجنۇننى كۆرۈپ)
كىم ئۇ بۇرۇن مەن مەكتەپتە كۆرمىگەن،
بۇ باللار ئىچىدە زابان سۇرمىگەن.
رۇخسارىنى ساماندەك سېرىغ ئەيلەپ،
ئۆمۈر گۈلىنى خازاندەك دەرىغ ئەيلەپ.
نېمە ئۈچۈن ئۇ بىچارە تۇرىدۇ مەھزۇن،
ۋە ياكى هوشى يوق بولغانمۇ مەجنۇن.
قايسى پەلەكنىڭ نۇرلۇق ئاپتابى،
قانداق سەدەپنىڭ دۇررى نايابى.

---

① لەيلى — مەجنۇن ئەسلىدە 6 پەردە …كۆرۈنۈشلۈك ئوپېرا بولۇپ، پەقەت بىرىنچى پەردىسىنىڭ بىر قىسمى، 5 ـ 6 ـ پەردىلىرىلا ساقلىنىپ قالغان، قالغان پەردىلىرى تېپىلمىدى …

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەجىبا شۇنداق بىر سەرۋىرى ئازاد،
نە ئۇچۇن غەمكىن، نە ئۇچۇن ناشاد.
قاچاندىن بېرى بولدى مەكتەپكە تەسلىم،
نېمىلەردىن ئۇنىڭغا بولۇندى تەلىم.
گاھى ئۇنىڭ ۋۇجۇدى يىقىلىشقا مايىل،
نېمە ئۈچۈندۇر گاھى ئەقلى زايىل.

كېنىزەك: قەيىستۇر ئىسمى يەنى ئامىر شاھزادىسى،
بەلكى بىر گۈلىستانىنىڭ سەرۋى ئازادىسى،
سىز بىتاپ كۈنلەردە ئۇ مەكتەپكە كەلدى.
ئۇستاد ئۈگەتكەندىن دەرسنى ئارتۇق بىلدى،
ئۇنىڭ ساپ كۆڭۈللىكىدىن ھەممە خىجىل بولغاندەك.
ئوقۇيدۇ، ئۇ، دەرسنى بۇرۇن كۆرۈپ قويغاندەك،
بۈگۈن سىزنىڭ شەرىپىڭىزگە بولدۇق بىز ئازاد،
بىز ھەممىمىز خۇشال ئۇ، نە ئۈچۈن ناشاد.
بىلمەيمەن مەلىكەم ئۇنىڭ كەيپىياتىغا نېمە بولدى؟!
نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ دىلى غەشلىككە تولدى؟!

لەيلى: ئېھتىمال ئۇ بىرەر سەۋەب بىلەن پىكرىدىن ئازغاندۇر،
كۆڭۈل سەھىپىسىگە غەمكىنلىك خېتىنى يازغاندۇر.
مەيلى ... كېرەك يوق، ھەرياقتا بېرىپ قىلىڭلار تاماشا.

قىزلار: مەرھابا ... مەلىكەم ئەركىن شاد ياشا! ......

لەيلى: نېمە بولدۇم مەن ئىچىمدە ئوت لاۋۇلدايدۇ،
يۈرەك بۈگۈن باشقىچە بىر مۇقامغا ئوينايدۇ.

بىر قىز: جاھان كۆزۈمگە كۆرۈندى قاپقاراڭغۇ.
ۋۇجۇدۇمغا لەرزە چۈشتى نېمە ئەھۋال بۇ،

لەيلى: يوشۇرۇشقا ئامال يوق بولدى سىر ئاشكارە.
قىلىڭلار كېنىزەكلىرىم بۇ غەمگە ئەمدى بىر چارە،
بەختىم قارا تەلىيىم مەنھۇس،
يۈرەكتە سادا قەلبىمدۇر مەيۇس.

كېنىزەك. 2: كېرەك يوق مەلىكەم تۇرغايسىزبۇ ئان،
تېزلىك بىلەن ئۆيىڭىزگە بولغايسىز راۋان.
تاكى بولمىسۇن خەلقلەر بۇ ئىشتىن ئاگاھ،
قوپمىسۇن ئەرەبلەر ئىچىدە ئەجەللىك غوۋغا.
لەيلى: مەن بايىقى ئاھۇ كۆزلۈك تەرەپكە باراي،
ئۇنىڭ ئۆزىدىن بىر ئەھۋال سوراي.
(مەجنۇننىڭ قېشىغا يېقىنلايدۇ.)
ئەي يىگىت بۇگۈن ساڭا نېمە بولدى؟!
ساپ ۋۇجۇدۇڭ نېمە ئۇچۇن غەمگە تولدى؟!
ساۋاقداشلاردەك شاد ــ خۇرام ئەمەسسەن،
باغ ساياھىتىگە ھېچ بىر سۆز دېمەسسەن.
قارا شاھزادىلەرگە خاس باغ بۇ،
زارلىنىش ۋاقتى ئەمەس خۇشال پۇرسەت چاغ بۇ.
ئەي يىگىت كۆڭلۈڭ ساپ ۋۇجۇدۇڭ ئېرىق،
سەۋەپ نېمە چىرايىڭ كەھرىۋادەك سېرىق.
كىمدىن ساڭا بۇنداق ئېچىنىشلىق ئەلەم يەتتى؟!
سۆزلە كىم سېنىڭ ئەقلى ھوشىڭنى ئېلىپ كەتتى؟!
نېمە ئۇچۇن بۇنداق ئاھ بىلەن زارلايسەن؟!
ئازادە تەبىئىتىڭنى ئېچىنىشلىق خورلايسەن؟!
مەجنۇن: ئەي جېنىمغا كۆيۈك ئوتىنى سالغان،
بىر قاراش بىلەن كۆڭلۈمنى ئالغان.
جامالىڭدىن قەلبىمگە چېقىندۇرۇپ بەرق،
مۇھەببەت دەرياسىغا مېنى قىلدىڭ غەرق.
زۇلپىڭنى كۆرستىپ قارارىمنى كەتكۈزدۇڭ،
ۋوجۇدۇمغا ئوتنى يېقىپ مېنى بۇ ئەھۋالغا يەتكۈزدۇڭ.
بۇ، ئوتنى ئۆزۈڭ سېلىپ ئۆزۈڭ يوشۇرىسەن،
بىلمەس كىشى بولۇپ سەۋدايىمنى ئاشۇرۇسەن.
تېنىپ سەن بۇ ئىشتىن ئوت ئۈستىگە ياغ قۇيىسەن،

كۆيگەن ۋۇجۇدۇمغا داغ ئۈستىگە داغ قويىسەن.
يېتەر ئەمدى ماڭا قىلغىنىڭ شۇنچىلىك،
سۆزلە سەنمۇ كۆڭۈل قانغۇچىلىك.

**لەيلى:** ئەي مەن ئۈچۈن بىباھا مەجنۇن،
ئىشقى داغى بىلەن ئادا مەجنۇن.
ئەمدى ساڭا مەن جېنىمنى بېرىشىم كېرەك،
بەلكى دىن بىرلە ئىمانىمنىمۇ بېرىشىم كېرەك.
دۇنيا باشقىلار ئۈچۈن بولسا بوستان،
ماڭا سەنسىز ئىرۇر خۇددى قەبرىستان.
(غەزەل ... ئاھاڭىدا)

**مەجنۇن:** كۆز ئۇقىدا ئەي پەرى جاننى ئالارسەن،
ئىشقىڭدا كۆيگەنىمدىن ئەھۋال سورارسەن.
يېشىمنىڭ توپانلىرى ئىلكىگە ئالدى،
غەرق بولمىسۇن يانا دەپ ئوتنى سالارسەن.
ھىجران قار تۈنىدە ئاي بولمىسا،
قۇياشتەك نۇرۇڭ بىلەن كۈندۈز قىلارسەن.
ئاجىز تېنىمدىن ئالدىڭ ئايرىپ جېنىمنى،
روھسىز تېنىمنى تاشلاپ نېمە قىلارسەن.
سىنىڭ قەستىڭ يۈرەكنى يۈز پارە قىلماق،
ھالىمغا رەھمە قىلماي قايدا يۈرەرسەن.
سەندەك پەرى سۈپەتكە جېنىم تەسەددۇق،
ئاخىر بۇ ئوتتا دىلبەر سەنمۇ كۆيەرسەن.
سۆيگۈ ئوتىنىڭ سەندە ئالالىسى يوق،
جېنىڭغا تەسىر ئەتسە ئاندىن بىلەرسەن.
قەيسىتۇر ئېتىم مېنىڭ يارنىڭ مەجنۇنى،
سەبرى قىلسام بۇ يولدا بىر كۈن سۆيەرسەن.
(ناخشا تۈگەيدۇ، مەجنۇن يەنە سۆزلەيدۇ.)



www.uyghurkitap.com

سەنسىز دۇنيادا خانىمانىم بولمىسۇن،
تەن ئارا جىسمىمدا ھەم جانىمانىم بولمىسۇن.

سەبرىسىزلىك بىلەن كۆتىدۇ يۈرەك،
ماڭا سىنىڭ جاۋابىڭ كېرەك.

بۇ دۇر ئاخىرغىچە ۋەدە مەندىن،
قېنى قانداق سادا چىقىدۇ سەندىن.

لەيلى: نېمە بولساڭ شۇ بولسۇن مېنىڭ ھالىم،
سەندىن ئايرىلىشقا يوقتۇر ماجالىم.

مەجنۇن: سەنسىزمۇ ماڭا جاھان كېرەكمەس،
بەلكى تەن بىلەن جانمۇ كېرەكمەس.

سەندىن ئۆزگىنىڭ ھەممىسى بىكار،
ئاخىرەتكىچە بۇ، ۋەدەم يادىكار.

سۆزۈم چىندۇر پەقەت يالغىنى يوق،
دىلىم سەندىن باشقىغا باغلانغىنى يوق.

سىنىڭ ئىشقىڭ مەڭگۈلۈك ماڭا شۇ بەس،
سۆزۈمنىڭ ئاخىرى شۇ جىق سۆز كېرەكمەس.

(ئاھ دەپ مەجنۇن ھوشىدىن كېتىدۇ)
لەيلى: ئاھ! ... دەرىخ نېمە ئۈچۈن بۇنىڭغا تەنە ئۇرىمەن،
بەلكى جېنىغا زامىن بولىمەن.

ھەرقانچە قىلساممۇ كۆڭۈل قويمايدۇ،
كۆزۈم جامالىغا قاراپ تويمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىــز.1 :  ئەگەر تاپساق بىرەر كىشىسىنى بۇنىڭ ھەم،
يەتكۈزۈپ بولايلى بۇنىڭغا ھەمدەم.

(غەزەل ... ئاھاڭىدا)

لــەيــلــى: ئايرىدى بۇ كاج پەلەك،
جەبرىشىلە بۇ جاناندىن.
غەم يىمەيدۇ ھىچقاچان،
مىڭ نالە ھەم ئەپغاندىن.

چىقمىسا كۆكسىمدىن ئوت،
كۆيمەس ئىدى بۇ ماھۋەش.
بىرەر خەۋەر بولغايمۇ ئەمدى،
ئاشىقى دىلدارىدىن.

ئىشقنى ئەلدىن پىنھان،
ئەيلەپ يۈرەردىم دائىما.
ئېچىلدى ئەمدى سىرىم،
دىدەئى گىريانىدىن.

شەمئىگە پەرۋانىدەك،
جىنىڭ تەسەددۇق ئەيلىسەڭ.
لەيلى تاپقايسەن خەۋەر،
بۇ غۇنچەئى خەندانىدىن.

(مەجنۇن ھوشىغا كېلىدۇ)

مــەجــنــۇن: (غەزەل ... ئاھاڭىدا)
نەخۇش كۈنلەر ئىدى مەن،
ھەمراز ئىدىم جانان بىلەن.

نىمىتى ۋەسلىن كۆرۈپ،
نازىن چېكەردىم جان بىلەن.

كۆرمىگەندى گۈلشىنىم،
ئەيشى خازاننىڭ دەردىنى.
بولمىغاندى كۈندۈزۈم،
كېچە شەپ ھىجران بىلەن.

ئول پەرىدىن دوستلىرىم،
چەرخى جۇدا قىلدى مېنى .
ئاھ! ... نەقىلارنى بىلمىدىم،
دۈشمىنىم دەۋران بىلەن.

يەتسىمۇ ئاشىق ئاھى،
زارى پەلەككە پايدىسىز ،
يېتىشمەكلىك بەك مۈشكۈل،
ۋەسلىگە ئەپخان بىلەن.

بۇ جۇدالىقتىن ماڭا،
ۋەسلى مۇيەسسەر بولمىسا،
كېتىمەن غۇنچەم ئېچىلماي،
دۇنيادىن ئارمان بىلەن.

ساڭا مەجنۇن تەلىيىڭ،
يولتۇزى بار بولسىدى.
بىللە بولغايدىڭ مۇبارەك،
ئول ماھى تابان بىلەن.

(سەھنىگە مەجنۇننىڭ دادىسىنىڭ ۋەزىرى كىرىدۇ، لەيلى

uyghurkitap.com

ئۆزىنى يوشۇرىدۇ.)

ۋەزىر: ئېمە ھادىسە يۈز بەردى سىزگە ئەي شاھزادە،
ئاللا قىلسۇن سىزنى ھەممە غەمدىن ئازادە.
بېشىڭىزدىن بالالەرنى تېزراق كەتكۈزسۇن،
سائادەتلىك مەھەلدە مەقسەتلەرگە يەتكۈزسۇن.
ئاتىڭىز ئېھسان شاھ، سىز ئۈچۈن قاتتىق غەمدە،
ئانىڭىزنىڭ كۆزى قان ياشقا تولدى بۇ دەمدە.
(ۋەزىر سەھنىدىكىلەرگە، يوشۇرۇنغان لەيلىگە قاراپ)
ئەقلى ھوشى بىر - بىرىگە بولغاندەك ئەسىر،
ياكى جىنلاردىن بۇنىڭغا يەتكەنمۇ تەسىر.

مەجنۇن: (غەزەل ... ئاھاڭىدا)
يۈرەكتە ئىشقى كۆپتۈر،
بۇ سۆيگۈ بىرلە مەغرۇرمەن.
مېنى غەمكىن كۆرۈپ قاچماق،
بۇ يولدا يانا مەئىزۇرمەن.

ياقامنى چاك ئېتىپ ھەردەم،
پىغانۇ نالىلەر قىلسام.
مۇھەببەت دەشتىدە سەيياد،
تۇرىدۇ ئەسىردۇرمەن.

باياۋان چۆللەرنى ئىزلەك،
قايتىشنى تەلەپ قىلماڭ!
بالا - مېھنەت سارايىدا،
ئۆزۈپ يۈرگەنگە مەسرۇرمەن.

بۇ يولدىن قايتمىغايمەن،
نەسىھەت بىرلە ئەي دوستلار.

ئاداشتۇرماڭ مېنى يولدىن،
ئىشقى سۇلتانىغا مەمۇرمەن.
(بۇ پەردىنىڭ ئاخىرى شۇ يەردە ئۈزۈلىدۇ)

## 5 - پەردە

(سەھنە كۆرۈنۈشى: ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى بۆلۈم، نەۋپىل شاھنىڭ مېھمانخانىسى ، نەۋپىل ئۆز قىزىنى مەجنۇنغا توي قىلىپ ئېلىپ بەرمەكچى. بۇ پەردە شۇنىڭ تەييارلىقى، ئىپىز پەردە بىلەن كۆرۈنىدۇ. يەنە بىر بۆلۈم، لەيلىنىڭ ئاتىسىنىڭ بۆلۈمى. ئۇ، لەيلىنى ئىبنى سالامغا توي قىلىپ بەرمەكچى بولۇپ توي تەييارلىقى بىلەن، بۇمۇ ئىپىز پەردە بىلەن كۆرۈنىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا، سەھنىدە ئىككى بۆلۈم كۆرۈنىدۇ. لېكىن بىر تەرەپتىكى پەردىنىڭ دەسلەپكى ئېچىلىشىدا، نەۋپىل شاھ مېھمانخانىسىدا ئېھسان شاھنى مېھمان قىلىپ ئولتۇرغان ھالدا پەردە ئېچىلىدۇ.)

نەۋپىل: قېنى سازچىلار ئۇد تارىنى سازلىسۇن.
قەيسىنىڭ مۇقامىدىن باشلىسۇن.
(ساتارچى بوۋاي كىرىدۇ)
(غەزەل ... مۇقام ئاھاڭىدا)
جان بەرمىكى ئىشقىغا، ئىشقى ئاپىتى جاندۇر،
جانغا ئاپەت بولمىقى مەشھۇر جاناندۇر.
پايدىسىنى ئىستىمە سەۋدايى ئىشقىدا ھەرگىز،
كىم ھاسىلى سەۋدايى غەم ئىشقى زىياندۇر.

ياخشى كۆرىنەر ھەر چاغ مەھبۇبلارنىڭ سۈرىتى،
ياخشى نەزەر قىلغاندا ئاقىۋىتى ياماندۇر.
ئىشقى ئىچىدە ئازاپنىڭ بارلىقىنى شۇندىن بىل!
كىم ئاشىقىدۇر ئۇنىڭكى ئىچى ئاھۇ پىغاندۇر.
(شۇ چاغدا، سەككىز نەپەر شاھ كېنىزەكلىرى كىرىپ ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدۇ)

نەۋپىل شاھ: قەيسىنىڭ جەڭدە قىلغان ئىشى تىخى ئەستىن كەتمەيدۇ،
ئويلاپ پىكرىم ئۇنىڭكى ماھىيىتىگە يەتمەيدۇ.
ئىھسان شاھ: ھامان ئۇ، ئەقلىدىن ئازغان مەجنۇن.
ھەر خىل سۆزلەر بىلەن بولغاندۇر غەمكىن.
نەۋپىل شاھ: مەجنۇن ئەمەس كامىلدۇر ئەقلى،
ھەقىقەتكە مۇۋاپىق پىكرى نەقلى.
بىراق غالىبىيىتىمىزدىن بولسا ئاگاھ،
گاھى نالە قىلىدۇ، گاھى چېكىدۇ ئاھ.
مەغلۇبىيىتىمىزدىن گەر تاپسا خەۋەر،
دۇشمەنگە يار بولۇپ تۇتىدۇ تىغى تەبەر.
بىزلەردىن بىرەر كىشى بولسا مەقتۇل،
شۈكرى ئەيلىمەككە بولىدۇ مەشغۇل.
گەر كۆرسە ئۇ ياقتا بىراۋنى ئۆلگەن،
يىغلاپ نالە ـ زارىغا ئەتراپنى كۆمگەن.
جەڭنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئالدىمغا كەلدى،
ئۇرۇشماي قايتىشنى مەندىن تىلىدى.
بۇنىڭ سەۋەبىنى بىز قىلساق تەپتىش،
لەيلىنىڭ ھاياتىغا چۈشۈپتۇر تەشۋىش.
پەتھى ـ نۇسرەت يانا بىزگە بولغاندا يار،
ھامان شاھ ئۇ تەرەپكە بولدى پەرمان بەردار.
لەيلىنى ئۇ دارغا ئاسماقچى بولدى،
شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشتىن قايتماقچى بولدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن تاشلاپ بۇ ئۇرۇشنى،
مەسلىھەت بىلەن باشلىدۇق بۇ ئىشنى.
يەنى قەيسكە قىزىمنى بەرمەكچىمەن،
بۇ مەسلىھەتنى ئۆزلىرىگە سالماقچىمەن.
ئىھسان شاھ: پەرزەنت داغىدا مەن بىچارە مەجرۇھ،
ھەر بىر قەدەملىرىگە تەقدىم قىلاي روھ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جېنىم بەدەنلىرى شىپاسى بولسۇن،
بېشىم قەدەملىرى پىداسى بولسۇن.
مېنىڭ بۇ ھەقتە خىجالىتىم بار،
شۈكرى ئېيتىشقا نە ھالىم بار.
ئەگەر بۇ ئىش ئۈزلىرىگە بولسا مەقبۇل،
مىڭ جان دىلىم بىلەن بولسەن ماقۇل.
ئېمىنى خالىسىلا شۇنى قىلسۇنلار،
مېنى بۇ ھەقتە سۆز سىز بىلسۇنلار.

نەۋپىل شاھ: (ۋەزىرگە قاراپ )
ئانداق بولسا بۇگۈندىن باشلاپ تۇتۇش قىلىش كېرەك،
يەتتە كېچە ـ كۈندۈز توي ـ تاماشا قىلىش كېرەك،
باي ـ كەمبەغەللەرمۇ قالماي كەلسۇن،
ھەممىلەر بۇ تويدىن نېسۋىدار بولسۇن،
دوست ـ دۈشمەنلەرنىڭ بولمىسۇن سۆزى،
قانچە قېتىم كەلسە ئۇيالمىسۇن ئۆزى.

ۋەزىـــر: دەرھال ئورۇنداي خوپ! (چىقىپ كېتىدۇ)
ئىككىنچى پەردە ئېچىلىدۇ، لەيلىنىڭ ئۆيى، ئۇ كېسەل ھالدا چىراغقا قاراپ سۆزلەپ ياتقان.
تۈن كېچە، كارۋات يېنىدا چىراغ، لەيلىنىڭ ئانىسى كىرىپ كېلىدۇ. قىزىغا قاراپ كىرىپ چىقىپ تۇرغان ھالدا پەردە ئېچىلىدۇ.

## 2 ـ كۆرۈنۈش

لـەيـلـى: (چىراغقا قاراپ) ئەي كۆزى ئوچۇق باغرى داغلانغان،
پۈتۈن ۋۇجۇدى قارا ئەزالىرى باغلانغان.
كەل بولماي ھەم نەپەس، سەن ـ مەن،
سىرى ئەسرارىڭنى ماڭا ئەيلە روشەن.

ئاخشامدىن تاڭ ئاتقۇچە نە ئۇچۇن كۆيمەك،
دۆتلەر بىلەن دەمبەدەم بىللە ھەم ئۆلمەك.
نەدۇر جىنىڭ ئەي جاپاكەش،
سىنىڭ ئابى ھاياتىڭ بولاركەن ئاتەش.
قانداق سىھرى قىلسەن ئەي سىھرى ئەڭگىز،
سىنىڭ ئوتۇڭ بولىدىكەن سۇيۇڭدىنمۇ تىز.
مەن بىچارە، سەن مەندىن بولمىغىن غاپىل،
مەندە بار تىخى دەردكە تولغان دىل.
مەن ھەم ساڭا ئوخشاش دائىم ژاپادا،
پەلكىم ئاندىن نەچچە مەرتىۋە ئارتۇق بالادا.
بىراق يالغۇز سەن كېچىدە كۆيسەن ئەييار،
لېكىن مەن كېچە ـ كۈندۈز بۇ ئىشقا گىرىپتار.
ئۆلۈم كېرەك ماڭا يار بولسام دەمساز،
بىشىم كېسىلسىمۇ مەن دائىم سۆزلەيمەن راز.
مەن سۆزلىسەم ساڭا ئەي غەمى دىل،
سەندە تىخى چارە يوق نە ھاسىل.
ھەر پەردە دەردىمنى ئەيلەيمەن پاش،
بولمىدى ماڭا بۇ يولدا يولداش.
بۇندىن زىيادە قىشىڭدا تۇرمىغايمەن دەم،
تاكى قاچمىغايسەن بۇ يەردىن سەن ھەم.

## 2 ـ غەزەل «ناۋا داستان ئاھاڭى»

ئىشقى دەردكە گىرىپتار بولغان ئۆچۈن رازىمەن،
نە بالادۇر ئۈنىڭ دەردىدە بىمارىمەن.
دىل دىمەكتىن قىسىلىپ تەن ھەركىتى توختىدى،
غەم ئۆيى ئەتراپىدا بىر سۈرىتى دىۋانىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاقىتىم يوق كىمگە ئېيتاي غەملى دىلنىڭ شەرھىنى،
ئاتا ـ ئانام ئالدىدا كىملەرگىدۇ ئەغيارىمەن.
ئەقلى سەبرى بىرلە تەن كەد خۇداغا شۈكرىكىم،
قارا زىندانىدەك بو ئۆيدە بىر گۇناھكار خارىمەن.
ئەرزىنى ھىجران بىلەن نەقىش خىيالىنى يار ئېتىپ،
«لەيلى» دەپ جېنىنى بەرگەن بىر يىگىتنىڭ يارىمەن.

(سەھنە ئۈچ مىنۇت قاراڭغۇلىشىپ يەنە يورۇيدۇ. قارا چىراغمۇ يوق. تاڭ يورۇيدۇ. بۇ چاغدا لەيلىنىڭ بىر تۇققىنى شۇم خەۋەر ئېلىپ كىرىدۇ.)

زۇبەيدە: غەم يېمىگەيسەن ئەي گۈلى سەمەنبەر،
زۇلپۇڭ چاچار ئول ئۆزىدىن ئۆزى ئەنبەر.
ئەرتە بەدىنىڭ سەخت تاپىدۇ.
بەختىڭ ئېچىلىپ مۇرادىڭ ھاسىل بولىدۇ.
بەخت ئىبنى سالامكى ئەرەب ئىچرە مەشھۇر،
خۇداغا شۈكرىكىم ئۇ سىنىڭ جۈپتۈڭ بولۇر.
سۆيۈنچە بەر ئەرتە تويۇڭ بولىدۇ.
گۈلۈڭ ئېچىلىپ بەختىڭ كۈلىدۇ.
بۇنداق تەلەي ئاسانلىقچە قولغا كەلمەس،
خۇدايىمۇ بۇنى ھەركىمگە بەرمەس.
مەن سىنى يوقلاشقا كەلگەن ئىدىم.
سۆيۈنچىلىك خۇشخەۋەرنى ساڭا دېدىم.

لەيلى: ئەي مېنىڭ ھالىمغا ئىستىگەن چارە،
مەخپىي سىرلىرىم ئالدىڭدا ئاشكارە،
سەندىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قۇلىغىم،
كۆيۈشكە باشلىدى مېنىڭ دىماغىم.
يائاللا مەجنۇندۇر بىرلا ماڭا يار،
ئۇنىڭسىز بۇ كەڭ جاھان بولار ماڭا تار.

بۇ شۇم خەۋەر بىلەن يۈرەكنى يارا قىلدىڭ.
ۋۇجۇدۇمنى ئورتەپ دىلىمنى پارە قىلدىڭ.

(زۇبەيدە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تاماشىبىنلارغا قاراپ قويۇپ، بىر خىل ھەرىكەت بىلەن سەھنىدىن چىقىپ كېتىدۇ.)

## 12 ـ غەزەل «پەنجىگاھ» ئاھاڭىدا

لەيلى: بېشىمغا بالا ياغدى قايدا يۈرىسەن مەجنۇن،
كەل قۇتقاز مېنى غەمدىن چۆلدە ياتمايسەن مەھزۇن،
دەرد سەندە ۋە ھەم مەندە، بىرلا جان ئىككى تەندە،
تەقدىرى ئەزەل شۇنداق بولغانسەن ماڭا مەپتۇن.

ئاگاھ بول ئېزىز جانىم زەبۇن بولدى مېنىڭ ھالىم.
ساڭا رەقىب بولمىشدۇر بەخت ئېبنى سالام مەلئۇن.
سەن كەلمىسەڭ پۇرسەتتە، مەن ئۆلىمەن ھەسرەتتە،
مېنىڭ دەردىم مۇشەققەتلىك، تەنلىرىم بولغۇسى مەدفۇن.

بەخت ئېبنى سالام كەلمىش، ئاتامنۇ مەقبۇل كۆرمىش،
ئەرتە بۇندا توي بولمىش، دوست ـ دۈشمەن بارى كەلمىش.
ئەھۋالىم بۇدۇر بىلگىن، پۇرسەت كەتمىسۇن كەلگىن،
لەيلىدىن خەۋەر ئالغىن دەشتتە يۈرمەيىن مەھزۇن.
(لەيلىنىڭ ئانىسى كىرىدۇ. لەيلىنىڭ يېنىدىكىلەرگە قاراپ»
ئانىسى: ئەمدى بۇ ئۆيگە كىرمىسۇن كىشى،
پاراكەندە بولىدۇ توي ئىشى. ((چىقىپ كېتىدۇ.)
لەيلى: ئاھ ... شۇم تەلىيىم.
(لەيلى بىھوش بولىدۇ. بىر كۆرۈنۈش تۈگەيدۇ، ئاۋۋالقى بۆلۈم. بۇنىڭدا مەجنۇن يالغۇز غەزەل ئوقۇپ ئولتۇرغان ھالدا پەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېچىلىدۇ.)

## 13 ـ غەزەل چالغۇ ئاھاڭلىرىنىڭ بىرى

مەجنۇن: ئاھ ... كىم بىردەم پەلەك رەبىمچە دەۋران قىلمىدى،
ۋەسلى دەرمانلار دەپتى دەردى ھىجران قىلمىدى.
يار ئۈچۈن مىڭ دەردى دىل چەك بۇھەم بىر دەردىكىم،
بىلدى مېنىڭ دەردىمنى بىر دەردكە دەرمان قىلمىدى،
ئىشىق يولىن ئىزدىسەڭ بولغىن ھەمىشە رەھىمدىل،
بىر ھىملىك يولىنى «غەمخورخاقان» قىلمىدى.
ئىشقىنىڭ زىندانىنى دىل مەيدانىدىن ئايرىماس،
كىمكى بىرلەھزە مەجنۇن مۈلكىدە دەۋران قىلمىدى.
ئىشقى سىرىن قىلمىدى ئانچە بۇ مەجنۇن ئاشكار،
بۇ مۇبارەك ئىشنى ھەر كىم تاپتى پىنھان قىلمىدى.

(شۇ چاغدا چوڭ ـ كىچىك سەككىز نەپەر ئەر ـ ئايال نەۋپىلنىڭ قىزىنى گىلەمگە ئوراپ ئېلىپ كىرىپ، قىز ۋە قەيسىنىڭ يۈزىگە بىردىن ياغلىق يېپىپ قويىدۇ. ئىككى خوتۇن ئىككى يىگىت بىلەن قىز ۋە يىگىتنىڭ يۈزىنى ئاچىدۇ)

1 ـ خوتۇن: ئەمىسە مەلىكەم ئەرتە ـ سەھەر قوپقايلا،
كۆيوۋنىڭ ئەمرى ـ پەيمانلىرىنى ياخشى تۇتقايلا .
دوستلار شاد، دۈشمەنلەر غەمدە خار بولسۇن،
بۇۋى پاتىمەم تاڭلا قىيامەتتە يار بولسۇن.
ئۆي ئىچىدە بولمىسۇن جېدەل ـ ماجرا.
قۇدىلەرنىڭ دىللىرى بولمىسۇن يارا.
قىز دېگەن ئەرگە خاس، كېسەلگە تىۋىپ،
ئەرسىز ئولتۇرۇش قىزلارغا ئېيىپ.

(خوتۇنلار مۇبارەكلىشىپ چىقىپ كېتىدۇ. قىز بىلەن مەجنۇن بىر - بىرىگە باقماستىن يەرگە قاراپ ئولتۇرۇشىدۇ. نەۋپىل دېرىزىدىن مارايدۇ.)

قىز: ئەي دۇنيادا ئېتى يىگانە،
ئىشقى ئىچرە ھەر زامان بىگانە.
ئول لەيلى ئىشقىدا ناتىۋانسەن،
ئۇنىڭ ئوتىدا دۇنياغا داستانسەن.
كۆڭلۈڭنى ئۇنىڭدىن سوۋۇتمىقىڭ بولماس،
ئۇنىڭ ھاياتلىقىدا يار تۇتمىقىڭ بولماس.
باغلاندى پايەمىزگە ئەقىل ئىپلاسى،
ھەر ئىككىمىزدا بولغاچ ئاتا رىزاسى.
سەن بولساڭ ئىشق ئەھلىنىڭ سەردارى،
ئاپتاپ يەڭلىغ بىر قىزنىڭ دىلدارى.
ساڭا ئوخشاش مېنىڭمۇ يۈرىكىم داغلانغان،
ئىشقى رىشتىسى بىر دەردمەنگە باغلانغان،
دەردىم ئىچىمدە ئوت، ئاڭا تاقىتىم يوق.
مەنمۇ تېخى ھىجراندا تۇرغىدەك ھالىتىم يوق.
ئىشقى ئوتى ۋۇجۇدۇمدا ئالغان ئورۇن،
لېكىن بىزنىڭ ئىشقىمىز ئەلدىن يوشۇرۇن،
ئويلاڭ بۈگۈن كېچە ئۇنىڭ ھالى نە بولۇر،
شەكسىز ئۆمۈرگۈلى خازان بولۇر.
مالامەتكە قويماستىن مېنى ئەل ئىچىدە،
چىقىپ ئۆز يولۇڭغا كەتسەڭ بۈگۈن كېچىدە.
ھەر كىم بۇ خەۋەر ئاڭلاپ ئىشىتسە،
يالغۇزلا سېنى مالامەت ئەتسە.
بۇنداق مالامەتكە خاللاقۇل ئالەم،
يارىڭنىڭ جامالىنى قىلغاي مۇسەللەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەجنۇن: ئەي قەلبى ئىشقى ئوتىغا پەيۋەندە،
قىل ئەلۋەتتە ئاشىقىڭنى خۇرسەندە،
يارىڭغا ۋاپا قىلىش شۇئارىڭ بولسۇن،
بۇنداق دىيانىتىڭگە ئاللا مەدەتكار بولسۇن.
بۇلبۇل يەڭلىغ بۇ قەپەزدە تۇرغىنىمدا،
قانداق ئۆزرە ئېيتىشنى ئويلىغىنىمدا،
بۇ مەرھەمەت سەندىن بولدى زاھىر،
بۇنىڭ شۈكرانىسىغا نېمە دەي ئاخىر.
مەنمۇ كەتمەكچى ئىدىم ئۇشبۇ سائەتتە،
بىراق سىزنى قالمىسۇن دېدىم خىجالەتتە.
مەن كەتتىم، ئەمىسە خۇش قېلىڭ،
بۇ ئەھۋالنى بىر مەن بىلەي، بىر سىز بىلىڭ.

(دەپ مەجنۇن چىقىپ كېتىدۇ. بۇ بىر بۆلۈمدە پەردە يېپىلىپ يەنە بىر بۆلۈمنىڭ پەردىسى ئېچىلىدۇ. بۇنىڭدا لەيلى كېسەل ھالدا غەزەل ئوقۇپ قايغۇلىنىپ خاپا ھالدا تۇرغان بولىدۇ.)

## 14 - غەزەل «قانچىلەر» ئاھاڭىدا

لەيلى: ئېچىلماي كۆڭلۈم مېنىڭ باغرىمدا تاقەت قالمىدى،
قىلمىدى مېنى خۇشال گىريان‌دىن ئازاد قىلمىدى.
غەم يۈكى ئاستىدا ئەرزىم باستى بەك غەمنىڭ قېنى،
بۇ چىمەندە كۆڭلۈمنى بىرلەھزە خەندان قىلمىدى.

شۈكرىكىم بەردى پەلەك مەقسەتنى ئۈمىد بىلەن،
سۆيگىنى مىجىت ئىدى ئاندىن پۇشايمان قىلمىدى.
سەبرى يوقتۇر خەلقى ئالەم ئالدىدا ۋىسال ئۈچۈن،
قايسى بىر مۇشكۇلنى ئاللا ئۆزى ئاسان قىلمىدى.

ئىشقى بازارىدا يار ئۈچۈن جىنىڭنى بەرسەڭ ئەرزىگەي،
لەيلى جان بەرمەك بىلەن جانانغا نۇقسان قىلمىدى.
(ناخشىنى تۈگىتىپ قولىغا خەنجەر ئالىدۇ. ئاچچىقى بىلەن سۆزلەيدۇ.)

لـەيـلـى: ئاتام مېنى ئىبنى سالامغا توي قىلدى،
لېكىن بۇ ئىشنى ماڭا ھەم ئۆزىگە قىلدى.
ئەغيار بىلەن نومۇسۇمنى بولغىمايمەن،
بۇ يولدا ئۆلۈمدىن بويۇن تولغىمايمەن.
ئەگەر ئىبنى سالام ماڭا ئۇزاتسا قول،
بوغۇزىغا ئۇراي بۇ تىغىم بىلەن بىر يول.
گەر بولمىسا بۇ ئىشقى سەر ئەنجام،
ئۆز جانىمگە بۇ تىغنى ئۇراي بىرلام.
يەنى بۇ يولدا ئۆزۈمنى قۇربان ئېتەي،
ۋاپادارلىق بىلەن دۇنيادىن كېتەي.

(يىغلامسىراپ خەنجەرنى يوشۇرىدۇ. شۇ چاغدابىر نـەچـچە ئەر - ئاياللار ئىبنى سالامنى ئېلىپ كىرىپ ئادەت بويىچە مۇبارەكلەپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ. لەيلى بىلەن ئىبنى سالام يالغۇز قالىدۇ.)

ئىبنى سالام: ماڭا بېقىڭ ئەي نازىنىن گۈلۈم بى باھار،
لـەيـلـى: مەجنۇندىن باشقىغا باقماسمەن ئەي ئەژدىھار.
ئىبنى سالام: ئۇ، بىر تەلۋە كىشىدىن سىزگە نېمە لەززەت ھە؟!
لـەيـلـى: ئاسىي بولسەن ئاغزىڭغا كەلگەننى سۆزلىمە.
ئىبنى سالام: يوق بىر ئادەمنىڭ ئارمانىنى يەپ نېمە ھالاۋەت بار؟
لـەيـلـى: قانداق باھانىلەر بىلەن مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىڭ بار.
ئىبنى سالام: ياقمايدىغۇ مېنىڭ ھېچبىر سۆزۈم.
لـەيـلـى: مەجنۇندىن باشقىسىغا قارىسام كور بولسۇن كۆزۈم.
ئىبنى سالام: مېنىڭ ئەمرىمدە تۇرۇپ مەجنۇندىن سۆز ئېچىش ئۇيات.
لـەيـلـى: مەجنۇن بولمىسا ماڭا كېرەك ئەمەس-ھايات.
ئىبنى سالام: ئەر بولغاندىن كېيىن، نېمە قىلسام ئىختىيار مەندە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەيلى: دۈشمەنگە قول تۇتقۇزمايمەن جېنىم بار تەندە.
ئىبنى سالام: ھە ... ھە ... نېمە دېدىڭىز ماڭا بىر قاراڭ.
(دەپ لەيلى تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ. ئاڭغىچە لەيلى خەنجەرنى يوشۇرغان يېرىدىن ئېلىشقا تەييارلىنىدۇ. بۇنى كۆرۈپ ئىبنى سالام ئۈچ قەدەم ئارقىغا چېكىنىدۇ، تىترەپ تۇرۇپ)
ھە ... ھە ... ھە ... مېنىڭ ... مېنىڭ ... خاپىغان كېسىلىم بار ئىدى. شۇ ... تۇ ... تۇ ... تۇتۇپ قالدى.
(دەپ يىقىلىپ ھوشىدىن كېتىدۇ. لەيلى بىر ئاز تۇرۇپ ئىبنى سالامنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. جېنىنىڭ بار - يوقلىقىنى كۆرۈپ بېقىپ سۆزلەيدۇ.)

لەيلى:
بەلكى ئۇنىڭ تېنىدا جاندىن ئەسەر يوق،
خۇداغا شۇكرىكىم قىزىشىدىن خەۋەر يوق.
بۇنداق پۇرسەت ھەمىشە كەلمەس،
ئويلاپمۇ كىشى قولىغا ھېچ كەلتۈرەلمەس.
مەجنۇنغا ئادەت چۆل دەشتلەردە يۈرۈش،
لايىقمۇ ماڭا بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇش.
كېچىش كېرەك بۇنداق ئۆي - ماكاندىن،
بەلكىم كېچىش كېرەك يار ئۈچۈن جاندىن.
مەنمۇ چۆل - باياۋانلارغا قويغايمەن قەدەم،
كاشكى بولغايمەن يارىمگە ھەمدەم.
(دەپ خەنجەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىدۇ. پەردە چۈشىدۇ)

## 6 ـ پەردە

سەھنە كۆرۈنۈشى:
(لەيلىنىڭ ئۆيى. لەيلى كېسەل، ئورۇن تۇتۇپ ياتقان. مەجنۇننىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ بۇنىڭغا مەيۈسلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئانىسىغا بۇ ھەقتە ۋەسىيەت قىلىۋېتىپ جان بېرىدۇ)

لەيلى: ئاھ كاج پەلەك زۇلمىڭ ھەجەپ ھەددىدىن ئاشتى،
يارنىڭ ئەلەملىك كۆڭلى غەم ـ دەرد بىلەن تاشتى.
ئاھ بىچارە مەجنۇن بولدۇڭ ناۋاسىز،
يەنە بولدۇڭ ئاتا ـ ئاناسىز.
كېچە ـ كۈندۈز زىكرى پىكرىڭ مېنىڭ ئېتىم،
ئاتا ـ ئانادىن ئايرىلىپ بولۇپسەن يېتىم.
ئەي كاج پەلەك، جېنىمغا قانچە سەتەم قىلدىڭ،
كۆڭلۈمگە دەردۇ غەملەرنى نېسىپ ئەلەم قىلدىڭ.
يارىمنىڭ مېھرىبان ئاتا ـ ئانىسى ئۆلدى،
بۇ ماتەم ئەسلىدە ماڭىلا بولدى،
ئۇنىڭ ئاھى ـ ئوتى ھەددىدىن ئاشتى،
جىسمىمغا ئۇنىڭ ھارارىتى تۇتاشتى.
ئەمدى مەن قوماچتەك قازاندا قورۇلاي،
ساماندەك بولۇپ شامالدا سورۇلاي.
ئەي دەردلىك دىلىمنىڭ داۋاسى ئانام،
ئەلەملىك كۆڭلۈمنىڭ نۇر ـ زىياسى ئانام،
ئەي جېنىمنى ماڭا پىدا ئەيلىگەن ئانام.
ئۆمرىنى ماڭا ئاتا ئەيلىگەن ئانام.
(ئانىسى قىزىغا يېقىن بېرىپ ئولتۇرىدۇ)

لەيلى: رەنج ئەلىمىمنى ئۆزۈڭگە ئالدىڭ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاقىۋەت دەرد ـ ئەلەمگە قالدىڭ.
ئاھ ... نە قىلاي يۈزۈم خازانغا توشتى،
خازان شامىلى جىسمىمنى گۆرۈستانغا قوشتى.
مەن كېتىمەن ئانا سىز ھايات قالۇرسىز،
ئەھۋالىمنى سىزدىن يوشۇرغىنىم پايدىسىز.
بۇرۇن سىز ماڭا قىلغان نەسىھەت،
ئەمدى مەن قىلاي سىزگە ۋەسىيەت.
شەك يوقكى غېرىپ زارىم بولغان،
جىسمىمدا ھاياتلىق يارىم بولغان.
مەجنۇننىڭ قۇلاقىغا بۇ ئىش يەتكۈسىدۇر،
شەك ـ شۈبھىسىز ھوشىدىن كەتكۈسىدۇر.
ھەسرەت بىلەن تارتىپ پىراق دەردىنى،
كۆرسەتكەي خەلققە ئىشقى رەسمىنى.
روھىنى مېنىڭ روھىمغا قاتقاي،
تۇپراغىنى تۇپراغىمغا قاتقاي.
جانسىز بولۇبان لەيلىنىڭ يارى،
تۇپراق ئۆزرە ياتسا جىسمى زارى.
جان ئانا ئۇنىڭ ئېھترامىنى قىلىڭ.
ئۇنىڭ ئورنىنى مېنىڭ يېنىمدا قىلىڭ.
ئاداۋەتنى تاشلاپ مېھرى ـ مۇھەببەتنى سەن قىل،
جان پەردىسىدىن ئۇنىڭغا كېپەن قىل.
يۆگە مېنى تېخى ھەم شۇكېپەنگە،
بىرلا كېپەن بولسۇن ئىككى بەدەنگە.
ئىككىمىزنىڭ روھى بىر ـ بىرىمىزگە پەيۋەندە،
بىر بۆشۇكتە ياتسۇن ئىككى پەرزەندە.
(دەپ لەيلى جان بېرىپ يىقىلىدۇ.)

بانۇم(لەيلىنىڭ ئانىسى) : قىزىم بۇ ئۇخلاش چېغى ئەمەس كۆزۈڭنى ئاچ!
ھېلىقى تاتلىق سۆزلىرىڭ بىلەن گۆھەرىڭنى چاچ.

يەنى كېچىدىن قالمىدى قاراڭغۇ،
كۆزۈڭنى ئاچ مۇناسىپ ئەمەس ئۇيقۇ.
كۆزۈڭنى ئاچ، ئۇخلاش چېغى كەتتى،
بارچە دەرد ـ ئەلەم ماڭا يەتتى.

(ئانا بوگەينى تۇگىتىپ، قىزىغا سىنچىلاپ قارايدۇ، ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ يىغلاپ چاچلىرىنى چۇۋۇپ يۈزىنى تىرمىلاپ بىئارام بولىدۇ. دەرد ـ ھەسرەت بىلەن تۆۋەندىكى قوشاقنى ئوقۇيدۇ.)

سەندىن ئايرىلىپ قالدىم قىزىم ئاھ ··· ۋاي ···
قانداق ئېغىر ئۇيقۇ بۇ بوتام. . . ھاي. . .
كۆزۈڭنى ئاچ جاھان تېخى روشەن،
قىزلارغا كېرەك ھاۋايى گۈلشەن.
قىزلارنىڭ بار باغلارغا مەيلى،
دەل مۇشۇ چاغدا ئۇخلامدۇ لەيلى؟!
مىڭ خىل زىننەتلەر ئۆزىگە تاققان،
مۇنتەزىر بولۇپ يولۇڭغا باققان.
مەرغۇلى سۇمبۇلىڭنى ئاچاي،
ئەلەمگە ئېپار مۇشكىدىن چاچاي.
ئوسمىدىن قىلاي قېشىڭنى رەڭلىك،
يۈزۈ ـ بېتىڭدە بولسۇن ئۇپا يۇ ئەڭلىك.
چېچىڭنى قىلاي پەردە ئارا،
بولسۇن سىرىڭ مەخپى، ئاشكارا.
ياساپ سېنى ئاپتى زامانە،
گۈلشەن تەرەپكە ئەيلەي زابانە.
مەجنۇن ئىشقى دەپتىرىنى ۋاراغلاپ،
كەلسە بۇ يەرگە سېنى سوراغلاپ.
ئالدىدا نېچۈك ئامال قىلۇرمەن،
سۆزىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرۇرمەن.

تاشقىرىدىن كىرسە ئاتالق يالاڭباش،
يەرتىپ ياقىسىنى كۆكسىگە ئۇرسا تاش.
پۈتۈن خەلق كۆزىدىن ئاققۇزۇپ سەلى،
ھەممىنىڭ ئاغزىدا ئاھ ... ۋاھ ... لەيلى.
(شۇنداق چاغدا تاشقىرىدا كىشىلەرگە ئىتلار قاۋاپ قارشىلىق قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. بۇلارنى يېڭىپ لەيلىنىڭ قېشىغا مەجنۇن كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ لەيلىنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇپ يىقىلىپ قوپىدۇ.)

مەجنۇن: نېمەدۇر ئەي تولۇن ئاي سەپەرگە يالغۇز كەتمەك،
ھەمراھدىن ئايرىلىپ مەنزىلگە يەتمەك.
ئىشقى رەسمىيىتى شۇنداق بولامدۇ؟
يارنى تاشلاپ يالغۇز كېتەمدۇ؟
جان بېرىش ۋاقتىدا يېنىڭدا بولسام ئىدىم،
پەرۋانە بولۇپ بېشىڭدىن ئايلىناز ئىدىم.
سەن كۆز يۇمغاندا مەنمۇ كۆز يۇمسام،
ئىشقى دەردىدىن بىراقلا قۇتۇلسام.
ئەي پەلەك، جان بېغىنى بىر ئاز كېيىنگە سۈرسەڭ
بولماسمىدى،
ياكى يارىم بىلەن مېنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتسەڭ بولماسمىدى.
مەن لەيلىنىڭ خەستە غېرىبى مەھزۇن ئەمەسمۇ؟!
بالا دەشتىدە يۈرگەن مەجنۇن ئەمەسمۇ؟!
ياردىن ئايرىلسام مېنىڭ ھاياتىم تۈگەر،
يارغا قوشۇلۇش ئۇشبۇ پۇرسەت يېتەر.
يارنى دېسەڭ بۇ پۇرسەتنى كېيىنگە سۈرمە،
بۇندىن ئارتۇق بەخت ئىقبالىنمۇ راۋا كۆرمە.
ئەمدى مېنىڭ جىسمىمغا جان كېرەكمەس،
ياردىن ئايرىلىپ جاھان كېرەكمەس.
پەلەك ۋاپادار يارىمدىن قىلدىڭ جۇدا،

جانۇ ـ تېنىمنى يارىم ئۈچۈن قىلاي مەن پىدا.
لەيلى ئۈچۈن جان بىلەن تېنىم قۇربان،
لەيلى ئۈچۈن بىر ئەمەس مىڭ جېنىم قۇربان.
(ئاھ ... دەپ ئۆزىگە خەنجەر سېلىپ، لەيلىنىڭ جەسىتى ئۈستىگەئۆزىنى تاشلايدۇ. شۇ چاغدا مەجنۇننىڭ بىر تۇققانلىرى دوستى زەئىد كىرىپ كېلىدۇ.)

زۇبەيدە: (مۇسىبەت ئاھاڭىدا)
كەتتىلەر جاھاندىن بۇ ئىككى غەمناك،
مەئسۇم ئىدىلەر ھەم ئىشقىدا پاك.
بۇلارنىڭ ھاياتىدا ئىشقى قاتىل،
قىلمىدى بۇلارنى بىر نەپەس خۇشدىل.
پىراق دەردىدە بۇلار تويۇپ جاندىن،
ئارمان بىلەن ئۆتتىلەر جاھاندىن.
قوشۇلۇپتۇ روھى ئىشقى بىلەن ھەم،
پىچايلى بۇ ئىككىسىگە بىر كېپەن ھەم.
بىر تاۋۇتقا سالىلى ئىككىسىنى،
جانسىز كېلىن بىلەن ئۆلۈك يىگىتنى.

بانۇ: ھەرنىكىم زۇبەيدە بۇ ھەقتە دېدى،
خۇددى شۇلار قىزىمنىڭ ئۈمىدى ئىدى.

1 ـ كىشى: ئەلۋەتتە ۋەسىيەتنى قىلىلى يات،
ھەممىمىز بۇ ئىشتا بولىمىز دىلشات.
بىر قەۋرىدە ياتسۇن ئىككى دىلئارام،
قەۋرە پوست بولسۇن ئىككىسى قوشماق بادام.
(شۇ چاغدا شۇ يەردە تۇرغانلار ھالقىسمان بولۇپ جەسەتنىڭ يۈزىگە ئاق پەردە ياپىدۇ. ئوتتۇرىغا ئېلىپ مەيۈس ھالدا قايغۇ بىلەن مۇسىبەت شېئىرىنى ئوقۇيدۇ.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## مۇسىبەت شېئىرى

بۇ ئالەمدە كۆكلۈلىنىڭ ئىنتىماي چەككىنى غەمدۇر،
مۇھەببەت دەشتىنى سەيرى ئەيلىگەن ئۇ، باشقا ئالەمدۇر.
بۇلار ئىشقى يولىدا بىر ـ بىرىگە جان پىدا قىلغان،
ۋاپا دۇنياسىدا ھەر بىرى ئىنساپلىق بىر ئادەمدۇر.
ھاياتلىقتا كۆكلۈلدىن سەن دىيانەتنى يىراق تۇتما،
دىيانەتسىز كىشىگە، ۋاپاسىزلىق دىلدا مەھكەمدۇر.
مۇراتقا يەتمىدى بۇلار لەھەتكە ئەسىر بولدى،
ئىسپاتى ئىشقى بىر لەيلى ـ مەجنۇنگە مۇسەللەمدۇر.
(پەردە چۈشىدۇ)

1945 — 1947 ـ يىللىرى، ئاقسۇ ـ غۇلجا

# چۆچەکلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# موللا تاپقاق ئاخۇنۇم

(چۆچەك)

نەشرىگە تەييارلىغۇچىدىن: بۇ چۆچەك ئەسلىدە پېشقەدەم شائىر نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلى تەرىپىدىن ئىشلىنىپ، 1946 ـ يىلى شائىرنىڭ ئۆز خىراجىتى بىلەن غۇلجا مەتبەئەسىدە رەسىملىك كىتابچە قىلىنىپ تارقىتىلغان. بۇ قېتىم شۇ نەشرىگە ئاساسەن تەييارلاندى.

## I . «قوناق ئۇنى بايۋەچچە»

بۇرۇنقى زاماندا چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرىدە بىر ئاتاقلىق جاھان كەزدى باي سودىگەر ئۆتكەن ئىكەن. بۇ شەھەردە بايلىقتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان يەنە بىرى يوق ئىكەن.

ئۇنىڭ، ھىندىستان، ئىراق، رۇم، چىن، ماچىن مەملىكەتلىرى بىلەن سودا ـ ئالاقىسى بولۇپ، كارۋانلىرى بۇ ئەللەر ئارىسىدا دائىم قاتناپ تۇرىدىكەن.

بۇ سودىگەرنىڭ دۇنيالىقتا بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. ئۇنى «يالغۇز ئوغۇل» دەپ ناھايىتى بەك ئەتىۋارلاپ ھېچ نىمىسىنى ئايىمايدىكەن. شۇڭا سودىگەرنىڭ بۇ ئوغلى كىچىكىدىن تارتىپلا ناھايىتى غىژمان، ئەركە، بوشاڭ، بەتخەج ئۆسۈپتۇ.

قازارا بىر كۈنى ئۇ، سودىگەرگە ئەجەل يېتىپ ئۆلۈپتۇ. پۈتۈن بايلىقى ئوغلىنىڭ قولىغا قاپتۇ. ئۇ ئوغۇلنىڭ ئىسمى نەجمىدىن ئىكەن. نەجمىدىن بايۋەچچە ئاتىسىدىن قېلىپ ئىش ـ ئوقەت قىلماپتۇ. ئويۇن ـ تاماشا، بۇزۇقچىلىق يولىغا مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ ئۆيىدىن ھەر كۈنى بەزمە ـ مەشرەپ،

نەغمە ـ ناۋا، ئۇسسۇل ـ ناخشا ئاۋازى چىقىپ تۇرىدىغان بوپتۇ. مەي ـ شاراپ ئىچىلىپ، شورپا ـ كاۋاپ يېيىلىپ تۇرۇپتۇ. بۇنداق كۈنلەردە ئۇنىڭ سارىيىغا شەھەردىكى بارلىق ئويۇن قېپى، بىكار تەلەپ، خۇشامەتچى، ھارام تاماقلار يىغىلىدىكەن. كۈنلەر مانا شۇنداق ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ئۆتۈۋېرىپتۇ. نەجمىدىن بايۋەچچىنىڭ بۇنداق قىلىپتىن چىققان قىلىقلىرى مەھەللىدىن شەھەرگە يېيىلىپ پۇر كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قولۇم ـ قوشنا، يار ـ بۇرادەر، تونۇش ـ بىلىشلىرى ئۇنى كۆرسە قاچىدىغان بوپتۇ.

نەجمىدىن ئويۇن ـ كۈلكە، نەغمە ـ ناۋا، كەيپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن بولۇپ كېتىپ كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قاپتۇ، ھايت ـ ھۇيت دېگىنىچە ئارىدىن ئۈچ ـ تۆت يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئاتىسىدىن قالغان پۇل ـ ماللار، ھويلا ـ ئاراملار، باغۇ ـ بوستانلار، ئېسىل سارايلار ئەنە شۇنداق يوللار بىلەن ئاستا ـ ئاستا قولىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئاخىرى قول ئىلكىدە پۇلغا يارىغىدەك ھېچنەرسىسى قالماپتۇ. شۇندىن كېيىن، نەجمىدىن بايۋەچچىدىن ھېلىقى بىكار تەلەپ يەپ قاچارلارمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا باشلاپتۇ. ئاخىرى كېلىپ، ھەممىسى بايۋەچچىنى تاشلاپ يۈزىنى ئۆرۈۋپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر مۇتتەھەم: «مېنىڭ نەجمىدىندە پۇلۇم بار!» دەپ تۆھمەت بىلەن دەۋا قىلىپ نەجمىدىننىڭ ئاتىسىدىن قالغان قورۇسىنى تارتىۋېلىپ ئۇنى كوچىغا ھەيداپ چىقىرىپتۇ.

بۇ ئىشتىن بەزىلەر خاپا بوپتۇ، يەنە بەزىلەرخۇش بوپتۇ. نەجمىدىن بولسا: «مەن ئۆز ۋاقتىدا ياخشىلارنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىمىغان، ئەمدى ئۆزۈم تاپقان بالاغا نەگە باراي دەۋاغا» دەپ كوچا ـ كويدا بىردە بار، بىردە يوق، بىردە ئاچ، بىردە توق، شامال يەپ قۇرۇق كېكىرىپ يۈرۈۋېرىپتۇ.

بىر كۈنى، بايۋەچچە ئىلگىرى پۇلىنى تەڭ خەجلىشىپ راھىتىنى تەڭ كۆرگەن بىر ئاغىنىسىنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىگە سېغىنىپ ئۇنىڭ ئالدىغا بارغان ئىكەن. ئۇ، بۇنى قەستەن تونۇماسلىققا سېلىپ:

— ماڭ يوقال كۆزۈمدىن! مەن سېنى نەدە كۆرگەن! — دەپ قوغلىۋېتىپتۇ.

بايۋەچچە شۇ چاغدىلا بەتخەجلىكىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپتۇ. ئىسراپچىلىقنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى چۈشىنىپتۇ. دادىسىنىڭ ۋە ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈنۈپ پۇشايمان يەپتۇ. لېكىن قولدىن كەتكەن بايلىق ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەلمەپتۇ. نەجمىدىن تىلەمچىلىك قىلماقچى بوپتۇ. لېكىن غۇرۇرى ئۇنىڭغا يول قويماپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاتىسىدىن يادىكار بولۇپ قالغان كونا تونىنى بېشىغا قويۇپ بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە سايداپ ياتقان ئىكەن، بىر نەرسە مەڭزىگە پېتىپتۇ. ئورنىدىن تۇرۇپ تونىنى سۆكۈپ قارىسا بىر دانە تىللا چىقىپتۇ، نەجمىدىن بۇ تىللانى سەرراپقا سېتىپ مەھەللىنىڭ چەت ياقىسىدىن بىر ئېغىزلىق كونا ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ، ئۆزىگە ئازراق غەيرەت بېرىپ كوچىغا چىقىپ، مەدىكار بازىرىغا بېرىپتۇ. ئۈچ - تۆت كۈنلۈك ئىش تېپىپ ئىشلەپ، ئاران تۆت بەش تەڭگە پۇلغا ئېرىشىپتۇ. ئۇنىڭغا بىر ھېجىر، بىر قازان، بىرئىشۈرىق ۋە بىر پارچە كىگىز سېتىۋاپتۇ. يەنە بىر قانچە كۈن ئىشلەپ پۇل تېپىپ ئۆي بىساتىنى تولۇقلاپتۇ. ئىككى چارەك قوناق ۋە بىر ياغۇنچاق سېتىۋېلىپ قوناقنى ياما قىلىپ تارتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كۈندە چامغۇر توغرىغان قوناق يامىسى بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان بوپتۇ.

نەجمىدىننىڭ بۇ ئىشىدىن خەۋەر تاپقان ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى گەپدان ئادەملەر ئۇنىڭغا: «قوناق ئۇنى بايۋەچچە!» دەپ لەقەم قويۇپتۇ. بۇ لەقەم ئۇنىڭغا قانداق سىڭگەن بولسا شۇنداق تېز ۋە كەڭ ئەتراپقا تارقىلىپتۇ.

## 2. كىگىز كىتاب داموللا

شۇنىڭدىن كېيىن شەھەردىكىلەر، مەھەللە ۋە يۇرت - چوڭلىرى ياخشىلارنىڭ ئىچىدىن ئۇنى تونۇيدىغانلار، ئۇنى كۆرگەندە ئىچىنى ئاغرىتىپ ئۇنىڭغا ئېچىنىسمۇ، بەزىبىرلىرى ئۇنىڭ مال - دۇنياسىنى چېچىپ مۇشۇ كۈنگە قالغانلىقىنى كۆرگەنلا يەردە:

— ھە قوناق ئۇنى بايۋەچچە!

— قوناق ئۆنى بايۋەچچە كەلدى!

— قوناق ئۆنى بايۋەچچە ئەھۋال قانداق ؟ ! — دەپ مەسخىرە قىلىندىغان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەسلى نامى ئۇنتۇلۇپ «قوناق ئۆنى بايۋەچچە» لەقىمى ئات بولۇپ سىڭىپ قاپتۇ. نەجمىدىنىنىڭ دەسلىپىدە بۇنىڭغا تازا ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ بارا ـ بارا بۇ لەقەمگىمۇ كۆنۈپ قاپتۇ، بەزىلەر ئاتايىن ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ «قوناق ئۆنى بايۋەچچە» دەپ قىچقارسىمۇ ئاڭلىماسلىققا سېلىپ پەرۋايى پەلەك يۈرىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بايۋەچچە ئەزەلدىن تەييارنى يەپ ئۆگەنگەچكە ئىشقا خام ، تەييارغا ھەييار بولۇپ ئۆسكەن ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىر قېتىم ئىشقا سالغان ئادەم ئىككىنچى قېتىم ئىشقا سالمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشسىزلىققا دۇچار بوپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ «بازارنى بىر ئايلىناي، قايسى ھۈنەر ئاسان ھەم ئەپلىك، پايدىسى كۆپ بولسا شۇنى قىلاي» دېگەننى ئويلاپتۇ — دە، كەچكىچە بازارنى ئارىلاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ھەر بىر ھۈنەرنىڭ ئۆزىگە خاس مەشغۇلاتى، قائىدىسى، ئۇسۇل ـ چارىلىرى بار ئىكەن. بۇلارنى ئۆگىنىش بايۋەچچە ئۈچۈن ناھايىتى قىيىن ئىشتەك تۇيۇلۇپتۇ. ئاسانراق ھۈنەرنى ئىزلەپ كېتىۋېتىپ رەمچىلەر كوچىسىغا كىرىپ قاپتۇ. قارىسا يوغان سەللە ئورىغان بىر رەمچى موللام ئالدىغا يوغان بىر كىتابنى ئېچىپ قويۇپ ئولتۇرغىدەك. ئۇنىڭ ئالدىدا يوغانلىقى قوينىڭ مايىقىدەك بىر ئوچۇم تاش تۇرغىدەك.

رەمچى موللام تاشلارغا قاراپ بىر نېمىلەرنى دەۋاتقىدەك. بايۋەچچە قاراپ تۇرسا بىردەمدىن كېيىن، بىر خوتۇن كېلىپ بىر ئوچۇم كۈمۈش تەڭگىنى موللىنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— موللام، ماڭا بىر رەم ئېچىپ بەرسىلە! — دەپتۇ يىلىنىپ. رەمچى موللام ئۇ، خوتۇنغا بىر نەزەر تاشلاپتۇ. كېيىن بېشىنى لىڭشىتىپ ئالدىدىكى تاشلارغا: «سۈپ، سۈپ» دەپ ئۈنى ئۈچ يەرگە بۆلۈپتۇ. كېيىن ھەر بىر بۆلەكتىن تۆتتىن تاشنى ئايرىۋېلىپ، ئېشىپ قالغان تاشقا قاراپ چىقىپ قولىدىكى كىگىز كىتابنى ئېچىپتۇ. كىتابقا قاراپلا قاتتىق چۆچىگەندەك بوپتۇ.

www.uyghurkitap.com

— خېنىم بەكمۇ خەتەرلىك، ھازىر بىرى سىلىنىڭ بەختلىرىگە ئولتۇرماقچى بولۇۋېتىپتۇ — دەپتۇ رەمچى ئېچىنغان قىياپەتتە.

— ۋاي موللام، ئادەمنى قورقاتمايراق بىر نېمە دېسىلە، زادى نېمە گەپ بۇ؟! — ھېلىقى ئايال ئەندىكىپ سوراپتۇ.

— گەپنىڭ راستىنى دېسەم، ئاۋۋال بىر قوي سەدىقە قىلسىلا، پال ئېچىشنىڭ چۈششىدىن قارىغاندا ئەرلىرى ئۈستىلىرىگە خوتۇن ئالماقچى بولۇۋېتىپتۇ، بۇنى پەقەتلا سەدىقە ياندۇرالايدۇ. سەدىقە بەرسىلە سەدىقە، — دەپتۇ رەمچى.

— ۋاي بېشىڭنى يەيدىغان، قىرىغىنىنى تۇيمىغان قاقباش، تۆلكە، تۆپەمگە تۆت خوتۇن ئېلىپمۇ يەنە خوتۇنغا تويمىغىنىنى قارالڭ، ئۆلگۈر. موللام ئۆيگە بېرىپ كەلگىچە ۋاقىت ئۆتۈپ، كاشىلا چىقىدۇ. قوي ئورنىغا مەشەدىلا بار پۇلۇمنى سەدىقە قىلسام بولماسمۇ ...؟! — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇنداق قىلسىلىمۇ بولىۋېرىدۇ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ رەمچى. پۇلنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى ۋە كۆزىنى ئويىنىتىپ كېتىپتۇ ئۇ.

بۇ ساددا ئايال ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ:

— مانا مېنىڭ يېنىمدا بارى - يوقى مۇشۇلا ئىكەن. رازى بولۇپ ئوبدانراق دۇئا قىلىپ قويسىلا! خۇدايىم ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرسە ئەجەپ ئەمەس! — دەپ يېنىدىكى بار پۇلىنى رەمچى موللامغا بېرىپ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ كېتىپ قاپتۇ.

«بەللى! — ... دەپتۇ — بايۋەچچە باياتىن بېرى بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى كۆرۈپ ئىچىدە — دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئوڭاي پۇل تاپىدىغان ھۈنەر نەدە بار؟ ئەمدى مەنمۇ رەمچىلىك قىلسام بولىدىكەنغۇ؟!...» شۇندىن كېيىن ئۇ، ئۆز - ئۆزىدىن خۇشال بولۇپ كەپىسىگە قايتىپ كېتىپتۇ. كەپىسىدە ئۇخلىسىغا يېتىپ ئويلاپتۇ. «تاش - پاش دېگەننىغۇ تېرىۋالارمەن. ھېلىقى كىتاب، جەينىماز، سەللىگە ئاز پۇل كەتمەيدىكەن. بۇنى قانداق قىلارمەن؟» مۇشۇ ئوي - پىكىر بىلەن ئۇنىڭ بېشى تاشتەك قېتىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، دادىسىنىڭ ئۆلۈمىدا بېلىگە باغلىغان ئاق لاتا قوزۇقتا تۇرغىدەك. ئۇنى ئېلىپ بېشىغا سەللە قىلىپ ئوراپتۇ. «كىگىز

كىتاب بىلەن جەينىمازچۇ؟! ئۇنى قانداق قىلارمەن؟!» نەدىن تاپارمەن؟! شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى كائىغا سىلىنغان كىگىزگە چۈشۈپتۇ — دە ئۆز - ئۆزىگە: «مانا بۇ كىگىزنىڭ ئازراقىنى بىر جەينىماز قىلاي. قالغىنىنى پارچىلاپ تىكىپ كىتاب قىلسام بولمىدىمۇ؟! ئەپلەشتى دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟!» ئۇ، كىگىزنىڭ جەينىمازغا لايىق بىر قىسمىنى كېسىۋېلىپ، قالغىنىنى پارچىلاپ تىكىپ بىر كىتاب قىپتۇ. ئوچاقتىن بىر نەچچە تال ئوتۇن - كۆمۈرنى ئېلىپ، كىگىز كىتابنىڭ بەتلىرىگە خەتكە ئوخشىتىپ بىر نېمىلەرنى جىجىپتۇ. بۇلارنى پۈتتى قىلغاندىن كېيىن، تالاغا چىقىپ قوينىڭ مايىقىدەك تاشتىن بىر ئوچۇم يىغىپ كىرىپتۇ. ئەتىسى كىگىز كىتابنى ئاتىسىدىن قالغان شايى كۆينەككە ئوراپ، جەينىماز بىلەن ئىككىسىنى قولتىقـــغا قىسىپتۇ. ئۇدۇل رەمچىلەر كوچىسىغا كىرىپ بوش جايدىن ئورۇن ئاپتۇ. بۇ يەردىكى رەمچىلەر ئۆزلىرىگە يېڭىدىن بىر شېرىك قوشۇلغىنىنى كۆرۈپ، ئالدىغا كېلىدىغان تەييار لوقمىدىن قىزغىنىپ ئوغىسى قايناپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە ئۇنى كۆرسىتىپ:

— ئەنە قاراڭلار! بىزنى بۇ يەردە ئاز دەپ يەنە بىرسى كەلدى، — دەپ ھەدەپ كوتۇلدىشىپتۇ. ئۇنى تونۇيدىغانلار:

— بۇ، ھېلىقى باينىڭ ھاراقكەش ئوغلى ئەمەسمۇ؟!

— ھېلىقى «قوناق ئۇنى بايۋەچچە» غۇ بۇ؟!

— ئېلىپنىڭ سۇنىقىنى بىلمەيدىغان بىر نېمىنىڭ رەمچى بولۇپ، بىزنىڭ رىسقىمىزغا شېرىك بولماقچى بولغىنىنى قارا؟ — دېيىشىپتۇ.

بىر - بىرلەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قارىسا ئالدىدىكى كىگىز كىتاب ئىكەن. ئۇلار خىرىلدىشىپ كۈلۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن يولدىن ئۆتكۈچىلەرمۇ غەلىتە خەت يېزىلغان بۇ كىگىز كىتابنى كۆرۈپ مەسخىرە قىلىشىپتۇ. ئۇ، يەرگە كەلگەنلەر باشقىلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ پال سالدۇرۇپتۇ. لېكىن بۇنىڭ ئالدىغا ھېچكىم كەلمەپتۇ، كۈنلەر مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنــى رەمچىلەر يىغىلىپ ئۇششاق باللارغا پۇل بېرىپ:

— ئاۋۇ ئولتۇرغان ئادەمنى: «كىگىز كىتاب داموللا!» دەپ كۆزىگە كىرىۋېلىڭلار — دەپ ئۆگىتىپتۇ.

بالىلار پۇلنىڭ كۈچى بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ يېنىغا ئولىشىپ: «كىگىز كىتاب داموللا!» دەپ ۋارقىرىشىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا زادىلا ئارام بەرمەپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ «كىگىز كىتاب داموللام» ئۇ يەردىكى رەمچىلەر ئارىسىدا كۈن ئالالماي جان بېقىشنىڭ كويىدا باشقا بىر جايغا يۆتكىلىپ كېتىپتۇ.

## 3. «موللا تاپقاق ئاخۇنۇم»

شۇنداق قىلىپ «كىگىز كىتاب داموللام» شەھەرنىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر جايغا بېرىپ ئورۇنلىشىپتۇ. شۇ جايغا جەينىمازنى سېلىپ، كىگىز كىتابنى ئېچىپ ئولتۇرۇپتۇ. كۈن پاتقىچە ئۇنىڭ يېنىغا ھېچكىم كەلمەپتۇ. ئۇ، ئۆيىگە كېتىشكە تەمشەلگەن ئىكەن، بىر ئادەم ناھايىتى ئالدىراش ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ. قارىسا بۇ ئادەم غەلىتە بىر كىتابنى يىغىشتۇرۇۋاتقىدەك. ئۇ، بۇ ئادەمگە ھەيران بولۇپ بىردەم قاراپ تۇرۇپتۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭغا باشقا رەمچى يولۇقماپتۇ. «تەۋەككۇل» دەپ ھەميانىدىن بىر ئوچۇم كۆمۈش تەڭگە ئېلىپ، «كىگىز كىتاب داموللام» نىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ ـ دە:

— داموللام، مەن بۈگۈن قىممەتلىك يۈك ئارتىلغان بىر خېچىرىمنى يوقاتتىم، شۇنى ئىزدەپ يۈرۈپتىمەن. تاپقىلى بولارمۇ؟! بىر رەم سېلىپ باقسىلا! — دەپتۇ يىلىنىپ.

«كىگىز كىتاب داموللام» جەينىمازنى قايتا يېيىپتۇ. تاشلارنى جەينىمازنىڭ ئۈستىگە تاشلاپتۇ، ئۇنى ئۈچ يەرگە ئايرىپ بولار ـ بولماس تىزىپتۇ، ئۇنىڭغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن كىگىز كىتابنى ئېچىپتۇ. ئۇ، بىر تاشلارغا، بىر كىگىز كىتابقا قاراپ ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپتۇ. ئاندىن كېيىن جىددىي ئاھاڭدا:

— ئىش خەتەرلىك، بەكمۇ خەتەرلىك، سىز پات بېرىپ بىر جىڭ شاپتۇل قېقىنى قايىنتىپ ئىچىۋېتىڭ! — دەپتۇ.

رەمبالدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھېلىقى ئادەم:

— تۇفى ساڭا! — … دەپ تۈكۈرۈپتۇ، غەزەپلەنگەن ھالدا — ھوي ئالدامچى، قىزىلكۆز، مەن نېمە كويدا ۋە نېمە دەۋاتىمەن، سەن نېمە كويدا،

نېمە دەپ ۋالاقلاۋاتىسەن. قاق سۆيى ئىچىدىغانغا مېنىڭ ئىچىم قېتىپ قالمىدى. — دەپ كايىپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

نېمىلا بولسا شۇ بولسۇن، ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كىشىنى ئالداپ قولىغا پۇل كىرگەن ۋە مۇشۇنداق هايات كەچۈرۈشكە ئىشەنچ هاسىل قىلغان «كىگىز كىتاب داموللا» خۇشال هالدا جەينىمازنى يىغىپ هېلىقى ۋەيرانە ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

خېچىرنى يوقاتقۇچى قايتىپ كېلىپ خېچىرىنىڭ دەردىدە زادىلا ئارام ئالالماپتۇ. خېچىرنى يەنە ئىزدەپ كوچىغا چىقىپ تاپالماي خاپا هالدا قايتىپ كېلىپ يېتىپ قاپتۇ. ئەتىسى بىردىنلا هېلىقى رەمچىنىڭ ئېيتقانلىرى يادىغا كەپتۇ. «رەمگە ئىشەنمە، رەمسىزمۇ يۈرمە» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ نېمە بولسا شۇ بولسۇن، ئۇنىڭ دېگىنىنى بىر قىلىپ باقمايمەنمۇ؟! دەپ بازارغا بېرىپ بىر جىڭ شاپتۇل قېقى سېتىۋاپتۇ. ئۇنى قايىنىتىپ سۈيىنى ئىچىپتۇ. قېقىنىمۇ پاك ـ پاكىزە يەپتۇ، ئاندىن كېيىن كوچىغا چىقىپ خېچىرنى يەنە ئىزدەپتۇ. بىرەر سائەتتىن كېيىن قاق سۈيى تەسىر قىلىپ خېچىر يوقاتقۇچىنىڭ قورسىقىنى غولدۇرلىتىشقا باشلاپتۇ، كېيىن قاتتىق ئاغرىپتۇ. ئاخىرى ئۇ، خالىجاي ئىزدەشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. ئۇياققا يۈگۈرۈپ، بۇ ياققا يۈگۈرۈپ مەهەللىنىڭ چېتىدىكى بىر كونا تۇگمەننىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپى ياردائىلىق ئىكەن، هاجەت قىلىش ئۈچۈن شۇ ياردائىلىققا كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، خېچىرى يۈكى بىلەن شۇ يەردە تۇرغىدەك. خۇشاللىقىدا قورسىقىنىڭ ئاغرىقىنىمۇ ئۇنتۇپ دەرهال بېرىپ خېچىرنى يېتىلەپ ياردائىلىقتىن چىقىپتۇ. سارايغا كېلىپ تەكشۈرۈپ قارىسا، هەممەماللىرى ساق ئىكەن. ئۇ سارايدىكىلەرگە:

— بۇ رەمبال، رەمبال ئەمەس، نەق ئەۋلىيانىڭ ئۆزى ئىكەن، ئەۋلىيا! — دەپ ۋاقىرىۋېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن خۇشاللىقىنى باسالماي تونۇش ـ بىلىش، دوست ـ يار، ئاغىنىلىرىگە«كىگىز كىتاب داموللام» نىڭ تەققى ـ تۇرقى، شەكلى ـ شمايلى، كىتابى كارامىتىنى بىرمۇ بىر بايان قىلىپ سوزلەپ بېرىپتۇ. ئاڭلىغۇچىلارمۇ هەيران قېلىشىپ:

— ئۇنداق بولسا ئۇ كىشى راستىنلا ئەۋلىيا ئىكەن! — دېيىشىپتۇ.

يوقاتقان خېچىرىنى تاپقان كارۋان «كىگىز كىتاب داموللام» غا قىلغان ھۆرمەتسىزلىكىدىن خىجىل بولۇپ ئەپۇ سوراش ئۈچۈن، يۈز تەڭگىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ پۇلنى بېرىپ ئەپۇ سوراپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، «كىگىـــز كىـــتاب داموللام» خۇشال ھالدا يەنە جەينىمازنى يېيىپ كىتابىنى ئېچىپ ئولتۇرسا، ئۇنىڭ ئالدىغا يەنە بىر كىشى يېتىپ كەپتۇ.

— داموللام، — … دەپتۇ ئۇ، ھەميانىدىن پۇللىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ، — نامى شەرىپلىرىنى يىراقتىن ئاڭلاپ كەلدىم. بىر قانچە كۈندىن بېرى قورسىقىم بەك ئاغرىپ ھېچ بولالمىدىم. قانداق قىلسام بولار؟ سىلى بىر مەسلىھەت بەرسىلە؟!

داموللام ئۇ كىشى بەرگەن پۇللارنى سېرىپ ـ سىپاپ چۆنتەككە سېلىپ شۇنداق دەپتۇ

— سىز قايتىپ بېرىپ كۆزىڭىزگە ئوبدان دورا قىلىڭ! …

— بەللى! … داموللام، — دەپتۇ، ئۇ كىشى ھەيران بولۇپ، — مېنىڭ قورسىقىم ئاغرىۋاتسا، كۆزىڭىزگە دورا قىلىڭ دېگەنلىرى نېمىسى؟! …

— قورسىقىڭىز نېمە يەپ ئاغرىغان؟!

— ئۆپكە ـ ھېسىپ، كاللا ـ پاقالچەك يەپ ئاغرىغان! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ كىشى.

— ھەيبەللى! … قورسىقىڭىزنى ئاغرىتقان نەق شۇ نەرسە، بۇلار پاكىز تازىلانماي پىشۇرۇلغان. سىزمۇ قاراپ باقمايلا يېگەن. كۆزىڭىزگە دورا قىلسىڭىز ئۇ، روشەنلىشىدۇ. يېمەكلىكلەرنــى پەرق ئېتىـــپ يەيدىغان بولىسىز، مېنىڭچە كۆزىڭىزگە دورا قىلىڭ! — دەپتۇ يېنىشلاپ.

— بارىكاللا داموللام، بارىكاللا سىلى راستىنلا موللا تاپقاق ئاخۇنۇم ئىكەنلا. ئويلاپ باقسام سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى بىردىن ـ بىر توغرا ۋە ئورۇنلۇق ئىكەن. — دەپ يېنىدىكى پۇلىدىن ئېلىپ ئاخۇنۇمغا بېرىپ ئۆز يولىغا كېتىپتۇ.

شۇندىن كېيىن بۇ ۋەقە يىراق ـ يېقىنغا پۇر بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمى «كىگىـــز كىـــتاب داموللام» دىن «موللا تاپقاق ئاخۇنۇم» غا

ئۆزگىرىپتۇ.

## 4. موللا تاپقاق ئاخۇنۇم ۋە ئۇنىڭ كەشى

ھېلىقى ئىككى ۋەقە بىلەن موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ داڭقى ـ شۆھرىتى خەلقى ئالەمگە تارقىلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئۆزىنىڭ بەختى ـ تەلىيىنى سىنىماق ياكى يىتكەن نەرسىلىرىنى تاپقۇزماق بولسا، توپ ـ توپ بولۇپ موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىغا كېلىپ پال ئاچقۇزىدىغان بوپتۇ. بۇنداق كىشىلەر بارغانسېرى كۆپىيىپتۇ، بۇنىڭغا ئەگىشىپ موللامنىڭمۇ تاپاۋىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپتۇ. ئالدىنقى كەچمىش ـ كەچۈرمىشلىرىنى ساۋاق قىلغان ئاخۇنۇم پۇلى كۆپەيگەنسېرى بىر تىيىنىنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدىغان بوپتۇ.

موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ پۇتىغا كېيىپ كېلىۋاتقان بىر كەشى بار ئىكەن. ئۇ، پۇتىغا يوغان كېلىپ قالغان بولسىمۇ «قەدىناس» ھېسابلاپ، ئۇنى يېڭىلاشقا كۆڭلى زادى ئۇنىمايدىكەن. ئۇ كەشنى كىيىۋەرگەچكە يىرتىلىپتۇ، يىرتىلغانسېرى ئۈستى ـ ئۈستىگە ياماق سالدۇرۇۋېرىپتۇ. يىلدىن ـ يىلغا ئۇ كەشنىڭ يامىقى كۆپىيىپ ئۆزى ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. شۇڭا ئاخۇنۇم ماڭغاندا ئۇ كەشنى ئاران ـ ئاران سۆرەپ ماڭىدىغان بوپتۇ. ماڭغاندا ئۇ كەشنىڭ سوڭغالچىقى تاپىنىغا تېگىپ «پالاق» ـ «پالاق» قىلىدىكەن. ئۇنىڭ بۇ ئاۋازى ئىككى ـ ئۈچ چاقىرىم يەرگىچە ئاڭلىنىدىكەن. ئۆيلەردە بالىلار قاغىشلىك قىلىپ يىغلىسا ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى:

— بالام يىغلىما، ئەنە موللا تاپقاق ئاخۇنۇم كېلىۋاتىدۇ، يىغاڭنى توختاتمىساڭ سېنى شۇ كىشىگە بېرىۋېتىمەن! — دەپ قورقىتىدىغان بولۇشۇپتۇ. بالىلارمۇ ئاخۇنۇمنىڭ ئېتىنى ئاڭلىسا يىغىسىنى توختىتىدىغان بوپتۇ. بەزى نامازخان كىشىلەر، موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ كەشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا بېشىنى تەكىيىدىن كۆتۈرۈپ:

— ئەنە موللا تاپقاق ئاخۇنىم كېلىۋاتىدۇ. ئۇ، نامازغا ماڭغان ئوخشايدۇ. بىزمۇ ئورنىمىزدىن تۇرايلى! — دېيىشىدىغان بوپتۇ. ئوغرىلارمۇ بىرەر تامنىڭ تۈۋىنى تېشىشكە تەييارلىنىپ ماراپ تۇرۇشقان بولسا، ئۇنىڭ

كەشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا:

— بولمىدى، ئەنە موللا تاپقاق كېلىۋاتىدۇ، قاچايلى قاچمىساق تۇتۇلۇپ قالىمىز، — دەپ چۇچۇپ تەشۋىشكە چۈشىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ شۆھرىتى ئەمدىلىكتە ياماق كەشكە ئۆتۈپتۇ. ئاخىرى كېلىپ بۇ كەش ئاخۇنۇمغا رەقىـــب بولۇشقا باشلاپتۇ. بۇ شەھەردىكى باشقا رەمچىلەر ئاخۇنۇمنى كۆرەلمەي ئۇنىڭدىن بىرەر ئەيىپ ياكى قۇسۇر چىقىرىپ، خەلقى ئالەم ئالدىدا لەت قىلماقچى بولۇشۇپ يۈرگەن ئىكەن. مانا ئەمدى مەسلىھەتلىشىپ قوشاقچىلارغا موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ ئەشۇ داڭلىق كەشى ھەققىدە قوشاق توقۇتۇپ پۇل بېرىپتۇ. بۇ قوشاقنى ئۆششاق بالىلارغا ئۆگىتىپ، پۇل بېرىپ موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ ئارقىسىغا سېلىپ قويۇپتۇ. بالىلار ئاخۇنۇم كوچىغا چىقىشى بىلەنلا كەش ھەققىدىكى قوشاقنى ئۈنلۈك توۋلاپ ھەمىشە ئارقىسىغا كىرىۋاپتۇ. بۇ ئىش ئۇنى تازا خاپا قىلىدىغان ئويۇنغا ئايلىنىپتۇ. كۈنلەر شۇنداق ئۆتىۋېرىپتۇ. ئاخۇنۇممۇ بەزىدە تېرىكىپ بەزىدە زېرىكىپ يۈرىۋېرىپتۇ. بىر كۈنى بالىلار يەنە:

شەھىرىمىزگە مەشھۇردۇر،
موللا تاپقاق ئاخۇنۇم.
ئاتمىش جىڭلىق كەش بىلەن،
ھەر يانغا چاپقاق ئاخۇنۇم.

بۇ كەشنىڭ ئاۋازى،
ئالدى پۈتكۈل جاھاننى.
بۇ كەشسىز ئاخۇنۇم،
باقالمايدۇ بىر جاننى.

بۇ كەشنىڭ بار ئىكەن،
يەتمىش يەردە يامىقى.

هەر كىم كۆرسە كەشنى،
چاكىلدايدۇ تامىقى.

دەپ ۋارقىرىشىپتۇ. بۇنىڭدىن موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ كۆڭلى غەش بوپتۇ. ئۇ، كەشىگە قاراپ تۇرۇپ كېتىپ: «ئەمدى سېنى تاشلايدىغان ۋاقتىم يەتتى، تاشلىۋەتمەي يەنە كىيەي دېسەم، ئېغىرلىقىڭ ئېشىپ مېنى قىينىدى. ئەڭ يامىنى سېنى سۆرەپ يۈرۈپ كۆلكىگە قالدىم. خەلق ئارىسىدا ۋە ئۇششاق باللار ئارىسىدا ئابرويۇم تۆكۈلدى. خەيرى - خوش كەشىــــم.» دەپ خوشلىشىپ، كېتىپ بارغان هارۋىغا كەشنى سېلىپ شەهەرنىڭ بىــــر چېتىدىكى بىر ئەخلەت كارىزىغا ئاپىرىپ تاشلاپتۇ. ئۆزى قايتىپ كېلىپ بازاردىن يېڭى بىر كەشنى سېتىۋېلىپ يۇتىغا سېپىۋاپتۇ.

ئەتىسى ئەشۇ ئەخلەتخانىغا يېقىن بىر جايدىكى باللار ئويناپ يۈرۈپ ئەخلەتخانىغا كېلىپ قاپتۇ. قارىسا ئەخلەتخانىدا موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ كەشى تۇرغىدەك. باللاردىن بىرى:

— قاراڭلار، باللار بۇ هېلىقى موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ مەشهۇر كەشى ئەمەسمۇ؟! بۇنى بىرسى ئوغرىلاپ، مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ تاشلىغان ئوخشايدۇ. بىز نەچچە ۋاقىتتىن بېرى موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنى مۇشۇ كەشى بىلەن قوشۇپ زاڭلىق قىلىپ قاغىشنى ئالغان. ئەمدى ئاپىرىپ بېرىپ دۇئاسىنى ئالايلى! — دېيىشىپتۇ.

باللارنىڭ ئىچىدە كەشنى ئاپىرىپ بېرىش ياكى بەرمەسلىك هەققىدە قىزغىن تالاش — تارتىش بوپتۇ. ئاخىرى هەممىسى بىرلىككە كېلىپ كەشنى ئاپىرىپ بېرىپ موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭمۇ بىر نۆۋەت دۇئاسىنى ئالماقچى بولۇشۇپتۇ.

باللار يوغان بادىرىدىن بىرنى تېپىپ، بادىرىغا موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ كەشنى تانا بىلەن باغلاپ ئېسىپتۇ. هەممىسى بىرلىشىپ ئۇنى كۆتۈرۈپ موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ هېلىقى ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ.

— ئاپلا! — ... دەپتۇ موللا تاپقاق ئاخۇنۇم ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ كېتىپتۇ، كېيىن — بۇكەش ئەمدى مېنىڭ بېشىمغا بىر بالا بولىدىغان

بولدى. ياق ئەڭ ياخشىسى، بۈگۈن كېچىدە ئەل ئايىغى بېسىققاندىن كېيىن كەشىنى ئادىمىزاتنىڭ قەدىمى يەتمەيدىغان يىراق بىر جايغا پالاپ ئاپىرىپ تاشلىۋېتەي. بولمىسا ئىش چاتاق! ...

كەچ كىرگەندە موللا تاپقاق ئاخۇنۇم كەشىنى يەنە هارۋىغا بېسىپتۇ، خېلى ئۇزاق يول مېڭىپ ئاخىرى بىر يەرگە كېتىپتۇ، بىر ئېگىز يارنى تېپىپ كەشىنى تاشلىۋېتىپ كۆڭلى تىنىپ قايتىپتۇ.

موللا تاپقاق ئاخۇنۇم كەشىنى يارغا تاشلىغان چاغدا، يارنىڭ تېگىدە بىر قانچە ئوغرى بىرلىشىپ ئوغرىلىغان ماللىرىنى بۆلۈشەلمەي ئۆزئارا خىرىس قىلىشىپ تۇرغانىكەن. يۇقىرىدىن گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ بۇلارنىڭ ئۈستىگە بىر ئېغىر نەرسە دومىلاپ چۈشۈۋېتىپتۇ. قازارا ئۇ كېلىپ بىر ئوغرىنىڭ بېشىغا تېگىپ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىپتۇ. ئوغرىلار بۇنىڭدىن قورقۇپ نېرى قېچىپتۇ. كېيىن يىغىلىپ كېلىپ قارىسا بۇ موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ كەشى ئىكەن.

— يائاللا «توۋا»، ئۆز پاناهىڭدا ساقلا! — دەپتۇ بىر ئوغرى ياقىسىنى تۇتۇپ «توۋا» قىلىپ تۇرۇپ، — موللا تاپقاق ئاخۇنۇم جىنىڭ ئەۋلىيا، راست تاپقاق ئىكەن. قارىمامدىغان بۇ كارامەتنى. بۇ مالنىڭ ئىگىسى چوقۇم موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىغا بېرىپ رەم ئاچقۇزغان. ئاخۇنۇم رەمگە بىر قاراپلا، بۇ ياردەملىقتا بىزنىڭ مالنى بۆلۈشەلمەي جېدەللىشىۋاتقانلىقىمىزنى «كارامىتى» بىلەن كۆرۈپ، بىزگە بىشارەت قىلىپ كەشىنى ئەۋەتىپتۇ ئەمەسمۇ؟! ئەمدى بىز «توۋا» قىلىپ بۇ ئوغرىلىغان مال بىلەن كەشىنى قوشۇپ ئاخۇنۇمنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرەيلى.

ھەممە ئوغرى بۇ مەسلىھەتنى توغرا تېپىپتۇ. ماللار بىلەن كەشىنى هارۋىغا بېسىپ ئۇدۇل موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە كېلىشىپتۇ. ماللار بىلەن كەشىنى ئاخۇنۇمغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئاخۇنۇمدىن ئەپۇ سوراپتۇ. ئاخۇنۇم بۇ مال دۇنياغا ئىگە بولغانلىقىغا ئىچىدە خۇشال بوپتۇ، لېكىن كەشىدىن قۇتۇلالمىغانلىقىغا خاپا بوپتۇ. شۇڭا ئۇلارغا ئېغىز ئېچىپ گەپمۇ قىلماپتۇ.

ئوغرىلار كەتكەندىن كېيىن، موللا تاپقاق ئاخۇنۇم كەچ كىرىشى بىلەن كەشىنى هارۋىغا بېسىپ دەرياغا تاشلىۋېتىپ كەپتۇ. كەش ئېقىپ بېرىپ

بېلىقچىلار دەرياغا يېيىپ قويغان تورغا چۈشۈپتۇ. ئەتىسى بېلىقچىلار جەم بولۇپ تورنى سۆزمەكچى بولۇپ تارتىشىپتۇ، بۇ تورنى شۇنچە كۈچەپ تارتىسمۇ ھېچ يېغىلمىغىدەك، ئۇلار بىر - بىرىگە:

— ئاغىنىلەر بۈگۈن بىزگە خۇدايىمىنىڭ رەھمى كەلگەن ئوخشايدۇ!... تورغا بېلىق ئەمەس لەھەڭ چۈشكەن بولسا كېرەك. بۇنى ھەرگىز قولدىن ۋە توردىن چىقىرىپ قويمايلى! — ... دېيىشىپ بار كۈچىنى يىغىپ ئىنجىقلىشىپ تارتىپ ئاران قىرغاققا چىقىرىپتۇ. تورغا قارىسا لەھەڭ ئەمەس، موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ سۇدا كۆپكەن كەشى ئىكەن.

— بۇرادەرلەر، — دەپتۇ بىر بېلىقچى ھەيران بولۇپ، — موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ بېلىق گۆشى يېگۈسى كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ، ئۆزى كېلەلمەي خىجىل بولۇپ كەشنى ئەۋەتىپتۇ. يۇرۇڭلار باشقا تورلارغا چۈشكەن بېلىقلارنىڭ ياخشىلىرىنى يىغىپ ھارۋىغا كەشى بىلەن بېسىپ ئاپىرىپ بېرىپ دۇئاسىنى ئالايلى!— بۇ گەپكە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماقۇل بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر ھارۋىغا بېلىق يەنە بىر ھارۋىغا كەشنى بېسىپ، موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ.

موللا تاپقاق ئاخۇنۇم كۇرۇنۇشتە بېلىقچىلارنى خۇشال - خۇرام قارشى ئېلىپ دۇئا بەرگەن بولسىمۇ، كۆڭلىدە كەشنى ئېلىپ كەلگەنلىكىدىن قاتتىق رەنجىپتۇ. ئاندىن كېيىن: «مەن بۇ كەشتىن زادىلا قۇتۇلالمايدىغاندەك تۇرىمەن. بۇ شەھەردە يەنە تۇرىۋەرسەم، بۇ كەش مېنى بىر كۈنى بولمىسا يەنە بىر كۈنى رەسۋايى ئەزىم قىلىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە بۇ كەشنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ ئۆزۈم باشقا بىر شەھەرگە كۆچۈپ كېتەي!...» دەپ ئويلاپتۇ. كېتىدىغان ۋاقىتتا بۇ كەشنى بۇ يەردە شۇ پېتى قالدۇرماي، ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرىۋەتمەكچى بوپتۇ. ئەل ياتقاندىن كېيىن، كەشنى ئوتقا تاشلاپ، كىگىز كىتاب بىلەن پۇل - ماللىرىنى ھارۋىغا بېسىپ ھېچكىمگە تۇيدۇرماي باشقا شەھەرگە كۆچۈپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 5. يېپىشىۋالغان تەلەي

شۇنداق قىلىپ موللا تاپقاق ئاخۇنۇم ئۆزى تۇرغان شەھەردىن خېلى يىراق بىر شەھەرگە كۆچۈپ بېرىپتۇ. ئوقۇشۇپ يۈرۈپ شەھەر چېتىدىن بىر قورۇنى سېتىۋېلىپ ماكانلىشىپتۇ. ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۆيلىنىپتۇ. ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن بالا - چاقىلىق بولۇپ قاپتۇ. كونا كەسپى رەمباللىقنى تاشلاپ «سەكسەن خالتىلىق» دورىگەرلىك دۇكىنى ئېچىپتۇ. قالغان ئۆمرىنى خىلۋەتتە دوراپۇرۇشلۇق بىلەن ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ. ئاخۇنۇمنىڭ بۇ يېڭى يۇرتتمۇ يەنە نامى چىقىپ شۆھرىتى تارقىلىشقا باشلاپتۇ. بىر يىلدىن سەل ئاشقاندا موللا تاپقاق ئاخۇنۇم بۇرۇن تۇرغان شەھەردىن بىر كىشى بۇ شەھەرگە كەلگەن ئىكەن، ئۇ، بىر چوڭ زىياپەتتە موللا تاپقاق ئاخۇنۇم بىلەن تەسادىپىي ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇ، كۈتۈلمىگەن ئۇچرىشىش ھەر ئىككىسىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ.

— ھەي سىلى ··· موللا تاپقاق ئاخۇنۇم ئەمەسمۇ؟ ! بۇ شەھەرگە قاچان كەلگەن ھەم نېمە قىلىدىلا؟ ! — دەپتۇ ئۇ كىشى، كۆزىنى قىسىپ ئاخۇنۇمنى مەسخىرە قىلغان قىياپەتتە. كېيىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — خالايىق! بۇ كىشى ئەسلىدە مەن بىلەن بىر شەھەرلىك. بۇرۇن ئۇنىڭ نامى «قوناق ئۇنى بايۋەچچە» ئىدى. كېيىن «كىگىز كىتاب رەمچى» بولدى. ئاندىن كېيىن «موللا تاپقاق ئاخۇنۇم» دەپ شۆھرەت قازاندى. — دەپ ئۇنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىپتۇ.

— ھە ··· «موللا تاپقاق ئاخۇنۇم» دېگەن ھېلىقى كىشى شۇ ئىكەن — دە؟ ! — دەپتۇ زىياپەتتە ئولتۇرغانلار تەرەپ - تەرەپتىن، ھەيران بولۇشۇپ بىر - بىرىگە كۆز قىسىپ قارىشىپ.

شۇندىن كېيىن بۇ شەھەردىكى كىشىلەرمۇ، موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنى ئۆز ئىختىيارىغا قويماي ئۇنىمىغانىغا ئۇنىماي، پال ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئالدىغا كېلىۋالىدىغان بوپتۇ. موللا تاپقاق ئاخۇنۇم ئىلاجىسىزلىقتىن پال

ئاچقۇزغۇچىلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاغزىغا كەلگەننى دەپ كولدۇرلىتىپ يولغا سالىدىغان بوپتۇ. ئاخۇنۇمنىڭ پالىنىڭ تەبىرى ھەققىدە ئېيتقان بەزىبىر گەپلىرى تەساددىپىي توغرا چىقىپ قىلىپ، موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ بۇ يەردىكى شۆھرىتىگە ھەسسىلەپ شۆھرەت قوشۇلۇپ، ئابرويى تېخىمۇ ئۆسۈپتۇ. كۆنلەر شۇنداق شۆھرەت، ئابروي ئىچىدە ئۆتتۈپرىپتۇ. لېكىن موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ بارغانسېرى يۈز، ئابروي تېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەلمەيدىغانلار بۇ شەھەردىمۇ چىقىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار ئاخۇنۇمنى رەسۋا قىلىپ يەرگە قارىتىشنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شۇ يەردىكى بىر ئەرباپ چاي ئۆتكۈزۈپتۇ. بۇ چايغا موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىمۇ چاقىرىپتۇ. بۇ چايغا بۇرۇنراق كەلگەن پىتنىچىلەر بىرلىشىپ موللا تاپقاق ئاخۇنۇم يېتىپ كەلگىچە تۆردىن بىر ئورۇنغا كولاپ كۆلدىن بىر پاقىنى تۇتۇپ شۇ ئورۇنغا تاشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈششاق تالنى تاشلاپ ئۇنىڭ تۆپىسىگە پاخال يېپىپ، كۆرپە ـ گىلەملەر بىلەن باسۇرۇپ قويۇپتۇ. موللا تاپقاق ئاخۇنۇم يېتىپ كەلگەندە، بۇ يەردە نېمە بارلىقىنى سورىماقچى، كارامىتىنى كۆرسىتەلمىسە، ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ رەسۋا قىلماقچى بوپتۇ.

موللا تاپقاق ئاخۇنۇم يېتىپ كەلگەندە، يۇرت كاتتىلىرى، جامائەت باشلىقلىرى، ئاقساقاللار ئاللىقاچان بۇ يەرگە يىغىلىپ بولغان ئىكەن. شۇئا موللا تاپقاق ئاخۇنۇم «تۇۋەندىنرەك جاي تېپىپ ئولتۇراي» دېسە، پىتنىچىلەر يالغاندىن خۇشامەت قىلىپ ھېلىقى تۆرگە تەكلىپ قىلىپ تۇرىۋاپتۇ. موللا تاپقاق ئوخۇنۇم زادى ئۇنىماي:

— پاقىمۇ سەكرەپ ـ سەكرەپ ئورنىغا چۈشىدۇ! مەنمۇ ئۆز جايىمنى تېپىپ ئولتۇرغىنىم ياخشى! — دەپ ساپتۇ.

سورۇندىكى جامائەت، يۇرت كاتتىلىرى ۋە ھېلىقى پىتنىچىلەر موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ تەساددىپىي قىلغان گېپىنى ئۆزلىرىنىڭ يامان مۇددىئالىرىغا توغرىلاپ «كارامەت كۆرسىتىش»، «تاپقاقلىق» دەپ چۈشىنىپ، تەنلىرى شۈركۈنۈپ تەر بېسىپ ۋەھىمە بىلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىپتۇ، ئارىدىن بىرسى ئۆزىنى تۇتالماي:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ۋاي موللا تاپقاق ئاخۇنۇم، سىلى راستىنلا كارامەت ئىگىسى ۋە تاپقاق ئىكەنلا، تۆردىكى سىلىنى تەكلىپ قىلغان ئورۇندا راستىنلا پاقا بار ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىز سىلىنى يەنە بىر سىناپ كۆرمەكچى ئىدۇق. — دەپ ئۆزلىرىنىڭ سىرىنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلاپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن موللا تاپقاق ئاخۇنۇم بۇ شەھەردىمۇ يېڭىۋاشتىن «موللا تاپقاق ئاخۇنۇم» دەپ شۆھرەت قازىنىپتۇ. ئابرويى كۈندىن ـ كۈنگە كۆتۈرۈلۈپتۇ. بىراق پىتنىچىلەرمۇ ئۇنى پۇتلاشتىن يالتايماپتۇ، ھەمىشە پۇرسەت كۈتۈپ كۇسۇرلۇشۇپ تېرىقنى كوچىلاپ يۈرۈشۈپتۇ.

بىر كۈنى يەنە بىر جايدا بىر چوڭ توي ـ مەرىكە بولغان ئىكەن، موللا تاپقاق ئاخۇنۇممۇ ھۆرمەتلىكلەر قاتارىدا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنىپتۇ. ئۇ، جامائەت ئارىسىدا ئولتۇرسا، ئۇنى ئۇزۇندىن بېرى كۆرەلمەي كېلىۋاتقان يەنە بىر پىتنىچى بىر بۇرگىنى «كاپلا» قىلىپ تۇتۇپتۇ. ئاخۇنۇمغا قاراپ قولىنى يۇمۇپ كۆرسىتىپ:

— تەقسىر مېنىڭ قولۇمدا نېمە بار ؟ ! — دەپ سوراپتۇ. بۇ كۇتۇلمىگەن سوئالغا، موللا تاپقاق ئاخۇنۇم دەرھال بىر نېمە دېيەلمەي گاڭگىراپ قاپتۇ. كېيىن ئۆزىنى ئوڭشاپ: «ئاخىرى كېلىپ شۇنچە كۆپ جامائەتنىڭ ئىچىدە رەسۋا بولىدىغان ئوخشايمەن. بۇ چاغقىچە قۇتۇلۇپ كەلگەن. نېمە بولسا بولاي، سورالغان سوئالغا بىر نېمە دەپ جاۋاب بەرمىسەم بولماس» دەپ ئويلاپ تۇرۇپ:

— بىر سەكرىگەندە قۇتۇلدۇم، ئىككى سەكرىگەندىمۇ قۇتۇلدۇم. ئۈچىنچى سەكرىگەندە تۇتۇلدۇم، — دەپتۇ. ئەسلىدە موللا تاپقاق ئاخۇنۇم «بۇرۇن ئىككى قېتىم قۇتۇلغان، ئەمدى تۇتۇلۇپ قالىدىغان بولدۇم. كارامىتىم ئاشكارا بولۇپ قالىدىغان بولدى» دېمەكچى ئىكەن. لېكىن ھېلىقى پىتنىچى:

— تەقسىر، مەن خاتا قىلدىم، ئالدىلىرىدا بۇ قېتىممۇ يەنە گۇناھ قىلىپ قويدۇم، ئۆزلىرىدىن گۇناھىمنى تىلەيمەن. — دەپ موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئەپۇ سوراپتۇ. رەسۋا بولۇشتىن قۇتۇلغان موللا تاپقاق ئاخۇنۇم يەنە تەلىيىنىڭ ئوڭدىن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ

قىسقا يۆتۆلىۋاپتۇ. كېيىن ئۇ پىتنىچىگە قاراپ:

— بولدى جايىڭىزغا بېرىپ ئولتۇرۇڭ! — دەپتۇ. ھېلىقى پىتنىچى بولسا:

ـ رەھمەت تەقسىر. قولۇمدىكى راستىنلا بۆرگە ئىدى. ئۇ، سىلى دېگەندەك بىرىنچى ـ ئىككىنچى سەكرەشتە قۇتۇلغان. ئۈچىنچى سەكرەشتە تۇتۇلغانىدى. بۇنى راستىنلا تاپتىلا، كارامەت ئىگىسىگە زادىلا گەپ كەتمەيدىكەن. — دەپتۇ خوشامەت قىلىپ.

سورۇندىكى جامائەت بۇ ئىشقا ھەيران بوپتۇ، ئۇلارنىڭ موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ «تاپقاق»، «كارامەت ئىگىسى» ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچىسى بۇرۇنقىدىنمۇ ئېشىپتۇ.

بۇ ۋەقە بىردەمدىلا شۇ تويدىكى ئۇلۇغلار سورۇنىدا ئولتۇرغان پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئاكابىر ـ ئەشرەپلىرىنىڭ قولىقىغا يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ «كارامەت» تىن ھەيران قالغان پادىشاھ:

— پاھ! ... بۇ قالتىس «كارامەت» ئىكەن! بىزنىڭ زامانىمىزدا يەنە كېلىپ بىزنىڭ شەھىرىمىزدە، بىزنىڭ سورۇنىمىزدا بۇنداق ئىشلارنىڭ بولۇشى كىشىنى بەكمۇ ھوزۇرلاندۇرىدۇ! — دەپتۇ ۋە شۇ جايدىلا موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنى كەم تېپىلىدىغان ئوردىغا لايىق كىشى ئىكەن، دەپ جاكارلاپ ئوردا مەسلىھەتچىسى قىلىپ تەيىنلەپتۇ.

## 6. موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ ئەڭ چوڭ كارامىتى

شۇنداق قىلىپ پىتنىچىلەر «موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنى رەسۋا قىلىمىز» دەپ ئۆزلىرى رەسۋا بوپتۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، كىشىگە يامانلىق قىلىشنى ئويلىمايدىغان موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ ئابرويى ـ ئىناۋىتى كۆتۈرۈلۈپ ئوردا مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىنىپتۇ. موللا تاپقاق ئاخۇنۇم ئۆزىنىڭ ئاددىي ـ ساددىلىقى بىلەن كۆپ ئۆتمەي پادىشاھقىمۇ يېقىپ قاپتۇ. پادىشاھمۇ ئۇنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ بىر دەممۇ يېنىدىن نېرى قىلمايدىغان بوپتۇ. پات ـ پاتلا ئىلتىپات قىلىپ ئىنئام بېرىپ تۇرىدىكەن.

مۇللا تاپقاق ئاخۇنۇممۇ بەزى ۋەقەلەردە ئاغزىغا كەلگەننى بوغۇزىغا يۇتماي سۆزلەپ يۇرۇۋېرىپتۇ. بەزى سۆزلىرى توغرا چىقىپتۇ. بەزى سۆزلىرى تېپىشماقتەك سىرلىق تۇيۇلۇپ ئەل ئىچىگە تارقىلىپتۇ. لېكىن، ئۇ ئوردىدا يۈرگەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئوردا ئىچىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى خەتەرلىك، يىلاندىنمۇ زەھەرلىك ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى بايقاپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ غەلىتە قىلىقلىرى، چاكىنا ئادەتلىرى، خۇشامەت كۆلكىلىرى، كاتتىلار ئالدىدا ئەۋرىشىمدەك ئېگىلىپ ـ پۈكۈلۈپ تورۇشلىرى، بەش ـ ئالتىسىنىڭ بېشى بىر يەرگە جەم بولغاندا كۇسۇلداشلىرى، ئىما ـ ئىشارەت بىلەن مەسخىرە قىلىشلىرىدىن قانداقتۇ بىر قۇۋلۇق ـ شۇملۇقنىڭ شەپىسىنى سېزىپ قاپتۇ. بۇ ئىشتىن مۇللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ كۆڭلى بۆلەكچىلا غەش بولۇپ قاپتۇ. كۈنلەر شۇنداق ئۆتىۋېرىپتۇ. بىر كۈنى ئوردا ئىچىدە «شاھ خانىشنىڭ گۆھەر كۆزلۈك ئۈزۈكى يوقىلىپ كېتىپتۇ» دېگەن شۇم خەۋەر تارقىلىپتۇ.

ئۇ، ئۈزۈكنىڭ گۆھىرى شۇنداق ساپ ئىكەن، يەتتە ئىقلىمدا ئۇنىڭدەك ساپ گۆھەرنى شۇ زامانلاردا تاپقىلى بولمايدىكەن. ئۇنىڭ باھاسىغا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يەتتە يىللىق باج ـ خىراجىتىنى يىغسىمۇ يەتمەيدىكەن. خانىش كېچىدە سىرتقا چىقسا، چىـــراغ، شام، مەشئەل دېگەنلەرنـــى زادىلا كۆتەرمەيدىكەن، چۈنكى ئاشۇ گۆھەرنىڭ ئۆزى يالتىراپ نۇر چېچىپ ئەتراپنى يورىتىدىكەن. شۇ سەۋەپتىن خانىش بۇ ئۈزۈكنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. تولىمۇ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدىكەن، ئۆزىدىن ئايرىماي ساقلايدىكەن، ئۇلۇغ ئايەم ۋە ھېيت ـ بايرام كۈنلىرىدىلا قولىغا سالىدىكەن.

ئۈزۈك يوقالغاندىن كېيىن، خانىش ئىچ ئاغرىقى تارتىپ يېتىپ قاپتۇ. پادىشاھ خانىشلىرى ئىچىدە بۇ خانىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇنىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن پادىشاھمۇ تىتىلداپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قاپتۇ. ئۈزۈك يوقالغاندىن كېيىن، ئوردا ئىچىدە خىلمۇ ـ خىل سۆز ـ چۆچەكلەر پەيدا بولۇپ ھەرخىل گۇمانلار تارقىلىپتۇ.

مۇللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ ئوردا ئىچىدىكى شۆھرىتىدىن قىزغىنىـــپ يۈرگەنلەر باش كۆتۈرۈپ: «ئەمدى بىز كۈتكەن پەيت كەلدى» دەپ بىلىپ،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شاھقا:

— موللا تاپقاق ئاخۇنۇم رەم ئېچىپ ئۈزۈكنى تاپىدۇ! — دەيلى دېيىشىپتۇ. ئۇلار يەنە — ئۇ بۇ ئۈزۈكنى ھەرگىزمۇ تاپالمايدۇ. ئاندىن ئۇ، بىراقلا جىمىقتۇرۇلىدۇ، — دەپ چوت سوقۇشۇپتۇ.

ئۇلار شۇ مەسلىھەت بىلەن شاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپتۇ.

— ئوردىمىزدا، جانابى ئالىيلىرىنىڭ سايىسىدا ھوزۇر - ھالاۋەتتە يۈرگەن موللا تاپقاق ئاخۇنۇمدەك تەڭداشسىز «كارامەت» ئىگىسى، زېرەك رەمچى بار، ئۇنىڭ جاناپلىرى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىدىغان ۋاقتى كەلدى! — دەپ شاھنىڭ ئېسىگە سېپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شاھ: «گۆھەر ئۈزۈك ئەمدى تېپىلىدىغان بولدى. بۇ ئىش بۇرۇنراق مېنىڭ ئېسىمگە نېمىشقا كەلمىدى؟!» دەپ ناھايىتى خۇش بوپتۇ. موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنى ھوزۇرىغا چاقىرتىپ گۆھەر كۆزلۈك ئۈزۈكنى تېپىشنى ئېيتىپتۇ. تاپسا ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى، نام - مەنپەئەتنى ئاشۇرىدىغانلىقىنى، ئۈزۈكنى تاپالمىسا ياخشى كۈنىنىڭ يوقلىقىنى ئېيتىپتۇ.

شاھنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ قورقۇپ تىلى كالۋالىشىپ ئۈنىنى چىقىرالماي تۇرۇپ قاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ ئىچىدە: «مەن ھازىرغىچە يەيدىغىنىمنى يەپ، كىيىدىغىنىمنى كىيىپ بولدۇم. ئەمدى پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرمەمدىمەن!...» دەپ ئويلاپتۇ،-دە شاھنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرۈشكە ماقۇل بوپتۇ. پادىشاھدىن يەتتە كۈنلۈك مۆھلەت سوراپ ئۆيىگە قايتىپ چىقىپتۇ.

يەتتە كۈنگىچە ئوردىدىن ئەۋەتىلگەن نازۇ - نېمەتلەر بىلەن ئۆزىنى ۋە خوتۇن بالىلىرىنى تازا بېقىپتۇ. لېكىن خوتۇن - بالىلىرىغا بولغان ئەھۋالنى زادىلا ئېيتماپتۇ. ئۈزۈكنى تېپىشقا كۆزى يەتمىگەن ئاخۇنۇم: «پادىشاھنىڭ قولىدا ئۆلۈپ، نامەرت دۈشمەنلىرىم ئالدىدا كۈلكىگە قالغىچە ئۆزۈملا ئۆلىۋالمايمەنمۇ؟!» دەپ خوتۇن - بالا - چاقىلىرىغا ئۇختۇرماي قازناق ئۆيگە كىرىپتۇ — دە، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپتۇ. جەگە ياغاچقا سىرتماق باغلاپ ئۆزىنى ئېسىپتۇ.

گېلى بوغۇلۇپ ئاغرىغاندىن كېيىن جان تاتلىق كېلىپ، تىرەجەپ جەگە

ياغاچقا ئېسىلىپ كۆتۈرۈلۈپتۇ. سەل دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىگە ـ ئۆزى خىتاب قىلىپ:

— ئەي جان چىق! ئەتە پادىشاھ سېنى ئۆلتۈرىدۇ! — دەپتۇ. موللا تاپقاق ئاخۇنۇم: «ئەي جان چىق!» دەپ ۋارقىراۋاتقاندا خانىشنىڭ يېقىن كېنىزەكلىرىدىن بولغان بىرى بىجان، موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ قازناق ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چىققان ئىكەن. ئۇ: «بۇ ئۆيدىن نېمە شەپە ئاڭلىنىدىكىن؟» دەپ مارىلاپ تۇرسا موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ: «ئەي جان چىق! ئەي جان چىق! بولمىسا ئەتە پادىشاھ سېنى ئۆلتۈرىدۇ!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بۇ سۆز بىجاننىڭ قۇلىقىغا: «بىجان چىق! بىجان چىق! بولمىسا ئەتە پادىشاھ سېنى ئۆلتۈرىدۇ!» دېگەندەك ئاڭلىنىپتۇ.

«يائاللا! بۇ ئاخۇنۇم مېنىڭ خانىشنىڭ ئۈزۈكىنى ئالغىنىمنى بىلىۋاپتۇ ئەمەسمۇ؟!. بۇ راستىنلا تاپقاق ئىكەن. ئۇ، مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى بىلىپ مېنى ئاگاھلاندۇرىۋاتىدۇ، بۇ ئىش شاھقا يېتىپ قالسا ئۇ ھەقىقەتەن مېنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا رەسۋا بولۇپ تۇگەشكىچە ئۈزۈكنى بېرىپلا قۇتۇلاي!» دەپتۇ. شۇ ھامان قازناقنىڭ تۈڭلۈكىدىن بېشىنى تىقىپ موللا تاپقاق ئاخۇنۇمغا:

— ئاخۇنۇم سىلى راستىنلا موللا تاپقاق ئىكەنلا، مېنىڭ ئىسمىم راستىنلا بىجان، ئۈزۈكنى مەن ئالغان، ئۈزۈم تاپقان مۇشۇ بالادىن ئۆزلىرى ئاتىدارچىلىق قىلىپ مېنى قۇتقۇزۇپ قويسىلا! ئۆزلىرى رەھىم قىلسىلا، مەن ئۆلگىچە خىزمەتلىرىدە بولاي! — دەپ يېلىنىپتۇ.

موللا تاپقاق ئاخۇنۇم جېنىغا تىكىلىپ كەلگەن بالا ـ قازانىڭ بۇنداق تېز ئۆزگىرىشىدىن خېلى خوش بوپتۇ. ئاندىن كېيىن تۈڭلۈك تەرەپكە قاراپ:

— ھىم، ئەمدى ئىقرار قىلدىڭمۇ؟! مەن ئۈزۈكنى سېنىڭ ئېلىۋالغانلىقىڭنى ئاللىقاچان بىلگەن. نەچچە كۈندىن بېرى ئۆز ئىنسابىڭغا قارىدىم. ئەمما يۈز ـ خاتىرىنى بىلمەي كەلدىڭ. كېچىككەن بولساڭمۇ ھەر ھالدا ئۆزۈڭنى ئاشكارىلىدىڭ، بوپتۇ مەن سېنى ...

— ئۇبدان موللام، جېنىم موللا تاپقاق ئاخۇنۇم، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ

ھەققى ـ ھۆرمىتى، نېمە بولىدۇ! ماڭا بىر ياخشىلىق قىلسىلا خوتۇن ـ بالىلىرى خورلۇق كۆرمىسۇن. مېنىڭ بۇ مۇشتەك جېنىم سىلىگە پىدا بولسۇن! مېنىڭ بۇ، بولمىغۇر ئىشىمنى بىر سىلى، بىر مەن بىلسەم. ئۆزلىرى بىر ئامال قىلسىلا! — دەپ يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇرۇپتۇ.

— خەيرىيەت بىجان! — دەپتۇ، موللا تاپقاق ئاخۇنۇم بىجانغا رەھمى قىلغان قىياپەتتە، — ئۇنداق بولسا سەن ئۆزۈڭنى ئېلىپ بېرىپ پادىشاھ بىلەن خانىشنىڭ ھېلىقى خاس چاھار بېغىدىكى كۆلدە ئۆزۈپ ئويناپدىغان بىر توپ غازى بار. شۇنىڭ ئىچىدىكى ئوڭ قانىتىنىڭ پەيلىرى قارا ئالا غازغا يېگۈزۈۋەت. ئاندىن قالغان ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن. ئاشۇ ئۆزۈڭنى يېگۈزگەن غازنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى پەيلىرىدىن ئۈچ تالنى قارىمۇ ـ قارشى سوندۇرۇپ پۈكلەپ قوي. ئەمما ئۆزىڭۋەتمە. بۇ چوقۇم شۇنداق بولسۇن!

— جېنىم بىلەن سىلى دېگەندەك قىلىمەن! — دەپتۇ بىجان ئۆگزىدىن چۈشۈپ، ئۆزۈڭنى ئېلىپ بېرىپ ھېلىقى ئالا غازنى تۇتۇپتۇ. ئاغزىنى يېرىپ ئۆزۈڭنى ئاغزىغا تىقىپتۇ ۋە يۇتقۇزۇپتۇ. قانىتىنى موللام دېگەندەك قىلىپ قويۇپ بېرىپتۇ. بۇ ئىشلارنى پۈتكۈزۈپ بولغىچە موللا تاپقاق ئاخۇنۇم قازناق ئۆيىنىڭ جەگىسىگە سالغان سىرتماقنى يېشىپتۇ. ئۇ ئۆيىگە چىقىپ بىخارامان ئۇيقىغا كېتىپتۇ.

ئەتىسى موللا تاپقاق ئاخۇنۇم شاھ ئالدىغا خۇشال ـ خورام ھالدا كىرىپتۇ. پىتنىچىلەرنىڭ ھەممىسى ئاخۇنۇمنى بۇ ھالدا كۆرۈپ: «ئۇ، تېخى ئۆزۈڭنى تاپالمىدى. نېمە ئۈچۈن شۇنچە خۇشال؟! بۈگۈن ئۇنىڭ كاللىسى ئېلىنىدىغانلىقىنى ئۆزى بىلمەمدىكىنا؟ ئوردا ئىشنى يېمەك ئۇنچە ئوڭاي ئىش ئەمەس. مەيلى بىردەم بولسىمۇ كۆڭلىنى خۇش قىلىۋالسۇن. قانداقلا بولسۇن بۈگۈن چوقۇم ئۇنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ. پادىشاھتىن ئالغان ئىلتىپاتلار، كۆرگەن ھۆرمەتلەر بۇرنىدىن بۆلاق بولىدۇ! ...» دېگەن سۆزلىرى موللامنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇرۇپتۇ. ئاخۇنۇم پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرگەندە شاھ ئۇنىڭدىن:

— قېنى موللام تاپتىڭىزمۇ؟! — ... دەپ سوراپتۇ.

— تاپتىم شاھىم! — دەپتۇ موللا تاپقاق ئاخۇنۇم يۈرەكلىك ھالدا جاۋاب

www.uyghurkitap.com

بېرىپ. ئاندىن ئۇ، پۈتۈن ئوردا ئەھلىگە مەغرۇرانە نەزەر سېلىپ چىققاندىن كېيىن، بەدەشقاننى قورۇپ ئۆلتۈرۈپ كىتابىنى ئېچىپتۇ. — گۆھەر كۆزلۈك ئۈزۈك خانىشنىڭ خاس چارىبىغىدىكى كۆلدە ئۈزۈپ يۈرىدىغان غازلىرى ئارىسىدىكى ئوڭ قانىتى قارا ئالا غازنىڭ پۆكىنىدە. بۇ ئۈزۈك ھېلىمۇ ئۆز پېتى تۇرۇپتۇ.

بۇ جاۋابتىن پۈتۈن ئوردا ئەھلى ھەيران قاپتۇ. شاھ غەزەپ بىلەن:

— سەن دېگەندەك بۇ ئۈزۈك، ئۇ غازنىڭ پۆكىنىدىن چىقمىسا كاللاڭنى ئالىمەن! — دەپتۇ.

— بويىنۇم قىلدا باغلاغلىق! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ موللا تاپقاق ئاخۇنۇم. پادىشاھ غازلارنىڭ ھەممىسىنى ھەيدەپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ، كىشىلەر بۇ بۇيرۇقنى ئورۇنداپتۇ. موللا تاپقاق بويۇنداپ قاراپ ھېلىقى پەيلىرى قايرىلغان قارا ئالا غازنى كۆرسىتىپ:

— ئەنە ئاۋۇ غاز شۇ! — دەپ كۆرسىتىپ بېرىپتۇ. ياساۋۇللار شۇ يەردىلا غازنىڭ پۆكىنىنى يېرىپ قارىسا، ئۈزۈك ئاخۇنۇم دېگەندەك غازنىڭ پۆكىنىدىن چىقىپتۇ. ئوردىدىكى پىتنىچىلەرنىڭ رەڭگى ئاتىرىپ، يۈرىكى ئېغىپ ئەلەم بىلەن تولغۇنۇپتۇ. ھەممىسىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كېتىپتۇ. بېشىغا تاغ يىقىلغاندەك غەمگە پېتىپتۇ.

بۇ ئىشتىن چەكسىز شادلانغان شاھ شۇ يەردىلا موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ ئورنىنى باش ۋەزىرلىككە كۆتۈرۈپ، ئىنئام بېرىشكە پەرمان بېرىپتۇ.

## 7. كۈتۈلمىگەن غەلىبە

كۈنلەر، ھەپتىلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئايلارغا ئۇلۇشۇپتۇ. ئىشلار بۇرۇنقىدەك يۈرۈشىپتۇ، بىر كۈنى پادىشاھقا تۇيۇقسىزلا باشقا بىر ئەلنىڭ شاھى لەشكەر تارتىپ قىلىپ، يېغى بولۇپ كېتىپتۇ. تەييارلىقسىز تۇرغان شاھ ئۆزىنىڭ كۈچىنى «ئاجىز ۋە ئاز» كۆرۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ يېغىغا قارشى تۇرۇشقا پېتىنالماي ئارسالدى بولۇپ قاپتۇ. ئۆزىدىن بىرى موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنى كۆرەلمەي ھەسەتخورلۇق قىلىپ يۈرگەن پىتنىچى ۋەزىرلەر

«پۇرسەت كەلدى» دەپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

— ئەي ئۇلۇغ كەرەملىك پادىشاھى ئالەم، نېمىشقا شۇنچە غەم قىلىپ باشلىرىنى قاتۇردىلا، يانلىرىدا ھەممىدىن ئاقىل، پەم - پاراسىتى زىيادە موللا تاپقاق باش ۋەزىر بارغۇ. ئۇ، بۇ يىغىنى يېشەلەيدۇ! — دەپتۇ. شاھ بىردىنلا ئەقىل تاپقاندەك بولۇپ:

— راست دەيسىلەر، — دەپتۇ ۋە يادىغا بىر ئىش كەلگەندەك بولۇپ ئوردىدىكى پۈتۈن ۋەزىر - ۋۇزرا، ئەلەم ھەم قەلەم مەنسەپدارلىرىنى يىغىپ شۇلارنىڭ ئالدىدا باش ۋەزىر موللا تاپقاق ئاخۇنۇمغا قاراپ:

— باش ۋەزىر جاناپلىرى، سىلى بىزنىڭ قوشۇنىمىزنىڭ سەركەردىسى بولۇپ، دۆلىتىمىزگە باستۇرۇپ كەلگەن ياۋنى بىر تەرەپ قىلمىسىلا بولمىدى. دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلسىلا، ئۆز ئورنۇمنى ھەم قىزىمنى سىلىگە بېرىمەن. مەغلۇپ بولسىلا مەندىن ياخشىلىق كۈتمىسىلە! — دەپ ئەمىر قىپتۇ. موللا تاپقاق ئاخۇنۇم غەم تارتماي:

— خوپ شاھىم! — دەپ ئورنىدىن تىك تۇرۇپتۇ. نۆكەرلىرى ئۇنىڭغا مىنىش ئۈچۈن ياخشى ئات تەييارلاپ بەرمەكچى بولغان ئىكەن، بۇ ئىشقا ئاللىقاچان تەييارلىق كۆرۈپ قويغان، موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ بەختىگە ئولتۇرماقچى بولغان پىتنىچى ۋەزىرلەرنىڭ بىرسى ئۇنىڭغا ئەڭ شاش ئاتتىن بىرنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. نۆكەرلەر ئاتنى ئېلىپ كەلگەندە، موللا تاپقاق ئاخۇنۇم ئۆزىنىڭ بۇ ئاتتا ئولتۇرالمايدىغانلىقىنى ئويلاپتۇ. نۆكەرلىرىگە بىر قازان يار يېلىم ئېرىتىشكە بۇيرۇپتۇ. ئاخۇنۇم يېلىم تەييار بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئىگەر - توقۇمغا، ئاندىن تەرلىك - ئىشمەكلەرگىچە سۈركەپتۇ. يېلىم سەل سوۋۇغاندىن كېيىن، ئاتنىڭ دۈمبىسىگە سۇۋاپتۇ. ئاندىن كېيىن ئاتنىڭ دۈمبىسىگە تەرلىك، ئىشمەك - توقۇمنى ساپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىگەرنى توقۇپتۇ. ئىگەرنىڭ ئۈستىگە سۇۋاپ كۆرپىنى چاپلاپ ساپتۇ. كۆرپىنىڭ ئۈستىگە يەنە يېلىم سۇۋاپ ئاندىن كېيىن موللا تاپقاق ئاخۇنۇم تولۇق قوراللانغان پېتى ئاتنى مىنىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ يوتىسى كۆرپىگە، كۆرپە ئىگەرگە، ئىگەر تەرلىككە، تەرلىك ئىشمەككە چاپلىشىپ شىبھىتتەك قېتىپتۇ، ئاڭغىچە قوشۇن راسلىنىپتۇ.

دەرۋازىنىڭ ئىچىلىشىغا، جەڭ دۇمبىقى، ناغرا ـ كارناي، سوناي شوئداق قاتتىق چېلىنىشقا باشلاپتۇكى، موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ شاش ئېتى بۇ ئاۋازلاردىن ھۈركۈپ ئۇنى ئېلىپ قېچىپتۇ. بىردەمدىلا قوشۇننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپتۇ.

موللا تاپقاق ئاخۇنۇم ئېتىنى باشقۇرىمەن، دەپ بېشىنى تارتقان ئىكەن، شاش ئات بوي بەرمەپتۇ، تۇۋۈغى قىزىغان ئات يەنىمۇ سەكرەپ ئېلىپ قېچىپتۇ. قورقۇپ كەتكەن موللا تاپقاق ئاخۇنۇم ئاتتىن ئۆزىنى يەرگە تاشلاپتۇ. لېكىن ساغرىسى كۆرپىگە چاپلىشىپ قالغانلىقتىن يىقىلماپتۇ. ھەر قانچە قىلسىمۇ ئۆزىنى ئوڭشىيالماپتۇ. دۈشمەن قوشۇنى بىلەن ئاخۇنۇمنىڭ لەشكەرلىرى ئاخۇنۇمدىن بۇ ماھارەتنى كۆرۈپ، ئۇنى جەڭ ئالدىدىن ماھارەت كۆرسىتىۋاتىدۇ، دەپ ھەيران بولۇشۇپتۇ. ئاخۇنۇم ئارقىسىغا قاراپ ئۆزىنىڭ سىپاھلىرىنى، ئالدىغا قاراپ دۈشمەن لەشكەرلىرىنى كۆرۈپ: «ئاھ! ئەمدى ئۆلدۈم! ...» دەپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزىگە ئالدىدىكى يول بويىدا تۇرغان بىر قېرى چىنار دەرىخى كۆرۈنۈپتۇ. موللا تاپقاق ئاخۇنۇم دۈشمەننىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىپ ئېتى چىنارغا يېقىنلاپ كەلگەندە كاپ قىلىپ چىنارغا ئېسىلىپتۇ. ئاخۇنۇم يىلتىزىنى بوران يالاپ كەتكەن بۇ چىنارنى زادىلا قويۇپ بەرمەپتۇ. لىڭشىپ قالغان چىنار ئاخۇنۇم بىلەن ئاتنىڭ كۈچىدىن قاراسلاپ سۇنۇپ ئاخۇنۇمنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ قاپتۇ. ئات بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئۈركۈپ ئالدىغا قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپتۇ. قاراپ تۇرغان دۈشمەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى، ئۆزىگە قارشى لەشكەر باشلاپ كېلىۋاتقان بۇ باتۇرنىڭ شۇنچە يوغان بىر چىنارنى قاماللاپ يۇلۇپ ئېلىپ، باستۇرۇپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭدىن چۆچۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان چاڭ ـ توزان بىلەن زور قوشۇننى كۆرۈپ ۋەھىمە بىلەن سەپنى بۇزۇپ قېچىپتۇ. قورال ـ ياراق، تۇغ ـ ئەلەملەر تاشلىنىپ، شۇنچە چوڭ قوشۇن جەڭ ـ جېدەلسىز بىردەمدىلا تېرە ـ پىرەڭ بولۇپ كۆزدىن يوقىلىپتۇ.

موللا تاپقاق ئاخۇنۇم يېغىنى ـ يېغىلاپ، لەشكەرلىرىگە دۈشمەننىڭ ئوق ـ دورا، قورال ـ ياراق، ئات ـ ئۇلاق، ئوزۇق ـ تۈلۈك، پۇل ـ ماللىرىنى

يىغدۇرۇپ ئولجا قىلىپ قايتىپ كېتىپتۇ. پىتنە - پاساتچى ۋەزىر - ئەمەلدارلارنىڭ ئىچىدىن قان كەتكەن بولسىمۇ، ئىلاجسىزلىقتىن ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇشۇپتۇ. بۇ ئىشلارنى يىراقتىن كۆزىتىــــپ تۇرغان پادىشاھ يېقىنلىرى، يۇرت - جامائەت ئاقساقاللىرى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆتۈۋاپتۇ. ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ ئەل - يۇرت ئالدىدا ئۆزىنىڭ شاھلىقىنى موللا تاپقاق ئاخۇنۇمغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ بېشىغا تاج كىيگۈزۈپتۇ. كېيىن قىزىنى ئۇنىڭ نىكاھىغا بېرىپ يۇرت - جامائەتكە چوڭ توي قىلىپ بېرىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ موللا تاپقاق ئاخۇنۇم ئاخىر بۇ يۇرتقا پادىشاھ بوپتۇ. ئۇنىڭ دەۋرىدە يۇرتتىكى كىشىلەر تىنچ - خاتىرجەم ياشاپتۇ. يامانلارمۇ، موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنىڭ تاپقاقلىقى ۋە كارامىتىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۆزىنىڭ يامان ئادەت ۋە پىتنە - پاساتلىــــرىنــــى تاشلاپتۇ. يۇرت بارغانسېرى ئاۋاتلىشىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يىلان مۇڭگۈزى

(چۆچەك)

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر كىشى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆزى باي، مىنگىنى ئالا يايلىلىق قولاتاي ئىكەن. ئۇنىڭ خوتۇنى راسا تولغان ئاي ئىكەن. لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى باي بولسىمۇ كۆڭلى كۆمۈردەك قارا، يۈرىكى تۆمۈردەك قاتتىق ئىكەن. بىر ـ ئىككى ئايلىق يەردىكى تېرىقتەك ئالتۇنمۇ باينىڭ يۈرىكىنى كەھرىۋادەك ئۆزىگە تارتىدىكەن.

بۇ، باينىڭ كۆڭلى توق، بايلىق، پۇل ۋە مال توپلىماقتىن باشقا ئىشى ۋە غېمى يوق ئىكەن. ئۇنىڭ يېشى ئۇلغىيىپتۇ. بۇرۇنقى قومۇشتەك تۆز گەۋدىسى ئەمدى سوپۇرۇكامىنىڭ ئەگلىكىنىڭ گەردىشىدەك ئېگىلىپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بۇرۇنقى غەملىرىگە دۇنياغا تويماسلىقىدىن ئىبارەت يېڭى غەم قوشۇلۇپتۇ. بۇ ئىش ئۇنى شۇنداق يامان بىر ھالغا ئېلىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرۇن بۇ باي بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان ھېلىقى نامەت باي دېگەن رەقىبى دەپنە قىلىنىپتۇ.

ئۇ، ئۆزىنىڭمۇ ئەتە يا ئۆگۈن، ئىش قىلىپ يەتتە كۈننىڭ بىرىدە رەقىبىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇ يەرگە، «سالام»غا بارىدىغانلىقىنى ئويلاپ تولاراق غەمكىن ۋە خىيالچان بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ كېچە ـ كۈندۈز ئويلايدىغىنى مىڭ خىل ھىيلە ـ مىكىر ۋە قاتتىق قوللۇق بىلەن توپلىغان شۇنچە كۆپ پۇل ۋە ساپ بايلىقىنى كىمگە ۋە قانداق قىلىپ تاشلاپ كېتىش بوپتۇ. ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئويلاپ بېشى قېتىپ يېتىپتۇ.

ئەگەر ئۇ، گۆرىگە ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتمىسە پۈتۈن بايلىقى ئوغلى بايۋەچچىگە قالىدىغۇ؟ ئۇ چاغدا ئوغلىنىڭ بۇ، تەييار پۇللارنى

نېمىلەرگە سەرپ قىلىشىنى كىم بىلىدۇ؟! چۈنكى ئۇ، بۇگۈن ئاران يىگىرمە ياشقا كىرگەن. لېكىن باينىڭ ئوغلى دېگەن نامغا لايىق بىرەر ماتا كۆڭلەكنى ئالتىسىدەك كىيىپ باقمىغان ياكى دادىسىدەك بەش تىيىن پۇلنى ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ خەجلەپ باقمىغان.

ئۇنىڭ ئۈچۈن بازارغا يېڭى كىيىم - كېچەكمۇ كىرمىگەن.

خۇددى مۇشۇ بايۋەچچىگە مۆلچەرلەپ قويغاندەك ئاشقان - تاشقان، ياماق چۈشكەن، كونا، جۇلجۇل كىيىم - كېچەك ئۇنىڭغا ھەر قاچان ھەر جايدا تېپىلىپ تۇرغان. ئۇمۇ، ھازىرغىچە شۇنىلا كىيىپ چوڭ بولغانىكەن.

باي: «نېمە قىلىش كېرەك بۇنى؟ نېمە ئۈچۈنمۇ تاپتىم ھە؟! ...» دېگەننى ئۆزۈن ئويلاپتۇ. ئاخىر ئۇ: «مەن ئۆلسەم مېنىڭ بۇ بايلىق ۋە تەئەللۇقاتىم مانا شۇ لايغەزەل ئوغلۇمغا قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇنى كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا پۇل بېرىپ تىجارەتكە سالاي. ئۇ، سودا - سېتىق ئىشلىرىغا پىشىپ پۇل تېپىش، جان بېقىشنىڭ يولىنى تاپسۇن» دېگەن يەرگە كەپتۇ.

## باش پىشۇرۇش

ئەتىياز ۋاقتى. ھاۋا ئىللىپ، دەل - دەرەخلەرگە قىچىق ئولاشقاندەك ھەممە كائىنات ئۆزلىرىگە زىننەت بېرىپ ياسىنىشقا باشلىغان. ئۆسۈملۈكلەرمۇ قىر باغىرلىرىدا يېڭىلا زېمىندىن باش چىقارغان چاغ. باھارنىڭ تەسىرى بىلەن قىشتىن توڭلىغان زېمىننى ئېرىتىپ يۇمشاتقاندەك ھەر خىل خىياللارمۇ باينىڭ تاشتەك باغرىنى يۇمشىتىپتۇ.

باي گەمدى بىردىنلا سېخىيلىشىپتۇ. يىگىرمە ياشقا كىرگىچە قولىغا بىر تىيىن نەق پۇل تۇتقۇزمىغان ئوغلىغا بۇگۈن ھە دېگەندىلا مىڭ تەڭگە پۇل تۇتقۇزۇپتۇ ۋە:

— سەن بۇ پۇلنى ئېلىپ بازارغا بار. بېشىڭنى پىشۇرۇپ كەل! — دەپتۇ باي.

— خوپ دادا، — دەپتۇ ئوغلى ۋە مىڭ تەڭگىنى ئېلىپ دەرھال بازارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىقىپتۇ.

بۇ بايۋەچچە دادىسىغا قارىغاندا تولىمۇ دىلى يۇمشاق، ئوچۇق كۆڭۈل ئىكەن. ئۇ، دادىسىنىڭ ناھايىتى يامان، قاتتىق قوللۇقلىقىدىن ھەممىشە دېگىدەك زارلىنىپ رەنجىپ يۈرۈپ، دۇنيادىن قول ئۈزگەنىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىشە دېگىدەك پەرىشان يۈرىدىكەن. ئەمما مىجەزىمۇ ساددا ئىكەن. ئۇ بۈگۈن ئۆز ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان ھەتتا چۈشىدىمۇ ئايان بولمىغان بۇ ئىشنى كۆرۈپتۇ. شۇڭا ئۇ، بۇ پۇلنى ئېلىپ ھېچنېمىگە قارىماي بازارغا مېڭىپتۇ.

ئۇ، بازاردا كوچىلارغا، رەستىلەرگە، تۆت ئەتراپقا تەكشـــى قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ ئوي ـ پىكرى، زېھنى ـ خىيالى بېشىنى قانداق قىلىپ پىشۇرۇشتا ئىكەن. «بەربىر بۇ مىڭ تەڭگە پۇل بىلەن مېنىڭ بۇ بېشىم پىشمايدۇ. ئۇنىڭغا باشقا بىرەر نەرسە ئالغان بىلەن ئۇ، دادامغا ياقمايدۇ. «مەن ساڭا بۇنداق نەرسىنى ئال! دېدىممۇ؟ مەن ساڭا پۇلنى بەرگەندە بېشىڭنى پىشۇرۇپ كەل دېگەن ئەمەسمۇ؟!» دەپ تېخىمۇ ۋارقىـــراپ، جارقىرايدۇ. ماڭا ئۇ، ئەسلا تىنىم بەرمەيدۇ، ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟» دەپ ئويلاپ كېتىۋېتىپ بايۋەچچىنىڭ قەدىمى بازارنىڭ چېتىدىكى ئات بازىرىغا يېتىپ قاپتۇ. ئۇ يەردىكى ئوچاقلاردا، قوي، ئۆچكە، ئات، كالا، قوتاز، تۆگىلەرنىڭ بېشىنى ئۈتلەپ پىشۇرۇپ ساتىدىغانلارنـــى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشنى بىلمەي قاپتۇ.

ئۇ، ئۇشتۇمتۇتلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلار تەرەپكە قارىغانىكەن، ئۇنىڭ دېمىقىغا قۇيقىنىڭ ھىدى ئۇراپتۇ. ئۇ، بۇ ھىدنىڭ تونۇر ۋە ئوچاق بېشىدا ئولتۇرۇپ بۇرۇنلىرىغا ئاچماق تۆمۈر زىخنى تىقىپ ئۈتلەپ تۇرغان باشلاردىن چىققان تۈتۈن ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ.

ئۇ، يوقاتقان بىر نەرسىنى تاپقاندەك بولۇپ خۇشال ھالدا:

— ۋاي ئۇستام! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ھە ··· نېمە گەپ؟! — دەپتۇ بىر ئۇستام ئۇنىڭغا قاراپ.

— ئۇستام، دادام مېنى بېشىڭنى پىشۇرۇپ كەل! دەپ مانا بۇ مىڭ تەڭگە پۇلنى بەردى، بۇ پۇلنى سىلى ئېلىپ مېنىڭ بېشىمنى ئوبدانراق بىر

پىشۇرۇپ قويسىلا! — دەپتۇ.

كاللا پاقالچەكچى بايۋەچچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن دەرھال بىرمەنىنى چۈشۈنىپتۇ. كېيىن يەنە ئويلىنىپ: «ياق بۇ، بالا ھېچبىر ئىش كۆرمىگەندەك قىلىدۇ. تۇرقىدىن قارىغاندا تازا ئۆتۈپ كەتكەن ساددا بالا ئوخشايدۇ» دېگەن تونۇشقا كەپتۇ.

— ياخشى، ماقۇل، بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇستا. مىڭ تەڭگىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ ئوچاققا ئۇرۇك، جىگدىلەرنىڭ كۆتىكىنى لىق تولدۇرۇپ سېپتۇ. ئوچاقنى راسا قىزىتىپتۇ. بايۋەچچىنى ئۆزىگە تۇيدۇرماي كۆتۈرۈپ بېسىپتۇ. گەدىنىنى ئوتقا قاخلاپتۇ. ئۇنىڭ چاچلىرى پاژ - پۇژ قىلىپ ئوتتا چاراسلاپ كۆيۈشكە باشلاپتۇ.

بايۋەچچە بېشىنىڭ كۆيۈۋاتانلىقىغا چىدىيالماي يىغلاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ كاللا پاقالچەكچى:

— ئەمدى سىزنىڭ بېشىڭىز ئوبدان پىشتى، — دەپ ئۇنى قويۇپ بېرىپتۇ.

بايۋەچچە يىغىسىنى توختىتىپ كۆز يېشىنى سۈرتۈپتۇ ۋە:

— ئۇستام رەھمەت سىلىگە مېنىڭ بېشىم ئوبدان پىشىپتۇ، — دەپ بېشىنى سىلىغان ئىكەن، ئۇنىڭ بېشىنىڭ كۆيگەن قوۋىقا چېچى قولىغا يېپىشىپ چىقىپتۇ. ئۇ، بىر قولى بىلەن بېشىنى تۇتۇپ سىلاپ شامالدىتىپتۇ. يەنە بىر قولى بىلەن بۆكىنى تۇتۇپ دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

— قارا دادا، مېنىڭ بېشىمنى كۆرۈپ باققىنا. بېشىم راستىنلا پىشتى. مېنى بۇ نۆۋەت سەن ئاجايىپ بىر قىيىن ئىشقا بۇيرۇپتىكەنسەن، — دەپتۇ.

— ھوي ئەخماق! قارا سېنى. بۇ سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ باي.

— ئۆزىڭىز نېمىنى قىل دېگەن بولسىڭىز مەن شۇنى ئادا قىلدىم! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بايۋەچچە.

— مەن سېنىڭ بېشىڭنى ئوچاقتا ئۆتلەپ پىشۇرۇشنى ئەمەس، سودا - سېتىقتا پىشۇرۇپ كېلىشنى بۇيرىغان ئىدىم. سېنىڭ قولۇڭغا بەرگەن مىڭ تەڭگە پۇل قېنى؟! — دەپ ئاچچىقى بىلەن سوراپتۇ باي.

www.uyghurkitap.com

بۇ ئىشتىن باينىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ. تومۇرلىرى كۆپكۆك ئۆرلەپ كۆپۈپتۇ. بوغۇلۇپ جىنى چىققۇدەك بوپتۇ. ئىمانى قېچىپتۇ. لېكىن ئۇ، ئوغلىنى قانداق قىلىپ ئۆزىگە ئوخشاش قاتتىق قول پىخسىق قىلىپ يېتىشتۈرۈشنى ئويلاپ ئاچچىقىدىن سەل - پەل يېنىپتۇ.

دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانا ئۆيىنىڭ مورىسىنى سۈپۈرۈپتۇ. ئوچاقتا قازاندىن بىرنى ئېسىپ ئۇنىڭغا ئاز - تولا زاغۇن يېغى قۇيۇپتۇ. ئۇنى راسا قىزىتىپ، مورىدىن چۈشكەن قورۇم بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بالىسىنىڭ بېشىغا سۈگاشقا كىرىشىپتۇ. بىر ئايدىن كېيىن بايۋەچچىنىڭ بېشى چاچسىز مىس باش بولۇپ ساقىيىپتۇ.

باي ئۆزىچە: «مەن ئۆلۈپ كەتكىدەك بولسام، مېنىڭ پۈتۈن پۇل ۋە بارلىق مال - دۇنيا، يەر - زېمىنلىرىم مۇشۇ خام كاللا بالامغا قالىدۇ. بۇنى ئىلاج قىلىپ بىر يولغا سېلىش كېرەك. مەن ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا پەيشەنبىلىك بېرىشتىن قېچىپ ئوقۇتماي يامان قىلغان ئىكەنمەن. مانا بىزنىڭ سېيىرنى باقىدىغان مالاي بالىسى تۆمۈرنى تاپقىنىنى بېرىپ ئوقۇتقان ئىدى، قاتارغا قوشۇلۇپ «موللام» بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇ، «موللام» مۇ ئاتا - ئانىسىغا خېلى بىرنېمىلەرنى تېپىپ بېرىپ بېقىۋاتىدۇ. ئۇلار ئەمدى بۇگۈنكى كۈندە سېيىر قوتىنىدا يېتىشتىن نومۇس قىلىشىدۇ. ئۇلار ھازىر ماڭا بۇرۇنقىدەك «خوش باي ئاكا! ...» دەپ يېلىنىپ ئېگىلىپ تۇرمايدۇ.

خەير، ئۆتكەن ئىش ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى پۇشايمان قىلغان بىلەن ئۇ، ئۆز ئورنىغا كېلىپ ماڭا پايدا بەرمەيدۇ. ياق! ھېلىمۇ تېخى ھەر قانداق ئىش يەنە شۇ پۇل بىلەن ئوخشايدۇ. مېنىڭ بالام ئوقۇمىغان بىلەن مەندە پۇل بار. مال - دۇنيا تېخىمۇ كۆپ. خەلق ئارىسىدا: «پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ»، «گاچا بولسىمۇ باينىڭ بالىسى سۆزلىسۇن» دېگەن ماقال ۋە ئۇنىڭ تەسىرى بار. مانا بۇ تەسىرلىك ماقاللار ئەلۋەتتە بىزدەك كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلغان.» دېگەننى ئويلاپتۇ.

## سودىگەرچىلىك

باي ئېغىر قايغۇدا قاپتۇ. كۈنىنىڭ ئولتۇرۇشى، تاڭنىڭ ئېتىشى باينىڭ بېشىغا ھەر تۈرلۈك تەشۋىشلىك خىياللارنى كەلتۈرۈپتۇ. ئۇ، دەرەخلەرنىڭ

سارغايغان يوپۇرماقلىرىدىن ئۈز يۈزىنىڭ ئەكسىنى كۆرسە، شۇ يوپۇرماقلاردىن بىرى تۆكۈلسە ئۆمرىنىڭ بىر كۈنى ئاخىرىغا يېتىپ تۈگىشىدىغانلىقىنى بىلىپ مۇڭلىنىپتۇ.

تاتلىق، مېزىلىك ھەر بىر نەرسىنىڭ تۈگىشى ئۇنى بىئارام قىلسا، ئۇنىڭ قولىغا كىرىپ كەلگەن ھەر بىر نەرسىنىڭ تاۋۇشى باينى لەھەتكە قىچقىرىۋاتقاندەك خەۋپلىك ئاڭلىنىپتۇ.

ھازىرچە تاشقىرىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا «مىس باش» دەپ ئاتىلىپ نام چىقارغان ئوغلىنىڭ ئۇنىڭغا يەتكۈزىۋاتقان ئەلەملىرى ئىچىنى تاتلىغاندەك ئارام بەرمەيۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنى بىلمەسلىككە سېلىشتىن باشقا چارە يوق. «ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنى شۇنداق قويۇپ بېرىش كېرەكمۇ؟ ياق! ئۇنىڭغا يەنە مىڭ تەڭگە پۇل بېرىپ سودىغا سېلىش كېرەك. ھە ... مانا بۇ ياخشى چارە! چوقۇم شۇنداق قىلىش كېرەك» دەپ ئوغلىغا بۇ نۆۋەت يەنە مىڭ تەڭگە پۇل بېرىپتۇ.

— ئەمدى — دەپتۇ باي ئوغلىغا — مانا بۇ مىڭ تەڭگە پۇلنى ئېلىپ بازارغا چىققىن. باش پىشۇرۇش دېگەن سۆز بازاردىن بىرەر نەرسىنى ئەرزان باھادا ئېلىپ، ئۇنى قىممەت باھادا سېتىش دېگەنلىك بولىدۇ. سەن بۇنىڭدىن كېيىن مانا شۇنداق قىلساڭ سېنىڭ بۇ «مىس بېشىڭ» ئەلۋەتتە پىشىدۇ.

بايۋەچچە:

— خوپ ئاتا! — دەپ ئېگىلىپ تۇرۇپ پۇلنى ئاپتۇ. كوچىغا چىقىپ بازارنى ئارىلاپتۇ. لېكىن كۆڭلىگە يارىغۇدەك بىرەر نەرسە تاپالماپتۇ. بازارغا ھەر تەرەپتىن كىرىپ ئايلىنىپتۇ. بازارنىڭ ئۇ بېشىدىن كىرىپ بۇ بېشىدىن چىقىپتۇ. ئاخىرى بازارنىڭ سىرتىدىكى ئېگىز ئۆستەڭ بويىغا چىقىپ قاپتۇ. قارىسا بىر توپ كىچىك باللار بىر كۈچۈكنى بوينىدىن باغلىۋېلىپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشقا ئازلا قالغان، بۇنى كۆرۈپ:

— ھاي باللار! — دەپتۇ بايۋەچچە — بۇ كۈچۈكنى ئۇرماڭلار! ئۆلۈپ قالىدۇ. ئۇنى ئۆلمەستە ماڭا سېتىڭلار! قانچە پۇل دېسەڭلار مەيلى مەن شۇنىڭغا ئالىمەن.

— مىڭ تەڭگىگە ئالامسەن؟! — دەپتۇ باللاردىن بىرى بايۋەچچىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەسخىرە قىلىپ.

بايۋەچچە ئۇنىڭدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆلۈپتۇ.

— ما ئېمىلىنى قاراڭلار. ئېخى بۇ هارامزادىلەر مېنىڭ يانچۇقىمدا مىڭ تەڭگە پۇلۇمنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلىدىكەن. ھە ئالىمەن. مانا ئالە بۇ مىڭ تەڭگىنى! — دەپ پۇلنى ساناپ بېرىپ كۆزىكنى سېتىۋاپتۇ.

بايۋەچچە ئۇنى يېتىلەپ ئۆيگە ئېلىپ بېرىپتۇ. باي بۇ كۈچۈكنى كۆرۈپ يەنە ئۆلگىدەك ئېرىكىپ خاپا بوپتۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئاچچىقىنى ياندۇرۇپ كۆڭلىگە تەسەللىي بەرگىدەك ھېچكىشى يوق ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىر ئۇنىڭ ئۆزى ئۆزىگە تەسەللىي بېرىپتۇ. ئوغلىنى يېنىغا تارتىپتۇ. ئۇنىڭغا پۇل تېپىشنىڭ يوللىرىنى ئېيتىپ - ئېچىرىپ نەسىھەت قىپتۇ.

ئارىدىن يەنە بىر نەچچە كۈننى ئۆتكـۈزۈپ، ئۇنىڭ قولىغا يەنە مىڭ تەڭگە پۇلنى تۇتقۇزۇپتۇ — دە بازارغا چىقىرىپتۇ. بايۋەچچە دادىسىدىن مىڭ تەڭگە پۇلنى ئېلىپ ئىلگىرىكى تەجرىبىسى بويىچە بازار كۆرۈشكە چىقىپ يەنە ھېلىقى يەرگە بېرىپ قاپتۇ.

قارىسا ئۇ يەردىكى بىر توپ باللار بۇ نۆۋەت بىر ئاسلاننى تۇتۇۋېلىپ ئۇنى سۆرەپ قېيناپ ئويناۋاتقان. ئۇنىڭ ھالىمۇ كۈچۈكنىڭكىدىن بەتتەر يامان ئىكەن. بايۋەچچىنىڭ ئۇنىمۇ سېتىۋالغىسى كەپتۇ. دەرھال ئۇلار بىلەن سودىلىشىپ مىڭ تەڭگىگە باھاسىنى توختىتىپ سېتىۋاپتۇ.

باي بۇ نۆۋەت ئوغلىدىن يوغان تامادا ئىكەن. «تامانىڭ ئاخىرى كاما» دېگەندەك ئىش بوپتۇ. بۇ نۆۋەت باي، ئوغلىنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئاسلىنىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قاپتۇ. ئاخىرى ئۇ، باي: «مەرتەم، مەرتەم ئۈچ مەرتەم» دەپ ئۇنىڭ قولىغا يەنە ئۈچ مىڭ تەڭگە پۇل تۇتقۇزۇپتۇ. شۇ چاغدا بايۋەچچە دادىسىغا:

— دادا! مەن ھەر نۆۋەت بازاردىن سېتىۋېلىپ كەلگەن نەرسىنى سەن زادىلا ياقتۇرمايسەن. بۇنىڭدىن كېيىن ئالىدىغان نەرسىنى سەن ئۆزۈڭ ئېيتىپ بەرگىن! مەن پەقەت شۇ نەرسىنىلا ئالاي! — دەپتۇ.

باي ئويلىنىپ:

— ھەي ئەخمەق بالام! — دەپتۇ، — سەن بازارغا چىق. ئۇ يەردە نېمە

كەمچىل نېمە ئاز تېپىلسا، ياكى يوق بولسا شۇنى ئال. نېمە كۆپ بولسا سەن ئۇنىڭغا تەگمە.

بايۋەچچە بۇ قېتىم كوچىغا چىقىپ بازار، رەستىلەرنى بىر ئايلىنىپتۇ. ھەممە نەرسىگە تەپ - تەكشى قاراپتۇ. ئاز - كۆپلىكىنى سېلىشتۇرۇپ چىقىپتۇ. ئاخىر دادىسىنىڭ: «بازاردا نېمە كەمچىل ياكى يوق بولسا شۇنى ئال!» دېگەن سۆزىنى قۇلاقتا چىڭ تۇتۇپ: «بازاردا ھازىر كەمچىل نەرسە نېمە؟ ···» دەپ ئىزلەپتۇ. شۇنداق ئىزلەپ يۈرۈپ يەنە بايىقى مىڭ تەڭگىلىك بازارغا بېرىپ قاپتۇ.

بۇ نۆۋەت بالىلار ئۇ يەردە بىر يىلاننىڭ بالىسىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭ قۇيرىقىدىن باغلاپ: «ئاتە، ئات! ···» دەپ ئاسمانغا ئېتىپ ئويناۋاتقان ئىكەن. ئۇ: «ئېھتىمال دادامنىڭ بازاردا كەم نەرسە» دەپ ئاتىغىنى مۇشۇ يىلاننىڭ بالىسى بولسا كېرەك. توغرا، بۇنداق نەرسىلەرنى كىشىلەر ئاسانلىقچە بازارغا ساتقىلى ئېلىپ كىرمەيدۇ.» دەپ ئويلاپ دەرھال بالىلاردىن ئۇنىڭ باھاسىنى سوراپتۇ.

بۇ يەردىكى بالىلار، بايۋەچچىنىڭ «مىڭ تەڭگە» سىگە ئۆگىنىپ قالغان ئىكەن. شۇڭا ئۇلار بايۋەچچە يىلاننىڭ باھاسىنى سورىشى بىلەن دەرھاللا ھەممىسى بىر ئېغىزدىن «مىڭ تەڭگە» دەپ باھا قويۇپتۇ. بايۋەچچە:

— مانا مىڭ تەڭگە! — دەپ پۇلنى ساناپ بېرىپ، ئۇنىمۇ سېتىۋاپتۇ ۋە ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ. دادىسى ئوغلىنىڭ قولىدا يىلاننىڭ بالىسىنى كۆرۈپ، بۇنىمۇ مىڭ تەڭگىگە سېتىۋالغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئوغلىنىڭ بۇ ئىشىغا ناھايىتى غەزەپلىنىپتۇ.

— سەن ئەخماق ھارىمى! كىمنىمۇ دورىغانسەن؟ مېنىڭ تۆت مىڭ تەڭگە پۇلۇمنى يوق قىلدىڭ. ئەمدى سېنىڭدىن ئېشىپ مېنىڭ قولۇمدا قالغان پۇللار مەن ئۆلگەندىن كېيىن كىمگە قالسا شۇنىڭغا قالسۇن. ساڭا مەن پۇل تۇتقۇزمايمەن. مېنىڭ ساڭا ئوخشاش بالامۇ يوق. بۇ نېمىلىرىڭ بىلەن قەيەرگە بارساڭ شۇ يەرگە بار. چىق ئۆيدىن، ئىككىنچى قېتىم بۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ مېنىڭ بوسۇغامدىن ئاتلىغۇچى بولما! ھازىرلا يوقال! كۆزۈمدىن يوت! — دەپ ئۇنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

بايۋەچچە ئۆزى سېتىۋالغان بۇ نەرسىلەرى بىلەن ئۆيدىن قوغلىنىپ چىققان بويى بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ.

## پادىشاھلىق

بايۋەچچە چۆل، دەشتلەرنى، جاڭگال - باياۋانلارنى ئارىلاپ يول يۈرۈپتۇ. يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. بۇ يوللاردا كۈچۈك، ئاسلان، يىلاننىڭ بالىسى ئۇنىڭغا ياخشى ھەمرا بوپتۇ. ئۇلار سەپەر ئۈستىدە قورسىقى ئاچسا ياۋا مېۋە يەپتۇ. مېۋە يوق يەرلەردە گىياھلارنىڭ يىلتىزىنى كولاپ يەپتۇ. تەشنالىق قىستىغاندا يامغۇر سۈيىنى ئىچىپتۇ. بۇ خىل ئەھۋال بەزىدە بايۋەچچىنى خېلى ئېغىر غەمگە سېپتۇ.

كەچ كىرىپ ئۇخلىغاندا، كۈچۈك ئۇخلىماستىن گۈزەت قىلىدىكەن. كۈندۈزى كۆزىگە بىرەر نەرسە كۆرۈنسە چېپىــــپ يۈرۈپ قاۋاپ يۈراپ باقىدىكەن. بەزىدە بايۋەچچە بىلەن ئازغان، تىكەن ۋە باشقا دەرەخلەرنىڭ مونچاقلىرىنىمۇ تېرىپ يەپتۇ. بۇنىڭ بەزىلىرى ئۇلارغا سىڭسە ۋە بەزىلىرى سىڭمەپتۇ. بەزىلىرى ئۇنىڭ قورسىقىنى ئاغرىتىپتۇ. ئۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي يۈرىدىكەن.

ئۇلار ئاخىر بىر قۇمۇشلۇققا كىرىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا بايۋەچچە قويىنىغا سېلىۋالغان يىلاننىڭ بالىسى ئۇنىڭ قويىنىدىن بېشىنى چىقىرىپ بايۋەچچىگە قاراپتۇ. ئۇ، بىردىنلا ئادەمدەك تىلغا كېلىپ:

— ئەي بايۋەچچە! سەن نېمە ئۈچۈن شۇنچە غەمكىــن؟ ! — دەپ سوراپتۇ.

بايۋەچچە ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن كېيىن كۈنلىرىنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى ئويلاپ شۇنداق غەم يەۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. يىلاننىڭ بالىسى بايۋەچچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئەي بايۋەچچە! بۇنىڭغىمۇ شۇنچە غەم يېگەن بارمۇ؟ مەن يىلانلارنىڭ پادىشاھى — شاھى مارانىنىڭ بالىسىمەن. مېنىڭ ئاتامنىــى يەر يۈزىدە بىلمەيدىغان ئادىمىزات ۋە ھايۋانات يوق. مەن بىلىمەن. سەن مېنىــى

سېتىۋېلىپ قۇتۇلدۇرغىنىڭ ئۈچۈن، ئاتاڭنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قوغلاندى بولدۇڭ. سېنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىڭغا مېنىڭمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ. سەن ھەقىقەتەن مەن ئۈچۈن جىق جاپا چەكتىڭ. يەنە ئازراقلا ماڭساڭ مانا بۇ كۆرۈنگەن قۇملۇققا چىقىسەن. قۇملۇقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دۆڭلۈكتە ئاتامنىڭ ئوردىسى بار. سەن مېنى شۇ يەرگە يېقىن ئاپىرىپ قويۇپ كەتسەڭ، مەن ئاتامنىڭ ئالدىغا كىرىپ ھەممە ئەھۋالنى ئۇنىڭغا تولۇق بايان قىلىمەن. مېنىڭ ئاتام باشقىلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى بىلىدىغان ناھايىتى ئالىيجاناپ، ھىممەتلىك، مەرد پادىشاھ، ئۇ، سېنى ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالىدۇ.

ئەگەر يۇرتۇڭغا قايتماقچى بولساڭ، سېنى ئۇھەر قانداق ۋاقىتتا قۇرۇق قول يولغا سېلىپ قويمايدۇ. مۇبادا تەلىيىڭ ئوڭدىن كېلىپ قالسا ئاتام سەندىن:

— ئەي بايۋەچچە، سەن مەندىن خاتىرە ئۈچۈن بىرەر نەرسە سورىغىن، — دەيدۇ.

سەن ئۇ چاغدا ئاتامدىن تەپ تارتماي تۇرۇپ:

— ئەي كەرەملىك شاھ! مەن سىزدىن بىر نەرسىنى سورىماقچىدىم. ئەمما ئۆز بېشىمدىن قورقىمەن! — دەپ جىم تۇر! ئەگەر دادام:

— سەن قورقما! مەندىن قانداق نەرسىنى سوراشنى خالىساڭ سورا. مەن ساڭا سورىغان نەرسەڭنى بېرىمەن! — دېسە ئىشىكنىڭ ئوڭىغا تارتقىنى شۇ. سەن قورقماستىن تۇرۇپ.

— ئەي كەرەملىك شاھ! بېشىڭىزدىكى مۆڭگۈزىڭىزنى سورايمەن، دېگىن. ئاتامنىڭ مۆڭگۈزى سېنىڭ قولۇڭغا كىرسە سېنىڭ ھەممە ئىشىڭ ئۆزلىكىدىن يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. سەن نېمىنى ئارزۇ قىلساڭ، شۇ سېنىڭ قولۇڭغا كىرىدۇ، — دەپ ئۆگىتىپتۇ.

مىس باش بايۋەچچە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بىر ئاز ئويغا چۆمۈپتۇ. بۇ ئىشنىڭ خەۋپىدىن ئەندىشە قىپتۇ. كېيىن «تەۋەككۈل» دەپ بېشىغا كۆتۈرۈپ يىلان شاھزادىسى كۆرسەتكەن قۇمۇشلۇقنىڭ ئۇ تەرىپىگە قاراپتۇ.

ئۇ يەردىكى قۇملۇق كۆز يەتكۈسىز بىر مەيداندەك چوڭ كۆرۈنۈپتۇ.

قارىسا ئۇ يەردە ئاپتاپقا قاخلىنىپ يېتىپ كەتكەن يىلانلارنىڭ سانى يوقتەك.

مىس باش بايۇەچچىنىڭ ئېسىگە كىچىكىدە موممىسىدىن ئاڭلىغان تىلسىماتلار ھەققىدىكى خىلمۇ - خىل چۆچەكلەر كەپتۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ شۇ چۆچەكتىكى غەلىتە ۋەقەلەر، قىياپەتلەر بىر - بىرلەپ ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەندەك بوپتۇ. ئۇنىڭ تېنى شۈركۈنۈپتۇ. ئۇ پېشىنى قىستۇرۇپ قاچماقچى بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ قوينىدىكى يىلان شاھزادىسى سىيرىلىپ يەرگە چۈشۈپتۇ. ئۇ يەنە بالدۇرقىدەك سۆزلەر بىلەن بايۇەچچىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپتۇ.

كېيىن:

— ئەگەر سىز ئۇ يەرگە بېرىشتىن قورقسىڭىز مۇشۇ يەردە ئارام ئېلىپ تۇرۇڭ. مانا بۇ كۆرۈنۈپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئاتامنىڭ لەشكەرلىرى، ئەنە شۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ تاشنىڭ يېنىدا ئاتامنىڭ ئوردىسى بار. مەن سىزدىن بۇرۇن ئاتامنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئۇنىڭغا سىز توغرىلىق خەۋەر قىلاي، ئاتامنىڭ ئىجازىتىدىن كېيىن مەن سىزنى ئۇ يەرگە باشلاپ باراي! — دەپتۇ.

مىس باش بايۇەچچە بۇ مەسلىھەتكە ماقۇل بوپتۇ. شاھزادە ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇپ، ئۆزى دادىسىنىڭ ئوردىسى تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كېتىپتۇ. ئۇ كۆشۈلداپ يىلانلارنىڭ قېشىغا يېتىپ بارغاندا ئاپتاپقا قاخلىنىپ ياتقان يىلانلار ئۆزلىكىدىن ئۇنىڭغا يول ئېچىپ بېرىپتۇ. شاھزادە ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكىچە ھەممە يىلانلار ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرۇپتۇ. شاھزادە ئاتىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭغا ئۆز بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى مانا بۇنداق سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئەي مېھرىبان دادا! مەن سىزنىڭ ھوزۇرىڭىزدىن چىقىپ ساياھەت قىلىش ئۈچۈن دەريامۇ - دەريا كېزىپ يۈرۈپ تاماشا قىلىۋاتاتتىم. كېتىپ بېرىپ ئۇقۇشماستىن بىر كىچىك ئېرىققا كىرىپ قاپتىمەن. بىر قانچە ئۇششاق بالىلار مېنى تۇتىۋېلىپ قۇيرىقىمدىن باغلاپ ئاسمانغا ئېتىپ ئويناپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشقا ئازلا قالغان ئىدى.

شۇ چاغدا بىزنىڭ ئۇستىمىزگە ئۇشتۇمتۇتلا بىر يىگىت كېلىپ قېلىپ

ماڭا ئىچىنى ئاغرىتتى. ھېلىقى رەھىمسىز باللاردىن مېنى مىلى تەڭگىگە سېتىۋېلىپ ئۆلۈمدىن ئازاد قىلىپ قۇتۇلدۇرۇۋالدى. ئۇ يىگىتنى مۇشۇ سەۋەبتىن ئاتىسى ئۆيدىن ھەيداپ چىقاردى. نەچچە كۈندىن بېرى ئۇ يىگىت بىچارە ئاچ - توق قېلىپ جاپا تارتىسمۇ مېنى تاشلىۋەتمەي بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى. ئۇ ھازىرمۇ ئاچ - زېرىن بەك ئاۋارە، تاشقىرىدا سىزنىڭ كەرەملىك ئىلتىپاتىڭىزغا سېغىنىپ تۇرماقتا، — دەپتۇ.

يىلانلار شاھى (شاھى ماران) بالىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— ئەي بالام! سەن بىلمەيسەن! ھېچقاچان ئادەمزات نەسلىدىن بىزگە ياخشىلىق كەلگەن ئەمەس. بۇ بالىنىڭ ئىشى بىر تەساددىپىي ئەھۋالدۇر، ياكى بولمىسا، سەن ئارقىلىق مەندىن چوڭراق كۈتىدىغىنى باردۇر. سەن بۇنى ياخشىلىق دەپ قارىما! ئۇنىڭ بۇنداق ھىيلىسىگە ئالدانما! مۇبادا ئالدانساڭ بىز ناھايىتى چوڭ زىيان تارتىمىز! — دەپتۇ.

شۇ چاغدا شاھزادە ئاتىسىغا:

— ئەي ئاتا! بۇ ھەقىقەتەن بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىش، ماڭا قىلىنغان ھەقىقى ۋە سەمىمى ياردەم، بۇنىڭدا مەن ئالدىنىپ زىيان تارتقىدەك بىرەر مەخپىي ئىش يوق. ئەگەر ئۇ مېنى ئۆزى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلمەي، باشقا بىر يولنى تاللىغان بولسا، ئۇچاغدا مېنى سىز سەن ئالدانما دېسىڭىز بولاتتى. لېكىن ئاتىسى ئۇنى مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئۆيدىن ھەيداپ چىقاردى. ئۇ بولسا مېنى مىلى جاپا - مۇشەققەت بىلەن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ قويۇپ بەردى، بۇنىڭدا ھېچبىر ئالدامچىلىق يوق. بۇ ئىش مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ھەقىقىي راست ۋە ئېنىق ئىش، بۇنىڭدا ھېچقانداق يامان غەرەز يوق! — دەپتۇ.

يىلانلار شاھى ئوغلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بىردەم ئويلىنىپتۇ. كېيىن ئۇ بالىسىغا قاراپ:

— بوپتۇ. ئۇ ساڭا غەرەزسىز ياردەم قىلغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنى بۇ يەرگە ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ئىكەن، مەنمۇ ئۇنى ئىززەتلەپ ئادىمىزاتتەك مېھمان قىلاي. ئوردىغا باشلاپ كىر! — دەپتۇ.

ئاتىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئاڭلىغان شاھزادە ئوردىدىن سىرتىغا چىقىپتۇ.

مىس باش يىگىتنىڭ قېشىغا بېرىپ خاتىرجەم قىلىپ، ئۇنى ئوردىغا باشلاپ ئېلىپ كىرىپتۇ. مىس باش بالا شاھزادىنىڭ تەلىمى بىلەن يىلانلار شاھىغا تەزىم قىلىپ تىز پۈكۈپتۇ.

ئىلانلار شاھى يېنىدىكىلىرىگە قاراپ، بۇ يىگىتنى مېھمان قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. يىلانلار ئۇنىڭ ئالدىغا ھۆل ۋە قۇرۇق مېۋىلەرنى دۆۋىلەپ تىزىپ قويۇپتۇ. مىس باش بالا قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. شۇ چاغدا يىلانلار شاھى ئۇنىڭغا:

— ئەي يىگىت! سەن مېنىڭ بالامغا كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلىپسەن. بۇ يەرگە ئۆزەڭ بىللە ئېلىپ كېلىپسەن. ئەمدى سەن مېنىڭ ئالدىمدىنمۇ قۇرۇق قايتما! سەن مېنىڭ بالامغا قىلغان شۇنچە كۆپ ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن مېنىڭدىنمۇ بىرەر نەرسە سورا! مەن سېنىڭ سورىغىنىڭنى بېرىمەن! —دەپتۇ.

مىس باش بالا بولسا شاھزادىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە:

— ئەي كەرەملىك شاھىم! مەن ئۆز بېشىمدىن قورقىمەن! — دەپ جاۋاب بېرىپ يەرگە قاراپ تورۇپتۇ.

ئىلانلار شاھى:

—ئەي يىگىت، قورقما! ھەر قانداق تەلىپىڭ بولسا دېگىن! مەن سېنىڭ دېگىنىڭنى ھەل قىلىپ بېرىمەن! — دەپتۇ.

يىلانلار شاھىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مىس باش بالا:

— ئەي كەرەملىك پادىشاھى ئالەم! مەن سىزدىن بېشىڭىزدىكى خاسىيەتلىك مۇڭگۈزىڭىزنى سورايمەن! — دەپتۇ.

يىلانلار شاھى بالىسىغا غەزەپ بىلەن قاراپتۇ.

— بالام! مەن سىزگە تېخى ھازىرلا «ئادەم نەسلىدىن بىزگە ۋاپا كەلمەيدۇ!» دېمىگەنمۇ؟ بىراق ۋاقىت ئۆتتى، مەن بۇنىڭغا ۋەدە بەرگەن ئىكەنمەن، كېرەك يوق، ۋەدەمگە ۋاپا قىلىپ سورىغىنىنى بېرەي. — دەپ بېشىدىن مۇڭگۈزىنى ئېلىپ تاشلاپ بېرىپتۇ.

مىس باش بالا شاھ ئالدىدىن چىقىپ مېڭىش ئالدىدا شاھزادە بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئۇ مىس باشقا دادىسىنىڭ مۇڭگۈزىنىڭ ھەممە خاسىيەتلىرىنى

ئوبدان چۈشەندۈرۈپ قويۇپتۇ.

ئۇ مۇڭگۇزنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۇقۇپ خېلىلا پەملىك بولۇپ قاپتۇ. ئۇ بىر كۈنى پايانسىز بىر چۆلدە كېتىۋېتىپ ئۇ يەرگە بىر شەھەر بىنا قىلدۇرماقچى بوپتۇ. بىر تۈز يەرنى تېپىپ ئۇنىڭغا قولىدىكى تاياق بىلەن چوڭ ۋە ئاۋات بىر شەھەرنىڭ شەكلىنى سىزىپتۇ.

ئويى كوچا، دۆڭ كوچا، خالتا كوچا، كالتە كوچا، تۆت كوچا، قاسساپ بازىرى، چوڭ رەستە، كىچىك رەستە، جارسۇ قاتارلىق شەھەرنىڭ ھەممە كۆرىنىشىنى ئۇ شەكىلگە سىزىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ:

— ئىشىم ئاش بولسۇن! بېشىم باش بولسۇن! ئوڭ قولۇمدا ئەڭگۈشتىرىم بولسۇن! شۇ چۆللۈكتە ئاشپەز، ناۋاي، قاسساپ، مانتىپەز، كاۋاپچى، سامسىپەز، سودىگەر، ئېلىپ ـ ساتارلىرى بار چوڭ ۋە ئاۋات بىر شەھەر بىنا بولسۇن! — دەپ يىلان مۇڭگۇزىنى بېشىغا قويۇپ يېتىپ ئۇخلاپتۇ.

بىر ۋاقىتتا ئويغىنىپ بېشىنى شۇنداق كۆتۈرۈپ قارىسا، ئۆزىنى ناھايىتى بەك ئازادە شەھەرنىڭ ئىچىدە كۆرۈپتۇ.

ھەر تەرەپتە كاسىپلار ئۆز مېلىنى ماختاپ خېرىدار قىچقىرىۋاتقان، خېرىدارلارمۇ ئەرزان، سېپتە ۋە پىششىق ماللارنى ئېلىش ئۈچۈن خېرىدا تاللاپ يۈرگىدەك، كوچىلاردىكى ئادەملەرنىڭ كۆپلىكىدىن ئەركىنغىنا يول يۈرگىلى بولماس ئىمىش.

مىس باش يىگىت شۇنداق قارىسا، بۇ شەھەر ئىچىدە پادشاھ ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ۋە ئاجايىپ كىلىشكەن بىر ئوردىمۇ بىنا قىلىنغىلىق تۇرغىدەك.

شۇ كۈنى شەھەرنىڭ بارلىق پۇخرالىرى، ئاھالىلىرى مەسلىھەتلىشىپ ئۆزلىرىگە بىر كىشىنى پادشاھ سايلىماقچى بوپتۇ. ئاخىر ھەممىسى بىرلىككە كېلىپ بۇ شەھەرنى بىنا قىلدۇرغان مىس باش يىگىتنى ئۆزلىرىگە پادشاھ قىلىپ كۆتۈرۈپتۇ. مىس باش يىگىت يىلان مۇڭگۇزىنىڭ خاسىيىتىدىن شەھەر بىنا قىلىپ شاھلىق تەختىگە چىققان كۈندىن باشلاپ ئۇ مۇڭگۇزنى ناھايىتى قەدىرلەپتۇ. خەلق ئىشلىرىغىمۇ ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈپ ئالدىغا كەلگەن دەۋا ۋە ماجىرالارنى ئادالەت بىلەن سوراپ توغرا بىر تەرەپ قىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

خەلقمۇ ئۇنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى ئالقىشلاپتۇ. بۇ كۈنلەردە، ئۇ، يىلان مۈڭگۈزىنى ئۆزىنىڭ قولىدىكى ئەڭگۈشتەرىگە ئورناتقۇزۇۋاپتۇ.

بىر كۈنى، ئۇردا دانىشمەنلىرى، شەھەر ئاقساقاللىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مىس باش پادىشاھنى ئۆيلەپ قويماقچى بوپتۇ. بىراق ئۇنىڭغا لايىق قىز تاپالماپتۇ. شۇ ئارىدا ئۇلارغا يېقىن ئەتراپتىكى بىر پادىشاھنىڭ بويىغا يەتكەن بىر قىزى بارلىقى ئۇلارغا مەلۇم بولۇپ قاپتۇ. تەرىپلەرگە قارىغاندا ئۇ قىزنىڭ ھۆسنى ـ جامالىدىن ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاي خىجالەتتە ئىكەن.

ئۇ قىزنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بىر قانچە مەملىكەتنىڭ پادىشاھلىرى ئۇنىڭغا ئەلچىلەر ئەۋەتكەن ئىكەن. لېكىن ئۇ قىز ناھايىتى پەم ـ پاراسەتلىك، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بەكمۇ ساددا ئۆسكەن قىز بولغاچقا، ئۇلارنى ھەر بىرىدىن بىر قۇسۇر تېپىپ ئۆزىگە يېقىن يولاتمىغان ۋە ئۇلارنىڭ تەلەپ سوۋغا ـ سالاملىرىنى قوبۇل قىلماي ياندۇرغان ئىكەن.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەسلىھەتلىشىپ بۇ پادىشاھقا مانا مۇشۇ قىزنى لايىق كۆرۈپتۇ. ئۇلار ئەلچى ئەۋەتكەن ئىكەن، قىزنىڭ ئاتىسى قىزنى بەرمەپتۇ. مەلىكىمۇ بۇ ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلماپتۇ. ئاخىر ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ: «بۇ ئىشتا بىز پادىشاھىمىزنىڭ رايىغا قارايلى، بەلكى ئۇنىڭمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغىنى باردۇر.» دېگەن قارارغا كەپتۇ.

ئۇلار كېلىپ بۇ ئىشتىن پادىشاھنى خەۋەردار قىلىشىپتۇ. مىس باش پادىشاھ ئۇلاردىن پادشاھ قوشنىسىنىڭ قىزىنىڭ تەرىپ ـ تەۋسىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ چارىسىنى ئۆزى قىلماقچى بوپتۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كەلگەنلەرگە:

— سىلەرنىڭ بۇ مەسلىھەتىڭلار ناھايىتى ياخشى، ئەمما مېنىڭمۇ سۆزلىشىپ قويغان يېرىم بار. يېقىندا ئۇنىڭ ئۆزى بۇ شەھەرگە كېلىدۇ. توي مۇشۇ شەھەردە بولىدۇ. نىكاھمۇ ھەر قايسىڭلارنىڭ ئالدىدا ئوقۇلىدۇ. سىلەر يەنە بىر نەچچە كۈن سەۋرى قىلىپ ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار! — دەپ ئۇلارنى ياندۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۆزى خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ بىر ئاز ئويلىنىپتۇ. كېيىن:

— پالىم پال بولسۇن! ئىشىم، ئىش بولسۇن، كۆڭلۈم تىنچ بولسۇن، قولۇمدا ئەڭگۈشتىرىم بولسۇن. قوشنا مەملىكەت پادىشاھىنىڭ قىزى دەرھال مۇشۇ ئۆيگە ئۆزى كېلىپ ماڭا يار بولسۇن! — ... دەپتىكەن مەلىكە قىز خۇددى ئىچكىرىدىكى ئۆيدىن چىققاندەكلا مىس باش پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

مىس باش پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ: «بۇ ئىش مېنىڭ ئوڭۇممۇ ياكى چۈشۈممۇ؟!» دەپ داڭ قېتىپ، ھاڭ بېقىپ تۇرۇپ قاپتۇ. كېيىن ئۇ، ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ قارىسا، ئالدىدا تۇرغان مەلىكە ھەقىقەتەن راست قىز ئىكەن. ئۇنىڭ ھۆسنى ـ جامالى، تەققى ـ تۇرقى، قەددى ـ قامىتى، ئەدەپ ـ ئەخلاقى، كىشىلەردىن ئاڭلىغاندىنمۇ ئارتۇقلىقى بىلىنىپ تۇرغىدەك.

مىس باش پادىشاھ بۇ ئامەتتىن خۇش بولۇپتۇ. دەرھال جاكارچى چىقىرىپ ئەل ـ يۇرتقا يەتتە كېچە ـ كۈندۈز توي ـ تاماشا قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ، پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىغا ئاش تارتىپتۇ. توي ـ تاماشانىڭ يەتتىنچى كۈنى مىس باش پادىشاھ مەلىكە قىزنى نىكاھلاپ ئۆز ئەمرىگە ئاپتۇ. بۇ ئىشتىن شەھەر ئاھالىسى ئارىسىدا زور خۇشاللىق پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ ئوردىسىدا ئەدلى ـ ئادالەت كۈندىن ـ كۈنگە راۋاجلىنىپتۇ.

پادىشاھمۇ ھەر بىر ئىشنى قىلىشتا ئاھالىنىڭ پىكرى ۋە رايىغا قاراپ قىپتۇ. خەلق ھاياتىدا خاتىرجەملىك پەيدا بوپتۇ. بۇ ئىش بۇ يەردە شۇنداق بولۇپ تۇرسۇن. ئەمدى سۆزنى باشقا يەردىن ئاڭلايلى:

## سوقۇش ھەم جادۇگەرلىك

قىزنىڭ ئاتىسى بولغان شاھ ئۆز قىزىنىڭ تۇشتۇمتۇت غايىپ بولغانلىقىدىن بەك ئەنسىرەپ پەرىشان بوپتۇ. ھەر تەرەپكە جاسۇس ـ ئايغاقچىلارنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار ئىزدەپ يۈرۈپ پادىشاھنىڭ قىزىنى چۆلگە يېڭى سېلىنغان ئاۋات شەھەرنىڭ مىس باش پادىشاھى ئۆزىگە نىكاھ قىلدۇرۇۋالغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۇچۇن ئاھالىگە يەتتە كېچە ـ كۈندۈز توي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەنتەنىلىك مەرىكە قىلىپ بېرىپ كەچتاشا ئاش تارتقانلىقىنى بىلىشىپتۇ. قايتىپ بېرىپ بۇ ۋەقەنى ئۆز پادىشاھىغا مەلۇم قىپتۇ.

پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. ناھايىتى نۇرغۇن قوراللىق كۈچ توپلاپتۇ. ئۇ بۇ ئەسكىرىي كۈچنى ئېلىپ يېگى شەھەرنىڭ پادىشاھىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھاقارەتلەنگەن ئىززەت - ئابرويىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بوپتۇ. ئۇ شۇ مەقسەتتە يولغا چىقىپتۇ.

چۆلدىكى شەھەر خەلقى بىلەن ئوردا ئايغاقچىلىرى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، بۇ ھادىسىدىن ئۆز پادىشاھىنى خەۋەردار قىپتۇ. ئوردا ئەھلى ئۆز پادىشاھىغا تېزدىن كۈچ توپلاپ ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن تەييارلىنىشقا تەكلىپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى تولۇق ئاڭلاپتۇ. ئەمما بۇ پىكىرلەرگە ئىپادە بىلدۈرمەپتۇ. سەل چاغلاپ مەنىستىمىگەندەك قاراپتۇ. بۇ ئىشتىن خەلق ئىچىدە تەشۋىش ۋە قورقۇنچ پەيدا بوپتۇ.

قىزنىڭ ئاتىسى بولغان پادىشاھنى: «بۇگۈن ھە مانا بۇ يەرگە كەپتۇ، ئەتە پالانى يەرگە يېتىپ كېلىدىكەن. يېقىن كەپتۇ شەھەرگە بېسىپ كىرگىدەك.» دېگەن ۋەھىمىلىك سۆزلەر خەلق ئىچىدە خېلى كۆپىيىپ قاپتۇ. ئاخىر ئۇلار بۇ شەھەرگە بىر چاقىرىم كەلگىدەك يەرگە كېلىپ قالغاندا ئاھالە بۇ ئىشنى پادىشاھقا خەۋەر قىپتۇ.

پادىشاھ بۇ ئىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ئۆزۈم چىقىپ كۆرىمەن» دەپ ئۆزى يالغۇز شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپتۇ. ئۇ قارىسا راست دېگەندەك پۈتۈن شەھەر تۆت تەرەپتىن قامال قىلىنغان. ئۇنىڭغا بۇ قوشۇننىڭ سانىنى بىلىشمۇ ناھايىتى قىيىن تۇيۇلۇپتۇ.

ئۇ، بۇلارنىڭ ئەپتىگە قاراپ ئەگەر ئۇلار بۇ شەھەرگە ھۇجۇم قىلسا پۈتۈن شەھەرنى بىر سائەتكە قالماي خارابىلىققا ئايلاندۇرۇپ قويۇشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى ھېس قىپتۇ. مىس باش پادىشاھ بۇلارغا ھازىر ئۆزىدە بار ئەسكەرلەر بىلەن تاقابىل تۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپتۇ. ئۇ، ئۆزى يالغۇز بۇ ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغاندا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسى

توساتتىنلا:

— ھە ... مانا بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئۆزى يالغۇز بىزنى كۆرگىلى چىقىپتۇ. قاراڭلار! بىزنى كۆزگە ئىلمىغىنىنى، يۈرىكى قاپتەك بار ئىكەن. ئۇنىڭغا تېزدىن ھۇجۇم قىلىپ ئۆزۈڭلارنى بىر تونۇتۇپ قويۇڭلار! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

بىرلا ۋاقىتتا بۇنىڭغا ئەگىشىپ ھەر تەرەپتىن چۇقان كۆتۈرۈلۈپتۇ. بۇ چۇقاننىڭ ۋەھىمىسى پۈتۈن شەھەرنى تىترىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا پادىشاھنىڭ بېشىغا ھەر تەرەپتىن تۆمۈر، توخماق، نەيزە، قىلىچ، ئوقيالار توغرىلىنىپتۇ. بۇ ئالامەتلەرنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ بېشىغا دەرھال بىر پىكىر كەپتۇ. ئۇ خاتىرجەم ھالدا تۇرۇپ:

— پالىم پال بولسۇن! دوشمىنىم ئوسال بولسۇن! قولۇمدا ئەڭگۈشتىرىم بولسۇن! ماڭغانلار تۇرۇپ قالسۇن! بۇ لەشكەرلەرنىڭ ماڭا ۋە مېنىڭ شەھىرىمگە قارىتىپ دۈشمەنلىك بىلەن قوللىرىغا قورال ئالغانلىرىنىڭ ھەممىسى قورال ـ ياراقلىرى بىلەن ئۆز ئورنىدا مىدىرلىماي قېتىپلا تۇرۇپ قالسۇن! — دەپتۇ.

مىس باش پادىشاھنىڭ شەھىرىگە قارشى دۈشمەنلىك بىلەن قولىغا قورال ـ ياراق ئالغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئورنىدا شىنىدەك قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىغا بۇ شەھەر خۇددى قونچاقلارنىڭ ئارىسىدا مۇھاسىرىدە تۇرۇپ قالغاندەك كۆرۈنۈپتۇ. شەھەر ئاھالىسى ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇ. ئەمما باستۇرۇپ كەلگەن قوشۇننىڭ باشلىقلىرى بىلەن پادىشاھى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز قاققان قوزۇقتەك مىدىرلىماي تۇرۇپتۇ. ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن سۆزلىشەلەيدىكەن، تائام يېيەلەيدىكەن، ئالدىغا ماڭالمايدىكەن، ئارقىسىغا يانالمايدىكەن، ئورۇش قىلالمايدىكەن، ئۇلار ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزنى شۇنداق ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ شەھەرگە ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئىشىنىڭ شۇنچىلىكىدە بۇ يەردىن ساق سالامەت قايتىپ كېتىشنى ئويلىشىپتۇ.

ئۇلارنىڭ پادىشاھىسى ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردىن قايتىپ كېتىش

مۇددىئاسىنى مىس باش پادشاھقا ئۇختۇرۇپتۇ. مىس باش پادشاھ ئۇلارنىڭ بۇ ئۆتۈنۈشىنى لايىق كۆرۈپ:

— پالىم پال بولسۇن! دۈشمەنگە زاۋال بولسۇن! قولۇمدا ئەگۈشتىرىم بولسۇن! شەھەرنى قامال قىلغان قارشى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى ئارقىسىغا يانسا يول بولسۇن! شەھەرگە قاراپ ئاياق باسمىسۇن! — دەپتۇ.

شۇ ھامان شاھ باشلىق ھەممىسى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مېڭىپتۇ، ئۇلار ئاتلىرىنىڭ بېشىنى شەھەر تەرەپكە قارىتىپ بۇرىغان ئىكەن بۇرالماپتۇ ۋە ماڭالماپتۇ. ئىلاجسىز ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز شەھىرىگە قايتىپ بېرىپتۇ.

پادشاھ ئوردىسىغا كىرىپلا ساراي ئەرباپلىرىنى يىغىپتۇ. بۇ ئىشنى ئۇلارمۇ جادۇگەرلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلمىسا ئۇلارغا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ تىنچىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادشاھ ئۆزىگە تەۋە يەرلەردىن جادۇگەرلەرنى ئىزلەپتۇ.

بۇ شەھەردە ھىيلە - مىكرى بىلەن ئاتىقى چىققان بىر مەككار كەمپىر بار ئىكەن. شاھنىڭ كىشىلىرى ئىزدەپ يۈرۈپ شۇنى تېپىپتۇ، پادشاھ ئۇنى ئۆز ئالدىغا چاقىرىپ پۈتۈن ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىپتۇ.

— ھېلىغۇ بىرلا مىس باش پادشاھ ئىكەن. پۈتۈن يەر يۈزىنى ئەنە شۇنداق مىس باشلار قاپلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنى بىخىدىن يوقۇتۇش مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ. — دەپ ئۇ مەككار پو ئېتىپ شاھنى ئىشەندۇرۇپتۇ.

بۇ مەككار دەللە ئوردىدىن چىقىپ يولغا چۈشۈپتۇ. ئۇ بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ ھېلىقى چۆلگە بىنا قىلىنغان يېڭى شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. دەسلەپتە ئۇ شەھەرگە كىرمەي شەھەر ئەتراپىدىكى جاڭگاللىقلاردا تىمىسقىلاپ يۈرۈپتۇ.

ئۇ، ئۆزىگە يولۇققان كىشىلەرگە ئۆزىنى ناھايىتى كامالەتكە يەتكەن تەقۋادار بۇۋى قىلىپ كۆرسىتىپتۇ. كىشىلەرنىڭ قارىسىنى كۆرگەن ھامان ئىبادەت قىلغان كىشى بولىۋېلىپ شەھەر ئىچىدە ئۆزى توغرىسىدا ياخشى گەپ - سۆز تارقىتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي يېڭى شەھەر ئىچىگە بۇ بۇۋىنىڭ نامى تارقىلىپتۇ، ئىككى ئادەم بىر يەردە بولسا ئۇنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى بىر

ـ بىرىگە ئېيتىپ تەربىي قىلىدىغان بوپتۇ.
بەزى كىشىلەر ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ ئاز ـ تولا نەزىر ـ نىيازلىرىنى بېرىپ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئاپتۇ، بەزىلەر ھەتتا ئۇنىڭ قانداقتۇ ئىـــشلار توغرىسىدا كۆرسەتكەن كارامەتلىرىنى كۆرگەندەك بوپتۇ. يەنە بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ شەھەردىكى پىتنە ـ پاساتلار، گۇناھلاردىن قېچىپ شەھەر ئەتراپىغا چىقىپ جاڭگالدا ئەلنىڭ كۆزىدىن پىنھان تۇرۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىشىپ سۆز تارقىتىپتۇ.
ئارىدىن بىر ـ ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن توساتتىنلا ئۇ، شەھەردە پەيدا بولۇپ ئۇچرىغانلارغا: «شاھىنىڭ ئۆلۈغ كىشىلەردىن ئىكەنلىكى » نى ئېيتىپ ھەر كۈنى سەھەردە كېلىپ ئوردا ۋە سارايلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا سۇ چېچىپ سۈپىرىدىغان بولۇپ قاپتۇ.
ئۇنىڭ بۇ ئىشى مىس باش پادىشاھنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قاپتۇ، يەنە بىر كۈنى مىس باش پادىشاھ بۇ خوتۇننى يەر سۈپۈرىۋاتقان ھالدا كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىغان ئىكەن، ئۇ خوتۇن:
— مەن بولسام دۇنيانىڭ مېھرىدىن كەچكەن، تەركىدۇنيالىق قىلىپ پەقەت ئاخىرەت ئۈچۈن ئويلايدىغان ۋە ئىشلەيدىغان كىشى ئىدىم، ئۆي ماكانىنىڭ ماڭا كېرىكى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن چۆل ـ باياۋاندا، جاڭگالدا ـ ئورماندا ئىبادەت قىلىپ يۈرەتتىم، يېقىندا بىر كېچىسى خىزىر ئەلەيھىسسالام چۈشۈمدە نامايان بولدى. ئۇ زات ماڭا جانابىڭىزنى كۆرسىتىپ: «سەن شۇ پادىشاھنىڭ ئىشىكىدە خىزمەت قىل!»، ئۇ بولسا خىسلەتلىك كىشى. قاچان سېنىڭ خىزمىتىڭ شۇ پادىشاھقا يەتسە، قوبۇل بولسا ۋە ئەرزىسە، ئاللاتائالا سېنىڭمۇ بۇ دۇنيادىكى ھاجەتلىرىڭنى راۋا قىلىدۇ.» دەپ بىشارەت بەردى. مەن چۆچۈپ ئويغانسام بۇ چۈشۈم ئىكەن. ئەتراپىمنى خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇشبۇيلىرى قاپلاپ كېتىـــپتۇ. مەن مانا شۇ كۈندىن باشلاپ، بۇ يەرگە كېلىپ جانابلىرىنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ ئىچى ـ تېشى، ھويلا ـ ھەرەملىرى ۋە مۇبارەك ئاستانىلىرىنىڭ بوسۇغىـــلـــرىنـــى تازىلاپ سۈپۈرمەكتىمەن. ئەگەر ماڭا جانابلىرى ئىلتىپات قىلىـــپ ئۆزلـــرىگە ئەرزىگىدەك بىرەر خىزمەت بەرسىلە، مەن ئۇنى جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ

ئۆزلىرىنىڭ نەزەرلىرىدىن ئۆتتۈشنى خالايمەن. چۈنكى، ماڭا ئۇ دۇنيالىق كېرەك.

ئەگەر مەلىكىمىزنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىش نېسىپ بولسا، خىزمىتىنى قىلىپ يۈرۈپ «دۇئاسىنى ئېلىــــپ ئۆلۈپ كەتسەم كۆڭلۈمدە قىلچە ئارمان قالمايتتى.» دەپ كۆز يېشى قىپتۇ.

پادىشاھ ئۇنىڭدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— سەن ئېيتقان خىزىر ئەلەيھىسسالام دېگەن كىشى بۇ ھەقتە ماڭا بىرەر بىشارەت بەرگىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ مېنىڭ ھەرەمىمگە كىرىپ خىزمەت قىلىشىڭنىڭ ئورنىمۇ يوق. مېنىڭ خاس ھۇجرامدا ساڭا لايىق بىرەر خىزمەتمۇ يوق. سېنىڭ گەپ - سۆزۈڭگە قارىغاندا سەن ھازىر خىزمەت ئەمەس، ئىبادەت قىلغىنىڭ تۈزۈك. مېنىڭ ئۆيۈمدە ساڭا ئىبادەت قىلغىدەك جاي يوق. — دەپ ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىپتۇ.

مىس باش پادىشاھتىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان بۇ قۇۋ كەمپىر ئۆزىنىڭ ھىلىسىنىڭ ئىشقا ئاشمىغانلىقىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلىپ ئېچىنىشلىق ھالدا يىغلاپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ يىغىسىغا ئېتىبار بەرمەي ئۆيىگە قاراپ ماڭغان ئىكەن، شۇ سۆز ئۇستىگە يېتىپ كەلگەن مىس باش پادىشاھنىڭ باش ۋەزىرىنىڭ كەمپىرگە رەھمى كەپتۇ. ئۇ، بۇ ئايالنىڭ مەلىكىگە ھەمراھ بولۇشىنى ئىلتىماس قىپتۇ ۋە:

— ئايال ئايالنىڭ قاياشى. مەلىكىمىز يالغۇز. بۇ كىشى مەلىكىمىزگە ھەمراھ بولسا، خىزمىتىنى قىلسا، ئۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ بۇ ئىشنى ئۇنىڭ ئۆزى ئىلتىماس قىلماقتا! — دەپ تەزىم قىپتۇ.

مىس باش پادىشا ئىلاجسىز ئۇ، كەمپىرنىڭ ھەرەمگە كىرىشىگە رۇخسەت قىپتۇ. كەمپىر پادىشاھنىڭ ھەرەمخانىسىغا كىرگەندىن كېيىن، بىر ئايغىچە ھېچقانداق سىر بەرمەستىن ناھايىتى ئەييارلىق بىلەن ئۇستىلىق ئىشلىتىپتۇ. ئۆيىنىڭ ھەر قانداق خىزمىتىنى باش تارتماي ئەپچىللىك بىلەن قىپتۇ. ئىشتىن قولى بوشىغان ھامان ئۆزىنىڭ ئىبادىتىنى قىپتۇ.

بۇنىڭ ئىبادەتكارلىقىنى كۆرگەن مەلىكىنىڭمۇ ئۇنىڭغا ھۆرمىتى ئېشىپ ئىخلاسى كۈچىيىپتۇ. بۇنى سەزگەن كەمپىر بىر كۈنى ناھايىتى ئۇستىلىق

بىلەن ھىلە ـ مىكرىنى ئىشقا سېلىپ:

— ئەي مەلىكەم! خۇداياتائالا سىلىنىڭ تەلەيلىرىنى ئۇڭ، زۇگۇلىلىرىنى بەك چوڭ قىلىپ ياراتقان ئىكەن. ئۆزلىرىنىڭ بۇ خاسىيەتلىك پادىشاھىمىزنىڭ ئەمرىگە چۈشكەنلىكلىرىگە قانچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت بولدىكىن؟! — دەپ سوراپ گەپ ئالماقچى بوپتۇ.

— ئىككى يىل بولدى! — دەپ ساددىلىق بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ مەلىكە.

— قانداق يول بىلەن تونۇشۇپ قالدىلا؟! — دەپ سوراپتۇ كەمپىر.

— مەن ئۆز ئۆيۈمدە ئىدىم، بىر كۈنى شۇنداقلا ئورنۇمدىن تۇرغۇم كەلدى. تۇرۇپ ئىچكىرى ئۆيدىن تاشقىرى ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. بوسۇغىدىن ئۆتكەندە ئۆز ئۆيۈمدە ئىدىم. ئىشىكتىن كىرسەم مانا مۇشۇ ئۆي. بۇ يەرگە قانداق بولۇپ كېلىپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ تازا ياخشى بىلمەيمەن. — دەپتۇ مەلىكە ھەيرانلىق بىلەن.

— بۇ ئىشنىڭ سىرىنى پادىشاھتىن سوراپ كۆردىلىمۇ؟! — دەپتۇ كەمپىر ئۇستىلىق بىلەن قوۋلۇق ئىشلىتىپ.

— ياق!— ... دەپتۇ مەلىكە.

— ئۇنداق بولسا سىلەرنىڭ ئەر ـ خوتۇنچىلىقىڭلاردا ئانچىلا ئىشەنچ يوقكەن ـ ھە؟! — دەپتۇ كەمپىر.

— قانداقچە؟! — دەپتۇ مەلىكە ئەجەپلىنىپ.

— ئىشەنچلىك ئەر ـ خوتۇن بىر ـ بىرىگە ئۆزلىرىنىڭ ئىچ سىرىنى ئەلۋەتتە ئېيتىدۇ. — دەپتۇ كەمپىر مەلىكىدىن گەپ ئېلىپ.

— توغرا ئەمەس. بىزنىڭ ئارىلىقىمىزغا قىل سىغمايدۇ. لېكىن بۇ ئىشنى مەن ئۆزۈم سورىمىغان. سوراشنىمۇ ئويلىمىغان. — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەلىكە.

— سوراپ كۆرۈش كېرەك قىزىم، پادشاھ سىزگە ئىشەنمىسە ئېيتمايدۇ. ئىشەنسە بۇ ئىشنى ئەلۋەتتە ئېيتىپ بېرىدۇ. — دەپتۇ كەمپىر.

— خوپ سوراپ كۆرەي! — دەپتۇ مەلىكە.

*

ئۆي ئىچى جىمجىت ئىكەن. ئىشىكنىڭ ئاراشلىرىدىن سىرتقا كۆرۈنگەن چىراغنىڭ يورۇقىدىن خۇددى خوتەننىڭ بەقەسەملىرىدەك چىققان نۇرنىڭ شولىسى ئويناپ تۇرىدىكەن. ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئاڭلانغان مۇلايىمغىنا ئاۋاز ھەر قانداق كىشىگە تەسىر قىلماي قالمايدىكەن.

— قاشلىرى يېڭى چىققان ئايغا ئوخشايدىغان، ئالتۇندەك بېشى ساتراشنىڭ ئەرزىيىتىدىن خالاس بولغان، كۆزلىرى جەننەتنىڭ چىرىغىدەك روشەن ۋە نۇرلۇق، شېرىن سۆزى مېنى ئېرىتكەن، قەددى - قامىتى كېلىشكەن يىگىتىم مېنى ئۆزلىرى بۇ يەرگە قانداق قىلىپ ئىلىپ كەلدىلە؟ !

— دەپ سوراپتۇ مەلىكە مىس باش شاھ ئېرىدىن.

— سەن سورىما! مەنمۇ ئېيتماي، — دەپتۇ مىس باش.

— ياق بۇ ئىشنى مەنمۇ بىلەي! — دەپتۇ مەلىكە.

— چۈشىنەلمەيسەن! — دەپتۇ شاھ.

— ياق بۇ ئىشنى مەنمۇ بىلەي جېنىم! — دەپ قايتا يالدۇرۇپ ئەركىلەپ سوراپتۇ مەلىكە.

— چۈشىنەلمەيسەن! دېدىمغۇ؟

— مەيلى سۆزلەڭ، چۈشىنەلمىسەممۇ ئاڭلاي!

— مەندە ... ياق جېنىم بۇنى ئېيتمايمەن.

— بېشىنى سۆزلەپ ئايىغىنى يوشۇرامسىز؟

— ئىلاجىم يوق ... مەيلى بوپتۇ. دېسەممۇ دەي، مەندە يىلان مۈڭگۈزى بار، شۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن مەن ئارزۇ قىلغان ھەممە ئىشنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلالايمەن. سېنى مەن بۇ يەرگە ئەنە شۇنىڭ خاسىيىتى ۋە كۈچى بىلەن ئېلىپ كەلدىم جېنىم! ...

— بولدى مەن شۇنىلا بىلسەم بولدى. باشقىسىنىڭ كېرىكى، ئارتۇق گەپنىڭ ماڭا لازىمى يوق. ئۇ نەرسىنىڭ سىزدە بولغىنى بەك ياخشى ئىش.

— بۇ يوشۇرۇن سىر مەلىكەم، باشقا كىشى بىلمىسۇن.

— باشقا كىشىگە سۆزلىسەم ئۆلەي!

بىر پەستىن كېيىن چىراغ ئۆچۈپتۇ. ھەممە يەرنى قاراڭغۇلۇق

بېسىپتۇ.

*

باھار كۈنلىرىدىن بىرىنىڭ ئەتىگىنى ئىكەن، ئاپتاپ راۋاقنىڭ شەرقىي دېرىزىلىرىدىن ئۆزىنىڭ يېقىملىق نۇرلىرىنى ئۆيگە چاچماقتا ئىكەن. يۈزمىڭ تۇرلۇك ھىلە ـ نەيرەڭ، تۈمەنمىڭ تۇرلۇك ئوي ـ خىياللار بىلەن ئولتۇرغان كەمپىر بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— مەلىكەم! جېنىم بالام! مەيەگە كەلسىلە مەن مانا بۇ ئاپتاپتا باشلىرىنى بېقىپ قوياي. — دەپتۇ.

— بېشىمدا ھېچنېمە يوق! — دەپتۇ مەلىكەم.

— كېلىڭ قىزىم! ... مەيلى بېشىڭىزدا بىرەر نەرسە بولسۇن ياكى ھېچنېمە بولمىسۇن، باھارنىڭ ئاپتىپىدا توخۇمۇ بېرىپ كۆلگە ئېغنايدۇ. خوتۇنلارمۇ چىقىپ باش بېقىشىدۇ. ھال ـ مۇڭ ئېيتىشىدۇ. بىزدەك مومايلار سىزدەكلەرگە چۆچەك ئېيتىپ بېرىدۇ. مانا بۇ ئىشلار ئاتام زاماندىن بېرى بىزگە ئادەت بولۇپ كەلگەن، يار ئىش. سىز بىزدەك خوتۇنلارغا كۆپ ئارىلاشمىغان ھەم ياش. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ئىشلارنىڭ قەدرىنى بىلمەيسىز. — دەپتۇ كەمپىر لولىلىق بىلەن.

— مەيلى بىلمىسەم بوپتۇ!

— ياق! ئانداق دېمەڭ قىزىم.

كەمپىر مەلىكىنىڭ قولتىقىغا كىرىپتۇ. ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن سۆز قېتىپتۇ، گەپ ئېچىپتۇ ئاخىرى سۆز ئارىسىدا راسا پەيتىنى تېپىپتۇ. مەلىكىگە تېخىمۇ يېقىن كېلىپ ئولتۇرۇپ، مەلىكىنىڭ بۇ يەرگە قانداق قىلىپ كېلىپ قالغانلىقى ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ئاڭلىيالماي قالغان قىسمىنى سوراپ بىلىۋاپتۇ. سىر ئاشكارا بوپتۇ. ئەمدى كەمپىرنىڭ پىكرى ـ خىيالى خاسىيەتلىك يىلان مۇڭگۈزى جايلاشتۇرۇلغان ئەگكۈشتەر ئۈزۈكنى قولغا چۈشۈرۈشتە قاپتۇ.

— ۋاي مەلىكەم ئەرلەرگە زادىلا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. سىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئالدىڭىزدا ئۇ سىزنى «جېنىم، سۆيگىنىم، ئامراق خوتۇنۇم» دېگىنى بىلەن سىزنى ئۆز ئۆيىڭىزدە قويۇپ، ئۆزى يەنە باشقا بىر ئۆيگە چىقىپ يەنە كۆڭلى خالىغان مەلىكە قىزدىن بىرنى ياكى بىر نەچچىنى ئالدىغا ھازىر قىلىپ ئەيشى - ئىشرەت، كەيپ - ساپا قىلىشىۋېرىدۇ. ئىشنى تۈگىتىپ ئۇلارنى ئۆز جايىغا قايتۇرۇۋەتسە سىز ئۇنى بىلەلمەسسىز؟ سىزنىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنگىنىڭىز بىكارلا بىر گەپ. ئەڭ ياخشىسى، سىز ئۇنىڭدىن ھېلىقى ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ ئۇنى ئۆزىڭىز ساقلاڭ! — دەپتۇ كەمپىر.

— ھوي، شۇنداقمۇ قىلامدۇ؟ — دەپتۇ ساددا مەلىكە.

— قىلماي يەنە، سىزنى بىلمىدۇرمەي ئېلىپ كەلگەن ئەركىشىنى «ئۇنداق قىلمايدۇ! ...» دەپ كىممۇ ئېيتالايدۇ؟ ئۇ، خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەر ئۇنىڭلا قولىدا بولىدىكەن، ئۇ خالىغاننى قىلالايدۇ، ھەر قانداق ئىش ئۇنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

— ياق، مەن ئۇنى تالاشمايمەن. مېنىڭ ئېرىم باشقىلاردەك ئەمەس. ئۇ خېلى دىيانەتلىك پادىشاھ. مەن ئۇنىڭ قولىغا چۈشكىلى ئۈچ يىل بولدى. ئارىمىزدا قىلچىلىك گۇمانلىنىش ياكى تېرىقچىلىك سوغاقچىلىق ئىش سادىر بولمىدى.

كەمپىر مەلىكىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— مەيلى مەلىكەم، كېرەك يوق. لېكىن كېيىنكى ئىش ئۆزلىرىگە پۇشايمان كەلتۈرمىسۇن. «كېيىنكى پۇشايمان ئۆزىگە دۈشمەن» دەيدىغان گەپمۇ بار. بىزگە ئوخشاش ئاجىزلار ئەلۋەتتە ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئاجىزلارنىڭ قاياشى. مەن بۇ مەسلىھەتنى ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە «ئاپلا ...» دەپ بارماق چىشلەپ قالماسلىقلىرى ئۈچۈنلا ئېيتقان.

مەلىكە بۇ گەپنى ئاڭلاپ چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپتۇ. «ھەي ... مېنىڭ ئېرىم راستىنلا شۇنداق قىلارمۇ؟ ياكى ئەڭگۈشتەرنى سوراپ كۆرسەم بولارمۇ؟ ياق! ... بەلكىم ... يەنە كىم بىلىدۇ؟ ئەر كىشىنىڭ نەپسى خوتۇنلارنىڭكىگە قارىغاندا زىيادىراق. بەلكى ئەقىللىق، تەجرىبىلىك بۇ بۇۋىنىڭ بىر ئىشقا كۆزى يەتكەندۇ. بەلكى ئۇ، ماڭا راستىنلا خەيرىخاھلىق قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ نېمە بولسا شۇ بولسۇن. مەن ئۇ، ئەڭگۈشتەرنى ئېرىمدىن

بىر سوراپ كۆرەي. مېنىڭ سۆزۈمنى قوبۇل كۆرۈپ ئۇنى ماڭا بەرسە تېخى ياخشى. قاچان بەرمىسە ئۇنىڭغىمۇ مەيلى. تالىشىپ كەتمەي. ياق… ياق … مەن ئۇنداق ئېرىدىن بىرەر نەرسىنى تالــــشـــــپ ئۇندۇرۇۋالالايدىغان خوتۇنلاردىن ئەمەسقۇ؟ مەيلى بوپتۇ. مېنىڭ ئېرىم بولغان بۇ پادىشاھمۇ مېنىڭ سۆزۈمنى يەردە قويماس. چۈنكى ئۇ، ئانچىلا تاش يۈرەك ئەر ئەمەس! » دېگەن خىياللاردىن كېيىن ئاخىر ئۇنى سوراشقا، بەرسە ئېلىشقا، بەرمىسە گەپ تالاشماسلىققا قارار قىپتۇ.

*

مەلىكە ئېرىدىن ئەڭگۈشتەرنى سوراپتۇ. شاھ ئۇنى مەلىكىگە بېرىپتۇ، ئاخىر ئەڭگۈشتەر مەلىكىنىڭ قولىغا ئۆتۈپتۇ. بىراق ئۇ بۇنى زادىلا قولىدىن چىقارماپتۇ. ئۇنىڭغا ئېرى شۇنداق دەپ ئېيتقان ئىكەن. كەمپىر بۇنى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈرۈشنى ئويلاپتۇ.

ئاخىرى ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى زور دىندار بۇۋى قىلىپ كۆرسىتىپتۇ. ئەتە ـ ئاخشامدا مەلىكىگە كىتابى مەسىلىلەردىن دەرس، دىنىي قائىدىلاردىن تەلىم بېرىشكە باشلاپتۇ.

ھەر كۈنلۈكىگە ئۇ، مەلىكىگە تۈرلۈك ـ تۈرلۈك يېڭى مەسىلىلەرنى يېشىپ بېرىپتۇ. مەلىكىنىڭ خېلى ئوبدان ئىشەنچىگە ئىــگە بوپتۇ. بۇ ئارىلىقتا ئۇ مەلىكىنىڭ قولىدىن خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەرنى چىقىرىۋېلىشنىڭ يوللىرىنى ئويلاپتۇ. لېكىن مەلىكىدە ئۇنىڭ ھارام نىيىتىگە قارىتا زادىلا قارشىلىق، ھوشيارلىق ۋە تەييارلىق بولماپتۇ.

جۈمە كۈنى مەلىكە غۇسلى قىلىدىغان، تاھارەت ئېلىپ بويىنى سۇغا سالىدىغان چاغدا كەمپىر ئۇنىڭ بېشىغا سۇ قۇيۇپ بېرىدىغان بولۇپ مەلىكە يۇيۇنىدىغان جايغا بىللە بېرىپتۇ. تاھارەت ۋاقتىدا مەلىكە ئۈزۈكنى چىقىرىپ ئىشىكنىڭ يېنىدىكى ئويۇققا قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن كەمپىر ۋاقىتنــى غەنىيمەت بىلەن بىر قاچىغا ئېلىپ قويغان قىزىق سۇنى تەڭشىمەيلا مەلىكىنىڭ بېشىغا قۇيۇۋېتىپتۇ. مەلىكە:

— سۇ قىزىق ئىكەن! — دېگەن ئىكەن، كەمپىر دەرھاللا تەييارلانغان مۇزدەك سوغۇق سۇنى قۇيۇۋېتىپتۇ. مەلىكە ئەندىكىپ تىترەپ كېتىپتۇ. مەلىكە:

— ياھ! بۇ سۇ، بەك سوغۇق ئىكەن! — دەپتىكەن، كەمپىر:

— كېرەك يوق مەلىكەم! سوغۇق سۇ ئىنسانغا بەكمۇ پايدىلىق. — دەپ يەنە بىر چىلەك سوغۇق سۇنى كۆتۈرۈپلا مەلىكىنىڭ بېشىغا قۇيۇۋېتىپتۇ.

لاغىلداپ تىترىگەن مەلىكە ئىسسىنىشقا ئالدىراپ ئۈزۈكنى ئېلىشنى ئېسىدىن چىقىرىپتۇ ۋە باشقا ئۆيگە چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن كەمپىر چاققانلىق بىلەن ئۈزۈكنى ئېلىپ ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇ شەھەردە توختىماي ئۆزىنىڭ شەھىرىگە قاراپ يولغا چۈشۈپتۇ.

كەمپىر ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ شەھەر دەرۋازىسىدىن چىققان ئىكەن، بايىقى ئاۋات شەھەر ئۆزلىكىدىن غايىپ بولۇپ يوقاپلا كېتىپتۇ. ئۇ يەردىكى ئادەملەردىنمۇ بىرەر ئىز قالماپتۇ. ئوردىمۇ، مەلىكىمۇ يوق. پەقەت مىس باش بىلەن ئۇنىڭ ئارزۇلاپ باققان مۈشۈكى، ئىتى، ئۈچ يىل بۇرۇنقى چۆللا قاپتۇ.

## ئاخىرى

ئۈچ - تۆت يىل پادىشاھ بولۇپ بەختلىك تۇرمۇشتا ھايات كەچۈرگەن، ياخشى يەپ - ئىچىشكە ئادەتلەنگەن پادىشاھ مىس باش ئەمدى بۇرۇنقىدەكلا ئالدىغا ئۇچرىغانلا نەرسىلەرنى يېيىشكە كۆنەلمەپتۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاپ يۈزلىرى ھېلىلىدەك قورۇلۇپ، كۆزلىرى پورۇلۇپ چىرايلىرى تورۇلۇپ ھالى - ئەھۋالى يامانلىشىپتۇ.

خوجىسىنى بۇ ھالدا كۆرگەن ئىت بىلەن مۈشۈك مەسلىھەتلىشىپ: «خوجىمىز بىزلەرنىڭ ھەر بىرىمىز ئۈچۈنمۇ مىڭ تەڭگىدىن پۇل چىقىرىپ سېتىۋالغان. يىلاننىڭ بالىسى ئۆز قەرزىنى تولۇق ئادا قىلدى. ئەمما ھازىرغىچە بىز تېخى ئۇنىڭ ھېچبىر خىزمىتىنى قىلمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن

بىزمۇ بۇ قېتىم كەمپىرنىڭ شەھىرىگە بېرىپ يىلان مۈڭگۈزىنى ئورنىتقان ئەڭگۈشتەرنى تېپىپ ئېلىپ كېلەيلى.» دېيىشىپتۇ.

ئۇلار بىرلىككە كېلىپ مىنىش باشتىن رۇخسەت ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ.

بۇلار بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ مەلىكىنىڭ ئاتىسى بار شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئىت قۇشخانىغا بېرىپ جان بېقىپتۇ. مۈشۈك شەھەر ئىچىگە كىرىپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ ئىچىگە ئورۇنلىشىپتۇ. ھەممە نەرسىگە سەپسېلىپ يۈرۈپتۇ.

ئۇ يەردە مەلىكىنىمۇ كۆرۈپتۇ، تونۇپتۇ. بۇ كۈنلەردە قىزنىڭ دادىسى بولغان پادىشاھ يىلان مۈڭگۈزى بار ھېلىقى ئەڭگۈشتەرنى جادۇگەر موماينىڭ قولىدىن ئېلىپ ئۇنى مەھكەم ساقلاش ئۈچۈن تىلىنىڭ تېگىگە سېلىۋالغان ئىكەن. بۇنى سەزگەن مۈشۈك پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەركىلەپ ـ ئەركىلەپ سۈركۈلۈپ يۈرۈپ پادىشاھنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋاپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ تەخت ئۈستىدە ئۇخلاپ ياتقان ئىكەن، مۈشۈك قۇيرۇقىنى سۇغا چىلاپ كېلىپ پادىشاھنىڭ يۈزىنى سىپاپتۇ. پادىشاھ چۆچۈپ ئويغانغان بولسىمۇ، يۈزىنى سۈرتىۋېتىپ يەنە ئۇخلاپ قاپتۇ. شۇ ۋاقىتتا مۈشۈك قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىنى پادىشاھنىڭ بۇرنىغا سۈركەپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇرنى قىچىشىپ كېتىپ چۈشكۈرۈپتۇ. كېيىن يۆتىلى تۇتۇپ كېتىپ يۆتۈلۈپ تۈكۈرۈپتۇ. شۇ چاغدا پادىشاھنىڭ ئاغزىدىكى يىلان مۈڭگۈزى ئورنىتىلغان ئەڭگۈشتەر ئۇزۇك يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ يەردە بىر توپ چاشقانلار ئۇزۇق ئىزدەپ چېپىشىپ يۈرگەن ئىكەن. بىر چاشقان مۈشۈكتىن بۇرۇنراق كېلىپ ئەڭگۈشتەر ئۈزۈكنى چىشلىۋېلىپ ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىغا قېچىپ كىرىپ كېتىپتۇ. بۇ چاشقانمۇ باشقا چاشقانلارغا پادىشاھ ئىكەن. ئۇمۇ، ئۆزىنىڭ ئۆلجىسىدىن مەمنۇن بوپتۇ.

مۈشۈك ئەڭگۈشتەر ئۈزۈكنى بۇ چاشقاندىن تارتىۋېلىشنىڭ چارىسىنى ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. ئاخىر ئۇ، قولىغا ئۆزۈن بىر تەسۋىينى ئېلىپ چاشقان تۆشۈكىگە يېقىن بىر جايغا بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. يالغاندىن كۆزىنى يۇمغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ: «مەن ئۆزۈم موللام مۈشۈك، ئوقۇيمەن تەسۋىينى شۈك. چاشقان يېسەم توۋا، خەلقى ئالەم گۇۋاھ!…» دەپ تەسۋي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سېرىشكە كىرىشىپتۇ.

شۇ چاغدا چاشقانلارنىڭ بىرى سىرتقا چىققان ئىكەن. مۈشۈكنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەيران بوپتۇ. دەرھال بېرىپ مۈشۈكنىڭ قۇيرىقىنى چىشلەپ تارتىپتۇ. مۈشۈك مىدىرلاپمۇ قويماپتۇ. ئۇ يەنە بايىقىدەكلا سۆزلەپ شۈك تۇرۇپتۇ.

بۇنى كۆرگەن چاشقان بۇ ئىشنى دەرھاللا پادىشاھىغا مەلۇم قىپتۇ. ئۇ بۇ خەۋەرگە تازا ئىشەنمەپتۇ.

— ئەي چاشقانلار دۇنيادا چاشقان يېمەيدىغان مۈشۈك يوق. بۇ بىكار گەپ! — دەپتۇ چاشقانلار پادىشاھى.

چاشقانلاردا غۇلغۇلا پەيدا بوپتۇ. ئاخىرى ئۇلار ئىچىدىن بىرى پادىشاھىغا بۇ ئىشنى چارلاپ كۆرۈپ بېقىشنى ئېيتىپتۇ. چاشقانلارنىڭ پادىشاھى بۇ پىكىرگە ماقۇل بولۇپ شۇ يەردە تۇرغان چاشقانلاردىن بىرنى ئالدىغا قىچقىرىپ مۈشۈكنى سىناپ كۆرۈشكە چىقىرىپتۇ. ئۇ چاشقان تۆشۈكتىن ئاستا چىقىپ مۈشۈكنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. باشقا چاشقانلار تۆشۈكنىڭ ئاغزىغا كېلىپ مارىشىپ تۇرۇپتۇ.

ئۇ چاشقان مۈشۈكنىڭ ئالدىدىن بىر - ئىككى قېتىم، يان ۋە ئارقا تەرەپلىرىدىن ئىككى - ئۈچ قېتىم مۈشۈككە سۈركۈلۈپ ئۆتۈپتۇ. مۈشۈك راست دېگەندەك ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماپتۇ، شۇ چاغدا ئۇ چاشقان بىر سەكرەپلا مۈشۈكنىڭ دۈمبىسىگە چىقىپتۇ. كېيىن بويىنىغا كېلىپ مىنىپتۇ، مۈشۈك چاشقاننىڭ بۇ قىلمىشىغىمۇ پەرۋا قىلماپتۇ، كېيىن ئۇ، يەنە يەرگە چۈشۈپ سەكرەپ ئويناپتۇ. مۈشۈكتە زادى ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولماپتۇ. ئۇ يەنە بۇرۇنقىدەكلا:

چاشقان يېسەم توۋا…
خەلقى ئالەم گۇۋا!…

دەپ يىغلاپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. يىغىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپتۇ.

تۆشۈك ئاغزىدا قاراپ تۇرغان چاشقانلارنىڭ پادىشاھى ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن بۇ ئەھۋالنى ناھايىتى ئېنىق كۆرگەندىن كېيىن،

ئۇلارنىڭمۇ مۇشۇكنى بوزەك قىلىپ ئوينىغىسى كېلىپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار خاتىرجەم هالدا سىرتقا چىقىپتۇ.

ئۇلار ئەمدى ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىشقان ئىكەن مۇشۇك سەكرەپ بېرىپ چاشقانلار پادىشاهىنى تۇتۇپ چىشلەپ مىجىپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا چاشقانلار بۇ ئىشنى كۆرۈپ تۆشۈككە قاراپ يېتىراپ قېچىپتۇ.

مۇشۇك چاشقانلار پادىشاهىنىڭ قارنىنى تىرنىغى بىلەن يېرىپ ئەڭگۈشتەرنى ئاپتۇ. چاشقاننى يەپتۇ. ئۇ ئەڭگۈشتەرنى چىشلەپ ئىتنىڭ قېشىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئىتقا:

— ئىت ئاداش ئەڭگۈشتەر تېپىلمىدى. بىز بۇ يەردە تېنەپ ـ تەمتىرەپ بىكارلا ئاۋارە بولۇپ يۈرمەيلى، ئىگىمىزنىڭ قېشىغا قايتىپ كېتەيلى! — دەپتۇ.

ئىتمۇ: «ماقۇل!» دەپ بىللە يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار بىر نەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن، يوغان بىر دەريانىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ. ئىت بۇ دەريادىن مۇشۇكنى بۇرۇنقىدەكلا بويىنىغا مىندۈرۈپ ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ. شۇ چاغدا ئىت مۇشۇككە:

— ئەي مۇشۇك، بىز بۇ ئەڭگۈشتەرنى تاپماي تۇرۇپ بۇ يەردىن كەتمىسەك. بىز خوجىمىزنىڭ ئالدىغا قۇرۇق قول بىلەن نېمە دەپ بارىمىز؟ — دەپتۇ.

مۇشۇك قانچە نەسىهەت قىلسىمۇ، يالۋۇرسىمۇ ئىت دەريادىن ئۆتۈشكە زادىلا ئۇنىماپتۇ. ئاخىرى مۇشۇك راستىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ:

— خاتىرجەم بول ئاداش، مەن ئەڭگۈشتەرنى تاپتىم! — دەپتۇ.

مۇشۇكتىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئىت:

— ئانداق بولسا ئۇ، ئەڭگۈشتەرنى ماڭا بەر! ئۇنى خوجىمىزنىڭ ئالدىغا مەن ئېلىپ باراي! — دەپتۇ.

مۇشۇك دەريادىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن بۇ پىكىرگە «ماقۇل» بوپتۇ — دە:

— ئانداق بولسا مەن ئەڭگۈشتەرنى سۇدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ساڭا بېرەي! — دەپتۇ.

ئىت:

— ياق بولمايدۇ! ھازىر بەرمىسەڭ مەن سېنى سۇدىن ئۆتكۈزۈپ قويمايمەن! — دەپتۇ.

مۈشۈك ئىلاجسىز ئەڭگۈشتەرنى ئىتقا بېرىپتۇ. ئىت ئەڭگۈشتەرنى ئاغزىغا سېلىپ مۈشۈكنى بويىنىغا مىندۈرۈپتۇ — دە سۇغا كىرىپتۇ. ئۇلار سۇدىن ئۆتۈۋاتقاندا ئىتنىڭ كۆزىگە سېمىز بىر بېلىق كۆرۈنۈپتۇ. ئىت «بېلىقنى تۇتۇپ يەيمەن» دەپ ئاغزىنى ئاچقان ئىكەن ئىتنىڭ ئاغزىدىن ئەڭگۈشتەر چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇنى بىر بېلىق يۇتۇۋاپتۇ. بۇنى مۈشۈك كۆرۈپ قاپتۇ. ئىت بىلەن مۈشۈك دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن خېلى ئۇزۇن مېڭىپتۇ.

قارىسا دەريانىڭ ئاياق تەرىپىدە بىر بېلىقچى تورغۇن بېلىق تۇتقان ئىكەن. مۈشۈك ئىتقا:

— ھازىر قورساق بەك ئاچتى. ئاۋۇ بېلىقچىدىن بىر دانە بېلىق سېتىۋېلىپ يەيلى! — دەپتۇ.

ئىت:

— خوپ! — دەپتۇ.

مۈشۈكنىڭ ئىككى تىيىن، ئىتنىڭ تۆت تىيىن پۇلى بار ئىكەن، ئۇلار بىللە بېلىقچىنىڭ ئالدىغا كېلىشىپتۇ. مۈشۈك قارىسا ھېلىقى ئەڭگۈشتەرنى يۇتۇۋالغان بېلىق، بېلىقچىنىڭ قارمىقىدا تۇرغىدەك. ئۇ بېلىقنى ئىت مۈشۈك بىلەن بىللە تۇرۇپ سودىلىشىپ بېلىقچىدىن ئالتە تىيىنگە سېتىۋاپتۇ. مۈشۈك بېلىقنىڭ باش تەرىپىنى ئۈزۈپ يەپ تېنىنى ئىتقا بېرىپتۇ. مۈشۈك ئەڭگۈشتەرنى بېلىقنىڭ بوغۇزىدىن تېپىۋېلىپ ئىتقا تۇيدۇرماي ئاغزىغا ساپتۇ.

ئۇلار قورساقنى تويغۇزۇپ مىس باشنىڭ ئالدىغا قايتىپ كېتىپتۇ، ئۇلارنى كۆرگەن مىس باش:

— ھە··· ئەزىمەتلەر قېنى ئەڭگۈشتەرنى تېپىپ كەلدىڭلارمۇ؟! — دەپ سوراپتۇ.

— ياق! ··· ياق!··· دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىت.

— مەن تاپتىم! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مۇشۇك.

ئىتنىڭ ئاچچىقى كېلىپ مۇشۇككە قاراپ ئېتىلىپتۇ. مۇشۇك، ئىتتىن قورقۇپ ئەڭگۈشتەرنى مىس باشقا بېرەلمەي قېچىپتۇ. ئىت قوغلاپتۇ. مۇشۇك قېچىپ بېرىپ جاڭگالدىكى سۆگەتنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ، ئىت مۇشۇكنى پايلاپ سۆگەتنىڭ تۈۋىدە يېتىپتۇ.

شۇ چاغدىن باشلاپ ئىت مۇشۇككە ئۆچ بولۇپ قاپتۇ. مۇشۇك شۇ يەردە تۇرۇپ يەردىكى مۇشۇكلەرگە:

— ئىت قوغلىسا سىلەر دەرھال دەرەخكە چىقىۋېلىڭلار! — دەپ نەسىھەت قىپتۇ.

مەن ئىت بىلەن مۇشۇكنىڭ تاماشاسىنى كۆرگىلى بارغىنىمدا مىس باش شۇ يەردە قالغان. كېيىن ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپمۇ زادىلا تاپالمىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىدىن خەۋەر ئالالمىدىم .

1949 ـ يىل مارت، غۇلجا
(ئىتتىپاق ژۇرنىلىدىن ئېلىندى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# شىتىلە بىلەن پىتىلە

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئەر - خوتۇن ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئېتى شىتىلە، خوتۇنىنىڭ ئېتى پىتىلە ئىكەن. بۇلار مەھەللىنىڭ چېتىدىرەك بىر پاكار ئۆيدە تۇرىدىكەن. بىر كۈنى، ئۇ، ئۆينىڭ لىم ياغىچى غارسىلداپ سۇنۇشقا باشلاپتۇ، ئەر - خوتۇن بىرلىشىپ ئۇنىڭغا چارە قىلماقچى بوپتۇ. شىتىلە:

— نوغۇچنى تۇۋرۇك قىلايلى! — دەپتۇ.

پىتىلە قارشىلىق كۆرسىتىپ:

— نوغۇچ بولمىسا، بىز ئۇرۇقلۇق تېپىپ بۇغداي تېرىپ تېپىپ، ئورۇپ، يىغىپ، ئۇن تارتىپ كەلگەندە قانداق قىلىپ ئاش ئېتىمىز؟ مانا بۇ ھاسىنى تۇۋرۇك قىلايلى! — دەپتۇ.

شىتىلە قوپۇپ:

— سەن تەييار ھاسىنى تۇۋرۇك قىلىپ قويساڭ، مەن قېرىغاندا نېمىنى تايىنىمەن؟ تۇغىدىغان باللىرىڭ چوڭ بولۇپ باشباشتاقلىق قىلسا نېمە بىلەن ئەدەپلەيمەن؟ سەن ئاش ئېتىۋاتقاندا ئۇ، بەخۇاش ئوتۇن ئەكىرگىلى چىقىپ ئويناپ قالسا، ھاسام بولمىسا، قانداق قىلىمەن؟ نېمىگە تايىنىپ تالاغا چىقىپ ئۇنى چاقىرىپ كىرەلەيمەن؟ سەن زادى كېيىنلىكىنى ئويلىمايسەن! — دەپتۇ.

سۇنۇشقا باشلىغان ياغاچ پەسلەشكە باشلاپتۇ، شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ تونۇر كۆسيى قىلىش ئۇچۇن ساقلاپ يۈرگەن بىر تال چەنزىسى ئۇلارنىڭ ئېسىگە چۈشۈپتۇ. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ شۇنى تۇۋرۇك قىلىپ لىمنى توختىتىۋاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار بىر كۈنى قېيىن ئاتا - قېيىن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە جۈمەلەپ بېرىپتۇ. قايتىدىغان چاغدا قېيىن ئاتىسى بۇلارغا ئىككى جىڭ گۆش

يوللۇق تۇتۇپتۇ.

— ۋاي خوتۇن گۆشنىغۇ يەرمىز، چىش كولىغۇچ يوق قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ شىتىلە.

پىتىلە بۇ پىكىرنى قۇۋۋەتلەپ:

— بىز ھەممە ئىشنى ئالدىن تەييارلاپ كەلگەن ئەر - خوتۇن تۇرۇپ ئەجەپ بۇنى ئويلىماپتىمىز؟ - ھە! — دەپتۇ.

چىش كولىغۇچنىڭ ئارچا ياغىچىدىن بولىدىغانلىقىنى، ئارچىنىڭ تاغدا بولىدىغانلىقىنى ئەسلىشىپ، گۆشنى قازاندا قويۇپ ئاۋۇەل تاغقا بارماقچى بوپتۇ. ئىشىكنى قۇلۇپلاپ ئاچقۇچنى قويۇشقا يەر تاللاپتۇ. بولار بىر زامانلار كېلىپ «دېھقانچىلىق قىلىساق لازىم بولار» دەپ بىر تۇز يەرنى خامان قىلىپ ئوتتۇرىسىغا موما ياغاچ قاداپ قويغان ئىكەن. قارىسا موما خېلى ئېگىز، ئەر - خوتۇن بىر - بىرىنى يۆلۈشۈپ تۇرۇپ ئاچقۇچنى مومىنىڭ ئۇستىگە ئېسىپ قويۇپتۇ ۋە بۇ يەرگە ھېچكىمنىڭ قولى يەتمەيدۇ، دەپ جەزىم قىلىشىپ تاغقا راۋان بوپتۇ. بۇلار كېتىۋاتقاندا يولدا بۇلارغا بىر ھىلىگەر ئادەم ئۇچراپتۇ. ئۇ، ئادەم شىتىلە بىلەن پىتىلەگە سالام بېرىپ:

— يول بولسۇن! بەك ئالدىراشقۇ، نەگە مېڭىشتىلا؟! — دەپ سوراپتۇ. شىتىلە بىلەن پىتىلە بىر - بىرسىنىڭ ئاغزىدىكى گەپنى تارتىۋېلىپ سۆزلەپ كېتىپتۇ.

— ۋاي تەقسىر! بۈگۈن بىز قېيىن ئاتىمىزنىڭ ئۆيىگە جۇمەلەپ بارساق ئىككى جىڭ خام گۆش بەردى. ئۇنى ئۆيىمىزگە ئەكېلىپ، قازانغا سېلىپ ئەمدى يەيلى دېسەك، چىش كولىغۇچ يوق، شۇنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن تاغقا كېتىۋاتىمىز.

— ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچنى موما ياغاچنىڭ ئۇستىگە ئىلىپ قويدۇق، — دەپتۇ پىتىلە — گۆش پىشاي دەپ قالغان، يەنە سىلى كىرىپ يەپ كەتمىسىلە جۇمۇ؟!

— نىمە دېگەنلىرى بۇ خېنىم! — دەپتۇ ھىلىقى ئادەم، — ئۇنداقمۇ قىلامدىغان.

ئۇلار خوشلىشىپ ئۆز يوللىرىغا كېتىپتۇ. شىتىلە بىلەن پىتىلەنىڭ

www.uyghurkitap.com

قارىسى يىتۇشى بىلەن ھېلىقى ئادەم ئۆيگە كىرىپ، گۆشنى يەپ شورپىسىنى ئىچىپ، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ ئاچقۇچنى يەنە ئاۋۋالقىدەك موما ياغاچنىڭ ئۈستىگە ئىلىپ قويۇپتۇ — دە، ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

شىتىلە بىلەن پىتىلە تاغقا بېرىپ ئارچا ياغىچىنى تېپىپ، چىش كولىغۇچ ياساپ ئۈچ كۈندە ئاران ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىشىگە، بىر دانە دۆلەت قوشقۇزى ئۆمۈلەپ بوسىغىدىن چىقمۇاتقان ئىكەن، بىردىنلا بىر تۆشۈككە كىرىپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ، شىتىلە بىلەن پىتىلە كېلىپ قازاننى ئاچسا ھېچنىمە يوق.

— ئاپلا! بۇنى ھېلىقى دۆلەت قوشقۇزى يەپ كېتىپتۇ. — دەپ ئارقىدىن قوغلاپ چىقسا، ئۇ ھېچنەدە يوق، ئىشىكنى ياپماي ئۆيگە كىرگەنلىكىگە ئەر - خوتۇن ئىككىسى بىر - بىرىنى خېلى تاپا - تەنە قىلىشىپتۇ.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ، قېيىن ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە يەنە جۈمەلەپ بارغان ئىكەن، ئۇلار بۇلارنى چۆچۈرە بىلەن مېھمان قىلىپ قايتىش ۋاقتىدا بىر جىڭ گۆش بېرىپتۇ. شىتىلە بىلەن پىتىلە ئۇ گۆش بىلەن چۆچۈرە ئېتىپتۇ. ئاش پىشقاندا قېيىن ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە چۆچۈرىنى چوكا بىلەن ئىچكەنلىكى ئېسىگە كەپتۇ — دە، بىر شەرتنىڭ ھازىرلانمىغانلىقىنى بىلىپتۇ. دەرھال چوكىنى قانداق ياساش ئۈستىدە ئويلىنىپتۇ، ئۇنىڭ شىلۋە ياغىچىدىن ياسىلىدىغانلىقىنى ئەسلىشىپتۇ. شىلۋە ئەلۋەتتە تاغدا بولىدۇ، ئاخىرى بۇلار چۆچۈرىنى قازاندا قويۇپ تاغقا ماڭماقچى بوپتۇ.

بۇ قېتىم ئاچقۇچنى بۇرۇنقىدىن يوشۇرۇنراق يەرگە قويۇشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. تونۇرنىڭ تۆۋىدىكى كۈلگە كۆمۈپتۇ، ئۈستىگە ئەگرى - بۈگرى قىلىپ سۇ سېپىپ بەلگە قىلىپ قويۇپ تاغقا مېڭىپتۇ. يولدا ھېلىقى ئادەم بىلەن يەنە ئۇچرىشىپتۇ، شىتىلە بىلەن پىتىلە بۇ نۆۋەت ئۇنى ئالداپ قۇتۇلماقچى بولۇپ كېلىشىۋاپتۇ.

— ھە ··· يول بولسۇن! — دەپتۇ، ھېلىقى ئادەم بۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ.

— بۇ نۆۋەت بىز تاغقا بارمايمىز، شىلۋە ياغىچى ئالمايمىز، چوكە ياسىمايمىز! — دەپتۇ شىتىلە.

— ئۆيدە چۆچۈرە ئەتمەدۇق، ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى كۆلنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ، ئۈستىگە ئەگرى ـ بۈگرى سۇ سېپىپ بەلگە قىلىپ قويمىدۇق.
— دەپتۇ پىتىلە.

يولۇچى بۆلار بىلەن خوشلىشىپ توپ ـ توغرا شىتىلە بىلەن پىتىلەنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئاچقۇچىنى قويغان يەردىن ئېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ، چۆچۈرنى ئىچىپ قازاننىڭ ئاغزىنى بۇرۇنقىدەك يېپىپ قويۇپتۇ. ئىشىكنى قولۇپلاپ ئاچقۇچنى ئۆز جايىغا قويۇپ كېتىپتۇ. بۇ قېتىمدا شىتىلە بىلەن پىتىلە بەش كۈندە قايتىپ كېلىپتۇ. ئاچقۇچنى ئېلىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ، بىرىپ قازانغا قارىسا ھېچنېمە يوق. بىر چۈشىن قازاننىڭ ئىچىدىكى نەملىكنى شۈمۈپ تۇرغىدەك، بۇنى كۆرگەن شىتىلەنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچۇپتۇ.
— ۋاي خوتۇن چاپسان بول! پالتىنى ئەكېلىپ بەر! — دەپتۇ.

پىتىلە پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ پالتىنى ئەكېلىپ بەرگەن ئىكەن، شىتىلە چۈشىننىڭ مىگىسىنى نىشانلاپ تۇرۇپ راسا كېلىشتۇرۇپ بىرنى ئۇرۇپتۇ، پالتىنىڭ زەربىدىن قازان سەككىز پارە بوپتۇ، چۈشىن ئۇچۇپ بىرىپ پىتىلەنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ.

— ۋاي خوتۇن ! — دەپتۇ پىتىلەگە شىتىلە — مىدىرلىماي تۇر! بۇ شورى قۇرغۇر سېنىڭ بېشىڭغا قوندى، بۇنىڭ ئەدىپىنى بەرمىسەم بولمايدۇ — دەپ، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن بىرىپ پالتا بىلەن بىرنى قويغان ئىكەن، خوتۇنىنىڭ بېشى ئىككى پارچە بولۇپ ئۆلۈپتۇ. ھېلىقى قۇۋ چۈشىن «غىڭ» قىلىپ ئۇچۇپ بىرىپ تۈۋرۈككە قونۇپتۇ. شىتىلەنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ، تومۇرلىرى چۆچۈپتۇ، ئاچچىغى ئىچىگە، غەزىپى بېشىغا ئۆرلەپتۇ.

— سەن ھېلىگەر قۇۋ چۈشىن، — دەپتۇ شىتىلە — ئاشنى ئىچىڭ، قازاننى چېقىڭ، خوتۇننى ئۆلتۈرۈڭ، تېخى ئۇ يېتىشمىگەندەك تۈۋرۈككە قونۇپ ئۆگزىنى كۆتۈرۈڭما؟ ! ھىم ··· مەن سېنىڭ شۇنداق ئەدىپىڭنى بىرەيكى، خەپ توختا!

ئۇ، پالتىنى ئارقىسىغا يوشۇرۇپ، ئاستا پۈتىنىڭ ئۇچى بىلەن دەسسەپ تۈۋرۈككە يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىزلا ئىشىك ئېچىلىپتۇ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىسا، بايىقى ئاچكۆز ئادەم كىرىپ كېلىۋاتقىدەك. ئۇ، ئۆز

كۆڭلىدە: «بۇگۈن ئۇلار نەق سامسا تەييارلاپ قويىدى» دېگەن گۇمان بىلەن كىرگەن ئىكەن.

ئۇ، شىتىلەنىڭ «خەپ شۇك» دېگەن شەرتى بىلەن جىم تۇرۇپ قاپتۇ، شىتىلەنىڭ قولىدا پالتا بارلىقىنىمۇ ئۇقماپتۇ. شىتىلە ئەپلەپ تۇۋرۇپ تۇۋرۇككە راسا كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇرغان ئىكەن، سۇنغان تۇۋرۇك قاق ئوتتۇرىدىن نەق ئىككى بولۇپ يىقىلىپتۇ. تۇۋرۇك بىلەن تەڭ لىممۇ يەرگە چۈشۈپتۇ، چىۋىن ئۇچۇپ تالاغا چىقىپ كېتىپتۇ. يوغان لىم ياغاچ بولسا توپ توغرا ھېلىقى ئاچكۆز ئادەمنىڭ چىڭ چوققىسىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ «ۋايجان» دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، ئۇستىخانلىرى پەخش - پەخش بولۇپ جان بېرىپتۇ.

شىتىلە بولسا ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق چىۋىننى قوغلاپ يۈرۈپ تۇتۇپتۇ. قانتىدىن بوغۇپ قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قازىغا ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن چىۋىنگە ھۆكۈم تەلەپ قىپتۇ.

قازى:

— خوپ دەۋايىڭنى ئاڭلىدىم، مۇددىئايىڭنى چۈشەندىم. مېنىڭ ھۆكمىم شۇكى، سەن چىۋىننى قويۇپ بەر، ئۆزۈڭ قاراپ تۇر! بۇ قېتىممۇ چىۋىن نەگە بېرىپ قونسا سەن قولىڭدىكى پالتا بىلەن ئۇنى ئۇر! چىۋىن ئۆلسە دېمەك ھەممە گۇناھ شۇنىڭدا، سەن ئازاد، ئۆز يولىڭغا كېتىۋەر. چىۋىن ئۆلمىسە، سەن يۇقىرىدىكى جىنايەتلىرىڭ ئۈچۈن مېنىڭ ئالدىمدا جاۋابكار! — دەپ ھۆكۈم قىپتۇ.

شىتىلە:

— خوپ تەقسىر! — دەپ چىۋىننىڭ قانتىنى يېشىپ قويۇپ بېرىپتۇ.

چىۋىن بىر ئېگىز بىر پەس ئۇچۇپ بېرىپ، قازىنىڭ پېشانىسىغا قونۇپتۇ. شىتىلە ئەپلەپ تۇرۇپ قولىدىكى پالتا بىلەن قازىنىڭ پېشانىسىدىكى چىۋىننى بىرنى ئۇرغان ئىكەن، چىۋىن بۇ يەردىنمۇ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. قازى ئۆلۈپتۇ.

شتىله قازىغا:

— ھەممە گۇناھ سىنىڭدە ئىكەن، خوپ بولدى، مېنىڭ ئۆيۈمدىكى شورپا، چۆچۈرىنىڭ ھەممىسىنى سەن ئىچىپتىكەنسەن، جازايىڭنى تارت! — دەپ چىۋىنىنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# زېرەك بىلەن زېرىككەك

(چۆچەك)

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، ئاتا ـ بوۋام زامانىسىدا بىرى ياشقا تولغان، يەنە بىرى باشقا تولغان ئىككى ئادەم ئۆتكەن ئىكەن. كىچىكىنىنىڭ لەقىمى زېرەك، چوڭىنىڭ لەقىمى زېرىككەك ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە زېرىككەك شەھەردىن سودىدىن يېنىپ ئېشىكىنى دېۋىتىپ ئۆيىگە كېتىپ بارسا، ئارقىسىدىن ياشقىنا بىر يىگىت پىيادە ناخشا توۋلاپ يېتىپ كەپتۇ ۋە زېرىككەككە قوشۇلۇپتۇ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تاغا! — دەپتۇ زېرەك. زېرىككەك لام ـ جىم دەپ زۇۋان سۇرمەي مېڭىپتۇ.

بۇلار شۇنداق مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، زېرىككەك زېرىكىسىمۇ، زېرەككە زادىلا قارىماپتۇ، يولمۇ ئانچە ئاۋۇماپتۇ، ئاخىرى زېرەك ئۇنى سۆزگە سېلىش ئۈچۈن گەپ باشلاپتۇ:

— تاغا، يول بەك ئۇزىراپ كەتتى، ھېرىپمۇ كەتتۇق، ئازراق بولسىمۇ يولنى قىسقارتمايلىمۇ؟ — دەپتۇ.

زېرىككەك ھەيران بولۇپ:

— بەللى، مانا زاڭلىشىش دېگەن مانا شۇ! يولنى قانداق قىلىپ قىسقارتقىلى بولىدۇ؟! — دەپتۇ خاپا بولغاندەك قىلىپ.

— مېنىڭ گېپىم زاڭلىشىش ئەمەس ئىدىغۇ تاغا؟! خەير، ئۆزىڭىز بىلىڭ، مەيلى ... بوپتۇ. — دەپتۇ جاۋاب ئورنىدا زېرەك.

بۇلار يەنە خېلى يەرگىچە بىللە مېڭىپتۇ، لام ـ مىم دېيىشمەپتۇ. بۇلار ماڭغان يول ئۇزۇن يول ئىكەن، بۇلار شۇنداق گەپلىشەلمەي كېتىپ بارسا، يول بويىدا بۇلارغا تازا ئوخشىغان بۇغدايلىقلار ئۇچراپتۇ. زېرەك بۇغدايلارغا زوخلىنىپ قاراپتۇ، كېيىن سەپەردىشىغا:

— تاغا، مۇشۇ بۇغدايلار بۇنى تېرىغان دېھقاننىڭ ئۆيىگە كىرەر ـ مۇ؟ — ... دەپ سوراپتۇ.

زېرىككەك خاپا بولۇپ بەك تېرىكىپ كېتىپتۇ.

— بەللى ... بەللى ئەقلىڭگە پارىكاللا سېنىڭ، ئەمىسە بۇ بۇغداي دېھقاننىڭ ئۆيىگە كىرمىسە، نەگە كىرىدۇ. شۇنچە كۆپ بۇغداينى چاشقان توشۇپ كېتەلەمدۇ؟! — دەپ تېرىكىپ سەكرەپ كېتىپتۇ. زېرەك تېرىكمەستىن:

— گەپنىڭ تېگى چاشقاندا ئەمەس، چاشقاندىنمۇ ئاشقاندا، — دەپ كۈلۈمسىرەپتۇ.

ئاخىر زېرىككەك:

— بولدى بەس! ئەمدى ئۇكا، قاملاشمىغان تېپىشماقلىرىڭنى ئېيتىشنى توختات! — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئۇزاققىچە گەپ قىلىشماي مېڭىشىپتۇ، زېرەك يانداپ يېتىشىپ مېڭىپ كېلىپ:

— ئىنىڭىز سىزگە ھەمراھ، زېرىكمەڭ! — دەپ ئاستا يەنە كېلىشىۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇلار يەنە جىم مېڭىپتۇ، بۇلار بىر ئىككى چاقىرىم ماڭغاندا بىر يۇرتقا يېقىن كەپتۇ، قارىسا بىر توپ خالايىق ئۇ يۇرتتىن بىر جىنازىنى كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان، جىنازىنىڭ ئالدىدا بىر توپ باللار، ئەرلەر بېلىگە ئاق باغلاپ قارىلىق تۇتۇپ يىغلاپ كېلىۋاتقان. جىنازىنىڭ ئارقىسىدىكى كىشىلەرنىڭمۇ چىرايى غەم، كۆزلىرى نەم كېتىپ بارغان، بۇنى كۆرگەن زېرەك چوڭقۇر بىر «ئۇھ! ...» تارتىپ:

— تاغا ئاشۇ جىنازىدىكى راست ئۆلۈكمىدۇ؟ ياكى تىرىكمىدۇ؟! — دەپ سوراپتۇ.

بۇ سوئال ئۇنىڭ ھەممە گېپىدىن ئېشىپ چۈشۈپتۇ، زېرىككەكنىڭ ئاچچىقىمۇ تېرىسىدىن تېشىپ چىقىپتۇ. ئۇ ئۆزىگە ـ ئۆزى: «ئەخمەقنىڭ بوۋىسى مانا ئەمدى مەيەردىن چىقتى! ...» دەپتۇ. كېيىن ئۇ، يىگىتكە قاراپ:

— ئۇكا! سېنى بالىمىكەن دەي دېسەم بۇرۇتۇڭ بار ئىكەن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئالجىغانىمىكىن دەي دېسەم ئەقلى ـ ھوشۇڭ جايىدا، گەپلىرىڭگە قارىغاندا، ياش بولۇشىڭغا قارىماي دۇنيادىكى ھەممە ئەخمەقلەرنى بېسىپ چۈشكىدەكسەن! ... جىنازىغا ئۆلۈك كىرمەي، تىرىك كىرەمدۇ؟!...... خۇدايا، پەرۋەردىگارا، پەمسىز ئەخمەقلەرگە يولۇقۇشتىن ئۆزۈڭ ساقلا! — دەپ ئېشىكىنى دۈتتىپ ئىتتىك ـ ئىتتىك مېڭىپتۇ.

زېرەك ئۇنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ:

— توختاڭ تاغا! توختاڭ، قانداقلىكى بولمىسۇن، بىز بىر نەچچە چاقىرىملىق يولدا ھەمسەپەر بولدۇق، يولدا بىللە ماڭغان ھەمراھ بىلەن خوشلاشماي كېتىش نامەردلىك! ئۆيلىرىگە ئالدىرىسىلا خەير، خوش يول بولسۇن — دەپتۇ.

زېرىككەك بۇ سۆزنى ئاڭلاپ توختاپتۇ، ئۇنىڭ «ئۆي ھەققىدىكى مەنىلىك» سۆزىدىن بىر نەرسىنى ئويلاپتۇ. ئۆزىگە ئۆزى: «راست ئەمەسمۇ؟ ھەر قانداق بولسىمۇ، بىر قانچە چاقىرىم يولدا ماڭا ھەمراھ بولدى، ئەمدى ئۆيۈمگە يېقىن كەلگەندە ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ قويماي تاشلاپ كەتسەم، سەت ئەمەسمۇ؟ ئۇغۇ تورغان ـ يۇتكىنى بىر ئەخمەت نېمىكەن، شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ بىرەر پىيالە ئۇسسۇزلۇق چاي بېرىپ ئاندىن يولغا سالاي!» دەپتۇ.

— ئۇكا! ئەمدى بايىقىدەك ئەخمىقانە سۆزلىرىڭنى قوي جۇمۇ؟ ماۋۇ بولسا بىزنىڭ يۇرت، سېنىڭ ساراڭغا ئوخشاش سۆزلىرىڭنى مەھەللىدىكى خەلقلەر ئاڭلاپ قالسا، ئۇيات بولىدۇ. خەير، ئۆتكەن ئىشلارنى تەگىمەيلى، ھەمسەپەرلىكىمىزنىڭ ھۆرمىتى، سەن بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ بىرەر پىيالە چاي ئىچىپ ماڭغىن ئۇكا! جۇرۇ ئۆيگە، — دەپتۇ.

— رەھمەت تاغا! كۆڭلۈمنى شۇنچىلىك ئىستىگەنلىرىگە، مەن مۇشۇ يول بويىدىكى ئۆستەڭ بويىدا — بوستانلىقتا بىردەم ئارام ئېلىۋېلىپ، سالقىن چۈشەرگە يېقىن يولۇمغا چۈشۈۋالاي! — دەپتۇ ۋە زېرىككەكنىڭ ئۆيگە ئايرىلىدىغان يولنىڭ بويىدىكى ئۆستەڭنىڭ قېشىدا قاپتۇ.

زېرىككەك، زېرەكنى يەنە بىر تەكلىپ قىلا ـ قىلماي «خەير خوش» دەپ يولدىن قايرىلىپ كېتىپ قاپتۇ. ئۇ، ئۆيىگە بېرىپ چېيىنى ئىچە ـ

ئىچمەيلا: «ئەستەغپىرۇللا! ...» دەپ غۇدۇڭشۇپتۇ.

خوتۇنى بۇ گەپنى ئاڭلاپ قېلىپ:

— ھوي! يەنە نېمە ئەستەغپىرۇللا؟! — دەپ قىستاپ سوراپتۇ.

زېرىككەك:

— سەن بۇنى سورىماي ئىشىڭغا تۇتۇش قىل! مەن يولدا ئۇچراشقان بىر ئەخمەق بىلەن بولۇپ ئۆتكەن گەپ - سۆزگە مۇشۇ تۇرقىدا ئۆيدە ئولتۇرۇپمۇ زېرىكىۋاتىمەن. — دەپتۇ.

خوتۇنى:

— ئاشنى قىزىم ئېتىۋاتىدۇ؟ ... ھە يولدا سىلى كىم بىلەن ئۇچراشقان، ئوغۇلمۇ - قىزمۇ؟ ياشمۇ؟ قېرىمۇ؟ ئاراڭلاردا قانداق گەپ سۆز بولۇپ ئۆتكەن؟! — دەپ تۇجۇپىلەپ سوراپتۇ.

ئېرى يا تېرىكىشنى، يا زېرىكىشنى بىلەلمەي، ئاخىرى زېرەكنىڭ يولدا ئېيتقان گەپ - سۆزلىرىنى خوتۇنىغا بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. خوتۇنىمۇ: «ۋىييەي راستلا بۇ قانداق دېگەن گەپلەر؟ قىزىق ئىكەن ...» دەپ كۈلۈپتۇ.

زېرىككەكنىڭ بويىغا يېتىپ قالغان بىر قىزى، يەنە ياشلاردىن ئاشقان كىچىك بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ، قىزى ناھايىتى چىچەن، ئەقىللىق ئىكەن. ئۇ، قىز ئاش ئېتىۋېتىپ دادىسىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھېلىقى يىگىتنىڭ ھەممە «غەلىتە» سۆزلىرىنى ئاڭلىۋاپتۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە مەسلىكى كېلىپ ھەيران بوپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە دادىسىنىڭ گېپىنىڭ بىر يېرىدە: «ئۆزىغۇ ... بولمىسا بۇرۇتلىرى ئەمدى خەت تارتقان ناھايىتى ئىسكەتلىك يىگىت ئىكەن.» دېگەن سۆزلىرىدىن بويى قىيامىغا يېتىپ قالغان قىز ئۆزىگە ئوت تۇتاشتۇرۇۋاپتۇ، دادىسى ئارىلاپ - ئارىلاپ سۆزىنىڭ ئارىسىدا: «ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق دېگەن مانا شۇ، دۇنيادا مۇشۇنداق ئىسكەتلىك يىگىتتىن ئەنە شۇنداق ئەخمەق چىقىدۇ!، دېسە كىممۇ ئىشىنىدۇ.» دېگەن ۋاقىتتا، قىز: «ياق دادا! ئۇ ئەخمەق ئەمەس، دانا يىگىت.» دەي، دەي، دەپ يەنە ئۆزىنى تۇختىتىۋاپتۇ. كېيىن: «ئۆزۈممۇ ئۇنى بىر سىناپ باقسام ...» دەپ كۆڭلىگە بىر نەرسىنى پۈكۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىز چۆچۈرە ئەتكەن ئىكەن، ئۇنىڭدىن دادىسىغا ئۇسۇپ ئەكىرىپ بېرىپتۇ، ئاندىن كېيىن: « ھەر نېمە بولسا مۇساپىر ئىكەن ...» دەپ ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاشتىن بىر قاچىغا ئۇسۇپ ئۈستىنى بىر نان بىلەن يېپىپ ئىنىسىدىن يىگىتنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپتۇ. قىز ئىنىسىنى ئۇزۇتۇپ چىقىپ دەرۋازا ئالدىدا ئاستا:

— ئۇكام! سەن بۇ غىزانى ئاۋۇ چوڭ يولنىڭ بويىدىكى ئۆستەڭنىڭ قىرىدا ئولتۇرغان يولۇچى يىگىتكە: «بۇنى سىلىگە يولبويى ھەمراھ بولۇپ كەلگەن كىشىنىڭ قىزى — ئاچام ئەۋەتتى! ...» دەپ بەرگىن، «نېمە دەپ بەردى؟» دېسە: «ئاسماندا ئاي تولۇق، يۇلتۇز قويۇق» دەپ بەردى، دېگىن. ئاشنى ئىچىپ بولغاندا قاچىنى ياندۇرۇپ ئېلىپ كەلگىن، يانغان چېغىڭدا ئۇ ئاكاڭ ساڭا نېمە دېسە ئۇنى ئۇنتۇپ قالماي ماڭا تولۇق يەتكۈزۈپ ئېيتىپ بەرگىن، — دەپ يولغا ساپتۇ، بۇ سۆزنى قايتا ـ قايتا جېكىلەپتۇ.

ئۇ، بالا يولدا كېتىپ بېرىپ بىر ئېرىق بويىدا دەم ئالغىلى ئولتۇرۇپتۇ، ئاشنى ئىچىپ قارىغان ئىكەن، يۇمغاقسۈت، پىننە، رەيھان كۆكى سېلىنغان ھېلىقى ئۆيدە ئىچكەن ئوخشىغان چۆچۈرە ئىكەن، قاچىسىنىڭ ئاغزىغا ياپقىنى سىيادانلىق يۇمشاق قاتلىما ...

ئۇ بالىنىڭ يېگۈۋاشتىن نەپسى تاقىلداپتۇ. ئاغزىغا سېرىق سۇ يۈگۈرۈپتۇ. چۆچۈرىدىن بىر قانچىنى سۇزۇۋېلىپ يەپتۇ، قاتلىمىنىڭمۇ يېرىمىنى يەپتۇ، قالغان يېرىم قاتلىما بىلەن ئاشنىڭ ئۈستىنى ئاستا يېپىپ چاندۇرماي ھېلىقى يولۇچى يىگىتكە ئاپىرىپ بېرىپتۇ.

يىگىت بىر خۇشال، بىر ھەيران بولۇپ ئاشنىڭ ئۈستىنى ئېچىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئاچىسىنىڭ ھېلىقى ئېيتىپ بەرگەن سۆزنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. يىگىت بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئاشنى ئىچىپتۇ، قاتلىمىنىڭ قالغان يېرىمىنىمۇ يەپتۇ. ئۇ بالىغا ئاش ئېلىپ كەلگەن قاچىنى قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ:

— ئۇكام ھەممىڭلارغا رەھمەت! ئەمدى سەن قايتىپ بارغاندا ئاچاڭ مېنى « نېمە دېدى؟ » دېسە: «ھەممىڭلارغا كۆپتىن كۆپ رەھمەت، ئاسماندا ئاي يېرىم، يۇلتۇزلار شالاڭ» دېدى، دېگىن — دەپتۇ.

بالا قايتىپ كېلىپ ئىشىنىڭ چىنىپ قالمىغانلىقىغا خۇشال بولغان هالدا يىگىتنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاچىسىغا تولۇق ئېيتىپ بېرىپتۇ. قىز «هە ....» دەپ كۇلۇپتۇ — دە، بالىنى يۇمشۇتۇپ چىرايلىقچە سوراپتۇ. بالا دەسلەپتە بىر ئاز قىزىرىپتۇ، كېيىن يولدا بارغىچە چۆچۈرىدىن بىر قانچىنى، قاتلىمىنىڭ يېرىمىنى يەۋېلىپ قالغانلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

قىز ئەمدى يىگىتنىڭ راستىنلا ئەقىللىق هەم زېرەك يىگىت ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ ئىشىنىپتۇ. «قانداق قىلسام ئۇ يىگىتنى بىر كۆرەرمەن؟» دەپ ئويلاشقا باشلاپتۇ.

قىز داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا دادىسى يەنە هېلىقى يىگىتنىڭ گېپىنى قىلىپ كېلىپ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: « دۇنيادا شۇنداقمۇ كىشىلەر بولىدىكەن؟ » دەپ زاڭلىق قىلىپ كۇلۇپتۇ. قىز ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالماي، دەرهال:

— دادا ئالدىراپ كۇلمەڭ، مەن ئۇ يىگىتنىڭ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يەتتىم، ئىجازەت بولسا ئۇنى سىزگە ئېيتىپ بەرسەم. ئۇ يىگىتنىڭ سۆزلىرىنىڭ هەممىسى جايىدا ئېيتىلغان، ناهايىتىمۇ مەنىلىك سۆزلەر ئىكەن! — دەپتۇ.

قىزنىڭ ئاتىسى بالىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلا ئاڭلىماي يەنە تېرىكىپتۇ، هەيران بولۇپ زېرىكىپتۇ.

— هە ... مانا ئانىسى! تېخى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بىرلا ئاڭلاپ قېلىش بىلەن بىزنىڭ قىزىمىزغا ئۇنىڭ ئەخمەقلىقى يۇقۇپتۇ. — دەپ كۇلۇپ كېتىپتۇ.

ئانىسى:

— قېنى، توختاپ تۇرسىلا! هوي ئۇنىڭمۇ سۆزىنى ئاڭلاپ باقايلى، قىزىمىزمۇ بىر نەرسىنى بىلىپ ئېيتقاندۇ! — دېيىشىگە، ئاتىسى:

— هە ... بۇ ئەخمەقلىق تېخى ساڭىمۇ يۇقۇپتىكەن ـ دە، هە —... دەپ تېخىمۇ كۇلۇپ كېتىپتۇ.

قىزمۇ ئۆز رايىدىن يانماي، ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ:

— ئاتا! مېنىڭمۇ سۆزۈمنى بىر تىڭشاپ باقسىڭىز!… — دەپ ئىلتىجا بىلەن يېلىنىپتۇ.

ئاتىسى ئاخىرى:

— خەير قېنى سەن دانىشمەن بولساڭ، شۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى سەنمۇ قاملاشتۇرۇپ بىر ئېيتىپ باق! — دەپتۇ.

ئاتىسىنىڭ روخسىتىنى ئالغان قىز:

— «يولنى قىسقارتمايلىمۇ!» دېگىنى يول ئۇزۇن ئىكەن، جىمجىت ماڭغىچە ھىكايە ـ چۆچەك ئېيتىشىپ، بولمىغاندا مۇڭدىشىپ ماڭايلى، سۆز بىلەن يولنىڭ ئۇزۇنلىقى بىلىنمەيدۇ، دېگىنى. «ئاشۇ بۇغدايلار دېھقاننىڭ ئۆيىگە كىرەرمۇ؟» دېگىنى بۇغدايلارغۇ ئەمگەك بىلەن بەك ئوخشاپتۇ، كۆزدە ئۇنىڭ ھوسۇلى، باي ـ غوجاملارغا، «قەرز» گە، «ئىجارە» گە، قالغىنى ئامبالغا ئالۋانغا، قالغىنى رەمبالغا، ئۇنىڭدىنمۇ قالغىنى بەگ ـ دوغىلارنىڭ تاپان ھەققىغە كېتەرمۇ؟ دېگىنى. «جىنازىدىكى راست ئۆلۈكمىدۇ؟ تىرىكمىدۇ؟» دېگىنى — شۇ ئۆلگەن كىشىنىڭ ئورنىدا قالغان ئۇنىڭ چىرىغىنى ياندۇرغىدەك بالىلىرى بارمىدۇ؟ ياكى ئۇنىڭ ئارقىدا ياخشى ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغۇدەك ياخشى كىشىلىرى بارمىدۇ؟ ياخشى ئىشلىرىمۇ بارمىدۇ؟ ياكى ھەقىقىي ئۆلۈكمىدۇ؟ — دېگىنى، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

قىزنىڭ ئاتىسى بۇ قېتىمقى گەپلەرنى زېرىكمەي — تىرىكمەي ئاڭلىغىنى ئۈچۈن، قىزىنىڭ شۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بەرگىنىگە چىن كۆڭلىدىن رازى ۋە قايىل بوپتۇ ۋە

— قىزىم! ئۇ يىگىتنىڭ سۆزىگە ئەمدى چۈشەندىم، گەپلەرنىڭ مەنىسىدىن قارىغاندا ئۇ يىگىت راستىنلا ئەخمەق ئەمەس، زېرەك ئىكەن. — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆستەڭ بويىغا بېرىپتۇ، يىگىتنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئىنىم! سەن ماڭا يولدا خىزىر قوشقان ھەمراھ ئىكەنسەن، بىلمەپتىمەن، جۇر ئۆيگە! — دەپ ئۆيىگە باشلاپتۇ.

بىر نەچچە كۈن مېھمان قىلىپ مۇڭدىشىپتۇ، ئىككىسى چىقىشىپ قاپتۇ، قىزمۇ بۇ ئىشنى كۆرۈپ بەك خۇش بوپتۇ. بىر كۈنى يىگىت:

— تاغا! مەن ئۆز يۇرتۇمدىن ئىش ئىزدەپ چىققان ئىدىم، يەنە يولۇمنى

داۋاملاشتۇرۇپ بىرەر يەردىن ئىش تاپسام! — دېگەن ئىكەن، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تەڭلا:

— جېنىم بالام، يالغۇز بېشىڭغا ئىش ئىزدەپ نەلەرگە بارماقچىسەن؟ ئىش دېسەڭ بىزنىڭ بۇ ئۆيدە دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ، ئوغۇل بالىمىز كىچىك، ئەمدى سەن بىزگە ئوغۇل بولۇپ قالغىن، قولىمىزغا قول بولغىن، خۇدا نېسىپ قىلسا بېشىڭنى ئوڭشاپ قويىمىز — دەپ كېلىپ يىگىتنىڭ پىشانىسىگە سۆيۈپ ئېلىپ قاپتۇ.

1956 ـ يىل سېنتەبىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# دات

## (چۆچەك)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، يىراق يېقىن ئارىسىدا ئىراق دىيارىدا بىر كەمبەغەل ئەر ـ خوتۇن ئوتۇنچى ئۆتكەن ئىكەن. ئوتۇنچى ھەر كۈنى جاڭگالغا بېرىپ، يۇلغۇن ـ قاخشال چېپىپ كېلىپ بازارغا ئېلىپ كىرىپ سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا نەرسە كېرەك ئېلىپ كۈن كۆچۈرىدىكەن. بۇلار ھەر كۈنى ھەر خىل جاپا ـ مۇشەققەتكە دۇچ كەلسىمۇ، ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە كۆمەك بولۇپ ناھايىتى ئىناق ئۆتىدىكەن، بىر ـ بىرىگە ناھايىتىمۇ كۆيۈنىدىكەن. كۈنلەر شۇنداق سىرىقتال ئۆتىۋېرىپتۇ، ئەمما بۇلارنىڭ كۈنى ھېچ ياخشىلانماپتۇ. ئوتۇنچى ھەر كۈنلىكى چېپىپ كەلگەن يۇلغۇن ياكى قاخشالنى بازارغا ئېلىپ كىرىپ سېتىپ ئۆز ئۆيىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئالىدىكەن. ئۇتتۇرلۇق ئۆتكەن كۈنگە شۈكرى قىلىپ ياشايدىكەن. بىراق، بۇلارنىڭ زادىلا بالىسى يوق ئىكەن. بۇ ئەر ـ خوتۇنلار ھەمىشە خۇدادىن بالا تەلەپ قىلىشىپ دۇئا قىلىشىدىكەن. كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنى بۇلارنىڭ تىلىكى ئىجاۋەت بولۇپ خوتۇنى ھامىلدار بوپتۇ، بۇنىڭدىن ھەر ئىككىلىسى بەكمۇ خۇش بوپتۇ. ئوتۇنچى بولسا بۇرۇنقىدىنمۇ غەيرەتلىك بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ، ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىنىڭ قاتتىق ـ يىرىك ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىدىكەن ـ دە ئۆيدىن چىقىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە تاپقىنىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە قايتىدىكەن.

شۇ ئوتۇنچىنىڭ مەھەللىسىدە بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى سەلتەنەت باي دېيىشىدىكەن. بۇ، سەلتەنەت باي ئەسلىدە چوڭ بىر بانىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى ئىكەن. ئۇنىڭغا دادىسىدىن ناھايىتى نۇرغۇن مال ـ دۇنيا، ئۆي ـ مۈلۈك مىراس قالغان ئىكەن. بىراق، بۇ سەلتەنەت باي كىچىكىدىنلا

ئۆيۈن قىيى بەد خەج، شۆھرەتپەرەس ھەم شەھۋەتپەرەس، بەدقىلىق شاللاق ئادەم بولغاچقا، دادىسىدىن قالغان بارلىق مال ـ دۇنيانى تېزلا يەپ سورۇپ تۈگۈتۈپ مۇھتاجلىقتا قاپتۇ. ئاخىر بېرىپ كۈندىلىك يېمەكلىكنىمۇ تېپىپ يېيەلمەيدىغان، كۈنلەپ ـ كۈنلەپ ئاچ قالىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. بىراق شۇ ئەھۋالدا تۇرۇۋېمۇ ئۇ، ئىشنى كۆرسە بېشى ئاغرىيدىغان بولۇپ قاپتۇ. چۈنكى ئۇ، ئەسلىدە باي ئائىلىدە تەييارغا ھەييار بولۇپ ئۆسكەنلىكتىن، ئىشنىڭ ئېپىنى بىلمەيدىكەن، ھەم ئىش قىلىشنىمۇ زادى خالىمايدىكەن. ئىش ئەمگەك قىلغان كىشىلەردىن نومۇس قىلىپ ئۆزىنى قاچۇرىدىكەن.

ئوتۇنچى ھەر كۈنى جاڭگالغا بېرىپ كېلىشتە سەلتەنەت باينىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئىككى قېتىم ئۆتىدىكەن. سەلتەنەت باي دەسلەپتە ئۇنىڭدىن يىرگىنىپ يۈرگەن ئىكەن، ئاخىر سەلتەنەت باي بۇ ئوتۇنچىغا قىزىقىپ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ ئىككىسى خېلى يېقىن ئاغىنىلەردىن بولۇشۇپ قاپتۇ، شۇ جەرياندا ھەر ئىككىسى ئۆزىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى بىر ـ بىرىگە سۆزلەپ بېرىشىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئوتۇنچىغا:

— مەن باشقىلارغا يالىنىپ ئىشلەشتىن ئۆيىلىمەن، شۇڭا سىز بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەي دەيمەن، ئىككىمىز جاڭگالىققا بىللە بارساق، ھەر ئىككىمىز ئۇ يەردە ئوتۇن چاپساق. مەن بۇ ئوتۇنلارنى شەھەرنىڭ سىرتىغىچە كۆتۈرۈپ ئەكېلىپ سىزنى ساقلاپ تۇرسام، سىز ئاۋۋەل ئۆزىڭىزنىڭكىنى، كېيىن مېنىڭكىنى بازارغا ئېلىپ كىرىپ سېتىپ مېنىڭ ھەققىمنى قولۇمغا بەرسىڭىز! — دەپتۇ.

ئوتۇنچى، سەلتەنەت باينىڭ ھالىغا ئىچى ئاغرىپ «ماقۇل» بوپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئۇلار ھەر كۈنى سەھەردە بىللە جاڭگالغا ئوتۇن چېپىشقا بارىدىكەن. چاپقان ئوتۇنلىرىنى كېلىشىم بويىچە بازارغا ئېلىپ بېرىپ ساتىدىكەن. باينىڭ پۇلىنى ئۇزىگە بېرىپ، ئۆزىنىڭ پۇلىغا تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىدىكەن. كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈپتۇ. بايمۇ ئاۋۋالقىدەك ئاچ قالمايدىغان بوپتۇ، ھال ـ كۈنى خېلىلا ياخشىلىنىپ

قاپتۇ.

بىر كۈنى بۇ ئىككىسى ئاۋۋالقىدەك جاڭگاللىقتا بىللە بىرىپتۇ. ئىككىسى ئىككى جايدا يولغۇن كۆتىكى چىپىشقا كىرىشىپتۇ، باي بىلەن ئوتۇنچىنىڭ ئارىلىقى ئون ئاياق يىتىمى كېلىدىكەن. ئوتۇنچى بىر تۈپ ئوتۇننىڭ تۈۋىگە كېلىپ، پالتىسىنى كېلىشتۈرۈپ چاپقان ئىكەن، پالتىسى «تاراققىدە» قىلىپ چىققان ئاۋاز بىلەن قاڭقىپتۇ. قارىسا يۇلغۇن تۈۋىدە بىر ھىجىر كومزەك تۇرغىدەك. پالتا تەگكەن جاي ئويۇلۇپ كېتىپ ئۇ يەردىن بىر توشۇك ئېچىلىپ قالغان ئىكەن، ئوتۇنچى زەڭ سىلىپ قارىسا ئىچىدە «لىققىدە» بىر نەرسە پارقىراپ تۇرغىدەك. ئوتۇنچى پالتىسىنى يىنىغا تاشلاپ قويۇپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قولى بىلەن كومزەكنى كولاپ ئېچىپ سىرتقا چىقىرىپتۇ، ئاغزىنى ئېچىپ قارىغان ئىكەن، پاقىرىغان ساپلا تىللا ئىكەن. ئوتۇنچى بۇنىڭدىن خۇشاللىنىپ بايغا قاراپ:

— ۋاي بايۋەچچە، ۋاي سەلتەنەت باي! — دەپ تۈۋلاپ قىچقىرىپتۇ.

— نىمە گەپ؟! — دەپ ۋارقىراپتۇ باي.

— چاققان كەلسىلە دۇنيا تېپىۋالدىم، دۇنيا! — دەپتۇ ئوتۇنچى.

— تولا ۋارقىرىماي، مىنى ئىش قىلغىلى قويساڭچۇ! — دەپ چالۋاقاپتۇ باي، كېيىن ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كېتىپتۇ.

ئوتۇنچى بۇ نۆۋەت يەنە ۋارقىراپتۇ.

— ۋاي بايۋەچچە، چاققان كەلسىلە، بىر كومزەك تىللا تېپىۋالدىم، تىللا.

«تىللا» نىڭ ئېتىنى ئاڭلىغان باي پالتىسىنى چۆرىۋىتىپ ئۆلە - تىرىلىشىگە باقماي ھاسىراپ - ھۆمىدەپ يۈگۈرۈپ، ئوتۇنچىنىڭ قېشىغا يىتىپ كەپتۇ. قارىسا، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر كومزەك تىللا تۇرغىدەك، باي كۈتمىگەن يەردىن قولغا كەلگەن بۇ دۇنيانى كۆرۈپ ئەقلى - ھوشىنى يوقۇتۇپ قويغىدەك بوپتۇ. شۇ ھامان نىيىتى بۇزۇلۇپ ئوتۇنچىنى قوپاللىق بىلەن چەتكە ئىتتىرىۋىتىپ كومزەكنى قولىغا ئاپتۇ. بىچارە ئوتۇنچى نىمە قىلىشنى بىلمەي گاڭگىرىغان پىتى بىر چەتتە نىمە قىلىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قاپتۇ.

باي كومزەكنى چاپىنىغا ئوراپتۇ، ئوتتۇنچى ئۆزى تاپقان بايلىقنىڭ بىر تەييارتاپ باينىڭ مۈلكى بولۇپ كېتىشىگە رازى بولماپتۇ. ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ ئۆزى ئېلىشى كېرەكتە. چۈنكى بۇ بايلىقنى ئۇنىڭ ئۆزى تاپقان تۇرسا؟! كەمبەغەل ئاق كۆڭۈللىكىدىن بۇ نەپسى بالا ھەمراھىنى قىچقىرىپ، ئۇنى خەۋەرلەندۇرگەنلىكىگە ئەپسۇسلىنىپ قىلمىشىغا پۇشايمان يەپتۇ. بۇ باينىڭ بۇنداق ئاچكۆزلىكىنى، نىيىتىنىڭ يامانلىقىنى نەدىنمۇ بىلسۇن؟! ئۇ، مۇشۇلارنى ئويلاپ خىيال ئەينىكىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ، ئۇنىڭغا ئەمدى بىر نەرسە دەي، دېگىچە ئاچكۆز باي ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئالتۇن - كۈمۈش ۋە باشقا بايلىقنىڭ ھەممىسى باينىڭ رىسقى ۋە مۈلكى، بۇنىڭدا ھەر قانداق گادايىنىڭ ھېچقانداق ھەققى يوق، بۇ ماڭا بۇيرۇلغان، بۇنى مەن ئۆزۈم ئېلىشىم كېرەك! — دەپ سۆزلەپ كېتىپتۇ.

— بۇ بىر كومزەك تىللانى ئەسلىدە مەن تاپقان، شۇنداق بولسىمۇ ھەممىنى مەن ئالىمەن دېگىنىم يوق، ئەگەر شۇنداق نىيىتىم بولسا، سىزنى ھەرگىزمۇ چاقىرمىغان بولاتتىم. شۇڭا بىز تەڭ بۆلىشەيلى. — دەپتۇ ئوتتۇنچى

— ياق بولمايدۇ! — دەپتۇ باي ھۆركىرەپ.

— ھېچ بولمىغاندا ئۈچتىن بىر قىسمىنى بولسىمۇ بېرىڭ. ئۆزىڭىز بىلىسىز، مەن پېقىر بىر كەمبەغەل غېرىپ ئادەممەن، خوتۇنۇم ئېغىر ئاياق تۇغۇت ئالدىدا تۇرۇپتۇ — دەپتۇ ئوتتۇنچى يېلىنىپ.

— تېخى مۇنداقمۇ گەپمۇ بار دېگىن، ھىم، سەن ھازىر ئالتۇننىڭ غېمىنى يېمەي ئۆزۈڭنىڭ غېمىنى يېسەڭ بولارمىكىن! — دەپتۇ باي زەھەرخەندىلىك بىلەن.

باينىڭ ھازىرقى ئەلپازىنى كۆرگەن ئوتتۇنچىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ، كېزىك بولغان ئادەمدەك پۇت - قولىدا جان قالماپتۇ. باي پىچىقىنى چىقىرىپ ئوتتۇنچىغا دۈۋەيلەپ كەپتۇ، ئوتتۇنچى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ئىختىيارسىز تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ ۋە قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ:

— بايۋەچچە، ماڭا رەھمى قىلىڭ، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، ھېچ

www.uyghurkitap.com

بولمىغاندا مېنىڭ پات ئارىدا دۇنياغا يېگىدىن كۆز ئاچىدىغان تەلەيسىز پەرزەنتىمگە بولسىمۇ ئىچىڭىز ئاغرىسۇن. ئالتۇننىڭ ھەممىسىنى ئالسىڭىزمۇ، ئېلىڭ بوپتۇ، مەن سىزدىن ھېچنەرسە تەلەپ قىلماي، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي، مېنى ئامان قويسىڭىز! — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— بۇنداق قولغا چۈشكەن پايلىقنى ئىككى ئادەمدىن پەقەت بىرسىلا ئېلىشى لازىم. يەنە كېلىپ بۇنداق بايلىقلار بايلارغىلا مەنسۇپ، شۇڭا بايلار ئىگىلىشى كېرەك. لېكىن، ئادەت بويىچە ئالدىن قان قىلىش لازىم، شۇ چاغدىلا بۇ، بايلىق ئالغۇچىغا ھالال بولىدۇ. — دەپتۇ باي.

— ھەمسەپەرلىكىمىزنىڭ يۈزىدىن سىلىدىن بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي! — دەپ يېلىنىپتۇ ئوتۇنچى.

— سەن بۇ قائىدىنى بىلەمسەن؟! سېنى ئۆلتۈرۈپ قان قىلمىسام، بۇ بايلىق ماڭا قانداقچە ھالال بولىدۇ! — دەپ ئوتۇنچىنىڭ كانىيىغا پىچاق تەڭلەپتۇ، ئۆزىنىڭ ھايات قېلىشىغا كۆزى يەتمىگەن بۇ ئوتۇنچى نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپلا قاپتۇ. ئالتۇننى چاققانراق ئۆيىگە ئاپىرىپ ئۇنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرۈشنى ئويلاۋاتقان قارا نىيەت باي ئىشنى چاققانراق ئاياغلاشتۇرماقچى بوپتۇ. ئۇ، ئوتۇنچىغا خەنجىرىنى تەڭلەپ تۇرۇپ سوراپتۇ:

— ئۆلۈم ئالدىدا يەنە ماڭا دەيدىغان قانداق سۆز، ئائىلەڭگە دەيدىغان قانداق ۋەسىيەتلىرىڭ بار، ئېيت، ئۇنى مەن ئائىلەڭگە يەتكۈزۈپ قويىمەن.

ئوتۇنچى ئۆزىنىڭ زادىلا ھايات قالمايدىغانلىقىغا ئاخىرى كېلىپ مۇشۇ باغرى تاش، قارا نىيەت باينىڭ قولىدا ناھەق ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، بىردەم ئويلىنىۋېلىپ:

— خوتۇنۇم ھامىلدار ئىدى، كۆزى يورۇش ۋاقتىمۇ يېقىنلاشقان. قىز تۇغسا قانداق ئىسىم قويسا مەيلى، ئۆزىنىڭ ئىختىيارى، ئەگەر بالا ئوغۇل بولۇپ قالسا ئىسمىنى «دات!» قويسۇن، مۇشۇ ۋەسىيىتىمنى خوتۇنۇمغا يەتكۈزۈپ قويساڭ، مەن سەندىن ئۇ دۇنيا، بۇدۇنيا رازى بولاتتىم! — دەپتۇ.

— بۇ ۋەسىيىتىڭنى چوقۇم جايىغا يەتكۈزىمەن! — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ باي. ئوتۇنچىنىڭ كانىيىغا خەنجىرىنى ئۇرۇپ ئۇنىڭ ئىشىنى تاماملاپتۇ. ئۇنى يۇلغۇن تۈۋىگە ھېلىقى كومزەك چىققان يەرگە كۆمۈپ ئۈستىگە قۇم

دۆلەپ قويۇپ ئالتۇننى كۆتۈرۈپ كېتىپتۇ.

ئۇ ۋەيران بولغان ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ ئىشنى يېڭىۋاشتىن باشلىماقچى بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ شەھەر بويىچە ئەڭ چوڭ بايلاردىن بولۇپ تونۇلۇپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ بىردىنلا بۇنداق بېيىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە گەپ - سۆز قىلىشقاندا: «ئاتا - ئانىسىدىن قالغان خېمىرتۇرۇچ بولسا كېرەك» دەپ پەرەز قىلىشىپتۇ. ئۇ ئېسىل چوڭ بىنالارنى، ھەشەمەتلىك سارايلارنى، جەننەتتەك چارباغلارنى بىنا قىلدۇرۇپتۇ. بۇ باغ ئاشۇ مەملىكەت بويىچە ئەڭ گۈزەل، كۆركەم، خۇش ھاۋالىق، دائىرىسى كەڭ، گۈللىرى، مېۋىلىرى خىلمۇ - خىل، بۇلبۇللىرى، قۇشلىرى سايرىشىپ تۇرىدىغان سەلتەنەتلىك باغ ئىكەن. بۇ باغقا سەيلە — تاماشاغا كېلىپ باينىڭ ئىجازىتى كۈتۈپ تۇرىدىغانلار كۈنىگە نەچچە مىڭ كىشىگە يېتىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەلتەنەت باي كوچا ئارىلاپ كۆرمەكچى بوپتۇ. شۇنداق يۈرۈپ ئۇ، نامراتلار كوچىسىدىكى ھېلىقى مەھەللىگە كەپتۇ. شۇ چاغدىلا ھېلىقى ئوتۇنچىنىڭ قىلغان ۋەسىيىتى ئۇنىڭ يادىغا كەپتۇ. ئۇ ئوتۇنچىنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپتۇ، باشقىلاردىن سوراپ يۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆيىنى تېپىپتۇ، دەرۋازىسىغا كەلسە، بىر ئايالنىڭ ئۆي ئىچىدىن يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

سەلتەنەت باي كەينىگە يېنىپ بازارغا بېرىپ بىر ماتاچىدىن تۆت گەز ماتا سېتىۋېلىپ، قايتىپ ئوتۇنچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. چۈنكى ئادەت بويىچە تۇغۇتلۇق ئۆيگە قۇرۇق قول كىرىشكە بولمايدىكەن.

باي ماتانى كۆتۈرۈپ ئوتۇنچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ، ئوتۇنچىنىڭ ئايالى بىلەن سالاملىشىپتۇ ۋە:

— مەن مۇشۇ يەرلىك، ئىسمىم سەلتەنەت باي، مەن ئېرىڭىزنىڭ قالدۇرغان ۋەسىيىتىنى سىزگە يەتكۈزۈپ قوياي دەپ كەلدىم! — دەپتۇ.

— مېنىڭ ئېرىمگە نېمە بولدى؟! ئۇ ھازىر قەيەردە؟! — دەپ ئالدىراش سوراپتۇ ئايال تاقەتسىزلىنىپ. ئۇ ئېرىنىڭ ئوتۇنغا كەتكەنچە دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىپ، ئۆيگە يېنىپ كەلمىگەنلىكىدىن بىرەر پېشكەللىككە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يولۇققان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، قاتتىق ئەنسىرەپ خەۋىرىنى ئۇقالماي يۈرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

— بىر كۈنى شەھەرنىڭ سىرتىدا ئاتلىق كېتىۋاتاتتىم، بىر كىشى ئەسكى تامنىڭ تۈۋىدە تولغىنىپ ئىڭراپ يېتىپتۇ. يېنىدا بىر يۈدە يۇلغۇن كۆتىكىمۇ بار ئىكەن. ئاتتىن چۈشۈپ قېشىغا بارسام، ئۇ ئېغىر كېسەلكەن. مەن: «ئاتقا مىندۈرۈپ ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي!» دېسەم، ئۇ كىشى زادىلا ئۆرە بولالمىدى، بېشىنىمۇ كۆتۈرەلمىدى. ئۇ كىشى ئېيتتىكى:

— مېنىڭ يەيدىغان رىسقىم مۇشۇ يەردە تۈگىگەن ئوخشايدۇ، مەن بۇ هالدا ئۆيۈمگە زادى بارالمايدىغان ئوخشايمەن. خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت، هېلىمۇ سىزگە يولۇقتۇم، خوتۇنۇم هامىلدار ئىدى، سىز ئېغىر كۆرمەي مېنىڭ مۇنۇ ۋەسىيىتىمنى يەتكۈزۈپ قويسىڭىز: تۇغۇلغان بالا قىز بولسا، ئۆزى بىلىپ بىر ئىسىم قويسۇن، مۇبادا ئوغۇل بولۇپ قالسا، ئىسمىنى چوقۇم «دات» قويسۇن!— دەپلا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان ئىدى. مەن ئېرىڭىزنىڭ شۇ ۋەسىيىتىنى سىزگە يەتكۈزۈپ قوياي! — دەپ كەلگەن ئىدىم! — دەپتۇ.

ئايال قاتتىق ھەسرەت چېكىپتۇ، زارلاپ ـ يىغلاپتۇ، ئۆزىنىڭ ياش تۇرۇپلا تۇل قالغانلىقىغا، بالىسىنىڭ تۇغۇلۇشىدىن بۇرۇنلا يېتىم قالغانلىقىغا ئېچىنىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى، بالىسىنىڭ ئوغۇل ئىكەنلىكىنى، تېخىچە ئىسىم قويمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

سەلتەنەت باي، بالىنى ئاپىسى ماتاغا ئوراپ بەرگەن ئىكەن، قولىغا ئېلىپ ئوڭ قۇلىقىغا «ئەزان»، چەپ قۇلىقىغا تەكبىر ئوقۇپ بالىغا «دات» دەپ ئىسىم قويۇپ بېرىپ، كەلگەن يولىغا كېتىپتۇ.

باي ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىكىنى قىلىپ، ئۇنىڭ هوزۇر ـ هالاۋىتىنى سۈرۈپ يۈرۈۋېرىپتۇ، بىچارە تۇل ئانا ئوغلىنى بېقىش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز ئۆلە ـ تىرىلىشىگە قارىماي جاپالىق ئىشلەپتۇ، باشقىلارنىڭ نېنىنى يېقىپ، كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپتۇ.

داتمۇ ئاستا ـ ئاستا چوڭ بوپتۇ، بىر كۈنى بۇ ئايال بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ بىر كۆل بويىدا كىر يۇيۇپتۇ. بىر چاغدا قارىسا يېنىدا

ئويناپ يۈرگەن بالىسى يوق تۇرغىندەك، ئانا قاتتىق ئەنسىرەپ پايى - پېتەك بولۇپ ئەتراپىنى ئاختۇرۇپتۇ. بىراق بالىسىنى ئىزلىگەن يېرىدىن تاپالماپتۇ. ئەندىشىگە چۈشكەن ئانا قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ قويۇپ چىپىپ يۈرۈپ:

— دات! ، ۋاي دات! ... — دەپ قاتتىق ۋارقىراپتۇ.

— دات! ... دات! ... دات! ...

دەل شۇ چاغدا ئىراق مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى ئىمىر شاھ يېقىن كىشىلىرى ۋە بىر قىسىم ياساۋۇللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، شۇ يەرگە يېقىن بىر كوچىدا كېتىۋاتقان ئىكەن. بۇ كۆل ئەتراپىدىن چىققان: «دات! » ئاۋازى ئىمىرشاھنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپتۇ، بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان شاھ ئەجەپلىنىپ جايىدا توختاپ قاپتۇ، دەرھال يېنىدىكى ياساۋۇللىرىغا قاراپ:

— مەن شۇنداق ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراۋاتقان بۇ زاماندا يەنە «دات! » دەپ توۋلاۋاتقان كىم؟ ! بېرىڭلار، ئىزدەپ تېپىڭلار، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر دەرھال ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپ پەرمان قىپتۇ، كەتكەن ياساۋۇللاردىن ئىككىسى ھايال قىلماي «دات» نىڭ ئانىسىنىڭ پۇت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ.

— مېنىڭ دەۋرىمدە ساڭا «دات! » دەپ توۋلىغىدەك نېمەئازار يەتتى؟

— دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ئايالغا قاراپ.

— ئۇلۇغ پادىشاھىم، سىلىنىڭ ئادالەتلىك دەۋرلىرىدە ماڭا ھېچكىمدىن ئازار يەتمىدى.

— ئەمىسە، نېمە ئۈچۈن ئارقا ئارقىدىن «دات! » دەپ توۋلايسەن؟ !

— بۇ بىر ئادەمنىڭ يەنى مېنىڭ ئوغلۇمنىڭ ئىسمى، مەن شۇنى چاقىرغانىدىم.

— ئوغلۇمنىڭ ئىسمى؟ ! بۇگۇنكى كۇندىمۇ ئوغلۇڭغا نېمە ئۈچۈن «دات! » دەپ ئىسىم قويدۇڭ؟ !

— بۇ راست، پادىشاھى ئالەم، ئوغلۇمنىڭ ئىسمى «دات» ئىدى.

— تولا يالغان گەپ قىلما!

— راست پادىشاھى ئالەم، بۇ مېنىڭ ئوغلۇمنىڭ ئىسمى.

— ئەمىسە، نېمىشقا «دات! » دەپ ئىسىم قويدۇڭ؟ !

www.uyghurkitap.com

— بۇ، مەن قويغان ئىسىم ئەمەس.

— بۇ ئىسىمنى كىم قويغان؟!

— بۇ ئىسىمنى ئېرىمنىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، شۇ ۋەسىيەتنى ئاڭلىغان شەھىرىمىزدىكى سەلتەنەت باي دېگەن كىشى قويۇپ بەرگەن. — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئايال. كېيىن سەلتەنەت باي بىلەن ئېرى ھەم ئۆزى ئوتتۇرىسىدا بولغان گەپ سۆزلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ بۇ ئايالنىڭ گېپىگە ئىشىنىپتۇ، بۇ ئىسىمنىڭ قويۇلۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، سەلتەنەت باينى ھوزۇرىغا ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. كەتكەن كىشىلەر ھايالقىلماي سەلتەنەت باينى شاھ ھوزۇرىغا ھازىر قىپتۇ.

پادىشاھ سەلتەنەت باينىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ، دەرھال سوراق قىلىشقا كىرىشىپتۇ.

— بۇ ئايالنىڭ بالىسىغا «دات!» دېگەن ئىسىمنى سەن قويغانمىدىڭ؟!

— خوش پادىشاھىم، شۇنداق مەن قويغان.

— نېمە ئۈچۈن «دات!» دېگەن ئىسىمنى قويدۇڭ؟!

— ئۇ، بۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ھەم بالىسىنىڭ دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى ئىدى!

— سەن ئۇ كىشى بىلەن بۇرۇن تونۇشاتتىڭمۇ؟!

— ھە ... ھە ... ياق ... مەن ئۇ كىشىنى ... بۇنداق سوراققا قېلىشنى ئويلاپ باقمىغان سەلتەنەت باينى بىردىنلا سۈر بېسىپ ئالاقزادە بولۇپ تىترەك بېسىپتۇ، ئاغزى كەلمەيۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ بالىنىڭ دادىسىنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى قايتىدىن بىر قۇر تەكرارلاپتۇ.

پادىشاھ سەلتەنەت باينىڭ تاققا ـ تۇققا گەپلىرى بىلەن دۇدۇقلاشلىرىدىن، بۇ گەپلەرنىڭ تېگىدە گەپ ياكى يوشۇرۇن سىر بارلىقىنى پەملەپتۇ، شۇ يەردىلا:

— ئەگەر سەلتەنەت باي راستىنى ئېيتمىسا دەرھال زىندانغا سېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

سەلتەنەت باي قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ

ئۆملەپ كېلىپ پادىشاھنىڭ ئاياقلىرىنى سۆيۈپتۇ. كېيىن ئۆزىنىڭ پۈتۈن كەچمىش ـ كەچۈرمىشلىرىنى، ئوتتۇنچى بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئىقرار قىپتۇ.

بۇ ئىشنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىدىن قاتتىـــق غەزەپلەنگەن شاھ، سەلتەنەت باينىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ پوستىغا سامان تىقىپ، جەسىتى بىلەن قوشۇپ دارغا ئېسىشنى بۇيرۇپتۇ. ھۆكۈم دەرھال ئىجرا قىلىنىپتۇ. سەلتەنەت باينىڭ ئۆزى ئۆلتۈرگەن ئۆيىنى باينىڭ خوتۇن ـبالىلىـــرىغا قالدۇرۇپ قالغان بارلىق سارايلىرىنى، باغلىرىنى داتقا بۇيرۇپ بېرىپتۇ.

كۆتمىگەندە بۇنداق چوڭ بايلىققا ئىگە بولغان «دات!» دادىسىنىڭ دانىشمەنلىكىدىن قايىل بوپتۇ. ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزگەن ئېچىنىشلىق كۈنلىرىنى ئەسلەپتۇ. ئانىسىنىڭ تارتقان جاپاسىنى ئويلاپ ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ بۇ باققا ئەجىر سىڭدۇرۇپ ئۇنى تېخىمۇ ئاۋات، گۈزەل، كۆركەم خۇش ھاۋالىق قىلىۋېتىپتۇ. كىشىلەر: «شۇ كۈنلەردە بۇ يەردە بۇ باغنىڭ ئالدىغا ئۆتكىدەك باشقا باغ يوق! ...» دەپ تەرىپلىگىدەك قىپتۇ. شۇڭا بۇ باغقا كېلىپ سەيلە ـ تاماشا قىلىدىغانلار بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپىيىپ كېتىپتۇ. بۇ باغنىڭ داڭقى يىراق ـ يىراق جايلار ۋە ئىقلىملارغا تارقىلىپتۇ. كىشىلەر بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا «نەگە بارغان، نەدىن كەلگەنلىكى» توغرىسىدا پاراڭلاشقاندا «دات» نىڭ بېغىغا باردۇق ياكى بارىمىز» دېيىشىدىكەن. شۇنداق قىلىپ كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «دات» نىڭ بېغىغا بارىمىز ياكى «دات» نىڭ بېغىغا بېرىپ كەلدۇق دېگەن جۈملە ئورنى ئالماشتۇرۇپ «باغى دات» قا باردۇق، ياكى «باغدات» تىن كەلدۇق، دېيىلىدىغان بوپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ يەر ئاستا ـ ئاستا «باغدات» دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ يەر كېيىنكى كۈنلەردە ئىراقنىڭ پايتەختى بولۇپ شەھەرگە ئايلىنىپ «باغدات» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

* * *

شۇ كۈنلەردە باغدات شەھىرىدە پادىشاھ ئوردىسىنىڭ يېنىدا چوڭ بىر

مەدرىس ۋە ئۇنىڭغا يانداپ سېلىنغان بىر كېلىشكەن خانىقا بار ئىكەن. بۇ مەدرىستە 300 — 400 دەك تالىپلار دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىدىكەن. بۇ تالىپلارغا چوڭ بىــر مۇدەررىس دەرس بېرىدىكەن. ئۇ كىشى خانىقاغىمۇ ئىمامەتچىلىك قىلىدىكەن. بۇ خانىقادا ھەر جۈمە كۈنى روزى ھېيت، قۇربان ھېيتلاردا پۈتۈن باغدات ئاھالىسى دېگىدەك ناماز ئوقۇپ ئاللاغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىدىكەن. ھەر قېتىملىق ھېيت ـ ئايەملەردە، سەدىقە ـ پىتىر ئايلىرىدا نامازدىن كېيىن پۈتۈن جامائەت بۇ مۇدەررىسكە بىر ـ ئىككى، ھال ـ ئوقىتى ياخشىراقلىرى ئۈچ ـ تۆتتىن تىللا ۋە تەڭگە سەدىقە قىلىدىكەن. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر قېتىملىق نامازدىن كېيىن جامائەت بۇرۇنقىدەكلا بۇ مۇدەررىسكە تىللا ـ تەڭگە سەدىقە قىلىشىپتۇ.

بۇ شەھەردە پۈتۈن باغدات ئاھالىسىنى ئۆزۈندىن بويان بۇلاپ ـ تالاپ پاراكەندىچىلىككە سېلىپ كېلىۋاتقان قىرىق نەپەر قاراقچى بار ئىكەن. بۇ قاراقچىلار شەھەر ئاھالىسىنى ۋە ئىراقنىڭ يېزا ـ قىشلاق، سەھرالىرىنى، كارۋان يوللىرىنى ئالا قويماي ئارىلاپ يۈرۈپ كىشىلەرنى قاڭغىر قاخشاتقان، قانچىلىغان مەرتلەرنىڭ تەكىيە ـ ياستۇغىنى قۇرۇتقان ئىكەن. ھەتتا شاھنىڭ خەزىنىسىگىمۇ بىر قانچە قېتىم كىرىپ تورغا ئىلىنماي چىقىپ كەتكەن ئىكەن. شۇ كۈندىكى نامازغا بۇ قاراقچىلارنىڭ باشلىقى بىلەن خېلى كۆپ بىر قىسمىمۇ قاتناشقان ئىكەن. كىشىلەر نامازدىن كېيىن، مۇدەررىسكە تىللا ـ تەڭگە بېرىپ دۇئاسىنى ئېلىپ مېڭىپتۇ. قاراقچىلارمۇ باشقىلارنىڭ قاتارىدا تىللا بېرىپ چىقىپ كېتىپتۇ، قاراقچىلارنىڭ باشلىقى بولسا ھەممە كىشىنىڭ ئاخىرىدا خانىقادىن چىقىپ باشقىلارغا ئوخشاش ئىككى ـ ئۈچ تىللا تاشلاپ ئۆتۈپتۇ. ئازراق مېڭىپ كەينىگە قاراپتۇ، شۇ چاغدا مۇدەررىس تەڭگە ـ تىللالارنى ئايرىپ ھەر بىرىنى بىر خالتىغا سېلىۋاتقان ئىكەن، بۇنى كۆرگەن قاراقچىلارنىڭ باشلىقىنىڭ نىيىتى تېخىمۇ بۇزۇلۇپتۇ. ئۇ خانىقا دەرۋازىسى يېنىدا ماراپ چۆرگىلەپ يۈرۈپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن مۇدەررىس ئىككى قولىدا بىردىن ئىككى خالتىنى كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ. ئۇيان ـ بۇيان قارىماي ئۇدۇل ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ، قاراقچىلارنىڭ باشلىقىمۇ تۇيدۇرماي

مۇدەررىسنىڭ كەينىگە چۈشۈپتۇ، مۇدەررىس بۇنىڭدىن خەۋەرسىز مېڭىۋېرىپتۇ، بۇلار خېلى ماڭغاندىن كېيىن مۇدەررىس بىر چوڭ هويلىغا كىرىپ كېتىپتۇ. بۇ هويلا شاھ سارىيىنىڭ ئارقىسىدىلا ئىكەن، قاراقچىلار باشلىقى مۇدەررىسنىڭ هويلىسىنىڭ ھەممە يېرىنى سىنچىلاپ كۆرۈپ چىقىپ، ئاندىن قايتىپ كېتىپتۇ. ئۆز جايىغا بارغاندىن كېيىن ئادەملىرىنى يىغىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپتۇ. كەچتە قىرىق قاراقچى مۇدەررىسنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپتۇ. بۇ، ئەتراپ جىمجىت، پۈتۈن ئەل ئۇيقىغا كەتكەن چاغ ئىكەن. قاراقچى باشلىقى ئۆزى مۇھىم دەپ قارىغان بارلىق ئورۇنلارغا ئىككىدىن قوراللىق ئادىمىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىككىسى دەرۋازا ساقلاپ قاپتۇ. ئىككىسى هويلىنىڭ توغرا تېمى ئۈستىگە مىنىپ ئولتۇرۇپتۇ، ئىككىسى ئۆگزىگە چىقىپتۇ. قالغان تۆت ئادىمىنى باشلاپ قاراقچى باشلىقى مۇدەررىسنىڭ ئۆيىگە يېنىپ كىرىپتۇ. بۇلارنىڭ مەقسىتىنى خېلى بۇرۇنلا چۈشەنگەن مۇدەررىس هودۇقماستىن خاتىرجەملىك بىلەن خاس هۇجرىسىغا كىرىپ هېلىقى تىللا ـ تەڭگىلەرنى ئېلىپ چىقىپ قاراقچىلارنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بىراق قاراقچىلار، تىللا ـ تەڭگىلەرگە شۇنداقلا قاراپ ـ قويۇپ نەزىرىنى سالماي تۇرۇپتۇ، كېيىن بىر — بىرىگە قارىشىپ بۇنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە ئۇنىماپتۇ.

— ئالتۇن ـ كۈمۈش، تىللا ـ تەڭگە، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى ئالغاندا — دەپتۇ، قاراقچىلار باشلىقى، — قائىدە بويىچە قان قىلىش لازىم. بولمىسا بۇ ماللار ئالغۇچىغا هالال بولمايدۇ، شۇڭا بىز سىزنى ئۆلتۈرۈپ قان قىلىپ بۇ ماللارنى هالاللاپ ئالىمىز.

مۇدەررىس بۇ پاجىئەدىن هېچقانداق قىلىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلىپتۇ، لېكىن بۇ روھىي هالىتىنى سەزدۈرمەي ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن تۇرۇپ خاتىرجەم قىياپەتتە:

— بولىدۇ، مەن رازى، ئەگەر بۇ تىللا ۋە تەڭگە ھەم باشقا بايلىقلار سىلەرگە هالال بولىدىغانلا بولسا، قان قىلىشقا رازىمەن. لېكىن سىلەر شۇنچە يىراق جايدىن كەلدىڭلار، هارغانسىلەر، چارچىغانسىلەر، هازىر ۋاقتىمۇ خېلى بار، ئالدى بىلەن مەن سىلەرنى ئوبدان بىر كۈتۈۋالمىدىكەنمەن مېهمان

قىلىۋالاي! — دەپتۇ.

قاراقچىلار بىردەم ئويلىنىپ ئاخىر: «بۇ پوشكال ئوغرىسى موللىنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى؟!» دەپ ماقۇللۇق ئىپادىسىنى بىلدۈرۈپتۇ. مۇدەررىس دەرھال داستىخان سېلىپ قەنت - گېزەك، ناۋات، مۇراببا قاتارلىق تاتلىق تۈرۈملەرنى داستىخانغا دۆۋىلەپتۇ، ئېسىل چايلارنى دەملەپتۇ. ھەر بىرىنىڭ ئالدىغا ئانار، ئۈزۈم شەربىتى، ئەنجۈر - بىيە مۇراببىاسى قاتارلىق ئالىي دەرىجىلىك مېۋىلەرنى تىزىۋېتىپتۇ، قاراقچىلار ئۈزۈندىن بېرى يېمىگەن بۇ نازۇ - نېمەتلەرنى ئىشتىھا بىلەن يېگىلى تۇرۇپتۇ.

— مەن ئەجىلىمنىڭ توشقانلىقىنى بىلىۋاتىمەن، مېنىڭ ئەجىلىم سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا ئىكەن، شۇنداق بولسىمۇ مەن سىلەرگە ھاياتىمنىڭ ئاخىرىدا ئۆز قولۇم بىلەن ئوخشىتىپ بىر مەدرىس پولۇسى ئېتىپ بېرەي، ئاندىن مېنى نېمە قىلساڭلار ئىختىيار ئۆزۈڭلەردە، — دەپتۇ، مۇدەررىس.

قاراقچىلار ماقۇل بوپتۇ، ئۇلار داستىخاندا يەپ - ئىچىشىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ، مۇدەررىس ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ سەۋزە قەلەم قىپتۇ، گۆش پارچىلاپتۇ، ياغنى چۈچۈتۈپ داغلاپتۇ، ئۇ ۋاقىت ئۆچۈن ھەر بىر ئىشنى ئالدىرىماي ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىپتۇ. كېيىن پولونى دۈملەپ قويۇپ قاراقچىلارنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ.

— پولو دۈملەندى، ئاش دەم يېگىچە مەن سىلەرگە قىزىق بىر چۆچەك ئېيتىپ بېرەي، جىمجىت ئولتۇرساق زېرىكىپ قالىسىلەر، — دەپتۇ.

قاراقچىلار بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بوپتۇ. مۇدەررىس سەلتەنەت باي بىلەن ئوتتۇنچىنىڭ تېخى يېقىندىلا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلىكىنى باشتىن باشلاپ ئېيتىشقا باشلاپتۇ. ئۇ، بۇ چۆچەكنى شۇنداق قىزىقارلىق، جانلىق، ئېيتىپتۇكى ئولتۇرغانلار ئۆزلىرىنىڭ نەدە ئولتۇرغانلىقىنى، نېمە ئىش قىلماقچى بولغانلىقلىرىنى، ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكلىرىنى پۈتۈنلەي ئەستىن چىقىرىپ قويۇپتۇ، بۇ ۋاقىتقىچە سۇبى كۆتۈرۈلۈپ ۋاقىت تاڭغا يېقىنلاپ قاپتۇ.

مۇدەررىس ئوتتۇنچىنىڭ ئايالىنىڭ ئوغلى داتنى يوقۇتۇپ قويۇپ ئۇنى ئىزدەپ قاتتىق ۋاقىرىغان يېرىگە كەلگەندە، ئۇ، ئايال ئالاقزادىلىك ئىچىدە

چىپىپ يۈرۈپ، ئىككى قولىنى ئاغزىغا كاناي قىلىپ «دات! » دەپ ئاۋازىنىڭ بېرىچە ۋارقىراپتۇ، دەپ ئۆزىمۇ ئەينەن شۇنى دورىغاندەك قىلىپ ئىككى قولىنى كانايدەك ئاغزىغا قويۇپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

— دات! ··· ۋاي دات! ··· — دەپ يەتتە ـ سەككىز قېتىم ۋارقىراپتۇ. دەل شۇ پەيتتە، ئىراق پادىشاھى، ئىمىر شاھ بامدات نامىزىغا — مەسچىدكە چىقىش ئۈچۈن تاھارەت ئالغىلى سىرتقا چىققان ئىكەن. تاڭ سەھەردە ئوردىسىنىڭ ئارقىسىدىن تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بۇ «دات» ئاۋازى پادىشاھنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. ئۇ، ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەندەك ئادالەت بىلەن يۇرت سوراۋاتقان ئادىل پادىشاھنىڭ زامانىسىدا بۇنداق چاغدا «دات» دەپ توۋلاۋاتقان زادى كىم؟! — دەپتۇ ـ دە، شۇ يەردىكى ياساۋۇللىرىنى يىغىپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە تېزلىكتە يېتىپ بېرىشنى، ۋارقىرىغان ھەم ئۇنىڭغا زۇلۇم سالغان كىشىنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسىنى دەرھال تۇتۇشنى بۇيرۇپتۇ. ئۆزىمۇ دەرھال كىيىنىپ بىر قىسىم ئاتلىقلارنى باشلاپ مېڭىپتۇ. ئۇلار مۇدەررىسىنىڭ دەرۋازىسىغا كەلگەندە بۇ ئاۋازنىڭ شۇ ئۆيدىن يەنە چىقىۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ. قارىسا مۇھىم جايلارنى قاراقچىلار ئىككىدىن بولۇپ ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. بىراق ھەممىسىنىڭ كۆزى ۋە قولىقى ئۆي ئىچىگە قارىتىلغان. دەرۋازىدىكى ئىككىسىمۇ بېشىنى ھويلا ئىچىگە تىقىپ تۇرغان، بۇلار پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ياساۋۇللىرىنىڭ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى قىلچە سەزمەپتۇ. شۇ چاغدا ھويلىدىن «دات» دېگەن ئاۋاز يەنە چىقىپتۇ. پادىشاھ ياساۋۇللىرىغا، بۇ قاراقچىلارنى پەم بىلەن تۇيدۇرماي قورشاشنى بۇيرۇپتۇ. پادىشاھ ئۆزى بىرقانچە ياساۋۇللىرىنى باشلاپ پايلاقچىلارنى تۇتۇپ، دەرۋازىنى ئېچىپ ھويلىغا كىرىپتۇ. قاراقچىلارنى بىر ـ بىرلەپ تۇتۇپ ئوردىغا ھەيدەپ ئېلىپ كىرىپتۇ. سوئال ـ سوراقتىن كېيىن، بۇلارنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان تۇتۇلماي كېلىۋاتقان ھېلىقى بالايى ـ ئاپەت «تاۋۇس» ناملىق قاراقچىلار توپى ئىكەنلىكى مەلۇم بوپتۇ.

پادىشاھ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىپتۇ. ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشتىن بۇرۇن پادىشاھ بۇلاردىن، قانداق تەلەپ ۋە ۋەسىيەتلىرى بارلىقىنى سوراپتۇ. قاراقچىلار ئۆزلىرىنىڭ باشقا ھېچقانداق تەلەپ ۋە

ۋەسىيەتلىرىنىڭ يوقلىقىنى، پەقەت كىچە مۇدەررىس ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكنىڭ داۋامىنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ۋە سەلتەنەت باي بىلەن «دات» نىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلگۈسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ.

پادىشاھ دەرھال مۇدەررىسنى قىچقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. بۇ كىشى بېرىپ مۇدەررىسنى ئېلىپ كەپتۇ، مۇدەررىس پادىشاھنىڭ ئەمرىگە بىنائەن قاراقچىلارغا چۆچەكنىڭ داۋامىنى ئېيتىپ بېرىشكە ماقۇل بولۇپ سۆزىنى شۇنداق باشلاپتۇ:

— شۇنداق قىلىپ — دەپتۇ مۇدەررىس، — ئايال «دات!» دەپ ۋارقىراۋاتقان مەزگىلدە دىيارىمىزنىڭ ئادالەتلىك شاھى ئەمىر جانابلىرى بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئايالنى قىچقارتىپ كەپتۇ، ئايالدىن: «نېمە ۋەقە؟!» دەپ سورىغان ئىكەن، ئايال ئۆزىنىڭ كەچمىش ـ كەچۈرمىشلىرىنى شاھقا سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئوغۇلغا «دات» دەپ ئىسىم قويغۇچى سەلتەنەت باي ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ: «بۇنىڭ تېگىدە چوقۇم سىر بار!» دەپ ئۇنى قىچقارتىپ كەپتۇ. سوراقتا ھەقىقىي ئەھۋال ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن شاھ سەلتەنەت باينىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ ئىچىگە سامان تىقىپ جەستى بىلەن دارغا ئېسىشنى بۇيرۇپتۇ. سەلتەنەت باينىڭ ئۆزى ئۆلتۈرگەن جايىنى ئۇنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىغا قالدۇرۇپ، قالغان باغ ـ سارايلىرىنى داتقا بېرىشنى ھۆكۈم قىلىپتۇ. ھۆكۈم دەرھال ئىجرا قىلىنىپ سەلتەنەت باينىڭ تېرىسى تەتۈر سويۇلۇپ، ئىچىگە سامان تىقىلىپتۇ. كېيىن جەستى بىلەن بىللە دارغا ئېسىلىپتۇ. — دەپ ھېكايىسىنى تۈگىتىپتۇ.

قاراقچىلار:

— چۆچەكنىڭ داۋامىنى ئاڭلىدۇق، ئەمدى ئارمانىمىز قالمىدى. بىزمۇ پادىشاھنىڭ ھۆكۈمىگە رازىمىز، — دېيىشىپ، بىشىنى ئېگىشىپ تۇرۇشۇپتۇ. شاھنىڭ قاراقچىلار ھەققىدىكى پەرمانى دەرھال ئىجرا قىلىنىپ قىرىق قاراقچى دەرھال دارغا ئېسىلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىراق مەملىكىتىدىن يەنە بىر ئاپەت تۈگىتىلىپتۇ.

بۇ چۆچەكنى نىمشېھىت ھايات ۋاقتىدا
قىزى بۇۋىھەجەرگە سۆزلەپ بەرگەن.

1984 ـ يىل سىنتەبىر

# ئۇچقان ئادەم

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زامانلارنىڭ بىرىدە بۇ دىياردا بىر پادىشاھ بولغان ئىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ ئۆزى ياش بولۇپ، ئويۇن ـ تاماشا، سەيلە ـ تاماشا، شىكارغا ئامراق ئىكەن. شۇڭا ئۇ پات ـ پات سەيلە ـ تاماشا، شىكار قىلىپ تۇرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شىكار قىلىپ يۈرۈپ بىر جاڭگالغا يېقىنلىشىپ قاپتۇ. قارىسا، شاھنىڭ ئالدىدا كەتكەن ئادەملىرى بىر ئاجايىپ قۇشنى ئاتىمىز دەپ قوغلاپ يۈرگەن. بۇنى كۆرگەن شاھ ئادەملىرىگە ئۇ قۇشنى ئۆلتۈرمەي تىرىك قولغا چۈشۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. شاھنىڭ پەرمانىنى ئاڭلىغان ئوۋچىلار، مىڭ بىر مۇشەققەتتە بۇ قۇشنى تىرىك تۇتۇپتۇ. شاھ كېلىپ قارىسا، بۇ قۇشنىڭ قىياپىتى ئادەمگە ئوخشايدىكەن، لېكىن ئىككى قولىنىڭ يان تەرىپىگە قولتۇق بويلاپ خۇددى قۇشلارنىڭ پېيىدەك پەي ئۆسۈپ چىققان، بەدىنىنىڭ قالغان يېرىنىمۇ موي بېسىپ كەتكەن. ئۆزى ئەر كىشىگە بەكلا ئوخشايدىكەن، شاھ كېلىپ ئۇنىڭدىن گەپ سورىغان ئىكەن، ئۇ جاۋاب بەرمەپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ شاھ ئەسكەرلىرىگە:

— بۇ قۇشنى ئوردىغا ئاسراپ ئېلىپ بېرىڭلار! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

شۇ يەردە ھازىر بولغان شاھنىڭ يېقىن ئادەملىرى:

— دۇنيا بىنا بولغاندىن بېرى بىرەر ئادەمنىڭ بۇنداق قۇشنى كۆرۈپ باققىنىنى ئاڭلىغان ئادەم يوق. بۇنىڭ ئەپتىدىن قارىغاندا، بۇ ئەسلىدە ئادەم بولۇشى، شۇنداقلا بۇنىڭ جۈپتى بولۇشى مۇمكىن! — دېيىشىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا بۇنىڭ جۈپتىنىمۇ ئىزدەپ كۆرۈڭلار! — دەپتۇ شاھ

يېنىدىكىلەرگە.

شۇنداق قىلىپ ئادەم قىياپىتىدىكى قۇشنىڭ قولىنى باغلاپ ئوردىغا ئېلىپ بېرىشىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان يۇرت خەلقى بۇ ئاجايىپ قۇشنى كۆرۈش ئۈچۈن، توپ - توپ بولۇپ ھەر كۈنى ئوردا ئالدىغا كېلىشىپتۇ. بۇ ئەھۋال شاھقا يېتىپتۇ، شاھ ۋەزىرلىرى بىلەن بۇ ھەقتە كېڭىشىپتۇ، ئاخىرى شاھ ئۇلارغا:

— مېنىڭچە، بۇ قۇشنى خالايىققا كۆرسەتسەك ئۇنچىلا يامان بولماس، ئېھتىمال ئەل ئىچىدە مۇشۇنداق قۇشنى كۆرگەنلەرمۇ چىقىپ قالار، شۇ چاغدا بۇنىڭ جۇپتىنى تېپىش قىيىن بولماس، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوردا ئىچىدىن مۇۋاپىق جاينى تاللاپ قۇشنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. قۇشتىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم تەيىنلەپتۇ، قۇش ئەتراپىغا ياساۋۇللاردىن بىر قانچە نەپەر كۈزەتچى قويۇپتۇ.

— بۇ قۇشقا ھەر قانداق ئادەم زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەكچى بولسا، دەرھال تۇتۇپ مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كىلىڭلار! — دەپ پەرمان قىپتۇ شاھ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ قۇشنى كۆرىدىغانلارنىڭ سانى كۈنسايىن كۆپىيىپتۇ. يىراق - يېقىن، شەھەر - سەھرالاردىن تۈركۈم - تۈركۈملەپ كىشىلەر كېلىشىپتۇ. بىر كۈنى بىر توپ ئادەملەر قۇشنى كۆرۈشكە كەلگەندە، قۇش ئۆزلىكىدىن تەشۋىشلىنىپ كۆزى چەكچىيىپ ھەر تەرەپكە قاراپ قېچىشقا ئورۇنۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن كۈزەتكى قاراۋۇللار: «بۇلار قۇشقا زىيانكەشلىك قىلماقچى» دەپ تۇتۇپ ئۇلارنى شاھقا مەلۇم قىپتۇ، بۇ ئىشتىن خەۋەردار بىر ۋەزىر شاھقا:

— بىر ھايۋاننىڭ قورقىشى بىلەن بىر توپ ئادەمنى تۇتماقلىق ياخشى چارە ئەمەس. بۇ قۇشنى قورقۇتقۇچىلار بىر ياكى ئىككى ئادەم بولۇشى مۇمكىن. بۇ خەۋپلىك ئادەمنى تېپىش ئۈچۈن، تۇتۇلغانلارنى قۇشنىڭ ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزەيلى، قۇش كىمدىن يىرگىنسە، شۇنى تۇتۇپ جازالىغىنىمىز خوپ! — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ، شاھقا بۇ مەسلىھەت يېقىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا! — دەپتۇ شاھ، ياساۋۇللار تۇتۇلغانلارنى بىر - بىرلەپ قۇشنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزسۇن! قۇش كىمگە غەزەپلەنسە ياكى قورقۇپ ئۆزىنى ئېلىپ قاچسا، شۇ ئادەمنى ئېلىپ قىلىپ، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا دار ياساپ پۈتۈن شەھەر خەلقى ئالدىدا دارغا ئېسىڭلار، بۇ ئىش پۈتۈن ئادەملەرگە ئىبرەت بولسۇن! — بۇ ئىش شاھنىڭ پەرمانى بويىچە بوپتۇ.

دار پۈتۈپ بۇ ئادەمنى دارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشىپتۇ، شۇ چاغدىكى قائىدە بويىچە ئۆلگۈچىنىڭ بالا - چاقىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يىغىپ دار ئاستىغا تىزىدىكەن. ئۇلۇمگە ھۆكۈم قىلىنغۇچىنىڭ بالا - چاقىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى دار ئاستىغا يىغىلىشىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىرنىڭ ئۇلارغا ئىچ ئاغرىپتۇ. ئۇ قۇشنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ھەي قۇش، سەن مۇشۇ تورقۇلۇك بىلەن كۇسا ئادەمگە بەك ئوخشايسەن، سېنىڭ ئۇچۇن بىر ئادىمزات بىگۇناھ ئۆلىدىغان بولدى. ئەگەر سەنمۇ ئادەم بولغان بولساڭ بۇ ھەقتە گەپ - سۆز قىلار ئىدىڭ، ئەپسۇسكى سەن ھايۋان — يەنى قۇشسەن! — دەپتۇ.

شۇ چاغدا قۇش بىردىنلا زۇۋان سۈرۈپ:

— مەن ھايۋان ياكى قۇش ئەمەس، ئادەم!— دەپتۇ.

ۋەزىر قۇشنىڭ گەپ قىلغانلىقىنى كۆرۈپ جاللاتلارغا:

— ئۇنى دارغا ئاسماي تۇرۇڭلار!— دەپ شاھنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ، قۇشنىڭ گەپ قىلغانلىقىنى ئۇنىڭ قۇش ئەمەس ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ:

— ھېلىقى گۇناھكارنى ھازىرچە دارغا ئاسماي تۇتۇپ تۇرۇپ، قۇشتىن نېمە ئۇچۇن ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىقىنى ئېنىقلاپ سوراپ، ئاندىن بىر تەرەپ قىلساق! — دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ.

شاھ بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپتۇ. ۋەزىر مەيدانغا بېرىپ توپلانغان خەلقنى ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتۇرۇپتۇ. جىنايەتكار بىلەن ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، بالا- چاقىلىرىنى ئوردىغا ياندۇرۇپ ئېلىپ كېلىپ نەزەربەنت قىپتۇ، ئاندىن كېيىن ۋەزىر سەۋرچانلىق بىلەن قۇشنى سۆزلەشكە كۆندۈرۈپتۇ. قۇش سۆزگە كىرىشىپ شۇنداق دەپتۇ:

www.uyghurkitap.com

— مەن ئەسلى ئادەم، مېنىڭ ئاتا ـ بوۋام ئاشۇ جازانىخورنىڭ ئۆيىدە ئىشلىگەن، ئۆمرىنى شۇلارنىڭ بوسۇغىسىدا ئاخىرلاشتۇرغان ئىكەن. مېنىڭ نەچچىنچى ئەۋلادىم، بۇلاردىن جازانىگە پۇل ئالغان ئىكەن. بۇ پۇل زادى قانچىلىك، مەن ئۇنى بىلمەيمەن، لېكىن بوۋام شۇ پۇلنىڭ ئۆسۈمىگە ئىشلەپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئاتام رەھمەتلىمۇ شۇ پۇلنىڭ ئۆسۈمىگە ئىشلەپ ئالەمدىن ئۆتتى. مەن سەككىز ياشقا كىرگەندە ئاپام رەھمەتلىك ئالەمدىن ئۆتتى، ئون ئۈچ ياشقا كىرگەندە باينىڭ ئۆيىدە جازانىغا ئىشلەۋاتقان ئاكام كېسەل بولۇپ ساقىيالماي ئالەمدىن ئۆتتى. مەن يالغۇز قالدىم، قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە جازانىخورغا ئىشلەپ ئون سەككىز ياشقا كىردىم. قولۇم پۇل قارىسى، ئۇچام كىيىم قارىسى، قورسىقىم تويغۇدەك ئاش قارىسى كۆرمىدى. بىر كۈنى ئولتۇرۇپ ئويلىدىم، ئاتا ـ بوۋام، ئاكام قاتارلىق بىر قانچە ئەۋلاد ئادەم جازانىخورغا ئىشلەپ دۇنيانىڭ ھېچقانداق ھالاۋىتىنى كۆرمەي ئۆلۈپ تۈگۈشۈپتۇ، مەنمۇ ئاخىر شۇنداق بولىدىغان ئوخشايمەن، ئادەمنىڭ ئۆمرى چەكلىك ۋە قىسقا ئىكەن، بۇ دۇنيانىڭ ھېچقانداق ھالاۋىتىنى كۆرمەي خارلىنىپ يۈرگەندىن ئۆلگۈنۈم ياخشى ئەمەسمۇ؟! . . . ئادەم ھامان ئۆلىدىكەن، جاپا تارتىپ كېيىن بىئەجەل ئۆلگەندىن بالدۇرراق ئۆلەي، — دېگەنلەر خىيالىمدىن كەچتى. كېيىن بۇ پىكرىمدىن يېنىپ قاچماقچى بولدۇم، لېكىن ئادەم بار ھەر قانداق جايغا قاچسام بۇ جازانىخور ئىزدەپ يۈرۈپ تېپىۋالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن جاڭگالغا قاچماقچى بولدۇم. شۇنداق ئويلاپ ئاخىر بىر كۈنى قاچتىم، بىر نەچچە كۈن مۆكۈپ يۈرۈپ جاڭگالنىڭ ئىچىگە كىردىم، ئۆلۈۋېلىشنى قايتا ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن ئۆلۈۋېلىش نەس ئىكەن، يىرتقۇچ ھايۋانغا ئۇچراپ قالغاندىمۇ، ئادەمنىڭ قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا يەم بولغۇسى كەلمەيدىكەن، جان بەك تاتلىق نەرسە ئىكەن. شۇنداق قىلىپ جان ساقلاش ئۈچۈن، كېچىلىرى دەرەخ ئۈستىدە ياتتىم، كۈندۈزلىرى قۇشلارنىڭ تۇخۇملىرىنى، ئۇششاق چۆجىلىرىنى تۇتۇپ يېدىم، كۈن ئۆتكەنسېرى بۇنىڭغا كۆنۈپ قالدىم. قىرىق ياشلارغا يەتكەندە بەدەنلىرىمگە تۈك ۋە پەي چىقىشقا باشلىدى، ئەللىك ياشقا كىرگەندە ئاستا ـ ئاستا ئۇچۇشقا باشلىدىم. دەسلەپتە بىر تاياق يېتىمى يەرگە، بارا ـ بارا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن يەرگە ئۇچىدىغان بولدۇم. ھازىر ئاتمىش ئىككى ياشقا كىردىم، ئوتتۇز چاقىرىم يەرگە بىمالال ئۇچالايمەن. دەرەختىن ـ دەرەخقە مايمۇندەك يېنىك ئىرغىپ ئۆتەلەيمەن. لېكىن قىرىق نەچچە يىلدىن بېرى ئادىمىزات بىلەن

ئۇچراشمىغاچقا، راۋان سۆزلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. ھېلىقــى مەن كۆرۈپلا قورققان ئادەم مېنى ئىشلەتكەن جازانىخورنىڭ بالىسى ئىدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا مېنى بەك بوزەك ئەتكەن. ئۇ مېنى تونۇپ قالسا، «سېنى ئىزدەپ يۈرۈپ ئەمدى تاپتىم، قېنى مېنىڭ پۇلۇمنى بەر ياكى بولمىسا ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭ!» دېسە، بۇ ھالدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا نېمە دەيمەن، دەپ قورقۇپ قاچقان ئىدىم. — دەپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى ئۇققان پادىشاھ:

— جازانىخورلۇق مۇشۇنداق يامان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدىغان بولسا، مېنىڭ تەۋەلىكىمدىكى بارلىق جازانىخورلارنى دەرھال يىغىڭلار! — دەپ پەرمان قىپتۇ.

بۇ پەرمان بويىچە بارلىق جازانىخورلار يىغىلىپتۇ. شاھ ئۇلارنىڭ بارلىق جازانە ھېسابات دەپتەرلىرىنى تاپتۇرۇپ كۆيدۈرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ قولىدا جازانە ھېسابىغا ئىشلەۋاتقان بارلىق كىشىلەرنى ئازاد قىپتۇ ۋە پادىشاھ:

— بۈگۈندىن كېيىن مېنىڭ مەملىكىتىمدە ھەر قانداق ئادەم جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللانمىسۇن! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

ئاندىن كېيىن، پادىشاھ بارلىق مۇنەججىم ۋە تېۋىپلارنى يىغىپ بۇ ئادەمنىڭ بەدىنىدىكى موي توغرىلىق پىكىر ئاپتۇ، مۇنەججىم ۋە تېۋىپلار يىغىلىپ مۇزاكىرە قىلىپ ئاخىرىدا:

— ئەي كەرەملىك پادىشاھى ئالەم، بۇ ئادەم ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى بەدىنىگە كىيىم كىيمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ بەدىنىنى موي بېسىپ كەتكەن، قۇشلارنىڭ گۆش ـ تۇخۇملىرىنى خام يېگەنلىكتىن بەدىنىگە پەي چىققان، بۇنىڭ موي بېسىپ كەتكەن بەدىنىگە لايىق كىيىم تىكتۈرۈپ كىيدۈرسەك، كۆن نۇرىنى كۆرمىگەن موي ئۆزلىكىدىن ئاجىزلاپ يوقايدۇ، پەيلىــرى ئۈچۈن، پىشۇرۇلغان تۇزلۇق تائام بېرىلسە، پەيمۇ ئۆزلىكىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ! — دېيىشىپتۇ.

شاھ بۇ ئىشنى مۇنەججىم ۋە تېۋىپلارنىڭ ئېيتقىنــــــى بويىـــچە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئوردا قىزلىرىدىن بىرىنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ. تۇرمۇشىنى ئوردا تەرىپىدىن تەمىنلەشكە پەرمان بېرىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

# ھۆنەرنىڭ خاسىيىتى

(چۆچەك)

بۇرۇن بۇرۇنىكەن، توخۇ تۇرنىكەن، قىرغاۋۇل جەدىكەن، قۇيرىقى يەردىكەن. مانا شۇنداق زامانلارنىڭ بىرىدە بىر ئەلدە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ھۆسنى ـ جامالىدا تەڭدىشى يوق، ئەقىل ـ ئىدىرەكتە كامالەتكە يەتكەن، دانا بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ، بويىغا يېتىپ تالالىق بولىدىغان ۋاقتىغا يەتكەندە تەرەپ ـ تەرەپتىن شاھلار، سۇلتانلار، خانلار ـ خاقانلار، شاھزادە ـ خانزادىلەر بۇ قىزنى ئۆزلىرىگە سورۇتۇپ قىزنىڭ دادىسىغا نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ساۋچى ئەۋەتىشىپتۇ. ھەر تەرەپتىــــن كەلگەن ساۋچىلارنىڭ تولىلىقىدىن قىزنىڭ دادىسىنىڭ بېشى قېتىپتۇ. «قىزىم بولسا بىر، ئۇنى سوراپ كەلگەن ساۋچىلارنىڭ بولسا سانى يوق، ئەمدى بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلغۇلۇق!...» دەپ كۆپ ئويلىنىپتۇ، ئاخىر بۇ ئىشنى كۆڭلى يېقىن بىر ۋەزىرىگە ئېيتىپ ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپتۇ.

— ئەي ئۇلۇغ كەرەملىك شاھىم، بۇ ئىشقا مەنمۇ مەسلىھەت بېرىپ يول كۆرسىتىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. ئەمما مەندە باشقىچە بىر ئوي بار، شۇنى سىلىگە ئېيتاي، ماقۇل كۆرسىلە شۇنداق قىلىۇرلا؛ بولمىسا ئۆز جايىدا قالسۇن!—... دەپتۇ ۋەزىر ئېگىلىپ.

شاھ ۋەزىردىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— قېنى بولمىسا شۇ ئويۇڭنى ئېيتىپ باققىن، مەن ئاڭلاپ باقاي، ئەپلىشىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس! — دەپتۇ ۋەزىرىگە قاراپ.

— خوپ شاھىم، مېنىڭچە بولغاندا، بۇ ئىشنى قىزلىرى مەلىكە ئايىمغا ئۆز ئەينى ئېيتىپ، كەلگەن سوۋغا ـ سالام بىلەن خەتلەرنىمۇ قوشۇپ بېرەيلى. مەلىكەم ئاقىل، بۇ ئىشقا شۇنىڭ ئۆزى بىر نېمە دېسۇن. بىز

شۇنىڭغا بېقىپ ئىش تۇتايلى! — دەپ تەزىم قىپتۇ ۋەزىر.

پادىشاھقا بۇ پىكىر ماقۇل كەپتۇ، ئەلچىلەر ئېلىپ كەلگەن بارلىق سوۋغا ـ سالام بىلەن تەكلىپنامىلەرنى قىزىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ، بۇ ئىشتا شاھ ئۆز قىزىنىڭ ئاغزىغا قارايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

شاھنىڭ قىزى دادىسى بەرگەن بارلىق سوۋغا ـ سالام ۋە تەكلىپنامىلەرنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن دادىسىغا:

— ئەي ئۇلۇغ شاھ ئاتا، بۇ ئىشقا باشلىرىنى كۆپ قاتۇرمىغايلا، مۇشۇ ئەلچى ئەۋەتكەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۆزلىرى ۋە مېنىڭ نامىمدىن جاۋاب خەت يازغايلا، مەزمۇنى مۇنداق بولسۇن: مەن ھەر قايسىلىرىنىڭ تەكلىپلىرىنى بىجانىدىل قوبۇل قىلىمەن. بىراق مېنىڭ قىزىمنىڭمۇ مانا مۇنداق شەرتى بار. ئۇ، ماڭا تەكلىپ قويغۇچىنىڭ راستىنلا مەن بىلەن نىكاھلىنىش ئارزۇسى بولسا، شەھىرىمىزگە كېلىپ راۋىقىمىنىڭ ئالدىدىن ئۆتىشى لازىم. ئەگەر، مەنمۇ ئۇ كىشىنى ياقتۇرسام، بېشىغا بىر دەستە گۈل تاشلايمەن، بولمىسا ئالدىمدىن ئۆتكىنىچە ئۆز يولىغا كېتىۋەرسۇن! — دېدى. ۋاقىپ بولغايلار.

شاھ قىزىنىڭ بۇ مەسلىھەتىنى ماقۇل كۆرۈپتۇ، ساۋچى ئەۋەتكەنلەرنىڭ ھەممىسىگە لايىغىدا سوۋغا بىلەن جاۋاب خەت يېزىپ يولغا ساپتۇ.

ئەلچىلەر ئۆز مەملىكەتلىرىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، سوۋغا بىلەن جاۋاب خەتنى شاھلىرىغا بېرىپتۇ. ئۇلار خەتنى كۆرۈپ چىقىپ بەزىلىرى ئۇ يەرگە بارسا ئۆزلىرىنىڭ ئابرويلىرىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىن ئەنسىرەپ بۇ ئىشتىن يالتىيىپ قاپتۇ، بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ سەلتەنىتىگە، ئابرويىغا، چىراي ـ سۇمباتىغا ئىشىنىپ بېرىپ راۋاقنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ، ئەمما ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي سالپىيىپ قايتىپ كېتىپتۇ.

بۇ ئىشلارنىڭ ئايىغى بېسىقىپ بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، شاھ قىزى ئۆز ئادىتى بويىچە راۋاققا چىقىپ ئەتراپنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرسا، ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق بىر يىگىت ئۇ يەردىن ئۆتۈپتۇ. بۇ يىگىت ئەسلىدە شۇ شەھەردىكى بىر چوڭ موللىنىڭ بالىسى بولۇپ، ئۆزىگە لايىق خەت ساۋادى بار ئىكەن، بىراق يېقىندا ئاتا ـ ئانىسى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىپ،

قولىدا قالغان ئازغىنە مال ـ دۇنياسى بىلەن كۈن كۆچۈرىدىكەن.
قارىسا ئۇچىسىغا ئاددىيلا رەختتىن كۆڭلەك، بېشىغا يالاڭ دوپپا كىيگەن قەددى ـ قامىتى، شەكلى ـ شىمايلى كېلىشكەن بىر يىگىت. شاھ قىزىنىڭ بىردىنلا ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ، شۇ چاغدا ئۇنىڭ قولىدا بىر دانە قىزىل ئالما بار ئىكەن، شاھ قىزى شۇ ئالمىنى ئۇ يىگىتكە قارىتىپ ئېتىپتۇ، ئالما يىگىتنىڭ بېشىغا تېگىپ ئالدىغا دومىلاپ چۈشۈپتۇ. ئۇ يىگىت ئالمىنى قولىغا ئېلىپ ئالدى ـ ئارقىسىغا، كېيىن تۆت ئەتراپىغا قاراپتۇ. كۆزىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندا قىز قولىدىكى ياغلىقنى بىر تال ئۈزۈكنى چىگىپ يىگىتنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ. يىگىت ياغلىقنى قولىغا ئېلىپ تۈگۈچنى يېشىپ قارىسا، ئۇنىڭدا بىر تال ئالتۇن ئۈزۈك تۇرغىدەك، شۇ چاغدا ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ راۋاققا قاراپتۇ، ئۇ يەردە ئولتۇرغان پەرىزاتتەك قىزنى كۆرۈپتۇ. شۇ ھامان تەنلىرى بوشىشىپتۇ، يۈرىكى بىژىلداپ ئۆزى بىر قىسما بولۇپ قاپتۇ. كېيىن ئۇ، بۇ يەرنىڭ شاھ قىزىنىڭ راۋىقى ئىكەنلىكىنى ئەسلەپتۇ، ئۆزىنىڭ كەمبەغەل يالغۇز ئوغۇل ئىكەنلىكى يادىغا كەپتۇ، كونىلارنىڭ: «قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق» دېگىنىنى ئويلاپ بۇ يەردىن كەتمەكچى بوپتۇ.
شاھ قىزى بۇ يىگىتنىڭ ئارىسالدا بولىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى پەملەپتۇ، شۇ ھامان يېنىدىكى كېنىزەكلىرىدىن بىرىگە ئانىسىغا قارىتىپ يازغان خەتنى بېرىپ:
— ماڭ بۇ خەتنى ئىتتىك ئانامغا يەتكۈزۈپ بەر، ئانام بۇ ئىشنى دادامغا دەپ ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالسۇن، تېز بول! ئۇ يىگىت بۇ يەردىن كەتكىچە بۇ ئىشنى بېجىرسۇن، شۇنىمۇ ئېيتىپ قويغىنكى، مەن ئۇ يىگىتتىن باشقىغا ياتلىق بولمايمەن! — دەپ ماڭدۇرۇپتۇ.
كېنىزەك بۇ خەتنى خانىشقا يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ. خانىش بۇ خەتنى ئوقۇپ چىقىپ دەرھال نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ئېسەنكىرەپ تۇرۇپ قاپتۇ. كېيىن ئەقلى ـ ھوشىنى يىغىپ كېنىزەكتىن بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى سوراپتۇ، كېنىزەك مەلىكىنىڭ دېگەنلىرىنى، ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىنى خانىشقا ئۆز ئەينى سۆزلەپ بېرىپتۇ. خانىش قىزىنىڭ مىجەز ـ خۇيىنى ئوبدان بىلگەنلىكى

ئۇچۇن، دەرھال كىشى چىقىرىپ ئۇ يىگىتنى يېرىم يولدىن ياندۇرۇپ كېلىپ ئوردا مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، كېيىن بۇ ئىشنى شاھقا مەلۇم قىپتۇ. شاھ تۇساتتىن ئاڭلىغان بۇ خەۋەردىن ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويۇشقا ئازلا قاپتۇ. كېيىن ئۆزىنى تۇزەپ ئېسىنى يىغىپ خانىشقا قاراپ:

— بۇ قىزىمىزنىڭ نېمە قىلغىنى؟! شۇنداق بۈيۈك خانلار، خاقانلار، شاھزادە، خانزادىلارنى ياراتماي ئەخمەق قىلىپ ئاخىرى كېلىپ ئەجدادىنىڭ تايىنى يوق، بىر گادايىنىڭ بالىسىنى تاپقىنىنى، بۇ نېمە دېگەن سەتچىلىك؟ قىزىمىزدا ئەقىل دېگەن بىر نېمە بارمۇ؟! يوق! مېنى نومۇستىن ئۆلتۈرىدىغان بولدىغۇ؟! — دەپ كايىپ كېتىپتۇ.

خانىشنىڭمۇ بۇ ئىشتىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپتۇ، كېيىن يىغىسىنى توختىتىپ:

— ئەمدى بولار ئىش بوپتۇ، بىز باشتا باشقىلارغا جاۋاب بېرىشتە قىزىمىزنىڭ بۇ شەرتىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاشماپتىمىز، ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە، ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆنمەكتىن باشقا ئىلاجىمىز يوق. تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ، قىزىمىزنى باشقا يۇرتقا ياتلىق قىلغىنىمىزدا ۋاقتى - ۋاقتىدا كۆرەلمەي كۆزىمىزدىن ئۇچۇپ كېتەتتى، بىزدىن كېيىن بۇ يۇرت كىملەرنىڭ قولىغا قالاتتى؟! ئەمدى بۇ يىگىتنى كۈيئوغۇل قىلىۋالساق، بىزدىن كېيىن يۇرت شۇلارنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ، ئىزىمىزمۇ يوقالمايدۇ، چىرىغىمىزمۇ ئۆچمەيدۇ!— ... دەپتۇ.

شاھقا خانىشنىڭ بۇ پىكرى يېقىپتۇ، ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي شاھ يۇرت - جامائەتكە چوڭ داغدۇغىلىق توي بېرىپ، بۇ ئىككىسىنىڭ بېشىنى چېتىپ قويۇپتۇ.

بۇ ئىشلاردىن كېيىن شاھ كۈيئوغلى بىلەن قىزىنى ئالدىغا چاقىرىپ شاھلىقنى كۈيئوغلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. شۇندىن باشلاپ بۇ ئىككىسىنىڭ تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك ۋە خاتىرجەم ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى بولار ئادەتتىكىدەك ئوۋغا چىقىپتۇ، يولدا ئىككىسى شەھەرگە قاراپ كېلىۋېتىپ سۆز ئارىسىدا شاھ قىزى يىگىتتىدىن:

— سىز ياخشى ئوۋچى ئىكەنسىز، بىلىمىڭىزمۇ بار ئىكەن، باشقا بىرەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھۆنەرنىمۇ ئۆگەنگەنمۇ؟! — دەپ سوراپتۇ.

— ياق! — دەپتۇ شاھ يىگىت، مېنى دادام ئوبدان ئوقۇتقان، ئۆزىمۇ ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى، مەن بىرلا بالا بولغانلىقىمدىن ئوقىيا ئېتىش، ئوۋ ئوۋلاش قاتارلىقلارنى ئۆگەتكەن، ئەمما ھۆنەر ئۆگىنىدىغان چاغدا ئۇشتۇمتۇتلا دادام بىلەن ئانامدىن ئايرىلىپ قالدىم، يالغۇز بېشىمنىڭ غېمىنى يەپ ھۆنەرگە كىرىشەلمىدىم.

ئۇنداق بولسا دادام بىلەن ئانامنىڭ بار ۋاقتىدا مەن سىزنى بىرەر ھۆنەر ئۆگىنىشكە ئەۋەتەي، ئۆزىمىزنىڭ مەملىكىتىدە بولسۇن، ياكــى باشقا شەھەرلەردە بولسۇن، ئۆزىڭىز قىزىققان بىرەر ھۆنەرنى ئۆگىنىپ قويۇڭ، بۇ شاھلىق بىزگە ۋاپا قىلامدۇ ـ يوق! بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ، ھۆنەرلا بولسا شاھلىقتىن ئايرىلىپ قالساقمۇ، بىز خارلانماي كۈنىمىزنى ئالالايمىز! كونىلار: ھۆنەرلىك ئادەمنىڭ قولى گۈل، دەپتىكەن. — دەپتۇ.

شاھقا بۇ پىكىر يېقىپتۇ، ئۇردىغا كېلىپلا ئىككىسى بىللە قىزى شاھ بىلەن خانىشنىڭ ئالدىغا كىرىپ بۇ مەسلىھەتنى ئۇلارغا ئېيتىپتۇ. شاھ بىلەن خانىشقىمۇ بۇ ئىش يېقىپتۇ، شاھ كۈيئوغلىغا خەزىنىــدىن پۇل ۋە يول راسخوتى بېرىپ پوخراچە كىيىندۈرۈپ يولغا سېپتۇ.

شاھنىڭ كۈيئوغلى كوچىغا چىققاندىن كېيىن، قەيەردە ھۆنەرۋەن بولسا شۇنى ئىزدەپ تېپىپ ھۈنىرىنى كۆرۈپتۇ. ئەمما كۆڭلىگە ياققىدەك بىرەر ھۆنەر تاپالماپتۇ، ھۆنەر ئىزدەپ يۈرۈپ مەملىكەت دائىرىسىدىن چىقىپ بىر شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. كېتىۋاتسا چوڭ بىر كوچىغا يېيىلغان گىلەملەرنى خېرىدارلار باھا تالىشىپ سودىلىشىۋاتقىدەك، شاھنىڭ كۈيئوغلىغا بۇ ھۆنەر ھەم گىلەم يېقىپتۇ، شۇ يەردە ئىزدەپ ـ سوراپ يۈرۈپ ئۇ گىلەملەرنى توقىغان ئۇستا بىلەن تونۇشۇپتۇ، سودىدىن يانغاندا ئۇ ئۇستىغا ئۆزىنى شاگىرتلىققا ئېلىشنى ئىلتىماس قىپتۇ، گىلەمچى ئۇستا ئۇ يىگىتنىڭ گەپ ـ سۆزى، مۇئامىلىسى، قىياپىتىگە قاراپ:

— بوپتۇ! — دەپ شاگىرتلىققا قوبۇل قىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇ، ئاز كۈن ئىچىدە ئۇستىسىنىڭ نەزىرىدىن ئۆتۈپ ئىشەنچلىك شاگىرتلىرىدىن بولۇپ قاپتۇ. ئالتە ئاي ئىچىدە گىلەمچىلىكنىڭ

ھەممە تۇرىنى ئۆگىنىۋاپتۇ، كېيىنكى ئالتە ئاي ئىچىدە ئۇ، ئۇستام ئۇچۇن ھەقسىز ئىشلەپ بېرىپ، كېيىن دۇئاسىنى ئېلىپ ئائىلىسىگە قايتىپتۇ.

ئۇ ئوردىغا قايتىپ بارغان كۈنىلا ئۆزىنىڭ ئۆگەنگەن گىلەمچىلىكى ھەققىدە ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ھۇجرىسىغا دەستىگاھ قۇرۇپ، بوش ۋاقىتلىرىدا گىلەم توقۇش ئىشىنىمۇ داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ، گاھى - گاھىدا ئوردىدا تەختكە چىقىپ شاھلىق قىلىدىكەن. بەزىدە ئوۋغا چىقىپ شىكار قىلىدىكەن، شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ، ئوۋغا چىققان ئىكەن، جاڭگالدا ئۇنىڭغا بىر چىرايلىق كىيىك ئۇچراپتۇ، شاھ يېنىدىكىلەرگە قاراپ:

— بۇ كىيىك بەك چىرايلىق ئىكەن، قېنى ھەممىڭلار تەلىيىڭلارنى سىناپ كۆرەيلى، ئۇنى كىم تۇتسا شۇنىڭ بولسۇن! — دەپ ئېتىنى قامچىلاپ كىيىكنى قوغلاپ كېتىپتۇ. سەركەردىلەرمۇ ھەر تەرەپتىن ئات سېلىپ ئۇنى قوغلاپتۇ. ئۇ كىيىك سەكرەپ - سەكرەپ قاچقىنىچە جاڭگالنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ.

شاھ ئۇنى بىردەم ئىزدەپ يۈرۈپ ئىزىنى كۆرۈپتۇ، شۇ ئىز بويىچە يەنە قوغلاپ مېڭىپتۇ، بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىزىمۇ يوقاپتۇ.

شۇ جاڭگالنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تاغ بولۇپ، خېلى ئۇزۇندىن بېرى ئۇنىڭ ئۆڭكۈرىگە جايلىشىۋالغان بىر توپ قاراقچىلار بار ئىكەن. ئۇلار ھەمىشە شۇ جاڭگالنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى چوڭ يوللاردىن ھەر تەرەپكە ماڭغان كارۋانلارنى توسۇپ بۇلاپ - تالايدىكەن، ئۇلاردىن تارتىۋالغان ماللارنى شۇ ئەتراپىدىكى شەھەر - بازارلارغا ئېلىپ بېرىپ ساتىدىكەن. ئۇنىڭدىن تاپقان پۇل بىلەن ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدايدىكەن. كىيىكنىڭ ئىزىنى ئىزلەپ كەلگەن ئوۋچى سىياقىدىكى شاھ شۇ قاراقچىلارنىڭ ماكانىغا بېرىپ قاپتۇ.

قاراقچىلار ئۆز ئايىقى بىلەن كەلگەن بۇ ئولجىنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇنى قورشاپ، قورالسىزلاندۇرۇپ ئاتتىن يىقىتىپ ھەممە نەرسىسىنى ئېلىپ بىر ئۆڭكۈرگە قاماپ قويۇپتۇ. ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالمىسۇن، دەپ بەش - ئالتە كۆمەچ، بىر ئىدىش سۇنى ئالدىغا ئېلىپ كىرىپ قويۇپتۇ.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندە يول توسۇپ بولاڭچىلىق قىلىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەتكەن قاراقچىلار ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ئولجىلىرىنى ئۆز ئارا بۆلۈشۈپ بازارلارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىشنى كېلىشىپتۇ، شۇ ۋاقىتتا بۇ يەردىكىلەر قولغا چۈشۈرگەن ھېلىقى يىگىتنىمۇ سۆزلىشىپتۇ. بىرى:

— بۇنى قۇل بازىرىغا ئېلىپ بېرىپ ساتايلى، ئۆزى ياش ئىكەن! — دەپتۇ.

باشقا بىرى:

— بۇنى بۇ يەردە ساقلىغاننىڭ پايدىسى يوق. سېتىشتىن بۇرۇن ھۈنىرى بار - يوقلىقىنى ئۇقۇپ باقايلى، ئەگەر ھۈنىرى بولسا ۋاقتىنچە ئۇنىڭدىن پايدىلىنايلى! — دەپتۇ.

بۇ مەسلىھەت باشقىلىرىغا يېقىپتۇ، ئۇلار ئۆتكۈرگە كىرىپ:

— ھەي يىگىت سەن بىرەر ھۈنەر بىلەمسەن؟— دەپ سوراپتۇ.

ياش پادىشاھ:

— بىلىمەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— قانداق ھۈنەرلەرنى بىلىسەن؟! — دەپ سوراپتۇ ئۇلار.

— گىلەم توقۇشنى بىلىمەن! — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ شاھ.

— ئۇنداق بولسا شۇ ھۈنىرىڭنى بىر سىناپ كۆرۈپ باقايلى! — دەپ بىر كۈن ئۇرى چۈشىدىغان ئۆتكۈرگە ئېلىپ چىقىپ دۇكان قۇرۇپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇلار تاشلاپ بەرگەن شۆينا يىپلاردىن كارغا كېلىدىغانلىرىنى قۇراشتۇرۇپ بىر يەكەنداز گىلەم توقۇپ بېرىپتۇ. قاراقچىلار بۇنى شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ سېتىپتۇ، ئۇنىڭ پۇلىغا رەڭ، ھەر خىل بوياق، يۇڭ يىپ ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپتۇ. شاھ بۇلاردىن ئۇلارغا ھەر ھەپتىدە بىر گىلەم توقۇپ بېرىپتۇ، قاراقچىلار بۇ گىلەمنى ئەتراپتىكى بازارلارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپ، بىر گىلەمگە چۈشلۇق نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ بېرىپ قالغانلىرىنى ئۆزلىرى بۆلىشىۋاپتۇ. ئۆزلىرىچە:

— بۇمۇ بولىدىغان ئىشكەن! — دېيىشىپ خوش بولۇشۇپتۇ.

بىر كۈنى شاھ گىلەم توقۇۋېتىپ مۇنداق ئويلاپتۇ: «قېينى ئاتام، قېينى ئانام، خوتۇنۇم مېنىڭ بونداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىمنى بىلەلمەي

پەرشان يۈرگەندۇ؟! مەن نېمىشقا ھۈنىرىمنى، بىلىمىمنى ئىشقا سېلىپ، مەن توقۇۋاتقان گىلەمگە ئۆز ھالىمنى خەت بىـــلەن گۈل كەلتۈرۈپ توقۇمايمەن. مەن شۇنداق قىلىپ توقىغان بۇ گىلەملەرنىڭ بىرى بولمىسا، يەنە بىرى شۇلارنىڭ قولىغا چۈشمەسمۇ؟! مېنىڭ خوتۇنۇم ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپماسمۇ؟! مېنىڭ بۇ ئۆتكۈردىن قۇتۇلۇشىمنىڭ چارىسىنى قىلماسمۇ؟! دەپتۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ ھۈنىرى بىلەن بىلىمىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈنلەرنى خەت بىلەن گۈل كەلتۈرۈپ يېزىپ بىر چىرايلىق گىلەم توقۇپتۇ. ئۇ گىلەمنى بىر قاراقچى ئاشۇ يىگىتنىڭ شەھىرىگە ئېلىپ بېرىپ بازارغا سېپتۇ. شۇ كۈنىسى شاھنىڭ خوتۇنى ئەرەنچە كىيىنىــپ مۇلازىملىرى بىلەن كوچىغا چىقىپ ئارىلاپ يۈرگەن ئىكەن. ئۇ، گىلەمنى كۆرۈپلا قىزىقىپ قاپتۇ، ئۇ قاراقچىدىن:

— بۇ گىلەمنى ساتامسەن؟! — دەپ سوراپتۇ.

— باھاسىغا يېتىپ ئالسا ئەلۋەتتە ساتىمەن!— دەپتۇ قاراقچى.

شاھنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭ دېگەن باھاسىنى بېرىپ گىلەمنى سېتىۋاپتۇ، كېيىن گىلەمنى يېيىپ قارىغان ئىكەن، نەقىش قىلىنغان گۈللەرنىــڭ ئارىسىدا ئېرىنىڭ سەرگۈزەشتىسى يېزىلغان ھەر خىل شەكىلدىكى خەتكە كۆزى چۈشۈپتۇ. مەلىكە دەرھال گىلەمنى يىغىشتۇرۇپ يېنىدىكى قاۋۇل ياساۋۇللىرىدىن بىرىنى چاقىرىپتۇ، ئۇنىڭ قولىقىغا ئاستا:

— سەن بايا بىزگە بۇ گىلەمنى ساتقان ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن ئىز قوغلاپ ماڭ. ئەمما ئۆزۈڭنى ئۇنىڭغا سەزدۇرۇپ قويما! ئېھتىيات قىل. ئۇ قەيەرگە بارسا، شۇ يەرگە بار، ئۇنىڭ ماكانىنى ئېنىق بىلىپ كەل! — دەپ قولىغا مىڭ تىللالىق خالتىدىن بىرنى بېرىپ يولغا سېپتۇ. ئۇ بۇ ئادەمنى بازارنىڭ بىر يېرىدە سودا قىلىۋاتقان يېرىدىن تېپىپتۇ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىلىندۇرمەي مېڭىپتۇ. قارىسا ئۇ، بىر سارايغا كىرىپ كېتىپ ئۆزۈنغا قالماي ئېتىنى يېتىلەپ چىقىپ مىنىپتۇ. چوڭ يولغا چىقىپ كېتىپتۇ. پايلاقچى ياساۋۇل يۈگۈرگىنىچە ئوردىغا كىرىپ ئەھۋالنى مەلىكىگە ئېيتقان ئىكەن، مەلىكە ئۇنىڭغا يارامىلىق ئاتتىن بىرنى مىندۈرۈپ ئارقىسىدىن قوغلاشنى بۇيرۇپتۇ. پايلاقچىمۇ ھېلىقى چوڭ يولغا چىقىپ ئۇنىڭ بىر خىل كېتىۋاتقانلىقىنى

كۆرۈپتۇ. كەچ بولغاندا ئۇ يول بويىدىكى بىر كارۋان سارايغا كىرىپ كېتىپتۇ. پايلاقچى يىراقتىن ئۇنى كۆزىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەمما ئۇ چىقمىغاندىن كېيىن ئۆزىمۇ سارايىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ قارشى تەرەپتىكى سارايغا كىرىپتۇ. ئۇ كېچىسى ئارىلاپ چىقىپ ئۆز ئېتىنى كۆرگەن بولۇپ قاراقچىنىڭ ئېتىنى كۆزىتىپتۇ. سەھەرگە يېقىن چىقىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئېتى يوق، دەرھال ئۆگزىگە چىقىپ قارىسا يىراقتىن ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ. دەرھال يېنىپ چۈشۈپتۇ، سارايۋەن بىلەن ھېسابلىشىپ ئېتىنى مىنىپ ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار خېلى يول ماڭغاندىن كېيىن بىر قويۇق جاڭگالغا كىرىپتۇ، بۇ جاڭگالدا بىر ئۆڭكۈرلۈك تاغ بار ئىكەن، پايلاقچى ئىز قوغلاپ كېتىپ بېرىپ قارىسا، ئۇ يەردە ھەر تەرەپكە ماڭغان ۋە كەلگەن نۇرغۇن ئاتلارنىڭ قالايمىقان ئىزى بار ئىكەن. شۇ يەردە ئۇ، ئېتىنى بىر دەرەخكە باغلاپتۇ، ئۆزى ئېگىز ئۆسكەن بىر دەرەخنىڭ ئۇستىگە چىقىپ قارىغان ئىكەن، ئالدىدىكى تاغنىڭ ئۆڭكۈرلىرى ئالدىدا بىر نەچچە ئاتلىقنىڭ قوراللىنىپ بىر تەرەپكە مېڭىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇنى كۆرۈپ پايلاقچىنىڭ پېيى سىقىراپتۇ: «بۇلار ياخشى ئادەملەردىن بولمىسا كېرەك، ھېلىقى گىلەم ساتقان ئاتلىقمۇ، مۇشۇلارنىڭ شېرىكى ئوخشايدۇ. بۇلار ھېلىقى يول توسار قاراقچىلار بولمىسۇن يەنە؟!» دەپ دەرەختىن چۈشۈپ ئېتىغا مىنىپتۇ. ئوتتۇر ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ، ئەتىسى ئوردىغا كىرىپ كۆرگەنلىرىنى مەلىكىگە مەلۇم قىپتۇ.

مەلىكە دادىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ پۈتۈن سەركەردىلىرىنى يىغىپتۇ. مەلىكە ئەمىر لەشكەرگە ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ كېلىپ:

— مانا بۇ كىشىنى سىلەرگە يول باشلاشقا بېرىمەن، سىلەر چاققان ئۇ يەرگە بېرىپ، تۆت تەرەپتىن ئۇزۇك ھالقىسىدەك قورشاڭلار، ئۇلارنىڭ بىرىنى قاچۇرماي تىرىك قولغا چۈشۈرۈڭلار! كېيىن ئۇلارنى تەپتىشلەپ سوراپ شاھىمىزنى تېپىڭلار! بىز ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا بىزنىڭ شاھىمىز شۇ يەردىكى ئۆڭكۈرلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلار قارشىلىق قىلمىسىلا ئۆلتۈرمەڭلار! تىرىك تۇتۇلغانلىرىنى ئوردىغا ئېلىپ كېلىڭلار! — دېگەن پەرمان بىلەن يولغا سالىپتۇ.

شاھ لەشكەرلىرى بىرىپ ئۇ يەرنى ئۈزۈك ھالقىسىدەك قورشاپتۇ ۋە تۆت تەرەپتىن قىستاپ كەپتۇ، قارىسا ئاتلىقلار يوق، بىر نەچچە قورۇقچى ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىدا توغرىسىغا يېتىپ ئۇخلاۋاتقىدەك. ئۇلارنى بىر - بىرلەپ تۇتۇپتۇ، بىرىنى - بىرىگە ئۇچراشتۇرماي سورىغان ئىكەن، ئۇلار شۇ تاغنى ماكان تۇتقان قاراقچىلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئاتلىقلىرىنىڭ يول توسۇشقا كەتكەنلىكىنى ئېيتىشىپتۇ. قىستاپ يۈرۈپ سورىغان ئىكەن، بۇ يەردىكى بىر نەچچە ئۆڭكۈردە بىر نەچچە ئادەمنىڭ تۇتقۇن ھالەتتە، توقۇمىچىلىق، گىلەمچىلىك، موزدۇزلۇق، كىيىم تىكىش، قورال - ياراق ياساش قاتارلىق ھۈنەر بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغانلىقى ئېنىقلىنىپتۇ. ئۆڭكۈرلەرنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ئۇلارنى تېپىپتۇ، قارىسا ئۇلارنىڭ پۇتلىرىدا كىشەن، يۈزلىرى ئورۇق، چىرايلىرى سارغىيىپ كەتكەن ئىكەن، ئەمىر لەشكەر ئۇلارنى ئارتۇق ئاتلارغا مىندۈرۈپ بىر قىسىم مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن شەھەرگە يولغا ساپتۇ. ئۆزلىرى بىر قىسىم ئادەملىرىگە شۇ يەردە قالغان قاراقچىلارنىڭ كېيىمىنى كىيگۈزۈپ كۆزەتتە قويۇپ قالغانلىرى ئۆزىنى دالدىغا ئاپتۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار بۇلىغان بايلىق ماللارنى ئات - خېچىرلىرىغا ئارتىپ يېتىپ كەپتۇ. ئەمىر لەشكەر ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قاچۇرماي تۇتۇپتۇ، ئۆڭكۈردىكى دۇنيا - دەسمايىلەرنى ئاتلىرىغا ئارتىپ ھەممىسىنى ئالدىغا سېلىپ ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ. شاھ ئۆزى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، بار سودىگەرلەرنىڭ مېلىنى قولىغا بېرىپ يولغا ساپتۇ. قاراقچىلارنى سوراق قىلىپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن، گۇناھلىرى ئېغىرلىرىنى دارغا ئېسىپتۇ، يېنىكلىرىنى تۆۋە قىلدۇرۇپ قويۇپ بېرىپتۇ. ئۆزى قېيىن ئاتا، قېيىن ئانىسىنىڭ بولۇپمۇ مەلىكىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئەي دانىشمەن مەلىكەم، سىز سەۋەبچى بولغان ھۈنەرنىڭ خاسىيىتىدىن بىز يەنە بىللە بولدۇق. — دەپ ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىپتۇ.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام

# نىمشېھىت ئەسەرلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەرشىدىن تاتلىق

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازاتلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 15.125
1995 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1998 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 4000
ISBN 7 — 228 — 00596 — 2/I・1093
باھاسى: 16.50 يۈەن

责任编辑:阿布都肉苏里·吾马尔
封面设计:加拉里丁·巴合拉木

尼穆希依提作品集(维吾尔文)
选编者:艾尔西丁·塔提利克

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米 1/32开本 15.125印张 2插页
1995年5月第1版 1998年6月第1次印刷
印数:1——4000

ISBN7—228—00596—2—/I·1093 定价:16.50元